
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر



# تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان


ISBN 978-7-228-16873-6

9 787228 168736 >

定价: 30.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر



# تارىم سۇيى كەينىگە ئاقمايدۇ

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس
مەبلەغگە ئېرىشكەن تۈر

民 族 文 字 出 版 专 项 资 金 资 助 项 目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

# 21 - 50

# 维 吾 尔 原 创 文 学 作 品 精 选

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن نەمۇنىلەر

# تارىم سۇلى كەينىگە ئاقمايدۇ

(ھېكايىلەر)

تۈزگۈچىلەر: ئازاد سۇلتان
ئەنۋەر ھوشۇر

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

塔里木河不会倒流：维吾尔文/阿扎提·苏力坦，艾尼瓦尔·吾守尔选编．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2013.7

ISBN 978-7-228-16873-6

Ⅰ.①塔…Ⅱ.①阿…②艾…Ⅲ.①短篇小说—小说集—中国—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）②短篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I246.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第163732号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 责任校对 | 阿达来提·买合苏提 |
| 特约校对 | 万力·再顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社<br>新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　32开本 |
| 印　　张 | 11.875 |
| 版　　次 | 2014年10月第1版 |
| 印　　次 | 2014年10月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000册 |
| 定　　价 | 30.00元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ماغدۇر كەتكەندە ........................ زۇنۇن قادىرى 1
ئەۋلىيا ئاتا ........................ سەيپىدىن ئەزىزى 25
بەش تال ئوق ........................ تۇردى سامساق 57
مۇڭلۇق ئالىچۇق ........................ ئابلىز نازىرى 78
ساراڭ ساقايدى ........................ ئابلىمىت مەسئۇدى 93
خۇشاللىقنىڭ سىرى ........................ ئەخەت ھاشىم 108
تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ........................ زوردۇن سابىر 130
مىنۇپ مەزىن ........................ خالىدىن ساتتار 156
قىزىل شارپا ........................ تۇرسۇنئاي يۇنۇس 169
ئالتۇن چىش ........................ مۇھەممەت پولات 179
ئەسلە ۋە ئۇنتۇما ........................ مۇھەممەت لىتىپ 187
مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى ........................ نۇر روزى 199
تۇردى ھالىم ........................ جالالىدىن بەھرام 216
يەتتە تىللا ........................ سەمەت دۇگايلى 225
«ئالتۇن قان»دىكى توي ........................ پەرھات جىلان 234
ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا بولار ........................ ئابدۇراخمان ئەبەي 264
كۆزدىن چىراغ ئۆچكەندە ........................ غەيرەت ئاسىم 285
سىزنى سۆيەتتىم ... ........................ ياسىن نىياز 304
مازار چاشقىنى ........................ ئەركىنجان ئەمەت 336
ئەلۋىدا، سىرلىق دوقمۇش ........................ مۇھەممەدسالىھ مەترو‌زى 367

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زۇنۇن قادىرى

# ماغدۇر كەتكەندە

## 1

بىز تېخى كىچىك ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىمىزدىن قالغان بىرنەچچە خو يەرنى ئۆزىمىز تېرىپ باشقۇرالمايتتۇق. مەھەللىمىزدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى نورغۇن يەرلىرىگە دېھقانچىلىق قىلىپ، يەنە يېرىنى تېرىيالمىغان بىرنەچچە دېھقان بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىدىغان بىر باي بار ئىدى.

بىر يىلى بىزمۇ شۇ باي بىلەن ئورتاقچىلىق قىلدۇق. ئەتىيازدا ئۇنىڭ يىللىقچىلىرى كېلىپ، قوش بىلەن بىر كۈندىلا بىزنىڭ تۆت خو يېرىمىزنى ھەيدەپ، ئۇرۇقنى توپىغا كۆمۈپ بېرىپ كەتتى.

يازغىچە بۇغداينى سۇغىرىپ، ئاسراپ ئۆستۈردۇق. مانا ئەمدى كۈزدە بۇغداينى بىز ئوراپ يىغىمىز. ئورتاقچى باي بولسا ئورمىغا ئىككى ئەمگەك، خامان ئېلىش ئۈچۈن بىر ئادەم بېرىدۇ. تولۇقنى بىز ھەيدەيمىز، باينىڭ چىقارغان ئادىمى بولسا ئارا تۇتىدۇ.

## 2

ئۇ بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتقان ھالدا ئارىنىڭ ئۇچى بىلەن چويۇندەك قاتقان يەرنى جىجاپ ئولتۇراتتى. مەن تولۇق ھەيدەۋاتاتتىم.

كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن تارتىپ نامەزدىگەرگىچە بىر دائىرىنى ئايلىنىۋېرىش ۋە تولۇقنىڭ بىر خىل گۇپۇلدىگەن ئاۋازى مېنى زېرىكتۈرەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇستىخانلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزالىرىم سىرقىراپ، هاردۇق يېتىپ قالغانىدى. ئۇجمە تايىقى بىلەن ئاتنىڭ چىۋىسىغا كۆچۈمنىڭ بارىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇرىمەن. دېۋىتىپ تىزگىنىنى سىلكىيمەن. ئات يەنە قىتىراپ كېتىدۇ، بەش - ئالتە قېتىم چۆرگۈلەپ قويۇپ، ئېغىر يۈك تارتقاندەك ئاستا مېڭىشقا باشلايدۇ. مەنمۇ ئارام ئالغاندەك بولۇپ، دىمىقىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ خىيال سۈرۈپ كېتىمەن: «دۇكاندارلارنى قارا، ئۇلار ئاپتاپتا كۆيمەيدۇ، تەرلىمەيدۇ، سۇ سېپىپ قويۇپ سايىدا ئولتۇرۇشىدۇ. ساختىپەزلىك قىلىشىپ راهەت كۆرىدۇ. ‹خامان ئالماق — شەھەر ئالماق›، دېگەنلەر راست ئېيتقانىكەن. تېخى مۇشۇ دۆۋدلەكلىك بۇغداي باغلىرىنى يۇمشىتىش كېرەك. بۇغداينى سامازدىن، توپىدىن، چاردىن ئاجرىتىپ قىپقىزىل چەش قىلىش كېرەك. چەش بۇرنىنى ئايرىيمىز. قەلەندەرلەر يۇگۇرۇشۇپ كېلىدۇ. ئۇلارغا بىر - ئىككى گۇرجەكتىن كەپسەن بېرىمىز. ئۇ كۆنى خامانغا مانتا قويغانلارغا ئىككى پۇت بېرىمىز. ئورمىچىلارغا تۆت خو بۇغداي بېرىش كېرەك. ئوندىن بىرىنى ئۆشرە ئايرىيمىز. ئاندىن چەشنىڭ ئالدىدىكى دانلىقراق يەردىن خاماندىلا ئۇگۇت ئېتىپ هۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان دەننى قاچىلاپ قويۇش كېرەك. هەم دەن، هەم ئۆشرە ئالسا، دېهقانلارغا ئېغىر بولمامدۇ؟ بىرسىنى ئالسىمۇ بولىدىغۇ. بىز مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۇچۈن هەم هۆكۈمەتنىڭ غەللە - پارىقىنى، هەم مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۆشرىسىنى تۆلەيدىكەنمىز. تېخى هاشارغا، مەدىكارغا بېرىپ قويغان پۇلى ئۇچۇن ئورتاقچى غوجايىن يېرىم باهادا بۇغداي هېسابلاپ ئالىدۇ. ئۇنىڭغا قانچىلىك بۇغداي كېتەركىن؟ ئارپا، بېدە سېلىقى بار. ئۇنىڭغىمۇ بۇغداي سېتىپ بېرىش كېرەك. هارۋا سېلىقى، كۆمۈر سەيسىسى، يەنە مەن بىلمەيدىغان قانداق

دەرد ـ بالالار باركىن؟ بۇغدىيىمىزنىڭ ئۇرۇقى تۈت خو، ئەگەر ياخشى بولغان بولسا، قىرىق خو بولار. بۇنىڭدىن بىزگە يىگىرمە خو تېگىپ، ئون خوسى دانغىلا بېرىلسە، شۇنىڭ بىلەن يىللىق ئوزۇققا ئاشامدۇ، يوق؟ ئاشمايدۇ. ئەگەر دانغا پۇل ئالسا، باشقا نەرسىلەرنى سېتىپ تۈگىتىپ، ئون خوچە بۇغداي ساقلاپ قويۇش كېرەك...» تۇرمۇشنىڭ قاتتىق ۋە قاراڭغۇ جايلىرىغا چۈشۈپ قالماي، قانداق قىلىپ ياخشىراق — بەختلىك كۈن كەچۈرۈش خىياللىرى مېنى ئەتراپىمنى ئورىۋالغان ھادىسىلەردىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئاللىقانداق تېگى يوق دولقۇنلۇق دېڭىز ئىچىگە ئاتقانىدى. ئاتىنىڭ تويۇقسىز پۇرقىرىشى بىلەن خاماندا تولۇق ھەيدەۋاتقانلىقىم ئېسىمگە چۈشتى. ئات بولسا توختاپ قېلىپ بۇغداي يەۋېتىپتۇ. خامان تېپىدىغان كىشى ئارىنى قۇچاقلىغان بويىچە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى يېنىدىكى سامانىنىڭ رەڭگىدەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۈكۈرۈك كۆپۈكچىلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلار چىقىرىپ تۇراتتى. كۆڭلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان خېلى جىق ياماق چۈشكەن ۋە چىرىپ كەتكەن پەشمەتتى، مايلاشقان شاپاق بۆكى ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈلگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولدۇم.

«بۇ — بولۇمسىز ھۆرۈن ئادەم» دەيمەن ئىچىمدە، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭغا ئىچىنىمەن، «بۇ گاڭگىراپ قالغان ئادەم، مەنمۇ چوڭ بولغۇچە تۇزۇكرەك يول تاپالمىسام، ئەنە شۇنداق تەمتىرەپ قالىمەن ـ دە!» دېگەن ئەندىشىلىك خىياللارغا بېرىلىمەن.

نېمىشقا نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق يامان كۈنلەرگە قالىدۇ؟ مەن بۇ سوئالنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەس ئىدىم. يەنە خىيالىم چىگىچ كىرىپ كەتكەن لەگلەكنىڭ تانىسىدەك بولۇپ كەتتى. كۆزۈمنى چەكسىز كەتكەن ئېتىز باغرىغا تاشلىدىم.

بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلغان ئېتىزلار ئاپتاپتا ساپ-

سېرىق ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. ئېرىقنىڭ قىرلىرىدىكى چۆپلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەرلا يېشىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇياق ـ بۇياقتىكى خامانلاردىن ئاسمانغا فونتان بولۇپ ئېتىلغۇاتقان توپانلار ۋە بۇغدايلىقلاردا مۇكچىيىپ بەس ـ بەستە ئۇمىلەپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرى توپىغا چىچىلىپ كەتكەن دانلارنى يىغىۋېلىش ئۇچۇن باشلانغان كۈرەشنىڭ جىددىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. يىراق جايلاردىن ئورما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ:

ئورمىنى تولا ئورۇپ،
بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم؟
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق،
يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم؟
ئالتۇن ئامىرىقىم، ئومىقىم...

ئوھۇ! نەقەدەر چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ؟ ئارزۇ ـ ئارمانلارغا قانمىغان ھەسرەتلىك يۈرەكلەردىن ئەنە شۇنداق پارقىراپ تۇرىدىغان ئۇنچىدەك سۆزلەر ئۇرغۇپ چىقىدىكەن ـ دە.

ئەنە ئاشۇ يۈرەكلەرنى ئېزىۋەتكۈدەك دەردلىك ناخشا ئېيتىۋاتقان ئورمىچى يىگىت تىنماي ئىشلەپ قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىكىن؟ ھە، تايىنلىق، ھەرقاچان ئورمىغا يەتكۈچە ئۇمۇ جازانخورلارغا بىرمۇنچە قەرزدار بولغاندۇ. ياخشى، توق تۇرمۇش كەچۈرىمىز دەپ ئارزۇ قىلغان، لېكىن ياز بويى ئىشلەپ، ئايغىدا ھوسۇل ئورنىغا ئارا، گۈرجەكنى قولتۇقلاپ قالغان دېھقانلار ئازمۇ؟...

ئەتىدىن كەچكىچە ئالتە قىرلىق ئېغىر تاش تۇلۇقنى سۆرىگەن ئات، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغان مەن بۇ بىر تۈگمەس دائىرىنى ئايلانساق، يۇقىرىقىدەك ئاخىرى ئۈزۈلمەس چىگىچ خىد-

يالLاردىن مېنىڭ بېشىم ئايلىناتتى...

خامانغا بىزنىڭ ئورتاقچى غوجايىن كەلدى. ئۇ قورسىقىنى ئالدىغا چىقىرىپ، قولىنى كەينىگە تۇتقان ھالدا ماڭا قارىمايلا ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۆزىمۇ ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم، ئاچ بۆرىنىڭكىدەك قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— ھوي باقى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى تاپىنى بىلەن ئىتتىرىپ، — مۇشۇ ئىش بولدىمۇ؟ ئۆلۈمتۈك.

باقى تەمتىرەپ قوپۇپ:

— يۇمشاپ كېتىپتىمەنغۇ، مېنى نېمىشقا ئويغاتمايسەن؟ — دەپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۈچە ئورتاقچى غوجايىن جۇدۇن بىلەن:

— سېنى خامانغا ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالغىن، دەپ ئەۋەتمىگەن. كۇنلۇكۇڭگە ئالىدىغان يېرىم پۇت بۇغدايىنى ھالاللاپ ئالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— مىجەزىم يوق، — دېدى باقى، ئۇ ئارتۇق سۆز قىلالماي يەرگە قاراپ قالدى.

— تاشلا ئارىنى! مىجەزى يوق ئىمىش، مىجەزى يوق ئادەم ئىشلىيەلمەيمەن دېيىش كېرەك. تەپسە تاغنى ئۆرۈيدىغان نېمىلەر ئىش تاپالماي يۈرىدۇ، ھەر ھالدا ئۇششاق باللىرى بار، تاپاۋىتى بولۇپ قالسۇن دەپ كۇنلۇكىگە يېرىم پۇت بۇغداي بەرگەننى بىلمەيدۇ. مىجەزى يوق كىشى ئۆزىنىڭ گۆرىگە كىرىپ ياتسۇن، بۇ كېسەل ياتىدىغان جاي ئەمەس، بىلىپ قوي، بۇ — خامان!

غوجايىنىنىڭ زەردە بىلەن قىلغان ئاچچىق سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن باقى گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، ماتەمدار كىشىلەردەك بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا مەھەللە تەرەپكە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۇچ كۈندىن بېرى كېسەلدىن قىينىلىپ يۈرۈپ

ئىشلىگەن ھەققىمۇ بىكار كەتتى. غوجايىن ئۇنىڭ يېرىم جان ئا-
دەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەرزان ھەق بىلەن ئىشلىتىشنى
ئويلىغانىدى. ئەمدىچۇ، مۇشۇ باھانە بىلەن ئۇنىڭ بىر يېرىم پۇت
بۇغدىيىنىمۇ بەرمەيدىغان بولدى. باقى بىرىنچىدىن، كەمبەغەل-
لىكتە ئۇستىبېشى سەت كۆرۈنگەن بىلەن كۆڭلى چىرايلىق، زىل
بولغىنى ئۈچۈن قاتتىق گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ
ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ ئەرز قىلىپ بېرىشنى ئېغىر ئالىدۇ. ئۇ
كەمبەغەللەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى تېپىش ھەممىدىن
تەس ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

## 3

باھارخان كىچىككىنە قىزىنىڭ ۋاي سالغىنىغا قارىماي ئۇ-
نىڭ يېرىلغان پۇتلىرىنى چىراغ يېغى بىلەن داغلاۋاتاتتى.
— ئەزبىرايى خۇدا، تويدۇم مۇشۇ كۈندىن، — دېدى باقى
قولىدىكى بەتىنكىنى يەرگە ئېتىپ، بىگىز سانجىلغان قولىنى
سىلىكىدى، — بۇنىڭ جايى قىغ، ئالۋاستىنىڭ... ئوچاققا تاشلاپ
كۆيدۈرىمەن!
— ئەۋەي تۆمۈر بولسىمۇ ئۈپرايدۇ، بۇ يىل قىش چىقسا شۇ
بەتىنكىگە بەش يىل بولىدۇ. ھېلىمۇ ياز بويى ئۇنى ئاياپ يالاڭ-
غىداق يۈرىمەن.
باقى خوتۇنىنىڭ بەتىنكىسىنى يەنە ياماشقا كىرىشتى. ياماپ-
قۇ ئۇنىڭغا ياماق سېلىۋاتقىنى يوق، چىگە بىلەن ئۇياقتىن - بۇ-
ياقتىن تارتىپ پۇرۇشتۇرەتتى. چىرىپ كەتكەن قىرىم چاك تۇ-
تالمايتتى. باقى بەتىنكىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تى-
كىشكە كىرىشتى. يىڭنە ئۆتكەن جايغا تۈكۈرۈكىنى پۈركۈپ،
بارماق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ چىگىنى ئاۋايلاپ تارتاتتى.
ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى ئۆي، بۇنى ئۆي
دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ، مومايلارنىڭ «ئالۋاستى كەپىسى» دې-

www.uyghurkitap.com

گىنىگە ئوخشاشلا بىر نەرسە. ئويۇقتا ئورۇن - كۆرپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغان، يەردە ئىككى غۇلاچچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز؛ چېلەك، چۆگۈن، چۆمۈچ تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەر ئەمەس، دېھقانلار ئۆزى تېرىۋالغان قاپاقلار. ناھايىتى بۇ ئۆيدە پۇلغا يارىغۇدەك بىرلا نەرسە — كىچىككىنە بىر قازان بار. بىراق، قۇم قازانمۇ ياكى چويۇن قازانمۇ بايقىۋالالمىدىم. بەلكى جەزمەن قۇم قازاندۇر. مەن دېھقانلارنىڭ قۇم قازان، قۇم چۆگۈن ئىشلەتكىنىنى جىق كۆرگەنىدىم.

ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىدا تۇشقاندەك تۈگۈلۈپ ئۈچ - تۆت بالا ئولتۇرىدۇ. ئانا - بالىلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرق قىلمايدىغان توپا رەڭ چىرايىدىن ئادەمگە يارىشىدىغان ئىسسىقلىق — خۇشاللىقلار كۆرۈنمەيدۇ. ھەممە قاپاقلار تۈرۈك، ئۆيدە غەمكىن بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن سۆزلەر بۇ ئۆيدە قېنى؟ «ئىھ - ئىھ» لىغان ئۇنلەر، قايسىبىرىنىڭ قاتتىقراق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلانغانىدى، دادىسى قارغاشقا باشلىدى:

— سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن! يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر... خۇدايىم تىلىگەنلەرگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى...

— نېمانچە سەپرالىق بۇ!؟ جان ئاغرىغاندىن كېيىن دادلىمامدۇ. ئۆزلىرىمۇ تاڭ ئاتقۇچە غىڭشىپ، يۆتىلىپ ياتالمايدىلىغۇ، — دېدى باھارخان باقىغا تىكىلىپ.

يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. قارا چىراغدىن بىر غېرىچ ئۆرلەپ تارقىلىۋاتقان ئىس تام - تورۇسلارنى قارا رەڭدە بويىماقتا. ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى گۆگۈملىشىپ ئىچىدىكى ئادەملەر خىيالىي بىر گەۋدىگە ئايلانماقتا. مەن ئاچچىق زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن كەچتىم. بىچارە ئادەمگە ئۆزرە ئېيتىپ كېلەي دېگەن خىيالىم سۇغا چۈشكەن قاردەك يوققا چىققانىدى. پەنجىرە تۈۋىدىن ئاستا - ئاستا قەدەم بېسىپ

ئارقىغا يېنىپ كەتتىم.
ئۆيگە بېرىپ ياتقاندا تىنچ ئۇخلىيالمىدىم. ئۇنىڭ باللىرى شۇنچە مۇلايىم. ئۇلار باشقا كىشىلەرنىڭ باللىرىدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قىيقاس - چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشمەيدۇ. تال چىۋىقتىن ئات ئېتىپ، كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈشنىمۇ بىلمەيدۇ. بوسۇغىدا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا دەرمانسىز شۈمشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئۆيناش ئۇچۇن قورساق توق، كۆڭۈل خاتىرجەم، تەن ساق بولۇشى كېرەك - دە. ھەممىسى ئاغرىق، يەنە ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرەكلەرگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان سۆزلەر، سىلكىش، ھەر كۇنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىدىغان ئۆلۈم تىلەش، ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئاغرىق، ئوقەت قىلىدىغان كىشى يوق. پەقەت ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كۆڭۈل ئاغرىقىنى كېسىپ قىلىۋالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇ نەقەدەر ئوسال كۇن كەچۈرۈش - ھە؟!
باقى ھەر كۇنى مەسچىت ئالدىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ. باھارخان مەھەللە بېشىدىن ياكى ئايىغىدىن كۇلۇمسىرەپ، بولمىسا ساللىيىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ پاخپايغان چاچلىرى، چاپاق بېسىپ قىزارغان كۆزلىرى، جۇلجۇل بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۇل رەڭ تېنى كۇلىسىمۇ، يىغلىسىمۇ باقىنىڭ «ئالۋاستى» دەپ تىللايدىغان قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. لېكىن، دۇنيادا باقىغا بۇنىڭدىن مېھرىبان باشقا ھېچ نەرسە يوقتەك، ئاتنىڭدىن نەرسە دېسە، مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە، مۇھەببەت ئۇلۇغ نەرسە دېسە، مانا شۇنىڭغا ئىشەنسە بولىدۇ. بەزى ئادەملەر يىرگىنىپ گەپلەشكۇسى كەلمىگەن بىلەن دۇنيادا باقىغا ئۇنىڭدىن چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم يوق. ئۇرۇشۇش - تىللىشىش، رەنجىشىش بۇ ئائىلىگە ئەسلى خاس ئەمەس. ئۇلار بىر - بىرىگە نېمە يامانلىق قىلىشقان گۇناھى ئۇچۇن زەردە قىلىشىدۇ. نېمە تالىشىدۇ، ئۇرۇشقۇدەك ئىش بارمۇ؟ يوق، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق زەھىرى مەست قىلغان چاغدىلا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باھارخان نان ياققان جايدىن بىر ـ ئىككى ئىسسىق نان، توقاچ، گاھى چاغدا كىر يۇغان جايدىن كوزىدا يا ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆي تەرەپكە قايرىلدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتىدۇ. باھارخان نېمىكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. چوڭ ئادەم نەپسىنى يىغىشىلىش مۇمكىن، لېكىن چالا تاماق يەپ قالغان كىچىك بالىلارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراش ناھايىتى تەس. بۇنىڭ كۆڭۈلنىڭ نازۇك يەرلىرىگە بولغان تەسىرىنى قورسىقى توق كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرىشمۇ تەس. بۇ ئائىلىدە كۆپ ۋاقىتتا شۇنداق يېرىم تويۇنۇش ھۆكۈم سۈرەتتى. بالىلار تاماقنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ چايناماي يۇتىدۇ. قاچىدا ھېچ نەرسە قالمىغاندىن كېيىن، تاماقنىڭ تاتلىقى قالغان بارماقلىرىنى يالاپ، شۇمۇپ، ئانىسىغا «يەنىچۇ» دېگەندەك بويىنىنى سىڭار يان قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

مەن بالىلارنى مۇنداق قىياپەتتە كۆرگەندە، ئىچىمنى نېمىدۇر بىر نەرسە تاتىلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چىداپ تۇرالماي يەرگە قارىۋالاتتىم.

## 4

كەچ كۈزنىڭ بىر كېچىسى تونۇر بېشىدا ئولتۇراتتۇق.

— بىز ھايۋان ئەۋلادى ئەمەسقۇ! توۋا قىلدىم، — دېدى باقى ياقىسىنى تۇتۇپ، — ھېچكىم بىزنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. خۇددى بىز سۈپۈرۈندى — ئەخلەت. بىزمۇ جاھان تۇتۇپ كۆرگەنغۇ، ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خىلىغا خىل قويغان، مۇنداقلا ئەمەس ئىدۇق.

ئۇ بىر نەرسە تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك بويىنىنى ئېگىپ جىم بولۇپ قالدى. مەن تونۇردىن پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ئاسمانغا قارىدىم. يېقىن بىر جايدىكى قارىياغاچ شاخلىرى ئارىسىدىن تولۇن

ئاي ماراپ تۇراتتى. يۇمشاق شامالدا تىترىگەن يوپۇرماقلارنىڭ تونۇر بېشىدىكى ئالا كۆلەڭگىسىنى ئوينايتتى. كېچە بەك چىرايلىق ئىدى. يىراق يەرلەردىن ئېتىمىزدىن ئات بېقىپ قايتقان كىشىلەرنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. مەن يەنە پۇتۇمنى تونۇرغا ساڭگىلىتىپ:

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ باقىكا، جاھاننىڭ كارى تۈگىمەيدۇ. قېنى ناخشا ئېيتىڭا! — دېدىم. ئۇ خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتتى.

— راست، بىز ناخشا ئېيتقان. كۈچ - قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا قانداق يىگىت ئىدۇق، بىلەمسەن؟! بىزنىڭ پېشانىمىزگىمۇ يەر پۈتكەن، ئون خوچە يېرىم بار ئىدى مېنىڭ. بىر ئات، بىر هارۋا، سېغىپ ئىچىدىغان بىر كالىمىز، ئۆز ئالدىمىزغا قوشقا قاتىدىغان بىر جۈپ ئۆيىمىز بار ئىدى. تورغاي چوڭ چىلىلىغاندا قوپۇپ، ئورما ئورغان ئەزىمەت ئىدۇق، بىز ئېچىق ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى - ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەتتى. ناخشىنى مانا شۇ چاغدىلا ئېيتىپ ئارىلىشىپ كەتكەن دېگىنە بىز، ھەي... ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق!

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ياش، يىگىتلىك چاغلىرىدىكى شېرىن خاتىرىلىرىنى زوق بىلەن سۆزلەشكە چۈشتى:

— مېنىڭ ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمنى ئاڭلاپتىكەنسەن - دە، راستتىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەھەللىدە مېنىڭچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغان كىشى يوق ئىدى. مەن بولغان توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر ئالاھىدە قىزىپ كېتەتتى. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سەرخىل بىر گۈلى ئىدىم. ھەممە مېنى باقەم - باقەم دېيىشىپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

بولۇپمۇ مەن ناخشىنى قاچان تولا ئېيتاتتىم، مانا بۇنى ساڭا سۆزلەپ بېرىمەن. ھەي، ئىسىت، ياشلىق چاغلار!... قانچىلىك شوخلۇقلارنى قىلغان بىز!

باقى ناھايىتى قىرىق بەش ياشلاردىكى كىشى بولسىمۇ، ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىنى سەكسەن، توقسان ياشلاردىكى بوۋاي چاغلايتتى. چۈنكى، تەڭسىز تۇرمۇشنىڭ ئەزگۈچى قاتتىق قولى ئۇنىڭ ياقىسىنى دەم ئالدۇرماي سىققان، سۈلۈكلەر قېنىنى شوراپ، ئۇنى قۇرۇق قاقشال قىلىپ ماغدۇرسىز، ئاپپاق ساقال بوۋاي قىلىپ قويغانىدى.

ئۇ قۇرۇپ كەتكەن تامىقىنى ھۆللەپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۆرۈكلەر راسا مەي باغلاپ پىشقان چاغ ئىدى. ھاۋا تىنىچىق، ماداخان قىلىنغان ئالدى ئۇچۇق كۆڭلىكىمنىڭ ھەممە ئىزمىلىرىنى يېشىۋەتتىم. بېشىمدا قىرلانغان ئاق مالىخاي، پۇتۇمدا پەس پاشنا مەسكاپ ئۆتۈك، تام شورىلىرىدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، جاڭگاللىق باغدا ئۆرۈك تاللاپ يەپ يۈرگەنىدىم. قويۇق ئۆرۈك دەرەخلىرى ئارىسىدىن ئۈچ - تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر قىز كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ قويۇق قارا چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن، پىستە كۆزلۈك، لەۋلىرى جىنەستىدەك قىزارغان سۇمباتلىق باھار ئىدى. بىز ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. باھار كۈلگەن چاغدا ئىككى قوۋۇزىدىكى زىنىخى ماڭا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى يېقىملىق قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەنە، ئۇلار توپتوغرا مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. يۈرىكىم دۇپۇلدەپ كەتتى. مەن ئالدىمدىكى ئېگىز ئۆسكەن باراقسان شاخلىق ئۆرۈك ئۈستىگە چىقىۋالدىم.

باھار شۇ ئۆرۈك تۈۋىگە كېلىپ:

— تېرىڭلار، ئۇكىلىرىم، مۇشۇ ياخشى ئۆرۈك، — دېدى - دە، قولىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويۇپ، ئۆرۈك تېرىشكە باشلىدى. مەن كەپتەرنى ماراپ ياتقان مۈشۈكتەك يوپۇرماقلار ئارىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى تاماشا قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى گىردە ناندەك قىزارغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا گۈل ئۈستىدىكى ئۇششاق شەبنەم دانىلىرىدەك تەر تامچىلىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئېڭىشكەندە ئىككى مەڭزىدىن ئالدىغا چۈشكەن چاچلى-

رىنى ئەپچىللىك بىلەن سىلكىتىپ ئارقىسىغا ئىتتىپ قويىدۇ.
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۆرۈكلەرنى ئاغ-
زىغا سېلىۋالىدۇ.
ئالا بولغان ئۆرۈكتىن ئۈچ ـ تۆت تال ئۈزۈپ ئالدىم ـ دە،
غولىنى چەللەپ تۇرۇپ بىرنى ئاتقانىدىم، ئالدىغا چۈشتى. ئۇ ئۇ-
ياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، يەنە ئۆرۈك تېرىشكە تۇتۇندى. ئىك-
كىنچى قېتىم ئاتقانىدىم، بېشىغا قاتتىق تەگدى ئەتىمالىم، قو-
شۇمىسىنى تۈرگەن بويى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:
— ئۇ... ھوي قايسىڭىز، نېمانداق قىلىسەن؟ — دەپ ئار-
قىسىدا ئۆرۈك تېرىۋاتقان بالىغا گۆلەيدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي
كۈلۈۋەتكەنىدىم.
— ۋىيەي... سارالڭ، — دېدى ـ دە، چالۋاقاپ سېۋەتكىمۇ
قارىماي دومسايغان بويى باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇھ، مانا ئەمدى
قالدىم بالاغا. ئۇ شۇنچە نازۇك ئىكەن ـ دە، نېمىشقا ئوينىشتىم
ھە... ئەمدى بۇ گۇناھنى قانداق يۇيۇش كېرەك.
باللار بىلەن سېۋەتنى ئۆرۈككە لىققىدە توشتۇرۇپ، باھار-
نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ ئانىسىغا يىغلاپ بارغان
بولسا، «ھوي جۇۋايىنىمەك كەتكۈر، قىزىمغا نېمىشقا تېگىش-
تىڭ...» دەپ جاۋىلداپ كەتسە، نېمە دەيمەن؟ سېۋەتنى ئىشىك
ئالدىغا قويۇپ، ئۇنى چىقىرىش كېرەك.
ئىش مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى، پۇتۇنلەي باشقىچە.
ئۆرۈكنى كۆتۈرۈپ بارغىنىمدا باھارنىڭ ئانىسى ھويلىدىن پاي-
پاسلاپ چىقىۋاتاتتى. گەپ قىلماستىن سېۋەتنى ئىشىك ئالدىغا
قويدۇم.
— رەھمەت، بالام، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن. باھار ئۆزى قە-
يەردە قالدى؟ — دېدى ئۇ.
مېنىڭ گۇناھىم تېخى بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلمىگىنىنى
سېزىپ:
— كېلىۋاتىدۇ، — ھازىرچە مەندىن خوش بولغان بىلەن

www.uyghurkitap.com

كېيىن تىللايسەنغۇ، دەپ ئويلاپ، ئارتۇق سۆز قىلماستىن ئارقامغا ياندىم.

— ھىم، تازا ئىشلىتىۋالدىمۇ، تازا، — قورۇنىڭ يېنىدىكى چولاق تام كەينىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ گەپ مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئىتتىك ئارقىغا قارىسام، باھار كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ.

— ۋاي تاۋى نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزما؟ — دېدىم.

ئۇ ئۈن چىقماي چېچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان خۇمارلاشقان كۆزىدىن رەنجىگەنلىك ئالامىتى سېزىلمەيتتى. ئۇنىڭ «تاۋى نازۇك» دەپ قىلغان تەنەمگە جاۋاب قايتۇرماستىن شۇنداق يېقىملىق، مۇلايىم قاراپ تۇرۇشى «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەندىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ خۇددى «گەھ» دېسەم، ئۇچۇپ كېلىپ قولۇمغا قونىدىغان قۇرغۇيدەك كۆرۈنەتتى. ياشلىق ئارزۇ - ئىستەكلىرى مەۋجىدە تەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭلۈمدە ئۇ تونجى قېتىم ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان ئىسسىق بىر تۇيغۇ قوزغىدى. خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قېلىپ:

— بۇگۈنكى ئىسسىقتا ئۆرۈك تازا پىشىدۇ، — دېدىم.

— بىراق، كۈننىڭ شۇنچە تەپتىدە سىز تېخىلا غورا ئىكەنسىز، — دېدى باھار كۈلۈپ.

«ھىم، مانا ئوخشاتتى سېنى، ئەمدى نېمە دەيسەن» دېدىم ئىچىمدە. شۇ پەيتتە ئۇ قىزغا گەپ تېپىپ بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدىم. ئۆز تەڭتۇشلىرىم ئارىسىدا ئىشتىلا ئەمەس، چاقچاق گەپ - سۆزدىمۇ چېچەن ئىدىم. ئەمما، شۇ تاپتا مېنىڭ ئۇ چېچەن تىلىم قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ سېھىرلەپ قويغاندەك جۇرئەتسىز ئىدى. ياخشى ئۇنى ئانىسى قىچقىرىپ، سۆزىمىز شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمدە «باھار» دېگەن چىرايلىق بىر

ئىسمى يادلىنىدىغان بولدى. بىراق، باشقىلارغا ئوخشاش «ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولدۇم، مېنىڭ دەردىم بار» دەپ لاغىلداپ يۈرگىنىم يوق. زوق بىلەن ئىشلەپ ئېتىزىنىڭ باغرىنى گۈل قىلىۋەتتىم. يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆپكۆك بۇغدايلار، قوغۇن - قاپاقلار، باراڭ ئەتراپىدا ئېچىلغان گۈل، زاراڭزىلار ھەر كىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. مانا شۇ چاغدا قىن - قىنىمغا پاتماي ناخشا ئېيتاتتىم. كىم ئىكەن ئۇ مېنى ماختىمايدىغان، ھەممىسى ئۆپچۆرەمدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەنە، ئېتىزىم بوستان، مەن بولسام بۇلبۇل بولۇپ سايرىغان. شۇنداق چىرايلىق چاغلاردا باھار بىلەن يار بولۇشقان. گۈللۈك باراڭدا سۆيۈشكەندۇق!...

ئۇ ھەر كۈنى بىزنىڭ باراڭغا قوغۇن - تاۋۇزغا كېلەتتى.

— مۇشۇ قوغۇنلۇق ساڭا قارايدۇ، ئۈزۈڭ تاللا ئۇزۇۋال، — دەيتتىم.

باھارمۇ كۆپ چاغلاردا ئېتىزغا قۇرۇق كەلمەيتتى. ئۇ ئانىسىدىن يوشۇرۇپ يۈرۈپ يىپەكتىن گۈل چېكىپ تىككەن قول ياغلىق بىلەن تاماكا خالتىسىنى ماڭا يادنامە قىلغان. پىياز شاكىلى بىلەن قىزارتىپ پىشۇرغان تۇخۇملارنى ئەكېلىپ بېرەتتى. كۈنلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ئارزۇلار تېخى ئالدىمىزدا ئىدى...

باقى كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ قانغۇچە دەم ئالدى - دە، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چۇقچىلىدىم. ئېچىلغان قوقاسنىڭ يورۇقىدا باقىنىڭ يۈزىگە سەپسالغانىدىم، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقان گۈل، بوستان، بۇلبۇل، باھار دېگەن چىرايلىق سۆزلەر خىيالىمدىن ئۆچتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۈششۈك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. بۇ كۆڭۈلسىز جىمجىتلىققا تۇزمىدىم. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايىنى ئەمەس، بۇلبۇل بولۇپ سايراپ يۈرگەن چاغلىرىنى كۆرگۈم كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— باقىكا، شۇ چاغدىكى ناخشىلاردىن بىرەرنى ئېيتىپ باق-مامسىز؟ — دېدىم.

— ناخشا، ناخشا... ھە، بايا دېدىمغۇ، ناخشا ئېيتقۇچىلىكى-مىز قالدىمۇ، سەن تېخى ئۇقمايسەن...

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كونا سەرگۈزەشتىگە چۈشۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ مەھەللىدە باھارلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بولمى-غىنى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسى تىرىكچىلىك ئىزدەپ سۇلتانئۆيىس-كە كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ باھارىممۇ سۇلتانئۆ-يىستە بولۇپ قالدى.

باھار كەتكەندىن كېيىن، قاپىقىم ئانچە ئېچىلمايدىغان بو-لۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەر بىلەن ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ ئۇرۇشۇپ قالىمەن. دادام: «ھە، بۇ ساراڭنىڭ بۇرنى كۆپتى» دەپ قوياتتى.

مەن ئات بېقىشنى باھانە قىلىپ، تولا ۋاقىتلاردا كېچىلەرنى ئېتىزدا ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق سىرلىق، قانچىلىك چىرايلىق دېگىنە! بىر - بىرىگە تۇتىشىپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئېتىز - ئېرىقلار، تاختا بولغان بۇغدايلار، ياپ-يېشىل يەلپۈنگەن بېدىلىكلەردە مەست بولۇپ «ۋىتىۋالداق، ۋىخ... ۋىخ...» قىلىپ سايرىغان بۆدۈنىلەرنىڭ ئاۋازى كۆڭۈلنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇۋاتقان شامالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش قانداق كۆڭۈللۈك! ئەنە، كۆز يەتكۈسىز يەرلەردە ئاۋرال تېغى چوقچىيىپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ ئاۋرال تاغ باغرىدا مېنىڭ گۈزەل باھارىم ئۇيقۇغا كەتكەندۇ. مەن شۇ تەرەپكە قاراپ تاڭ ئاتقۇچە تويماي ناخشا ئېيتىپ چىقىمەن، ئوھوي!... بۇ قانداق ناخشىلار... يۈرەكنى يېرىپ چىقىدۇ. مەن ئۆمرۈمدە سېغىنىشنىڭ مۇنداق لەززەتلىك خۇمارىنى سەزمىگەنىدىم، — دەپ كۆكسىنى تۇتۇپ بىر ئۇھ تارتقانىدى، مەن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭدىن:

— شۇنىڭدىن كېيىن يارىڭىز بىلەن ئۇچراشمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— قىسقىسى، بىز مۇرادىمىزغا يەتكەندۇق. باھار بىلەن ئۆي تۇتتۇق. كىچە - كۈندۈز بىللە ئىشلەپ، راھەتتىنىمۇ، جاپانىمۇ بىللە كۆرەتتۇق. قولىمىزدا ئارتۇق نەرسە بولمىسىمۇ، بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ۋاقتىمىزنى چاغ ئۆتكۈزمەكتە ئىدۇق.

ئەتىياز ئايلىرى، قىزىق قوش ھەيدەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، دادام ئۇزاق تارتقان سىل كېسىلى بىلەن يېرىم كېچىدە جان ئۈزدى. دادام ئاز - تولا كىتاب ئوقۇشنى بىلىدىغىنى ئۈچۈن يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھەللە چوڭلىرى چاپسانلا يېتىپ كېلىشتى. ھە، راستلا بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. مەن ھازىر شۇنچە خار بولۇپ قالغان بولساممۇ، خەق مېنى نېمىشقا «سەن» دېمەي «سىز» دەيدۇ، چۈنكى مەن دادامنىڭ ئارقىسىدا يۇرۇپ ئانچە - مۇنچە قارا خەت تونۇپ قالغانىدىم. قارىغىنا، شۇنىڭمۇ ھۆرمىتى بولىدىكەن.

يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئون خوچە بۇغدايىنى ھارۋىغا بېسىپ، توخۇ ئىككى قىچقارغان چاغدىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتىم.

بازاردىن كېپەنلىكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىگە (سېپىل ئىچىگە) كىرىپ تۇغقىنىمىزنى نامازغا ئېيتىپ قايتقانىدىم، دەڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ھەي... شەيتانلارنىڭ ئىشى دېگىنە! ھەممە پېشكەللىكنىڭ ئاۋۋىلى مانا شۇ يەردىن باشلاندى. شۇ ۋاقىتتا ئالدىراپ، ئىچىمنىڭ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىنى قايسى تىل بىلەن ئاڭلىتاي، ئاشۋاقتى بەلەن كەلگەن ئادەم تا چىڭقى چۈشكىچە ساقلاپ تۇردۇم. دەرۋازىنىڭ ئىچى - تېشىدا ماڭا ئوخشاش يول تالىشىپ تۇرغان ئات ھارۋىسى، ئۆكۈز ھارۋىسى، ئاتلىق، ئېشەكلىك پىيادە كىشىلەرنىڭ سانى يوق. دەڭ دەرۋازا ئىچى خۇددى چوڭ بىر پاتقاق دەرياسى. ئۇنىڭدا ئاتلار ئۈزىدۇ. پاتقاقتا چىلىشىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلار ئادەمگە قېيىقنى ئەسلىتىدۇ. پىيادە ئادەملەر بولسا بۇنداق «قېيىقلار»غا ئىككى گوۋازا، تولا ئالدىراپ كەتكەنلەر بىر تەڭگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرا بېرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. يول تالىشىپ ئاتلىقلارنىڭ، ئادەم-
لەرنىڭ باش - كۆزىگە قامچىلار تېگىدۇ. تېپىلىپ يىقىلغان ئا-
دەملەرنىڭ تەلەتىگە قاراپ كۈلگۈلۈك كېلىدۇ. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ
رەسۋا بولغان ئېچىنىشلىق قىياپىتىگە قاراپ ئىچىڭ ئاغرىيدۇ.
ياكى يىغلىغۇڭ كېلىدۇ. ئاتلار مۇدۇرۇپ كەتسە ياكى سەللا پۇتى-
نى ئېگىزرەك كۆتۈرسە، پۇتۇن ئەتراپقا پاتقاق مۆلدۈردەك ياغى-
دۇ. مۇنداق ۋاقىتتا ئادەملەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ ناھايىتى كۈلكى-
لىك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدۇ، زارلىنىدۇ، لەنەت ئوقۇيدۇ، تىزى-
غىچە پاتقاق كېچىپ يۈرۈپ مۇشتلىشىۋالىدۇ. ئادەملەرنىڭ رەڭ-
گى - رۇخسارىغا قاراپ تېخىمۇ قاتتىق كۈلگۈلۈك كېلىدۇ. لې-
كىن، بۇ يەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار، يۈرەكنى تىلىپ تاش-
لىغۇدەك ئاچچىق تىللار كۈلكىلەرنى باسىدۇ. بولۇپمۇ شۇ كۈنى
ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشەلمەي كۆپرەك تۇرۇپ قېلىشىغا بىر دېھقان
سەۋەبچى بولدى. بىراق، شۇ سەۋەب بولدى دەپ تىللاي دېسەڭ،
ئۇنىڭ ھالى ھەممىنىڭكىدىن يامان بولغانىدى. ھېلىقى دېھقانىنىڭ
جىنازىغا ئوخشاپ قالغان ئېتى پاتقاقتىن ھارۋىنى تارتىپ چى-
قىرالماي تازا چوڭقۇر يەردە يىقىلدى. ئۇنى سەۋەبچى بولدى دېگەن
كىشىلەرمۇ ئىنساب قىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. پاتقاق دەرياسىغا
چۆكۈپ كەتكەن ئېتىنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى
ئازمۇ، ئاخىر ئېتى ئۆلۈپ قۇتۇلدىغۇ. بىچارە دېھقانىنىڭ بوغا -
جاۋەننى مۇرىسىگە سېلىپ سۇزمە خالتىسىدەك بولۇپ چىقىۋات-
قىنىنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى پاتقاقنى، ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تارام -
تارام يېشىنى كۆرگەن ئادەملەر يەنە ئۇنى سەۋەب بولدۇڭ دەپ
قانداق تىللىماقچىدى. ئەسلىدە سەۋەب بولغان كىم، نېمە؟! شۇ
قارا دەرۋازىدا ئادەملەرنىڭ يولىنى توراپ قويغان دەرۋازا ئىگىسى
«ئۇلۇغلار» - دە.

مىڭ بالالىقتا ماڭا ئەمدى ئۆتۈش نۆۋىتى كەلگەنىدى، قايسى
كۆزۈم بىلەن كۆرەي، تەلەتى سۆرۈن بىر يايى كېلىپ، ئېتىمنىڭ
تۇمشۇقىغا بىر قامچا ئۇردى - دە:

— هارۋاڭنى ئارقىغا قايتۇر، — دېدى.

— ئاكا، مېنىڭ ئىشىم ئالدىراش... — سۆزۈم ئاياغلاشقۇچە باش - كۆزۈمگە قامچا ياغدى. يەنە بىر يايى كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى - دە، هارۋامنى ئارقىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

«ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتىدۇ» دېيىشەتتى، قېنى ئېرىتكىنى! مەن شۇ كۈنى دۇنيادىكى بار ياخشى سۆزنى قىلدىمغۇ. يالۋۇردۇم، ئىتقا ئوخشاش ئۇلارغا كۈچۈكلىنىپ يىغلىدىم. دادامنىڭ ئۆلۈكىنى ۋە پۈتۈن ئەۋلىيالارنىڭ ئەرۋاھىنى شېپى كەلتۈردۈم. مېنى زادىلا قويۇپ بەرمىدى. ئۇلارنىڭ باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق، پۈتۈن تېنى مۇزدىن يارىتىلغان ئادەملەر ئىدى. ئادەملەر دۇنياغا بىرسىنى بىرسى مۇشۇنداق بوزەك قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ، دەردىڭنى ئاڭلايدىغان ئادەملەر قەيەردە؟...

ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز هارۋىكەش ساڭدىن بۇغداي قاچىلاپ ساربۇلاققا ماڭدى... (بۇ ۋاقىتتا ساربۇلاقتىكى تۈگمەندە چېرىكلەر ئۈچۈن ئۇن تارتىلاتتى). يالۋۇرۇش تۈگىمىگەنىكەن تېخى، تۆت كۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپ بۇغداينى تۈگمەنگە ئۆتكۈزدۇق. ئات - هارۋا بىلەن ئۆزۈڭ نەچچە كۈن بىكارغا ئىشلىسەڭ، رەهمەت - تەزىم قېنى؟ مانا قارا، رەهمەت - تەزىم ئورنىغا «ئوغرى، بۇداي كەم» دەپ يۈزلىرىمگە تۈكۈرۈپ، يەتتە كىشىنى كۆرەدە ئۈچ كۈن سولاپ قويدى... مانا پالەچلەرنىڭ كاشىلىسى: مەن سولاقتىن چىقسام، «ئېتىڭ ئۆلۈپ قالدى» دېدى - دە، ئالدىمغا ئاتنىڭ تۆت تۇيىقىنى تاشلاپ قويدى. ئۇ مېنىڭ ئېتىمنىڭ تۇيىقىمۇ ئەمەس. مانا ئۆزلىرى ئوغرى. ئەزبىرايى خۇدا، مەنسەپدارلارنىڭ ئۆزلىرى ئوغرى. بۇ ئەهۋالدىن بىر يەرگە دادلاشمۇ تەس. كىمگە ئەرز قىلساڭ بولىدۇ؟ «دادام ئۆلۈپ قالدى، جېنىم ئاكا...» دېگىنىڭگە قارىماي قامچىلاپ سېنى غۇلجىدىن كۆرەگە هەيدەپ كەلگەن ئادەملەرگىمۇ ياكى «ئوغرى» دەپ سولاپ قويغان چېرىكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى — جىڭشۇسىغىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش قويۇشتىن يەنە نېمە پايدا چىقار؟... ئاتتىنىمۇ، ئاتىدىنىمۇ ئايرىلدىم.

www.uyghurkitap.com

بوغا ـ جاۋەننى ئۆشنەمگە سېلىپ غۇلجىغا قايتتىم. خەير، ئۇمۇ كەتتى.

ئۇ ئادەتتىكى سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، تۇيۇقسىزلا قايناپ:

— شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ، بۇ نەقەدەر ئۇياتسىز ئىش — ھە، ئۇلارچۇ قارا، خۇددى غالجىر ئىت! — دەپ خىرقىراپ توختاپ قالدى.

مەن ئۆچۈپ تۈگەي دەپ قالغان سامان ئوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاتلاملىرىنى چۇقچىلىغاندىم، ئۇنىڭ قاشلىرى يىمىرىلىپ كۆزىدە غەزەپ ئوتى چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

ئاي بىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلاشقان، جاھان بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتماقتا. يېقىن بىر جايدىكى ئىتنىڭ ھۇۋلىغان زۇۋانلىق ئاۋازى كۆڭۈلگە قورقۇنچ سېلىپ ئۆتەتتى.

باقى سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بىزنىڭ ئۆيدە ئۆلۈم مەرىكىسى بولدى. ئۆلگەن كىشى بولسا مېنىڭ دادام، ئۇنى قانداق ئۇزاتقاندۇ؟ مەن ھازىردار، بېلىمگە ئاق باغلاپ، كۆك تاياق تايىنىپ، جىنازا ئالدىدا يىغلاپ چىقىشىم كېرەك ئىدىغۇ. مېنى دادام قانچە ئېغىرچىلىقلار بىلەن باقتى؟ مەندىن نېمىلەرنى كۈتكەنىدى؟ قېنى ئۇ؟ قېنى مېنىڭ ئەسقاتقىنىم؟ ئىسىت، ئىسىت، بەختسىزلىك... يۇرت ئالدىغا نېمە دەپ، قايسى يۈزۈم بىلەن چىقىمەن... شۇنداق تۈگىمەس — پۈتمەس خىياللار بىلەن كېچىچە پىيادە يۈرۈپ، چاي ۋاقتى بىلەن دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدىم.

— ھەي جىمبۇ كۆتۈرگەن، توختا! — دېدى بېدە سىم ئوردغان قامچىسى بار بىر ئادەم.

— ياق، ساتمايمەن، — دەپ يولۇمغا كېتىۋەرگەنىدىم، ھېلىقى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن، چوشقا! ماڭ بۇياققا، سەيسە قىلىسەن! — دېدى ـ دە، ئارقامغا ئىتتىرىۋەتتى.

— يەنە نېمە سەيسە بۇ؟ مەن ھازىر سەيسىدىن كەلدىمغۇ!

— ساختىپەزلىك قىلما، ياخشىلىقچە ماڭ، ئىت!
— ئەزبىرايى خۇدا، مەن سەيسىدىن كەلدىم.
— ياخشىلىقچە ماڭامسەن، يوق؟! ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭ-
نى كۆرسەن، چوشقىنىڭ بالىسى.
— ئۆزۈڭ چوشقا، ئۆزۈڭ غالجىر ئىت، ماڭمايمەن، نېمە
قىلىسەن؟!
ئۇ قامچىسى بىلەن بىرنەچچىنى ئۇرغاندى، قولىنى ئارقا-
سىغا قايرىپ چىڭ تۇتۇۋالدىم. بۇنىڭغا بوي بەرمىگەنلىكىمنى كۆ-
رۈپ، نەدىنىدۇر ئىككى چېرىك يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۈچى بىر بولۇپ
مېنى دوتەي يامۇلىغا ھەيدەپ كىردى. ئاۋۋال ھارغۇچە ئۇرۇپ، تې-
پىپ دۇمبالىدى. كېيىن بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويدى.
ھارغىنلىق ۋە قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئەسنەپ - ئەسنەپ
كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، يەنە ھېلىقى قاپىقى يامان، سىم ئو-
رىغان قامچىسى بار يايى:
— تۇرە ئوغرى، — دەپ بېشىمغا تېپىپ ئويغىتىۋەتتى.
— ئەمدى چىقىپ كېتەيمۇ ئاكا؟
— ئاناڭنىڭ يېنىغا بارامسەن ھارىمى...
— يەنە نېمە دەيسىز بېگىم؟!
— ھە، ئەمدى خېلى چۆچۈپ قاپسەن. ئالدىمغا چۈشۈپ
ماڭ، — دېدى - دە، ماڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغان
سەيسىكەش بىر ئادەم بىلەن ئىككىمىزنى چۈشكىچە بېدە
توغراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نامازدىگەرگىچە قىغ توشۇتۇپ قويۇپ
بەردى. مانا كۆردۈڭمۇ، بۇ نېمىدېگەن خورلۇق.
ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئادەملەرمىدۇق
بىز، مۇنداق ئوساللىقنى مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قىلدىممۇ؟
ياق. ئىش شۇنداق بولسىمۇ، يەنە ھەممىسى مەندىن كۆڭۈل ئاغ-
رىتىمدۇ. يۇرت ئىچىدە مەن ئەڭ باغرى تاش يامان ئادەم! ھەتتا ئا-
دەممۇ ئەمەس، خۇددى كالا ياكى ئىت. توغرا، ئۇلارنىڭ شۇنداق
قاتتىق رەنجىشىگە ھەققى بار. بىراق، كاساپەتكە ئۆزۈم يولۇقاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ ئالايىتەن بارمىدىم ـ دە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ماڭا ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ.

— دادادڭ ئۆزى تاپقان بىر جۈپ ئۆكۈزنى سېتىپ، بىر كۈنلۈك مەرىكىسىنى ئۇزاتتۇق. سەنمۇ ئوغۇل بالا مەن دەپ بېلىڭنى باغلاپ يۈرسەڭغۇ. قېنى يەتتە نەزىرىنى قانداق قىلىسەن ياكى داداڭنىڭ يەتتىسىنىمۇ بەرمەمسەن؟ — دېگەندەك سۆزلىرى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ تەنىسىنى بېسىش ئۈچۈن دادامنىڭ يەتتە نەزىرىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزدۈم.

شۇ يىلدىن باشلاپلا ئۆز ئالدىمغا يەر ھەيدەلمىدىم. قوش، ئات ـ ھارۋا، ھەتتا ئۇرۇقلۇققا بىر خو بۇغداي ئۈچۈنمۇ باشقىلارغا سارغىيىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى كېچە ـ كۈندۈز جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسەكمۇ چاپىنىمىز تىزدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۈچ ـ تۆت يىلغا بارماي يېرىمىزنىڭ مۇقىم پارقى دەن ۋە باشقا ئالۋانلارنى بېرەلمەستىن، يەرنى سېتىپ بېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئادا تاپتۇق... شۇنىڭدىن بېرى تالادا قېلىپ، ھەركىمنىڭ ئىشىكىدە تەمتىرەپ يۈرىمىز. ئىككىمىز خامان تەپكەن كۈنى ھېلىقى غوجايىنىنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرىنى ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭ. ھە، مانا بىزنى شۇنداق ئاچ كۆز غوجايىنلار، ئالۋان ـ ياساقلار، خورلۇق ـ ھاقارەتلەر قۇرۇق قاقشال قىلىپ قويدى. مانا ھازىر ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىسەن، بىزدىن ئەمدى ماغدۇر كەتكەن. تىرىكچىلىك بولسا، مۇشۇ... قېنى ياشلىق! قېنى كۆڭۈلدە يالقۇنلاپ تۇرىدىغان زوقلار! ئەمدى كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتىش مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا زوق كېرەك، ماغدۇر كېرەك.

باقى كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى موردىن قاپلىشىپ چىققان تۇتۇندەك ئۇزۇن ۋە ئېغىر بىر تىنىپ چىقاردى ـ دە، توختاپ قالدى.

يەرنى قۇچاقلىۋالغان كېچىنىڭ ئېغىر قاپقارا بېسىمىنى بۇزۇپ ھەر تەرەپتىن خورازلار قىچقاردى. بۇ ئاۋازلار شەرقنى

قاپلاپ ياتقان قويۇق قاراڭغۇلۇقنى نېپىزلىتىشكە باشلىدى. بىز تونۇرغا ئېڭىشكەنىدۇق، كاۋنىنىڭ كۆيۈپ پىشقان پۇرىقى دىماغقا كېلىپ تەگدى. ئۇنى تونۇردىن كەتمەندە ئاۋايلاپ ئالدۇق ـ دە، باقىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتۇق.

## 5

باھارخان ئۆلگەندىن كېيىن، باقىنىڭ سىل كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بىر كۈنى ئۇنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ يېزىغا چىقتىم. سىلەرگە تونۇش بولغان ھېلىقى «ئالۋاستى كەپىسى» بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە سەتلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممىگە نۇر بېرىشكە سېخىي بولغان كۈنمۇ بۇ بىر ئېغىز ئۆي ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئاق نۇرىنى چېچىپ ئۆتمەيدۇ. بىرنەچچە ۋاقىتتىن بېرى باھارخانىنىڭ شىۋاق سۇپۇرگىسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەخلەت ـ چىرىندىلەر ۋە كېسەلنىڭ غەلدى ـ غەشلىرى ئىنتايىن يامان پۇراق چېچىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئۆيلەردە كىممۇ كۆڭلى ئېچىلىپ ئارام ئېلىپ تۇرالايدۇ؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھايۋانلارمۇ مۇشۇنداق جايلاردا ئۇزاق چىداپ ياتالمايدۇ. لېكىن، باقىنىڭ ئائىلىسىدەك مىليونلىغان ئائىلە كىشىلىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئالۋاستى كەپىلىرى»دە كۈن كەچۈرۈپ يۈرۈپ ئاچچىق ھەسرەتتە دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشاتتى.

ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يېڭى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىڭىلدىشى ۋە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان ئاۋاق پۇچقاق مۈشۈكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى بۇ جىمىلىققا ئېچىنارلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. بۇ مۇڭلۇق جىملىق ئىچىدە باقىنىڭ تۆت بالىسى دان توشۇپ تۇرغۇچى ئانىسىدىن ئايرىلغان سېرىق تۇكلۇك كەپتەر باچكىلىرىدەك يېرىم ئاچ ھالدا شۈمشىيىپ يېتىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەن باقىنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى توختىدىن:

— داداڭ كىشى تونۇمدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۈچ كۈن بولدى گەپ قىلمىغىلى، كۆزىنى ئاچمىغىلى... — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

— يۈزىنى يېپىپ قويۇپسەنغۇ؟ — دېدىم.

— بايا دادام ئى... ئى قىلىپ ھىجايدى، ئاغزىغا چىۋىن ئولىشىپ كەتتى، يېپىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ ئۆڭگەن يۈزىدە خىرە يانغان خۇشاللىق نۇرى دادىسىنىڭ ئەمدى ياخشى بولغانلىقىنى ئىپادە قىلماقچىدى. لېكىن، ئەكس ھالدا ماڭا ئۇنىڭ يۈزى بىر نەرسىدىن يىرگىنىۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايىدەك كۆرۈندى.

باقىنىڭ يۈزىنى ئاستا ئېچىپ باققانىدىم، مەن ئۇنى چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئېڭىكى تۆۋەن چۈشكەن ھالدا كۆردۈم. تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. قورقۇنچ باستى. بالىلىرىغا تۇيدۇرماستىن ئاستا تالاغا چىقىم كەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى بىرنەچچە كەمبەغەل، كۆيۈمچان ئادەملەر يىغىلىپ، سۆگەت شاخلىرى بىلەن جىنازا تۇقۇدى. ئۇنى غېرىب يوپۇقى بىلەن ياپتى - دە، ئاشۋاقتى بىلەن باقىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەھەللىدىن يىراقتىكى تۆپراقلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھازىدارى يوق ئىدى. جىنازا مەھەللىدىن ھەشەمەتسىز، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈزىتىلدى. ناھايىتى جىنازا ئالدىدا باقىنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى يىغلامسىراپ بۇرنىنى تارتىپ، ئۆز گەۋدىسىنى باشقۇرالماي، مۇدۇرۇپ - مۇدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا بەش ياشلىق سىڭلىسى پىلدىرلاپ ئەگىشىپ بارىدۇ. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئايلاپ تارغاق كۆرمەي پاخپاق بولۇپ قالغان، پۇتى يالاڭ ئاياغ، ناھايىتى ئۇچىسىدا ھەر رەڭلىك لاتىلار بىلەن يامالغان كىر، يىرتىق كۆڭلىكى بار ئىدى. ئۇ كىچىككىنە قارا كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ، بىر ئارقىسىغا، بىر ئالدىغا

مۆلدۈرلەپ قارايدۇ. بىر يۈگۈرەيدۇ، بىر توختاپ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ مونچاقتەك پارقىرىغان كۆزىدىن «ئاپام قېنى، ئەمدى دادامنى نەگە ئېلىپ بارىسىلەر، بىز قانداق قىلىمىز؟ ...» دېگەندەك مەنىلەر چىقاتتى. خۇددى شۇ ۋاقىتتا باقىنىڭ تۇمانلىق ۋە قاراڭغۇ ھاياتى ئېغىر كۆلەڭگە بولۇپ، جىنازا ئۈستىدىن ئۆتەتتى. مەن ھەسرەت دەرياسىغا چۆمگەن ھالدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋاتىمەن. مېنىڭمۇ بەش ياشلىق چېغىمدا غۇبارسىز يۈرىكىمدە ئانامدىن ئايرىلغان مۇنداق كۈنلەرنىڭ ئاچچىق دېغى قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇنداق ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر ماڭا ھەممىدىن چوڭقۇرراق تەسىر بەخش ئەتتى.

مانا، تۇپراقلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بەختسىز ھاياتتىن خوشلاشقان مىڭلاپ ئادەملەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان كونا تۇپراقلار زومچەك ـ زومچەك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەممە قەبرە بىر خىل كۆرۈنۈشتە ئەمەس ئىدى. ھىمايىچىلىرىدىن ئايرىلغانلىرى ئۇيۇلغان ياكى ئىزناسى تۈگەپ كىچىككىنە زومچەك بولۇپ قالغان. بەزىلىرىنىڭ بولسا ئۈستىگە تاش، ياغاچ، قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان، ئاندا ـ ساندا سالاسۇن بىلەن ئورالغان ۋە گۈمبەز قىلىپ قاتۇرۇلغان مۆتىۋەر قەبرىلەر ئۈستىگە يوپۇرماقلىق شاخلار قادالغان ياكى گۈللەر تېرىلىپ سۇ قۇيۇپ قويۇلغانىدى. مانا شۇلارنىڭ ئارىسىدىن يېڭى توپا دۆۋىلەنگەن باقىنىڭ ئاددىي قەبرىسى ئورۇن ئالدى. كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان قەبرىلەرگە يەنە بىر قەبرە قوشۇلدى.

باقىنىڭ قەبرىسىگە مۈڭگۈز قويۇلمىدى ياكى گۈل تېرىلمىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى تېخى ئەتىيازنىڭ يۇمشاق كوكاتلىرى بىلەن قاپلانمىغان يالىڭاچ مۇڭلۇق قەبرە بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەۋلىيا ئاتا

«جاھان سارىڭى — ئەۋلىيا ئاتا» — مەن كونا جەمئىيەتتە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نۇرغۇن نامراتلار ئىچىدىكى بىرسى ئىدى.

## 1

1930 - يىلىنىڭ قىشى، قەشقەرنىڭ ئۇستى يېپىق قاراڭغۇ رەستىسىدە ئەۋلىيا ئاتا سوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بار - يوق كىيىمى — بىر تاغار، تاغارنىڭ تېگىدىن تۆشۈك ئېچىپ بېشىغا كىيىۋالغان، ئىككى بۇلۇڭىدىن ئىككى قولىنى چىقىرىۋالغان. ئۇنىڭ قويۇق قارا چاچلىرى گەجگىسىگە چۈشۈپ، گېلىدىن ھالقىغان ساقال - بۇرۇتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، بويى قامەتلىك، كۆزلىرى قاپقارا، مەنىلىك ئوييناپ ئەتراپقا تىكىلىپ تۇرىدۇ، بۇرنى قاڭشارلىق، قاشلىرىنىڭ ئارىسى بىرئاز تۈرۈلگەن، چىرايى قارامتۇل ... قولىدا تاياق، يېنىغا قورسىقى توغرىسىغا كېسىلگەن بىر قاپاق ئېسىلغان ...

ئەۋلىيا ئاتا كېچە - كۈندۈز، قىش - ياز مانا مۇشۇ قىياپەتتە كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. قىش كۈنلىرى سوغۇقتىن پەرۋا قىلماي، يالاڭ ئاياغلىرى بىلەن غاچىلدىتىپ قار - مۇزنى دەسسەپ ماڭىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتايدۇ. ئىچ ئاغرىتىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، غەمخورلۇق قىلىدۇ، پۇل بېرىدۇ، تاماق بېرىدۇ، ئوچاق تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئىسسىندۇرىدۇ. بايلار

ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بايلارنى يامان كۆرىدۇ.

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ماكانى — شەھەر سىرتىدىكى يۈسۈپ قادىرخان گۈمبىزىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك كونا گۈمبەز. ئۇنىڭ مۈلكى — ئىككى پۇتلۇق بىر كونا داڭقان (سۇنۇپ كەتكەن بىر پۇتى ئورنىغا تاش قويۇلغان)، بىر ھېجىر، بىر ياغاچ ئاياق، بىر پۇچۇق ياغاچ چۆمۈچ، بىر ياغاچ قوشۇق، جوغىسى سۇنۇق بىر ئىۋرىق، گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچاق، بىر چېتىدە قوناق شېخى ئۈستىگە كونا پالاس تاشلانغان ... مانا بۇلار ئۇنىڭ مۈلكى، ئۆي بىساتى.

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكىتى — سەھەر قوپۇپ سوكۇلداپ، يىراقلارنى ئايلىنىپ كېلىدۇ، چۈشتىن كېيىن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، كەچلىكى ئۇلپەتلىرى بىلەن پاراڭلىشىدۇ، مەشرەپ ئوقۇشىدۇ، قىسسە ئېيتىشىدۇ. تولىراق ئۇلار دىۋانە بوۋايدىن يۈسۈپ قادىرخان توغرىسىدا قىسسەلەر ئاڭلايدۇ.

ئەنە ئەۋلىيا ئاتا، شەھەر رەستىسىدە كېتىۋاتماقتا، ئۇ ئاۋايلىغاندەك، سالماق بىلەن بەستىنى ئالدىغا ئېگىپ مەزمۇت قەدەم باسماقتا. ئۇ گۇڭۇلداپ بىرنېمىلەرنى سۆزلىگەندەك قىلىدۇ، يىغلىغىنىراق كەلگەندە، پەس ئاۋاز بىلەن بىرنەرسە ئوقۇۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ، يەنە يىغلىغىنىراق كەلگەندە. ئۇنىڭ بىر خىل مۇڭلۇق ئاھاڭدا مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ:

پەلەكنىڭ چاقى چۆرۈلدى،
مېنىڭ مەيخانام ئۆرۈلدى.
شارابىدىن ئىچكۈچە ئەپسۇس،
گۈزەلنىڭ جامى ئۆرۈلدى.

گۈزىلىم بولدى ئادا،
ئۆز جۈپتىدىن بولدى جۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەرشى – ئالەمدىن كېلۈر،
ھۆرلەر بىلەن چالغان سادا.

لەنىتى زۇلمەت زامان،
يوقسۇللىنىڭ ھالى يامان.
بولغۇسى ئاخىر يورۇقلۇق،
يۇرت پاراۋان، ئەل ئامان.

## 2

ئەۋلىيا ئاتا بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ئەتىگەن قوپتى. گۈمبەزدىن چىقىشىغا ئەمدى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى. ئۇ ئاستا قەدەم تاشلاپ چوڭ يولغا چىقتى. كېيىن سوكۇلداپ يول چېتى بىلەن يۈرۈپ كەتتى ...

ئەنە ئۇ قىزىلكۆۋرۈككە باردى، ئىككى كۆۋرۈك ئارىلىقىدىن سولغا بۇرۇلۇپ ياپيېشىل چۆپلۈك مەيدانغا قاراپ كەتتى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن تومۇز قۇياشى ئۇنى قىزىتتى، پېشانىسىدىن تەر ئاققىلى تۇردى. ئۇ قىزىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا بېرىپ «كىيىمىنى» بېشىدىن چىقىرىپ يەرگە قويدى – دە، قىزغۇچ سۇغا شۇڭغۇدى ... بىرپەستىن كېيىن سۇدىن چىقىپ، خالتا كىيىمىنى بېشىغا كىرگۈزدى. ئاندىن يېشىل مەيداننى بىر ئايلىنىپ «ئۆيى»گە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

ئۇ چۈشكە يېقىن شەھەرگە قاراپ ماڭدى، قۇمدەرۋازىسىنىڭ گۈزىرىگە كەلگەندە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشقا باشلىدى، بەزىلەر سالام قىلدى، بەزىلەر تۈرلۈك قىياپەتتە ھۆرمەت بىلدۈردى. بىر توپ بالىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئەۋلىيا ئاتا، ئەۋلىيا ئاتا!» دەپ ۋارقىراشتى. ئۇ قاپاقتىن بىرئاز پۇل ئالدى – دە، بىر دۇكاندىن ئىككى چاڭگال ياڭاق ئېلىپ بالىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى، سېپىل دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە بىر ئاشپۇزۇلدىن ئادەم

چىقىپ ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاشخانىغا كىرىپ چاي ئىچىشنى تەكلىپ قىلدى ... ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ دەرۋا-زىدىن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆستەڭبويىغا بۇرىلىپ، ئەتراپقا سالقىن بىر كۆز تاشلىدى ـ دە، گۇدۇڭشىپ ھېلىقى ناخشىنى ئېيتتى. ئۇ رەستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر گەزمال دۇكىنىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك ئىككى ئادەمنىڭ بىرسىنىڭ ئەۋلىيا ئاتىنى كۆرستىپ «ئا ... ساراڭ كەلدى » دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ بېرىپ بېشىغا بادام دوپپا كىي-گەن، ئۇزۇن پەشمەت ئۈستىدىن شايى رومال باغلىغان بىرسىنى ياقىسىدىن ئېلىپ شۇنداق چاپسانلىق بىلەن پوكەيدىن تارتىپ تۆۋەنگە چۈشۈردىكى، بۇ ئىشنىڭ قانداق چاپسان بولغانلىقىنى ئۇ-زىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئالدىدا تىترەپ تۇرغان بايۋەچچىگە قاراپ: «كىم ساراڭ، خۇنپەر، ئادەمخور ! ئاغزىڭدىكى قاننى سۈرتۈۋېتىپ گەپ قىل !» دەپ، مۇشتۇمنى غەزەپ بىلەن كۆتۈردى... بىرنەچ-چە كىشى: «ۋاي ئەۋلىيا ئاتا، خاپا بولمىسىلا ...» دەپ توسۇۋې-لىشتى. ئۇ «خەپ !» دەپ قويۇپ، بايۋەچچىنى پوكەينىڭ تۆۋەنگە ئىتتىرىۋەتتى.

ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر گەزمال دۇكىنىغا بېرىپ سودىگەرگە «قېنى باي، بىر تەڭگە چىقار» دېدى. باي ئىنجىقلاپ ئۇياق ـ بۇياققا قارىغاندىن كېيىن، ئەۋلىيا ئاتىنىڭ غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ «خوش، ھازىر ... مانا » دەپ بىر تەڭگىلىك قەغەز پۇلدىن بىرنى چىقاردى. ئۇ پۇلنى ئېلىپ ئۆس-تەڭبويىدىن ھېيتگاھقا قاراپ ماڭدى. بۈگۈن جۈمە كۈنى بول-غاچقا، كىشىلەر ئەمدى جۈمە نامىزىدىن چىقىپ، ھېيتگاھ مەيدا-نى قايناپتۇ، ھەر خىل ئاۋازدىكى قولاقنى يارغۇدەك ۋارقىراش ـ تۇۋلاشلار، نامازدىن چىقىپ، خۇددى ھازىرلا جەننەتكە كىرىدى-غاندەك مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك بايلار، ئۇزۇن سا-قاللىق، چوڭ سەللىلىك موللىلار ... يېرىم يالىڭاچ بېشى تۆۋەن ناماراتلار، قولىرىنى سوزۇپ ساز قىلىۋاتقان ئەر ـ ئايال دىۋانە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەر ... ئەنە يۈزلىرىگە كونا تور رومال يېپىپ ئولتۇرغان ئىككى قىز كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېزىدىغان ئاھاڭدا ناخشا ئېيتماقتا:

پاتمەنىڭ كۆڭلەكى،
يەتمىش يەردىن ياماقى.
خورمىنىڭ ياپراقىدا
ياماپ كيىگەن پاتمەم.
...

ئەۋلىيا ئاتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئازراق ئاڭلىدى، كېيىن قىزلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ «بۇلار يىراقنىڭ داۋرىقى سىڭىللىرىم، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتمەنىڭ كۆڭلىكى يەتمىش يەردىن يىرتىلىپ كەتمىگەن بولغىيدى، خورمىنىڭ ياپرىقىدا كۆڭلەككە قانداق ياماق سالغىلى بولسۇن ؟ ! » دېدى ـ دە، قىزلارنىڭ ئالدىدىكى يەرگە سېلىنغلىق كىر ياغلىققا بىر تەڭگە تاشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئەتراپتا تۇرغانلار بەش ـ ئون پۇلدىن تاشلىدى.

كىشىلەر ئەۋلىيا ئاتا بىلەن سالاملىشىپ، بەزىلىرى يانچۇق-لىرىنى كولاپ پۇل بەرسە، ئوقەتچى، باققاللار سامسا، گىردە، ياڭاق، گۈلە، كىشمىش... بېرەتتى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ يېنىدىكى قاپاققا سالاتتى، بىرسى «نامازنى ياخشى ئوقۇۋالغانلا، ئەۋلىيا ئاتا» دېگەندى، ئۇ قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بولغان سۆزلەر بىلەن: «مەھشەرگاھقا بارغاندا ھېسابلىشىپ باقارمىز ... ئادىل ... كۆرۈپ تۇرارىمىش ... ھا ـ ھا ... » دېدى ـ دە، ھېلىقى ناخشىسىنى پەس ئېيتىپ يارباغقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

يارباغ رەستىسىدە بىر سۆلەتلىك دۇكاننىڭ سۇپىسىدا سالاپەتلىك كيىنگەن بىر ئادەم چازا قۇرۇپ، بىر چوڭ ياستۇقنى قولتۇقلاپ، تەسۋى تارتىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى دۇگىلەك پەس شىرە ئۈستىدە بىر چەينەك، كۆك چاي قۇيۇلغان ئۈچ پىيالە تۇرۇپتۇ، ئۈچ باي شىرە چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ خۇشال

سۆزلىشۋاتاتتى، ئەۋلىيا ئاتىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ تەرى بۇزۇلدى، شېرىن پاراڭلىرى توختاپ قالدى. ئەۋلىيا ئاتا تەسۋى تارتىپ ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ:

— بايۋەچچە، بەش تەڭگە چىقارسىلا ! — دېدى بۇيرۇق قىلغاندەك.

— بەش تەڭگە ؟ — دېدى باي ھودۇقۇپ، — نەدىكى بەش تەڭگە، تېخى نامازدىن چىقىپ بىر تەڭگىلىك سودىمۇ قىلمىدىم.

— مانا پۇراپ باقىنا، نېمە پۇرايدىكەن، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا قارامتۇل يوغان مۇشتۇمىنى بايۋەچچىنىڭ بۇرنىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ گەۋدىسى بىرئاز ئالدىغا ئېگىلىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى.

— خوپ ... ھە ... ھازىر، — تىترىدى باي، كېيىن ئۇياق - بۇيېقىنى ئاختۇرۇپ بىر تەڭگىلىك تىيىزىدىن بەشنى چىقىرىپ ئەۋلىيا ئاتىغا ئۇزارتتى.

— ھى ... — دېدى ئەۋلىيا ئاتا مىيىقىدا كۈلۈپ، پۇلنى ئېلىپ قاپاققا تاشلىدى، — بەرمەسكە ئىلاجىڭ قانچە ؟ قانلاردىن ياسالغان پۇللار بۇ، سېنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ ... قارىغىنا، ئاغزى - بۇرنۇڭدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ ... — ئۇ سۆزلىگەچ رەستىگە مېڭىپ كەتتى.

يارباغ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ بىر سامسىپەزنىڭ ئۆرە تۇرۇپ بىر قولى بىلەن قۇلىقىنى تۇتۇپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇردى.

— ھەي !... ياغ يەپ كەت، ياغ يەپ كەت !

شېكەر يەپ كەت، ئوغاۋاللار،
قوزا گۆشىدە قىلغان،
ئىچىڭدە مەرىمىسە ھېساب ئەمەس،
يالغان بولسا پۇل بەرمە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ھەي ! ... ياغ يەپ كەت، شېكەر يەپ كەت.

— ئوغاۋاللار! ...

ئەۋلىيا ئاتا سامسىپەزنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىقىنى تۇتقان قولىنى تارتىپ چۈشۈردى. ئۇنى تۇۋلاشتىن توختاتتى:

— بولدى ئاغىنە، داداڭدىن قالغان مىراسنى تۇۋلاۋەرمە، باشقىسى راست بولسىمۇ قوزا گۆشى يالغان، ھەممىسى ئۆچكە گۆشى، قانداق تاپتىممۇ؟

— ھى - ھى ... — دېدى سامسىپەز دۇدۇقلىنىپ، — ئەمە-دى، ئۇياغىنى ئاچمايمىز - دە، ئەۋلىيا ئاتا. قانداق، قىزىقىدىن ئىككىنى ....

— ياق، ئوننى بەر، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا، قاپاقتىن بىر تەڭگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزارتتى.

— ياق، بۇ ... كېرەك ئەمەس، — دېدى سامسىپەز پۇلنى قايتۇرۇپ.

ئەۋلىيا ئاتا پۇلنى ئۇنىڭ چېكىسىگە — ئاق دوپپىسىنىڭ قىرغىقىغا قىستۇرۇپ قويدى. كېيىن ئۆزى بېرىپ تونۇر يېنە-دىكى سامسىلاردىن ئوننى ئېلىپ قاپاققا سالدى - دە، توپتوغرا مېڭىپ سېپىل دەرۋازىسىنىڭ بىر چېتىدە قاتار ئولتۇرۇپ تە-لەمچىلىك قىلىۋاتقان دىۋانىلەرنىڭ ئالدىغا باردى. دىۋانىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى. ئۇ سامسىلاردىن بىرقانچىنى قاپاقتىن ئېلىپ دىۋانىلەرگە ئۈلەشتۈردى. سەككىز دىۋانىگە بىردىن بەردى. بىرنى ئۆزى يېدى، دىۋانىلەر سامسىلارنى يېمەي قويۇنلىرىغا سېلىشتى.

ئەۋلىيا ئاتا لوڭۇلداپ مېڭىپ، گۇڭۇلداپ ناخشا ئېيتىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ تۆۋەنلىدى. يارباغ مەسچىتىنىڭ ئالدىغا بار-غاندا ئۇنىڭ كونا ئەپكەش دوستى ئىككى سۇغا سۇ ئارتقان ئې-شىكىنى ھەيدەپ تۈمەن دەرياسى تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

— ھوي، ھېيتىم ! — دېدى ئەپكەش ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ، كېيىن بىر قولى بىلەن ئېشىكىنىڭ بويىنىدىن تۇتتى، — نەگە

ماڭدىڭ؟

— سەن تېخىچىلا مېنىڭ ئېتىمنى ئۇنتۇماپسەن، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا كۈلۈپ، — نەدىكى «ھېيتىم؟» ھېيتلار ئالىلىقاچان ئۇ دۇنياغا كەتكەن.

— قەدىناسلىق ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ - دە، ئاداش، — دېدى ئەپكەش. ئىككى دوست بىردەم ئەھۋاللاشتى. ئەۋلىيا ئاتا قاپاق-تىن بىر سامسىنى ئېلىپ دوستىغا بەردى - دە، تۇمەن دەرياسى بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ...

ئۇ تۇمەن دەرياسى بويىغا بېرىپ ئولتۇردى. پوت - قولىنى يۇيۇپ بىردەم ھاردۇق ئالدى. كېيىن دەريا بويلاپ تۆۋەن يۈرۈپ كەتتى ... ئۇ تۆشۈكدەرۋازىسىنىڭ گۈزىرىدە بىردەم ئايلاندى، كېيىن مازارغا قاراپ مېڭىپ كەتتى ....

## 3

ياز كۈنلىرىنىڭ يېقىملىق كېچىسى، قۇياشنىڭ ئولتۇرۇ-شىغا پارقىراپ چىققان يۇلتۇزلار ئاسماندا جىمىرلاپ كۆز بىلەن ئوينىشىدۇ. ئەنە كۈنچىقىشتىن ئون بەش كۈنلۈك ئاي دۇپدۇگى-لەك قىزىل پەتنۇستەك ئاستا كۆتۈرۈلدى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزىنىڭ يېشىل كاھىشى پارقىرىدى. جاھان يو-رۇپ كۆلگەندەك قىلدى ... تەبىئەت گۈزەل، كىشىگە زوق بېرى-دىغان كېچە ... ئەمما، نەدىكى زوق دەيسىز؟ ما تىتەينىڭ يامۇ-لىدا يېشىل چىراغ نۇرىدا، باي - غوجاملارنىڭ «دۆلەتباغ»، «نە-زەرباغ» لىرىدا، خىلۋەت سارايلاردا قاقاھلاپ كۈلۈپ «زوق» ئې-لىۋاتقانلار بولغىيدى، لېكىن بۇ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن قان يۇراپ تۇرغان قانخورلارنىڭ ئېچىلماي سولغان سانسىز بىچارە جانلار ھېسابىغا قىلىۋاتقان ئەيش - ئىشرەتلىرى ... لېكىن، نامراتلار زارلىماقتا، قەشقەر نالە قىلماقتا، ئىڭرىماقتا ... قەيەردى-دۇر يىراقلاردا دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماقتا ...

جاھالەتلىك زاماننىڭ ئۇلى تىترىمەكتە ...

ئەۋلىيا ئاتا ئويچان ھالدا كېلىپ «ئۆيى» تېمىغا يۆلىنىپ، ئايغا قاراپ ئولتۇردى. تۇمەن دەرياسىنىڭ ياقىلىرىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تولۇن ئاي گويا ئەۋلىيا ئاتىغا قاراپ كۈلەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلايتتى. ئەۋلىيا ئاتا بىر ۋاقىتلاردا گۈزەل قىز بىلەن كېچىلىرى ئايغا قاراپ ئۇزاق شېرىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىرىنى ئەسلەپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتمۈشنىڭ سۈرەتلىرى تىزىلىپ ئۆتمەكتە.

ھېيتىم ئون يېشىدىلا دادىسىدىن يېتىم قالدى، دادىسى ھاممالچىلىق قىلاتتى، بىر كۈنى ئېغىر يۈك بىلەن يىقىلىپ بېلى سۇنۇپ ئۆلۈپ كەتتى، ئانىسى چاق ئېگىرىپ، مىڭ بالالىقتا تىرىكچىلىك قىلدى، ھېيتىمنى چوڭ قىلدى. بىرنەچچە يىل ئۇنى كونا مەكتەپتە ئوقۇتتى. ھېيتىم كىچىكىدىلا دادىسىدىن قالغان ئارغامچىنى ئېلىپ ھامماللىققا كىرىشتى. چىش تىرەپ تۆت - بەش يىل ئەمگەك قىلدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى بازاردىن ئۆيگە ياناي دەپ تۇرسا، بىر ئادەم ئۇنى باشلاپ قوناق سارىيىغا ئېلىپ باردى. ئۇ يەردىن بىر تالاي يۈكنى يۈدۈپ ھېلىقى ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن بىر كاتتا ھويلىغا كىردى. يەنە ئىچكىرىكى ھويلىغا ماڭدى ... پېشايۋاندىن ئۆتۈپ ئايلىنىپ باغ تەرەپكە كىرگەندىن كېيىن، يۈكنى بىر كىچىك ئامبارغا ئەكىردى. ھېلىقى ئادەم «تۇرۇپ تۇر» دەپ كىرىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇ چىقمىدى، بىردەمدىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، پېشايۋاننىڭ نېرىقى چېتىدىكى بىر ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككى ئادەم كىگىزگە ئورالغان بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراش چىقىپ كەلدى. ئورالغان نەرسە تېپىرلايتتى، ئۇنىڭدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ھېيتىم ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، ئاڭغىچە ئورالغان نەرسىنى ئالدىراش ئېلىپ بېرىپ تال بارىڭىنىڭ نېرىسىدىكى قۇدۇققا

تاشلاشتى ـ ده، چاپانلىرىنى قېقىپ كىرىپ كېتىشتى ...
«ئەجەب ئىش ؟! شۇنچە سىرلىق، ئالدىراش، كىگىزنىڭ ئىـ.
چىدە ئادەم بولمىسۇن يەنە ؟!» ھېيتىم مۇشۇنداق ئويلاپ تۇرۇ.
شىغا ھېلىقى باشلاپ كەلگەن ئادەم چىقىپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە پۇل
بېرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تاشقىرىقى ھويلىغا چىققاندىن كې.
يىن، ئاستا بىر چەتتىكى ئاتخانىغا كىرىپ بىرپەس مۆكۈپ ئول.
تۇردى. شۇ ئەسنادا ئىچكىرىدىن سوغا ئارتقان ئېشىكنى ھەيدەپ
بالا ئەپكەش دوستى چىقتى. ھېيتىم ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ ھويلا ـ ئاران تىنچىغاندىن كېيىن ئۇلار ئاۋايلاپ
باغقا كىردى. ئاستا بېرىپ قۇدۇققا قۇلاق سالدى. يەر تېگىدىن
بىر بالىنىڭ بوغۇلۇپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەپكەش ئار.
غامچىغا ئېسىلىپ چۈشسە، راستلا ئادەم — بىر قىز كىگىزدىن
تۆشۈك ئېچىپ، يۇقىرىغا قاراپ يىغلاپ، بېلىگىچە سودا ئولتۇ.
رۇپتۇ. ئەپكەش «قورقما» دېدى چۆچۈپ كەتكەن قىزنى تىنچىد.
تىپ. ئارغامچا لىڭشىغاندىن كېيىن ھېيتىم ئۇنى ئاستا يۇقى.
رىغا تارتتى ...
ئەۋلىيا ئاتا غەيرىتىگە ماختانغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.
كېيىن يەنە خىيالغا كەتتى.
.... مانا ھېيتىمنىڭ ئۆيى، قۇمدەرۋازا تېشىدىكى بىر كونا
يالغۇز ئۆي، كىچىككىنە ھويلا. بىر تۈپ ئۈجمە، ئۇنىڭ يېنىدىكى
ئىككى ـ ئۈچ كىشى پاتقۇدەك بىر سۇپا. ھېيتىمنىڭ ئانىسى
سۇپىدا ئولتۇرۇپ قۇدۇقتىن چىققان قىزنىڭ چىگىشىپ كەتكەن
سېكىلەكلىرىنى چۇۋۇپ، ياغاچ تارغاقتا ئاۋايلاپ تاراۋاتىدۇ، ئۇ
بىر ياقتىن تاراپ، بىر ياقتىن گەپ سورايدۇ:
— ئېتىڭ نېمە قىزىم؟
— گۈزەل.
— ئەجەب ياخشى ئات ئىكەن. ئېتىڭغا لايىق ئۇز قىز بوپ.
سەن. ئۇلار سېنى نېمىشقا قۇدۇققا تاشلاشتى؟
— يەر ئاستىدىكى ئۆيدە سولاقلىق بىر ئادەمگە ئوغرىلىقچە

www.uyghurkitap.com

نان بەرگىنىم ئۈچۈن.

— ئۇ كىم ئىكەن؟

— بىلمەيمەن، ئۇنى يوشۇرۇن تۇتۇشىدۇ، قاتتىق قىينايدۇ.

— ھە، ھە، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار، — دېدى ئانا بىر ئاز ئويلىنىپ، — ئاتا - ئاناڭدىن قانداقچە ئايرىلىپ قالدىڭ؟

— ئاتا - ئانام يوق، — دېدى قىز، گېلىغا بىرنەرسە تىقىلىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى ... — ئۇلارمۇ مۇشۇ باينىڭ ئۆيىدە جاپا چېكىپ ئۆلۈپ كەتتى، — ئۇ يېغى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتتى.

— قىزىم، كۆڭلۈڭنى بۇزما، مانا مەن ئاناڭ، مانا ماۋۇ ھېيتىم سېنىڭ ئاكاڭ، — ئانا ئۈجمىگە يۆلىنىپ قىزغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ھېيتىمنى كۆرسەتتى، ھېيتىم «شۇنداق» دېگەندەك كۈلۈپ قوزغىلىپ قويدى.

— يېشىڭ قانچىدە؟ — دەپ سورىدى ئانا قىزنىڭ چېچىنى تاراپ بولۇپ.

— بىلمەيمەن، ئۈجمە پىششىقىدا تۇغۇلۇپتىكەنمەن، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئانام مېنى تۇغۇپ ياتقاندا دادام باينىڭ بېغىدىن بىر دوپپا ئۈجمە تېرىپ ئەكېلىپ بېرىپتىكەن ...

— داداڭمۇ يېشىڭنى ئېيتمىغانمۇ؟

— دادام، بالام تۇغۇلغىنىڭىزغا يېرىم قەنە بولۇپ قالدى، دېگەنىدى.

— بۇ سۆزنى قاچان ئېيتقان؟

— ئۈچ يىل بولدىغۇ دەيمەن.

— ھە، ھە ... ئۈچ يىل ئىلگىرى يېرىم قەنە دېگەن بولسا، بىر قەنەنى ئوتتۇز يىل ھېسابلىساق، يېرىمى — ئون بەش، ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ يىلنى قوشساق، ئون سەككىز ... گۈزەل قىز، ئون سەككىزگە كىرىپسەن، يېشىڭ يېتىپ قاپتۇ، قىزىم.

گۈزەل نېمىشقىدۇر يۈزى بىرئاز قىزىرىپ ئۇڭايسىزلانغاندەك ھېس قىلدى.

ھېيتىم قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بۇ قىزغا قاراپ ئولـ-
تۇراتتى. ئانا چاچلىرىنى تاراپ، يۈز ـ كۆزىنى ئېرتىشتۇرغاندىن
كېيىن، گۈزەل تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتتى. ھېيتىم گۈزەلنىڭ
ئىككى كۆزىگە تىكىلدى. قويۇق، ئۇزۇن قارا قاشلار ئاستىدا
غەمكىن، لېكىن ئۆتكۈر بىر جۈپ قوي كۆز ھېيتىمگە «لاپ»
قىلىپ تىكىلدى ـ دە، كېيىن يەرگە قادالدى. ھېيتىم كۆزىنى
ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تىترىگەندەك بولۇپ كەتـ-
تى. ئۇ قىزنىڭ يەنە قارىشىنى تەلمۈرۈپ كۈتەتتى، قىز قارىمىـ-
دى، لېكىن ئۇ ھېيتىمنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى پەملىدى بولغاي،
ئاستى كالپۇكىنى ياۋاشقىنا چىشلەپ قويدى ۋە جىلۋە قىلىپ
چېچىنى ئارقىسىغا تاشلىدى ...

ھېيتىم بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلىپ
ھودۇققان ئەپكەش كىرىپ كەلدى.

— ۋاي ھېيتىم، ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ پېشانە تەرىنى
بەلبېغى بىلەن ئېرتىپ، — بايلار قۇدۇقتا ھېچنېمە يوق، دەپ
ھەممە ياقنى ئاختۇرغىلى تۇردى. شەن يامۇلغىمۇ خەۋەر قىپتۇ.
ئۇلار «شۇ كۈنى ئاخشام ھويلىغا كىرگەن ھامال كىم ئىدى؟»
دەپ سۈرۈشتە قىلىۋاتقۇدەك.

ھەممىسى چۆچۈدى. قىز ئانىنىڭ بىقىنىغا سۇقۇنۇپ ئۇنى
قۇچاقلىۋالدى. ھېيتىم ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ ئىشىكنى ياپتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئۇ ئەنسىرەپ.

ئۇ دەپ ـ بۇ دەپ ئويلاشقاندىن كېيىن، ئانا چارە تاپتى. ھېيـ-
تىم بىلەن گۈزەلنى پاختەكلىدىكى ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،
ئەھۋال بىسلغۇچە چەتتىرەك تۇرۇشنى ئېيتتى. ھېيتىم بىلەن
گۈزەل ئۆيدىن چىقىپ، كوچىلاردىن ماراپ ئۆتۈپ يۈسۈپ قادىرخان
مازارىنىڭ ئىچىدىكى بىر گۈمبەزگە مۆكۈپ كەچ قىلىشتى. قاراڭ-
غۇ چۈشكەندىن كېيىن پاختەكلىگە چىقىپ كەتتى ...

ئەۋلىيا ئانىنىڭ قوشۇمىسى ئېچىلدى. ئۇ ئورنىدىن قوزغىـ-
لىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سىرداش يېزىسى پەيدا بولدى:

هېيتىم بىلەن گۈزەل ھامىمىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇردى.
گۈزەل ھامىمىسىغا چاق ئېگىرىپ ياردەم قىلدى، ھېيتىم شور-
لۇقتىن تۇز ئەكېلىپ ساتتى، بەزىدە ئەندىشە پەيدا بولغاندا ھېي-
تىم بىلەن گۈزەل كۈندۈزى پاختەكلىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قو-
مۇشلۇققا بېرىپ مۆكۈپ يېتىپ، كېچىسى قايتىپ كەلدى، ھېي-
تىم ئارىلاپ كېچىسى ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھال - ئەھۋال
ئۇقۇپمۇ تۇردى.

ھېيتىم گۈزەلگە خەت ئۆگەتتى. گۈزەل تىرىشىپ ئۇزاق
ئۆتمەي ساۋاتىنى چىقىرىۋالدى. ئاندىن ئۇلار ھامىمىسىنىڭ ئۆيە-
دىكى يۇقىرىقى تەكچىدە توپا بېسىپ ياتقان كونا كىتابلارنى ئو-
قۇيدىغان بولدى. تەكچىدە ھامىمىسىنىڭ ئېرىدىن قالغان دىنىي
كىتابلاردىن باشقا يەنە تارىخ، ئەدەبىيات توغرىسىدىكى كونچە
قول يازمىلار «نەۋايى»، «زەلىلى»، «مەشرەپ»، «يۇسۇپ - زۇلەي-
خا» پارچىلىرىمۇ بار ئىكەن، بۇ كىتابلار مۇشۇ بىر جۈپ ياشقا
خېلى - خېلى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا،
ئۇلار خەلقنىڭ ناخشا - قوشاق بېيىتلىرىنى، ھېكايە - چۆچەك-
لىرىنى قىزىقىپ ئاڭلايدىغان، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالىدىغان بولۇپ
قالدى. گۈزەل ئوبدانلا ناخشا ئېيتىدىغان بولدى، ئۇ توختىمايلا
ھېيتىمدىن ھەر خىل سوئاللار سورايتتى، ھېيتىم ئۆزى بىل-
گەنچە جاۋاب بېرەتتى. سوئاللارنى بىللە يېشەتتى. لېكىن، «خۇادا
ئادىل بولسا دۇنيانى نېمىشقا بۇنداق تەڭسىز ياراتقان؟» دېگەن
سوئالغا جاۋاب تاپالماي باشلىرى قاتاتتى.

ھېيتىم بىلەن گۈزەل پات - پات يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى
قومۇشلۇققا بېرىپ، ھەم «كۆزدىن يىراق» بولۇپ، ھەم ئويناپ
قايتاتتى. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىسى، قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىن ئۆتكەن ئۆستەڭ ياقىسىدىكى يېشىل چىملىقتا ئىككە-
سى ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ تەڭلا خىيالغا چۈشۈپ قالدى. ھېي-
تىم بىر چىۋىقنى سۇغا سېلىپ سۈزۈك سۇ بىلەن ئوينىشىپ
خىيال قىلسا، گۈزەل بىر تال ئوتنى چىشلەپ ئۆستەڭ بويىدىكى

مەجنۇنتالنىڭ سۇغا ساڭگىلاپ تۇرغان «چوكان»لىرىغا قاراپ خىيال قىلاتتى. ئەنە بىر جۈپ سېرىق قۇشقاچ كېلىپ سۆگەتكە قوندى، گۈزەل ھېيتىمنىڭ قولىدىكى چىۋىقنى بېسىپ ئۇنىڭغا قۇشقاچنى شەرەت قىلدى، ئىككى قۇشقاچ ئاۋۋال ۋىچىرلىشىپ چىرايلىق سايراشتى، كېيىن قاناتلىرىنى كېرىپ بىر - بىرىنىڭ تۇمشۇقىنى چوقۇدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمىنى تۇيغاندەك چۆچۈپ باشلىرىنى كۆتۈردى - دە، «پۇر» قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. گۈزەل ھامان خىيال قىلىپ قۇشقاچلار ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇردى، كېيىن بېيىت ئېيتتى:

گۈزەل: ئىككى قۇشقاچ ئۇچتى جۈپ، ماكانىغا قايتارمىكىن،
ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ مۇرادىغا يېتەرمىكىن.

ھېيتىم: ھېيتىم بىلەن گۈزەلگە ئاچتى باھار قوينىنى،
بۇ گۈزەل چىمەندە يايراپ ھۆسنىگە تولامدىكىن.

گۈزەل: كىم بىلەركى، بۇ پەلەكنىڭ چاقى قانداق ئايلىنار،
تەلمۈرۈپ قوش چوغ يۈرەك ئارمانىغا يېتەمدىكىن.

ھېيتىم: قوش يۈرەكلەر رىشتىسى چىڭ، كىم ئۈزەلەيدۇ ئۇنى،
دوتيى، باي غوجىسى قورقماي يېقىن كېلەمدىكىن.

گۈزەل: يېنىمدا بولغاچقا شىر، بۆرە ماڭا پىسەنت ئەمەس،
كەر بالانىڭ دەشتىدە شىر ئارقىغا يانامدىكىن.

ھېيتىم: يىگىت يانماس سۆزىدىن، شىر يانمايدۇ ئىزىدىن،
گۈزەلىم بولغاي ئەمىن شىر - شىرلىگىن قىلامدىكىن.

گۈزەل ھېيتىمنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزىگە «لاپ» قىلىپ قارىدى - دە، ئۆزىنى ھېيتىمنىڭ قۇچىقىغا يېنىك تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېيتىم ئۇنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى. ئىككىيلەن يېشىل چىملىقتا دومىلىدى ... ئۇلار چۆپلۈكتە ئۇخلىدا يېتىپ يەنە ئۇيغا كەتتى ...

— گۈزەل.

— ھە ...

— نېمە ئويلاۋاتىسىز، يەنە؟

— ھە، ئۆزۈملا .

— تويىنى قاچان قىلىمىز؟

— توي بولغان كۈنى.

— قاچان بولاركىن؟

— بولغان چاغدا، — گۈزەل بىر ئاز ئويلاپ تۇرۇپ دېدى، — ھېلىمۇ ھەر كۈنى تويغۇ ...

ئۇلار يېشىل ئاسمانغا قاراپ ئۇزاق ئۇخلىدا يېتىشتى...

ئەۋلىيا ئاتا گۈمبەزگە يۆلەنگىنىچە خىيال قىلماقتا. شېرىن خىيال ئۇنى كۈلدۈردى. يېنىدا ياتقان گۈزەلنىڭ بېشىنى سىلىغۇسى كەلدى ... لېكىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈش ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزۇۋەتتى.

ئەنە بىر جۈپ سەرگەردان ياش كونا بوغچىلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتماقتا. دەريا بويىغا كېلىپ ئۇلار قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ئولتۇردى. قۇياش ئۇلارنى ئەركىلىتىپ تاغ ئارقىسىغا مۆكمەكتە ... ئۇلار كېچىسى ئىشىكنى ئۇرغاندا ئانا ئىشىكنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى. كېيىن گۈزەلنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار خېلى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېيتىم تالاغا چىققانىدى، يول ياقىسىدىكى تېرەكنىڭ ئارقىسىغا بىر قارا نەرسە يوشۇرۇنغاندەك قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر شەپە ئاڭلاندى. ھېيتىمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ دەرھال ئۆيگە يۈگۈردى ... ئۇ ئەمدى ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ تۇراتتى، ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى ... ئاتىغىچە ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ قىلىچ، كالتەك تۇتقان تۆت ـ بەش ئادەم

سۇرلۇك كىرىپ كەلدى ــ دە، بىرسىنىڭ كۆرستىشى بىلەن هېيتىمگە يېپىشتى. هېيتىم قارشىلىق كۆرسەتتى. بىر ــ ئىك- كىسىنى ئۇرۇپمۇ يىقىتتى، بولمىدى. ئاخىر ئۇلار هېيتىمنى باغلىۋالدى. ئۇنى ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ ــ تۆت كىشى كىرىپ، زارلاپ ــ قاقشاپ تۇرغان گۈزەلنى كۆتۈرۈپ ئې- لىپ ماڭدى ... ئانا دادلاپ يىغلاپ ــ قاقشاپ قالدى...

... هېيتىم شەن يامۇلنىڭ گۇندىخانىسىغا، گۈزەل باينىڭ دوزىخىغا تاشلاندى ...

**4**

ئەۋلىيا ئاتا گۇندىخانىنى دائىم قايغۇ بىلەن ئەسكە ئالاتتى. هازىرمۇ ئۇنىڭ قايغۇلۇق خىيالىدىن ئۇ قاراڭغۇ زىندان ئۆتۈشكە باشلىدى:

ئەنە گۇندىخانا، قىرىق ــ ئەللىك كىشى قىستىلىپ ياتقان بىر پاسكىنا ئۆي، كۇندۇزى كىشىلەرنىڭ شاراقشىشلىرى، كې- چىلىرى ئاغرىق «گۇناهكار»لارنىڭ ۋاي ــ ۋايلاشلىرى كىشىگە ئارام بەرمەيدۇ. ئەتىگەنلىكى بىرئاز ئاداپ بەرگەندىن كېيىن «گۇناهكار»لارنى كويزا ــ كىشەن بىلەن يامۇل ئالدىدىكى ئېگىز تام ئالدىغا تىزىپ قويىدۇ. تاماقنى ئۆزلىرى تىلەپ يېيىشلىرى كېرەك. گاهىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىن تاماق ئەكېلىپمۇ بېرىدۇ ...

هېيتىمنىڭ گۇندىخانىدا ئالغان بىر چوڭ پايدىسى شۇ بول- دىكى، ئۇ يەردە ئۇ قىرىق ياشلاردىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەمنى ئۇچراتتى، ئۇ هېيتىمگە قىزىقتى، ئىككىسى جىق سۆزلىشىد- غان بولدى. ئۇ ئادەم هېيتىمگە دۇنيادىن، شىنجاڭدىن، قەشقەر- دىن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. هېيتىم كۆزى ئېچىل- غاندەك بولۇپ قالدى. ئاستا ــ ئاستا ئۇنىڭ كاللىسىدا كۆپلىگەن سوئاللار تۇغۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۇنى هېيتىم يامۇل ئالدىدا «تىلەمچى»لىك قىلىۋاتقاندا

www.uyghurkitap.com

ئەپكەش دوستى كېلىپ ئۇنىڭغا ئىككى گىردە نان بەردى ـ دە، گۈزەلنىڭ ئەھۋالىنىڭ خارابلىقىنى، بايىنىڭ ئازابلاۋاتقانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ھاممىسى ئارىلاپ خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېيتىم كۈندۈزى قاتتىق ئويلىدى، كېچىسى دومىلاپ ئۇخلىمىدى. ئاخىر ئۇ قېچىشقا قارار قىلدى. ياندۇرقى كېچىسى ھەممە ئۇخلىغاندا باشقىلاردىن ئۆگىنىۋالغان چارە بىلەن بىر ئامال قىلىپ كىشەننى بوشاتتى، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ساقچىنىڭ نېرىسىغا ماڭغىنىدىن پايدىلىنىپ، ئاستا ئىشىكتىن چىقتى ـ دە، بىر بۇلۇڭدا مۆكۈپ بىرپەس ئولتۇردى، كېيىن ئىككى ھويلا تاملىرىدىن ئاتلاپ، كۈنپېتىش ياقتىكى جانان كوچىسىغا ئۆتتى. بۇ خالتا كوچا بولۇپ، كوچىنىڭ ئۆستەڭبويى رەستىسىگە قارىغان دەرۋازىسى قۇلۇپلانغان، بىر جېسەكچى «تاك ـ تاك» قىلىپ كوچىدا مېڭىپ يۈرەتتى، چىقىشقا بولمايتتى. ئۇ بىر قۇرۇق ئېرىق كۆۋرۈكىنىڭ تېگىدە كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن، جانان كوچىسىدىن چىقىپ، سېپىلنىڭ جەنۇبىدىكى مازارغا بېرىپ، بىر پۇچۇق گۈمبەزگە كىرىپ ئۇخلىدى، كۈندۈزنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى ...

يېرىم كېچە ... بىر چوڭ ھويلىنىڭ ياسىداق سارىيىدا غۇۋا لامپا يورۇقىدا، قاتمۇقات تاۋار يوتقاندا بىر يوغان قورساق ئادەم ئىشتانچاق پېتى يېتىپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا سېمىز خوتۇنى ئىچ كۆڭلەك بىلەن تەتۈر قاراپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۈزەل مۈگدەپ بايىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋاتاتتى. مۇشۇ پەيتتە ھېيتىم بىر ئېگىز ئەنجان تامغا يامىشىپ چىقىۋاتاتتى ... ئۇ باغ تەرەپتىكى پېشايۋانغا قاراپ تۇرغان چوڭ دېرىزىنى غەزەپ بىلەن تارتىپ ئاچقاندا ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ كەتتى، گۈزەل دېرىزىدە بۈركۈتتەك ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان ھېيتىمنى تونۇدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ «ۋاي ھېيتىم» دەپ توۋلىۋەتتى. بايىنىڭ خوتۇنى «ۋايجان، ئادەم بارمۇ !...» دەپ ۋارقىرىغانچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. باي سەكرەپ قوپۇپ چەتكە قاچماق

بولۇۋىدى، لېكىن ھېيتىمنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئىككى دولـ-
ىسىدىن تۇتۇپ تامغا قىستاپ قىمىرلاتمىدى. باي ئارقىسىدىكى
تەكچىدە تۇرغان كەكىنى ئېلىپ ھېيتىمنىڭ بېشىغا كۆتۈرگەنـ-
ىدى، ھېيتىم باينىڭ قولىغا ئۇرۇپ كەكىنى ئىرغىتىۋەتتى، ئۇ
قارىماي تۇرۇپ قولىنى ئارقىسىغا سۇندى، گۈزەل دەرھال يەردـ-
ىكى كەكىنى ھېيتىمگە سۇنۇپ بەردى، ھېيتىم كەكىنىڭ چولـ-
ىسى بىلەن تىترەپ تۇرغان باينىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق ئۇر-
ىدىكى، باينىڭ بېشى يېرىلىپ، مېڭىسى چاچراپ چىقتى ۋە يەرگە
يىقىلدى. ھېيتىم ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتىپ بۇ-
لۇڭدا تۇرغان گۈزەلنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ھويلىغا ئېتىلدى ....

ھېيتىم ھويلا تېمىنىڭ ئۈستىدە ئېڭىشىپ گۈزەلنىڭ قو-
لىدىن تارتىۋاتاتتى، تاشقىرىقى ھويلىدىن كىرگەن كالتەكلىك
ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە گۈزەلگە ئېسىلدى ۋە ئۇنى
تامنىڭ ئوتتۇرا بېلىدىن تارتىپ چۈشۈردى. ھېيتىم دەرھال
سەكرەپ چۈشۈپ كالتەكچىلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى ئۇرۇپ
دومىلىتىۋەتتى. ئۇ يەنە يامىشىپ تامغا چىقتى، گۈزەلنى قولـ-
ىدىن تارتتى... بىر كالتەكچى دەلدۈگۈنۈپ قوپۇپ تام ئۈستىگە
چىقاي دەپ قالغان گۈزەلنىڭ پۇتىغا كالتەك بىلەن بىرنى ئۇرۇ-
ۋىدى، گۈزەل «ۋايجان !» دېدى ـ دە، يەرگە يىقىلدى. ھېيتىم
«گۈزەل ـ گۈزەل، نېمە بولدى؟ قولىڭىزنى ئەكېلىڭ !» دېدى تام
ئۈستىدە. گۈزەل ھېلىقى كالتەكچىنىڭ تامغا يامىشىۋاتقانلىقىـ-
نى، باينىڭ خوتۇنىنىڭ يەنە بىرنەچچە ئادەم باشلاپ كىرگىنىنى
كۆرۈپ ۋارقىرىدى: «ۋاي ھېيتىم ! مېنىڭ پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى،
قېچىڭ، چاپسان بولۇڭ.» ھېيتىم تامدىن چۈشمەكچى بولغاندا،
گۈزەل ئۇنى قېچىشقا ئۈندەپ يالۋۇردى ...

ئەۋلىيا ئاتىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى باشقا مەنزىرە پەيدا
بولدى:

ئىككى چېتى دەرەخلىك ئۇزۇن يولدا دولىسىغا چاپىنىنى
ئارتىپ، كونا كۆن ئۆتۈكىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان ھېيتىم

يالاڭ ئاياغ ياپچاندىن قەشقەرگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ... كەچ كۈز، ئەتراپ يېزىلاردا قوناق يىغىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، يىراقلاردا ئايالالارنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ...

ئۇ قەشقەردىن قېچىپ كەتكەنگە توپتوغرا سەككىز يىل بولدى. ئاۋۋال كۈندۈزى مازارلاردا قېچىپ مۆكۈپ، كېچىسى مېڭىپ مەكىتكە باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ياقتىن مەدىكارلىق ئىشلەپ، بىر ياقتىن يول يۈرۈپ، يەكەن، پوسكامدىن ئۆتۈپ قاغىلىققا باردى، ئۇ يەرلەردە يېزىلاردا ئىشلەپ بىرەر يىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئىلگىرىلەپ ئىلچىغا بېرىپ، نەچچە ئاي تۇرۇپ، ئاخىر كېرىيەگە بېرىپ ئۇ يەردە ئالتە يىلدىن ئوشۇقراق تۇردى. «ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» ئىكەن. نەگە بارسا جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئاران قورسىقىنى تويدۇرۇپ يۈردى، ئىشقىلىپ، يالىڭاچ قالمىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە «قەشقەردە ھۆكۈمەت باشلىقى ئالمىشىپتۇ، يېڭى باشلىق خەلققە نۇرغۇن ياخشىلىق ۋەدە قىپتىمىش ...» دېگەن گەپلەر تارالدى. ھېيتىم كېچە - كۈندۈز خىيالىدىن كەتمىگەن ئانىسى بىلەن گۈزەلنى تېخىمۇ جىق ئەسلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئاخىر بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇك چېچەك ئاتقاندا تەۋەككۈل قىلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يول يىراق، سەپەر قىيىن، مەدىكارلىق، سەرگەردانلىق، يولۇچىلىق ... ئالتە ئاي دېگەندە قەشقەر تەۋەسىگە يېقىن كەلدى. يېڭىسارىدا بىر ئاي ئىشلەپ يەنە يولغا چىقتى.

ھېيتىم تازغۇندا بىرپەس ئارام ئېلىپ ئازراق قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن يولغا چىققانىدى. ئۇ يولنىڭ قۇمساڭغۇ توپىسىنى دەسسەپ قەدىمىنى سانىغاندەك سالماق بىلەن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى ...

بىرھازادىن كېيىن غىچىرلىغان ھارۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىسىغا قارىسا، بىر ياش ئايال ھارۋىنى ھەيدەپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئەر كىشى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋېتىپتۇ ... بىرنەچچە

تاغار ئاشلىق باسقان هارۋىنى سالپاڭ قۇلاق بوز ئات كۆچەپ-رەك تارتىپ كېتىۋاتىدۇ. هارۋىكەشلەر ھېيتىمنى هارۋىغا چىقىرىۋالغانىدى.

— مەن ئاتقا ئېغىرچىلىق سېلىپ قويدۇممۇ، نېمە؟ — دېدى ھېيتىم ئاتقا قاراپ.

— ياق، — دېدى ئەر كىشى، — بۇ زومىگەرنىڭ ئېتى بىزدىن ياخشىراق يەيدۇ، ھېچ گەپ يوق.

— ھە، سىلەر باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىكەنسىلەر - دە، — دېدى ھېيتىم.

— ھەئە، ماۋۇ كىشى بىزنىڭ چوكان بولىدۇ، قارىغا، ئۆزى نوچى، هارۋا ھەيدىشىدىن بىلىنىپ تۇرمامدۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى چوكان يان بۇرىلىپ كۈلۈپ قاراپ، — مېنى داڭلىغىلى تۇردىڭۇ تېخى. بۇ بىزنىڭ يىگىتچۇ، مۇشۇنداق چاقچاقچى.

— شۇنداق، ئاداش، — دېدى يىگىت، — كىچىكىمىزدىن قۇلدەك ئىشلىدۇق، ئاران بالالىقتا ئۇلۇش يىلى ئىككىمىز توي قىلدۇق. بۇ قەرزگە يەنە قانچە يىل ئىشلەيمىزكىنتاڭ !؟

ھېيتىم «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزى تاغارغا يۆلەكلىك راۋابقا چۈشتى.

— ھە، راست، بايا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتىڭلار. يەنە ئازراق ئېيتمايمىزمۇ، — دېدى.

يىگىت راۋابنى ئېلىپ تەڭشىدى. ئاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ ناخشا باشلىدى:

چولپاننى يىراق دەيدۇ،
زۆھرەنى گۈزەل دەيدۇ ...

— شۇنداقمىدى ؟ قاملاشمايدىغۇ، — دېدى چوكانغا.

چوكان ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قاملاشتۇرالمىغاندىن كېيىن نېمە قىلدىكىن ئاۋارە بولۇپ؟ — دېدى ئۇ ئېرىگە قاراپ، — مەكەسلە، ماۋۇ ھارۋىنى ھەيدىسىلە.

ئۇلار ئورۇن ئالماشتۇردى. چوكان تاغارنىڭ ئۈستىگە ياخشى جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، راۋابنى چىڭراق تەڭشىدى، بېشىدىكى كونا يېڭسار تۇمىقىنى كەينىگىرەك ئىتتىرىپ قويۇپ چېلىشقا تەمشەلدى.

— بايا ماۋۇ كىشى ئېيتقان «گۈزەل قىز» دېگەن قوشاق، — دېدى چوكان ھېيتىمگە.

«گۈزەل قىز» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ھېيتىمنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ تىترەپ كەتتى ...

چوكان ئاۋۋال راۋابنى قوشاق ئاھاڭىغا بىر پەدە جاراڭلىتىپ چالغاندىن كېيىن سايراپ كەتتى:

چولپاننى يورۇق دەيدۇ،
زۆھرە قىزغا يېتەمدۇ؟
ئىپارخاننى ئۇز دەيدۇ،
گۈزەل قىزغا يېتەمدۇ؟

ئۇزۇن ساينىڭ يولى كەڭ،
شېغىلى يوق، ئاپپاق تاش،
ھېيتىم بىلەن گۈزەل قىز،
بوپتىكەن قوشماق ئاداش.

گەپ ئاشكارا بولدى. ھېيتىم بارغانچە گۈزەل بىلەن ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈشكە باشلىدى ... راۋاب جاراڭلايدۇ، چوكان سايرايدۇ:

ئاسماندىكى كۆك تۇرنا،
يېتىم قاپتۇ جۇپتىدىن.
گۈزەل ئايرىلىپ قاپتۇ
ھېيتىم دېگەن دوستىدىن.

بېلىدىن ئېشىپ چۈشكەن،
گۈزەل قىزنىڭ چاچلىرى.
تۆكۈلدۇ تاراملاپ،
قارا كۆزدىن ياشلىرى.

ئەي بىچارە، گۈزەل قىز،
بوتىلاقتەك بوزلايدۇ.
زالىم زامان دەستىدىن
يىغلاپ - قاقشاپ زارلايدۇ.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
يوقسۇللارغا خۇشلۇق يوق.
خان - غوجاملار ئوينايدۇ،
قىلىچى قان، قورسىقى توق.

ما تىتەي يىقىلغاندا،
خالايىق خۇشال بولدى.
ما دوتەي بولۇپ باشلىق،
ئارمان - ئۈمىد يوق بولدى.

ھېيتىم چوڭقۇر تەسىرگە چۆكۈپ ياش تولغان كۆزلىرىنى يۇمماي قاراپ ئولتۇردى. چوكاننىڭ قوشىقى بارغانچە كۈچەيمەكتە. ئۇنىڭ قىپقىزىل دۇگىلەك يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللەشمەكتە ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن چاقماق چۈشۈپ،
خان تەختىنى چاقسىكەن.
پەلىۋان ـ مەردلەر چىقىپ،
يېڭى زامان قۇرسىكەن.

كەمبەغەل جاپاكەشلەر،
ئارمانىغا يەتسىكەن.
ھېيتىم ھەم گۈزەل قىزلار،
مۇرادىغا يەتسىكەن ...
......

چوكان ھېيتىمگە قاراپ، ئۇنىڭ بېشىنى بۇراپ كۆز ياشلى-رىنى ئېرتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. راۋاب بىلەن ناخشىسىنى ئاستىلىتىپ، ئۇنىڭغا قارىغىنىچە كېيىنكى قۇرلار-نى ئىختىيارسىز تەكرارلىدى:

— ھېي ... تىم ھەم گۈ ـ زەل قىز ... لار ... مۇرا ... دىغا يەت ... سى ... كەن .

كېيىن ئۇ جەينىكى بىلەن يىگىتنى تۇرتۇپ، ھېيتىمنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇمۇ ھەيران بولدى.
ھېيتىم ئاران ئۆزىنى بېسىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە چوكانغا قاراپ:
— ئەجەب توختاپ قاللىغۇ، بەك ياخشى قوشاق ئىكەن، — دېدى.
— نېمە بولدى، ئاداش ؟ — دېدى يىگىت، — ئەجەب كۆڭ-لىڭىزلا يۇمشاق ئىكەن. سىلىمۇ بىر دەردمەنمۇ نېمە ؟

— «دەردى بار دەردمەنلىنى،
يالغۇز دەرەخلەردىن سوراڭ.

مەن غېرىب بىچارىنى،
زىۋا چېچەك يادىن سوراڭ»

دەپتىكەن، ھە، قوشاق تەسىرلىك ئىكەن، بۇ سىڭلىمىز ئېيتىشـ قىمۇ ئۇستا ئىكەن. ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ قېلىپ، كېيىن سورىدى:

— «گۈزەل قىز ...» ئۇنىڭ دەردى چوڭقۇر ئىكەن، بۇ قىز بارمىكىن ؟

— بارئىمىش، — دېدى چوكان، — قەشقەردە ناخشا ئېيتىپ يۈرىدۇ، دەيدۇ. خەقلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيدىكەن.

ھېيتىم يەنە بىر چوڭقۇر تىنىۋالدى، ئازراق خاتىرجەم بولـ غاندەك بولدى، گەپنى يۆتكىدى:

— قوشاقتا ما تىتەي، ما دوتەيلەرنىڭ گېپى بارغۇ؟

— ۋاي، سىلى تېخى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىماپسىلىدە، ئاداش، — دېدى يىگىت گەپ باشلاپ، — ئۇرۇمچىدىكى جاڭجۈن ما دارىن دېگەننى قەشقەرگە دوتەي قىلىپ ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ كېلىپ ما تىتەيگە تامغىنى بەر، دېسە ئۇنىماپتۇ، ئاخىر ما دارىن ما تىتەينى دوتەي يامۇلىغا ئورىۋېلىپ ئۇرۇشۇپ ئۇنى قولغا ئاپتۇ. ئاندىن كېيىن ما تىتەينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى دوتەي يامۇلىنىڭ ئالدىدىكى دارغا بىرقانچە كۈن ئېسىپ قويۇپتۇ. خەقلەر مۇنداق بىر ناخشا چىقاردى:

«ما تىتەي تۈلۈم چاشقان،
ئالۋاننى تولا چاچقان.
پۇقرالارغا كۈن بەرمەي،
دارغا ئېسىلىپ ياتقان.»

— ما دارىنچۇ، قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ھېيتىم.

— ۋايجان، بۇمۇ ئانىڭدىن ئېشىپ چۈشتى. «ما دوتەي ـ ما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دوتەي» دېسە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىدىغاندەك قىلدى. ئۇمۇ بىر ئالدامچى ئىكەن. يەنە بىزنىڭ يېڭىشەھەردە ما شىتەي دېگەننى بار ئىدى، ئۇ چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئىكەن. ما دوتەي ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئالدى. بىراق، يەنە ئۇلارنىڭ چېرىكلىرى پۇقرالارنى دۇمبالىغىنى دۇمبالىغان ...

هارۋا يېڭىشەھەرنىڭ قىچىچى دەرۋازىسىغا بۇرالغاندا ھېيتىم ئۇلارغا يېنىشلاپ رەھمەت ئېيتىپ هارۋىدىن چۈشتى، ئۇ ئويچان ھالدا كونىشەھەرگە قاراپ مېڭىپ كەتتى ...

ئەمدى ئەۋلىيا ئاتا كۆز ئالدىدا بارغانسېرى ئايىنچىلىق ۋەقەلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ھامان گۇمبەزگە يۆلىنىپ خىيال قىلاتتى. ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن ئاي ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويغاندەك قارايتتى ...

ئەنە ھېيتىم ئۆزىنىڭ قەدىم جايىغا — كونا ئۆيىگە كەلدى، ئۆيدىن نېمە قالسۇن ؟! ئارانلا پۇچۇق تام داغدىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. بېشىنى تۇتۇپ ئاستا ئولتۇرۇپ ئالدى ...

— بۇ كىمدۇ؟ — دېدى بىر ئايال، — بالام، نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرغانسەن؟

— ھە، مەن ... — دېدى ھېيتىم ئورنىدىن قوپۇپ، — مۇنداقلا ئولتۇردۇم.

— ئەجەب بىرسىگە ئوخشىتىمەنغۇ سېنى.

— شۇنداقتۇ، ئانا، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ؟ ... — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى.

— بالام، سەن ھېيتىم بولمىغىن يەنە؟ ماڭا قارىغىنا، راستلا، ئاناڭغا ئوخشاپ كەتتىڭغۇ.

— ھەئە، مەن ھېيتىم.

— ۋاي بالامەي، بىچارە ئاناڭ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان، سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ مەھەللىدىكىلەر ئۆلىشىپ يەرلىكىدە قويدۇق. گۈزەل قىزىنمۇ كۆرەلمىدى ...

ئايال گۈزەل قىزنىڭ پاختەكلىدىكى ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئارىلاپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاندىن مازارنى ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىر پۇتى ئاجىز بولۇپ قالغانلىقىنى... سۆزلەپ بەردى. ھېيتىم كۆزلىرىدىكى ياشنى يېڭى بىلەن ئېرىتىپ، ئايالغا رەھمەت دەپ، مازار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى...

كەچقۇرۇن، ھاۋا بۇزۇق، قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىغان، ھېيتىم گۈمبەزنىڭ يېنىدىكى بىر قەبرىنىڭ سۇپىسىدا تەلمۈرۈپ ئەتراپقا قارايتتى. مانا كۈن ئولتۇرۇپ زاۋالمۇ بولۇپ قالدى...

قەبرىستانلىقتىن بىر ئايالنىڭ غەزەل ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېيتىم شۇ ياققا تىكىلگەنىدى. قەبرىلەر ئارقىسىدىن ئۇستىگە كونا شاتاۋار كۆڭلەك كىيگەن، ئاق كىرگەن چاچلىرى يۈزىنى يېرىم يېپىپ مەيدىسىدىن ئاشقان، يۈزلىرى سارغايغان، بېشىدا شاپاق دوپپا، يالاڭ ئاياغ بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر ئاز توختاپ، بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتۇپ ئېگىلىپ قاتتىق يۆتەلدى. يەردىكى قان ئارىلاش تۈكۈرۈككە قاراپ قويۇپ، يەڭ ئىچىدىكى قىزىل ياغلىقنى ئېلىپ يۈزىنى سۈرتۈپ، غەزەل ئېيتىپ كېلىۋەردى:

قانىتىم كۆيسە كۆيەركى، مەن ھامان پەرۋانىمەن.
ساقلىغىم ئەلا ماڭا، يارنىڭ ۋاپادار يارىمەن.

ناخشىنىڭ سۆزى قانچە مەنىلىك بولسا، ئۇنىڭ ئاھاڭى شۇنچىلىك مۇڭلۇق، يۈرەكنى ئېزەتتى. ئۇ غەزەلنى داۋام قىلدۇرالماي يەنە قاتتىق يۆتىلىپ يەرگە ئېگىلدى.

ھېيتىم ئورنىدىن قوپتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئالدىغا ئىككى قەدەم باستى. «ئاھ! نېمىدېگەن دەھشەتلىك، بۇ قانداقمۇ گۈزەل بولسۇن؟! ...» ئۇ يەنە تۆت قەدەم مېڭىپ، قادىلىپ قاراپ تۇرغان بۇ روھقا، ياق، بۇ جانغا چوڭقۇر زەن سالدى. «شۇ، شۇ... گۈزەل، مېنىڭ گۈزىلىم ...» ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىنى قىز تە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەپكە ئاتتى. گۈزەل دەلدۈگۈنۈپ كەينىگە داجىدى ...

— گۈزەل، مەن، مەن ھېيتىم، گۈزەل، قورقماڭ ...

گۈزەلنىڭ قۇلىقىدا «پاڭ» قىلىپ بىرنېمە ئېتىلغاندەك بولدى. ھېيتىمنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرگەندەك ھەيران قالدى.

— ھا - ھا - ھا... ھېيتىم! ھېيتىم يوق، ھېيتىمنى مەزىدىن دۈلەر تارتىپ كېتىشكەن ... ئۇ ئۇچۇپ كەتتى، ئۇ ئاسماندا ... — ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىدى، — بۇ ھېيتىمنىڭ روھى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ... مانا مەن، — ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ ئالدىغا بىر قەدەم باستى - دە، داۋالغۇپ يىقىلدى، لېكىن ھېيتىم ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ... ئۇ ھوشىدىن كەتكەن گۈزەلنى ئاستا قەبرە سۇپىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېرىقتىن ئوچۇملاپ سۇ ئەكېلىپ گۈزەلنىڭ يۈزىگە چاچتى ... گۈزەل ئاستا كۆزىنى ئېچىپ، بېشىدا تۇرغان ھېيتىمنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ چۆچۈدى.

— گۈزەل، جېنىم، مەن ھېيتىم، مەن روھ ئەمەس، ھېيتىم، مەن قايتىپ كەلدىم، ماڭا قاراڭ ...

گۈزەل ھېيتىمدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئاستا قوپۇپ، ھېيتىمنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، قاتتىق يىغلىدى. ئۇنىڭ يۈز - پېشانىلىرىدىن سۆيدى. ئەمدى ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولدى. قەبرىگە يۆلىنىپ ھېيتىم بىلەن يانداش ئولتۇردى. ئۇ ھېيتىمنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ھامان بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

— گۈزەل، يىغلىماڭ، مانا مەن يېنىڭىزدا، ئەمدى ئەبەدىي بىللە بولىمىز.

گۈزەل يەنە قاتتىق يۆتەلدى، قان تۈكۈردى. دەم ئالالماي خىلىغىچە جىم تۇردى، كېيىن ھېيتىمنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ زەئىپ ئاۋاز بىلەن بايىقى غەزەلنىڭ داۋامىنى باشلىدى:

ياش تۇرۇپ قالدىم قېرىپ، چىرايلىرىمدۇر زەپىران،
يۇرتۇمدا بولدۇم غېرىب ۋەيرانىمەن، دىۋانىمەن.

بۇ پەلەك يۈز ئۆرۈدى مەندىن، ياردىن بولدۇم جۇدا،
جۇپتىدىن يىگانە قالغان تۇرنىدەك بىگانىمەن.

گۈزەل ھالسىزلىنىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلىدىغاندەك قىلاتتى. ھېيتىم ئۇنى بېلىدىن قۇچاقلاپ يۆلىۋالدى، ئېرىق ياقىسىدىكى تېرەكلەر تۇۋىگە بىرمۇنچە كىشىلەر ئاستا - ئاستا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ غەزەلنى ئاڭلاشتى. ئۇلارغا بۇ غەزەل باشقا كۆنلەردىكىدىن مۇڭلۇق، تەسىرلىك ئاڭلىناتتى. گۈزەل بىر قولى بىلەن ھېيتىمنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ غەزىلىنى داۋام قىلدۇردى:

دەشتى سەرسانلىقنى كەزدىم ھەق - ئادالەت بارمۇ دەپ،
ھەقمۇ يوق، ئادىلمۇ يوق دۇنياسىدىن بىزارىمەن.

گۈزەل يەنە يۆتىلىپ قان تۈكۈردى، قوللىرى ماغدۇرسىزلاندى. ئۇ ئاستا ھېيتىمنىڭ قۇچىقىغا ياتتى ۋە ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ھېيتىمنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇپ غەزىلىنى داۋام قىلدۇردى:

ھېيتىم، كۆردۈم يۈزۈڭنى بولغىن ئامان، ئەلۋىدا،
گۈزەلىڭ ئارماندا كەتتى، شۇم زامان قۇربانىمەن.
گۈزە ... لىڭ ... ئارمان ... دا ...
ھېيتىم ... ئەل ... ئەل ... ۋى ... دا ...

گۈزەلنىڭ قوللىرى چۈشۈپ، تەنلىرى بوشاپ كەتتى. ئاۋازى ئۈزۈلدى. ھېيتىم ھودۇقۇپ ئېڭىشتى ۋە گۈزەلنىڭ دولىسىنى سىلكىپ تۇرۇپ دېدى:
— گۈزەل، گۈزىلىم، نېمە بولدى! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!
لېكىن، گۈزەلدىن ئاۋاز چىقمىدى، ھېيتىمنىڭ ھەسرەت ياشلىرى گۈزەلنىڭ مەڭزىگە تاماتتى.
ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان كىشىلەر كېلىشتى. ياشلىرىنى

ئېرتىشىپ، جەسەتنى يەرگە ياتقۇزدى. ئۇلار ھېيتىمگە كۆڭۈل قويۇشتى... ھېيتىم گۈزەلنىڭ جەسىتىگە تەلمۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئولتۇردى... ئەتىسى ئۇ كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن گۈزەلنى يەرلىكىدە قويدى، قەبرىسىگە ئىككى تال گۈلنى قويۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ كەچكىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇردى...

ئەۋلىيا ئاتا ئېچىنىشلىق خىيال بىلەن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئولتۇرغاندا قەيەردىندۇر بىر ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئۇنىڭ خەستە كۆڭلىنى جورۇپ، ئارام بەرگەندەك قىلدى ...

ئەۋلىيا ئاتا بىر ئۇھ تارتىپ ئۆزىنى رۇسلىدى، كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ، ساتارنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە كەتتى ...

يۇسۇپ قادىرخان مازارىنىڭ چوڭ گۈمبىزى يېنىدىكى كىچىك بىر گۈمبەز ئىچىدە ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخاننى چۆرىدەپ بەش - ئالتە كىشى ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاق ساقاللىق دىۋانە بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپ ئىشتىياقى بىلەن ساتارنى چالماقتا، ئولتۇرغانلار مۇڭلىنىپ قۇلاق سالماقتا، يىرتىق چاپانلار ئىچىگە ئورالغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلىيا ئاتىمۇ بار. گۈلخان نۇرى بۇ دەردمەن ئىنسانلارنىڭ پېشانىلىرىنى يورۇتۇپ، ئارمانلىرىغا دەرمان بەرگەندەك قىلىدۇ.

دىۋانە بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ ساتارنى بىر پەدە چالغاندىن كېيىن، بىر ئاز يۆتىلىۋېلىپ، قېرىلارغا خاس مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن راك مۇقامىنى باشلىۋەتتى:

ساتارىم تىلغا كەلگەي شۇ پەلەكتىن نالىلەر قىلسام،
كۆڭۈل دەردلەرگە تولدى، تۈگىمەس پەريادلەر قىلسام.
مۇقام ناۋاسى بىرلەن يارنىڭ كۆڭلى ئارام تاپقاي،
ماڭا يوق باشقا ئارمان، شول نىگارنى شادلەر قىلسام.
ھامان كەتمەس خىيالىمدىن دىلىخەستە ئۇ شول يارىم،

ئۆنى قۇتقۇزغىلى زىندان ھۇلىن بەربادلەر قىلسام.
چىقىپ گۇلدۇرماما قەھرى بىلەن دۇنيانى تىترەتسە،
رەقىبلەر تەختىنى گۇم كەلتۇرۇپ ۋەيرانىلەر قىلسام.
كەرەمگە تەلمۇرۇپ بىھۇدە ئۆتتى ياز ـ قىش كۈنلەر،
كېزىپ سەھرايى چۆل مەردانىلەرگە دادلەر قىلسام.
كى بەس دىۋانە كىيگىن يار ئۇچۇن جەندە ـ كۇلاھىڭنى،
ياۋۇزلار ئوردىسىغا ئوت قويۇپ گۇمرانىلەر قىلسام.

بوۋاي باشتىكى پەدە بىلەن ساتارنىنى ياۋاش چۇشۇردى. ئول-تۇرغانلار تەڭ دېگۇدەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى، دىۋانە بوۋاي يەنە بىر يۆتىلىۋېلىپ ساتارنىنى نەغ-مىگە يۆتكىدى، ياشراق بىرسى بىر كىچىك داپنى ئېلىپ «تاك» قىلىپ ساتارغا تەڭكەشلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. دىۋانە بوۋاي «راك» تەئەززەسىنىڭ غەزىلىنى ئېيتتى، باشقىلار قوشۇلدى.

ساتار مەرغۇلغا يۆتكەلدى. ھەممەيلەن باشلىرىنى ئېگىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مۇقامنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىغا مەست بولدى. مەرغۇل ئەۋجگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ گوياكى يوقسۇللارنىڭ نالە ـ پە-غانلىرىنى ئالەمگە جار قىلماقتا، ئۇ ھەيۋەتلىك نىداسى بىلەن كىشىلەرنى باش كۆتۈرۈپ، ياۋۇزلارنىڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇشقا چاقىرماقتا ...

ساتار مەشرەپكە يۆتكەلدى، ئولتۇرغانلار جانلاندى، بىرسى راۋابنى ئالدى، ئەۋلىيا ئاتا ساپايىنى ئالدى، گۇمبەز ئىچى قاي-ناپ كەتتى ...

مەشرەپ قايناپ كەتتى، داپ، راۋاب، ساپايىنىڭ ئاۋازى سا-تارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ گۇمبەزنى، گۇمبەزدىن چىقىپ جاھا-نى ياڭراتقان ھەيۋەتلىك ئاۋازغا ئايلاندى. بۇ ئاۋاز يىراق شەھەر ـ يېزىلاردىكى ھېسابسىز پىغانلىق ناخشا ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇ-لۇپ كارامەت ھەيۋەتلىك ساداغا ئايلاندى، بۇ ئاۋاز بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقامنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرى پەيزىدە مەست بولغان ئەۋلىيا ئاتا ئاشۇ قۇدرەتلىك ئاۋاز بىللە پەلەككە كۆتۈرۈلدى...

... ...
ئايلىنىپ ئۈچتى ئىگىز تەكلىماكان ئاسمىنىدا،
ياڭرىدى كۆكتە سادا ئاڭلاندى قەشقەر نالىسى.
ئەنە ئاسمان ئۆگزىسىدە ئولتۇرار تاجىك قىزى،
چېكىسىگە گۈل قىسىپتۇ مەڭزىدە ياش تامچىسى.
تىكىلىپ سالدى نەزەر يىراق تىيانشان قوينىغا،
سازىنى چاپتۇ ناۋاغا ئىلى دەريا ۋادىسى.
ئىلچى دەريا بويىدا چەكتى پىغان مىسكىن ئانا،
رەھىمسىز تاشقىنىدا كەتتى يۈرىكىنىڭ پارىسى.
زوق بىلەن چۈشتى سەنەمگە شوخ لەۋەن ئاتۇش قىزى،
پەيزى كەتتى تولغىنىپ قوزغالدى كۆڭۈل يارىسى.
ئەۋلىيا غەم قىلمىغىن، كۆز ياشلىرى كەتمەس بىكار،
جۇت ئاڭا پىسەنت ئەمەس ئاخىر كۆلەر قار لەيلىسى !
... ...

1932 ـ يىلىنىڭ باش باھارى، چېچەك چوكانلار ئەمدى يېشىلىپ، سۇمبۇل تاللار باش كۆتۈرگەن چاغ... پۈتۈن قەشقەر تەۋەسى قوزغىلىپ كەتكەن، ھەممە ياقتا قىيقاس ـ سۈرەن، چاڭ ـ توزان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن.

ئەنە تۆت تەرەپتىن ئۇلۇغ سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر كونىشەھەر سېپىلى تاشقىرىسىدا ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ دولقۇنلىماقتا. ئۇ قۇدرەتلىك دولقۇن قەھرى بىلەن شەھەر سېپىلىغا ئۇرۇلماقتا ...

... يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۆشۈكدەرۋازىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېپىلنى قىيپاش كېسىپ ھازىرلا ياسالغان «يول»دا ئاتلىق، پىيادە كىشىلەر بەس ـ بەس بىلەن چاڭ كۆتۈرۈپ سېپىل-

نىڭ ئۈستىگە ئۆرلىمەكتە. مىلتىق، پالتا، ئورغاق، ئارا، نەيزە
كۆتۈرگەن جاھاننى ياڭرىتىپ ۋارقىرىغان، تىقماق ئادەملەر توپى
ئارىسىدا تاغار كىيگەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان، دەرۋىش سىيا-
قىدىكى ئەۋلىيا ئاتىمۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ، بارلىق ئاۋازى بىلەن
ۋارقىراپ سېپىلغا چىقتى. دەل شۇ چاغدا سېپىل ئۈستىدىكى ئا-
دەملەر ئارىسىدا پەيدا بولغان گۈندىخانىدىكى ھېلىقى «ئوقۇمۇش-
لۇق» ئادەم بوينىدىكى قىلىچىنى غىلىپى بىلەن چىقىرىپ ئەۋلى-
يا ئاتىغا بېرىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئەۋلىيا ئاتا قى-
لىچىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغانچە ئىلگىرىلەپ يۈرۈپ كەتتى ...
ئۇزاق ئۆتمەي يارباغ دەرۋازىسى بىلەن تۆشۈكدەرۋازىسى ئارىلىقى-
دىكى سېپىل ئۈستىگە قەھرلىك ئادەملەر توپى تولۇپ كەتتى...
تۆشۈكدەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى راۋاقنىڭ پېشايۋىنىدا قى-
لىچنىڭ سېپىنى مەھكەم تۇتۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئەۋلىيا ئا-
تا تۇرماقتا. ئۇ شەھەرگە قاراپ نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندا نەيزە كۆ-
تۈرگەن ئەپكەش دوستى ئالدىراش چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەۋلىيا ئا-
تىنى كۆرۈپ دېدى:
— ھوي ھېيتىم! نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ چاپسان ماڭ، دو-
تەي يامۇلىغا بېسىپ كىرىمىز.
— مەيەرگە كەل، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا قىياپىتىنى بۇزماي،
قولى بىلەن دوستىنى يېنىغا شەرەتلىدى.
ئەپكەش چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى.
ئەۋلىيا ئاتا چاڭ ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنگەن شەھەرنى ۋە سې-
پىلنىڭ ئىككى قانىتىغا قاراپ ئېقىۋاتقان، شەھەر كوچىلىرىغا
پاتماي ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ دو-
تەي يامۇلىغا كېتىۋاتقان خەلق ئېقىمىنى ئەپكەش دوستىغا كۆر-
سەتتى. كېيىن ئىچىدىن قايناپ چىققان ھاياجان، سۈرلۈك ئاۋاز
بىلەن دېدى:
— مانا قارا، قەشقەر ئويغاندى!
— ئەزىزانە قەشقەر! ...
— پەلىۋان قەشقەر! ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بەش تال ئوق

شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى.

— ماۋ زېدۇڭ

## 1

خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشقا ئۆيلەردىن چوڭ ۋە چوڭقۇرراق ياسالغان زېمىلانكا (گەمە) ئىسكىلاتىدىن خۇشال چىققان پولات قولتۇقىدىكى كۆڭلەك - تامبال، لۆڭگە، پايتىمىلىق ماتا، ئۆتۈك، سوپۇن، سەرەڭگىلىرى بىلەن تاماكا قەغەزلىرىنى (بۇگۈن يازلىق كىيىم - كېچەك بىلەن بىللە ئايلىق نورمىمۇ بېرىلگەنىدى) ئىسكىلات ئالدىدا تۇرغان يۇك هارۋىسىنىڭ شوتىسىغا قويدى. ئۇ، بويۇمغا خوپ كەلمىسە يەڭگۇشلىۋالىمەن، دېگەن ئوي بىلەن گىمناستوركىنى شۇ يەردىلا كىيىپ كۆرمەكچى بولدى.

ماش رەڭ دىگنال تېرىكىدىن تىكىلگەن بۇ گىمناستوركا خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك خوپ كەلگىنىگە خۇش بولغان پولاتنىڭ ئۇنى تىككەن ئۇستىغا ئاپىرىن ئېيتقۇسى كەلدى. ئەمما، يەڭلىرى سەل - پەل ئۇزۇندەك سېزىلىپ، يېڭى قىسقىراقتا تېگىشىۋالىمىكىن دېۋىدى، ئىسكىلات دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈك كىيىۋاتقان رەجەپ بۆلەكچە مەسلىهەت بەردى:

— سەل ئۇزۇنراق بولغىنى ياخشى، يۇغاندا كىرىشىپ كې-

تىدۇ ...

پولات گىمناستوركىنىڭ ئۇيان - بۇيانلىرىنى تۇتۇپ كۆر-گىنىدىن كېيىن تۆش يانچۇقىغا قول سېلىۋىدى، بىرنېمە ئۇ-رۇندى. قارىغۇدەك بولسا، تۇمارچە قاتلانغان كىچىككىنە قەغەز ئىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئاچتى. قەغەزنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قوش يۈرەك سۈرىتى، چۆرىسىگە غۇنچىلاۋاتقان قىزىلگۈل سىزىلىپ، تېگىگە سۆسۈن رەڭ بىلەن چىرايلىق خەت يېزىلىپتۇ. خەت قىسقا، ئېنىق يېزىلغان بولۇپ، ھەربىر سۆزى خۇددى مەرۋايىت-تەك تىزىلغانىدى. ئەمما، پولات چالا ساۋات بولغىنى ئۈچۈن خەتنى تۇزۇك ئوقۇيالمىدى. بۇ چاغدا ھارۋىنىڭ شوتىسىدا ئول-تۇرۇپ ئۆتۈكىنى سېلىۋاتقان رەجەپ خەتكە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ، سۈرەتلەرنى كۆرۈش بىلەن زوقلىنىپ ئالدى - دە، تېز - تېز ئوقۇشقا باشلىدى:

«مەن تىككەن مۇشۇ كىيىم مىللىي ئارمىيەنىڭ قانداقلىكى جەڭگىۋارىغا نېسىپ بولسا، مەن شۇنىڭكى، مۇشۇ كىيىمنى كىيگەن ئەي مەردانە يىگىت، مېنىڭ نامىمدىن بەش تال ئوق بى-لەن بەش دۈشمەننى يەر يۇتقۇزۇپ، غەلىبە بىلەن كەلسىڭىز، مې-نى تېپىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ، مۇھەببىتىڭىز (ش،).»

پولات تەقەززالىق بىلەن قول سۇنۇۋىدى، رەجەپ يەنە بىر ئوقۇۋېلىش غەرىزىدە بەرمەسكە ئۇرۇندى. پولات كاپلا قىلىپ تار-تىۋالغاندا رەجەپنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، پولات سەل نېرى بېرىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى، رەجەپنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇ ئۆتۈكنىڭ قونچىغا دەسسىگەن پېتى يېقىنلىۋىدى، پولات نېرىراق داجىدى. رەجەپمۇ ئۇنىمىغانغا قويمىدى.

— ئەكېلە، ئوقۇيالمىغان نېمەڭگە تىلىڭنى چايناپ، جې-نىڭنى قىينىماي، مەن بىر ئوقۇپ باقاي...

بۇ كىچىككىنە خەتنىڭ خەۋىرى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا بۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۈملەردىن ئۆتۈپ، ھەتتا پۈتۈن قىسىم تەركىبىگە دىگۈدەك تار-
قىلىپ كەتتى. كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەكلا خەت ئاپتورى
«ش» ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي قالمايتتى. شاراپەت، شاپائەت،
شاھادەت، شەرىپە، شەپىقە، شەمسىيە، شەرۋانەم، شەمشىنۇر،
شەمشىقەمەر ۋەھاكازالار دەپ، ئالەمدىكى ئايال زاتىنىڭ «ش»
ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملىرىنى خۇددى ئىستروپىغا
(سەپكە) تىزىلغان ئەسكەرلەردەك قاتار تىزىپ كۆرۈشەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ پولاتنى قىز بىلەن كۆمۈپلىۋەتتىڭلار-
غۇ؟ ... قايسىبىرىنى ئېلىپ بولارسەن، پولات؟ — دىدى رەجەپ
كۈلۈپ، — بولمىسا بىرەرسىنى ماڭا بىرىۋېتەرسەن - ھە! —
جەڭچىلەر پاراق - پاراق كۈلۈشەتتى.

— پولاتجان، قېنى ئۇ خەتنى مەنمۇ كۆرۈپ باقمايمەنمۇ؟
— دىدى توپ قاتارىغا يېڭىلا كەلگەن كوماندىرنىڭ كانۋويى مە-
رۈپ.

— ياق، كۆرۈشكە رۇخسەت يوق، — دىدى پولات كۈلۈپ.

— ھە، مانا پولاتجان ھېلىتىنلا چوكىنىنى كۈنلەۋاتىدۇ، —
دىدى جەڭچىلەردىن بىرسى.

خەت قولدىن - قولغا ئۆتىۋەرگەنلىكتىن سۈتتەك قەغەز
كىرلىشىشكە باشلىغاچ، پولاتنىڭ ئەمدى ئۇنى كۆرسەتكۈسى
كەلمەيتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەرقايسىسى ھەرنېمىلەرنى دەپ
چاقچاق قىلماقتا ئىدى.

بەزىلەر: پولات، بەختىڭ بار ئىكەن، دىسە، يەنە بەزىلىرى:
قانداقراق قىزدۇ - ھە ! ... دىيىشەتتى. بەزى شاڭخوچىلار: كىم
بىلىدۇ، قىزمۇ ياكى ئاغزىدا چىشى يوق بىر موماي قىزىقچىلىق
قىلىپ يازدىمۇ؟ دىسە، يەنە بەزىلىرى: چىشى بولمىسا، پولات ياش
بولغاندىن كېيىن نان چايناپ بىرىپ باقمامدۇ؟ ... دەيتتى. بۇ
چاغدا پولاتمۇ: چىداش، خەتنىڭ ماڭا تېگىپ قالغىنىغا ھەرقاي-
سىڭنىڭ ئىچى ئاداۋاتامدۇ، دەپ مەغرۇرانە كۈلەتتى. ھەممە چاق-

چاقچىلارمۇ ئۆز يولىدا ئۆتمۇەرگەنىدى، ئەمما مەتروزنىڭ «كاش-
كى سەندە شۇ خەتنى يازغان قىز كۈتكەندەك خىسلەت بولسىچۇ»
دېگىنى پولاتنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.
— ھە، مەندە ئۇنداق خىسلەت بولماي باشقىلاردىن بىر يې-
رىم كەممىكەن؟ — دېدى پولات غەزەپلىك قىياپەتتە.
— ياق، ھېچ يېرىڭغۇ ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، ئەمما خەت
يازغان قىز: قەھرىمان جەڭچى، غالىب، باتۇر دېگەندەك گەپلەرنى
يېزىپتۇ ئەمەسمۇ؟...
— مەن قەھرىمان بولالمامدىكەنمەن؟
— سەن ئاشپەز تۇرساڭ قانداقمۇ قەھرىمان بولارسەن؟ —
پولات ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ قالدى، ئەمدى رەجەپ گەپكە ئا-
رىلاشتى.
— بىزنىڭ پولاتنى ئوق ئاتالمايدۇ دەۋاتامسىلەر؟ جەڭ بول-
غاندا بەش تال ئوقنى چۆمۈچكە سالىدۇ - دە، سېپىنى ئىستوۋۇل
قىلىپ، قازان ئاكوپقا كىرىۋېلىپ، تۇۋاقنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ
گۈمشىتىپ ئېتىۋەرمەمدۇ؟ ...
رەجەپنىڭ سۆزىگە ھەممىسى تېلىققۇدەك كۈلۈشتى. ئەمما،
پولات قۇلاقلىرىغىچە قىزارماقتا ئىدى. رەجەپ بىلەن پولاتنىڭ
كۆڭلى بەك يېقىن بولسىمۇ، بۇ دورەم دىلى رەنجىدى. ئۇ تازا بىر
ھومىيىپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا مەشغۇلاتقا
سىگنال چېلىنىپ، جەڭچىلەر كۈلۈشكەنلىرىچە ئىسترويغا مې-
ڭىشتى.
پولات ئاشخانىغا خۇددى بوينىدىن باغلىغاندەك كىردى.
سەككىز ئايدىن بۇيان «قەدىناس» بولۇپ قالغان قازان بىلەن چۆ-
مۈچ ئۇنىڭغا ئەمدى ئەجەل ئەرۋاھىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ،
ئوچاقتا كۈشۈلداپ يىغلاپ كۆيۈۋاتقان سۆگەتنىڭ ھۆل ئوتۇنىنى
تۈزىۋىدى، كۆزلىرىگە تۈتۈن كىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى ياشقا
چۆكۈپ قالدى. ياغلىشىپ كەتكەن يېڭى بىلەن كۆزىنى ئېرتقان
پولات چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇ يېتىملىك ۋە مالايلىقتا ئۆت-

كەن كۆنلىرىنى، بىر قېتىم يېزىدىن شەھەرگە كىرگىنىدە گو-مىنداڭنىڭ سېرىق پاچاق بىر چېرىكى ئۇنى توسۇپ، ئۆيگە سەي كۆتۈرگۈزۈپ كېتىۋاتقاندا بىر بەسەي پاتقاقتا چۈشۈپ كەتكىنى ئۈچۈن «سىڭكۇ» دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ قاتتىق ئۇرغان، تەپ-كەنلىرىنى ۋە ئاخىر مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب باشلانغاندا ئاشۇ گومىنداڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرگىنىنى ئەسلىدى - دە، ئۆزىگە كەلدى.

— مەن ئاشپەز بولۇشقىلا پىدائىي بولمىغانمۇ؟ — دەيتتى ئۆزىچە پىچىرلاپ ۋە بىردىنلا ئىكرامجانغا دادىسى قوزىباي ئاكى-نىڭ يازغان سۆزلىرى يادىغا يەتتى.

«ئىكرام، خېتىڭنى ئالدىم. سەن مەندىن ھەرگىز ئەنسىرى-مە، مەن ھازىر جەڭچىلەر ئاشپەزلىكىدىن كوماندىرىمىزنىڭ مەخسۇس ئاشپەزلىكىگە يۆتكەلدىم دەپ يېزىپسەن. بۇ سېنىڭ ئۆزۈڭنى: مەن خەتەرسىز خىزمەتتە دېگىنىڭمۇ ياكى مەنسەپ، مەرتىۋەم ئۆرلەۋاتىدۇ دېگىنىڭمۇ ؟!»

«ئەگەر سەن راستلا مېنىڭ بالام بولىدىغان بولساڭ، مۇشۇ خەت تېگىشى بىلەنلا چۆمۈچ ئورنىغا قورال ئال. ئۇلۇغ نەۋايىنىڭ ‹ئۆلۈمدىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق› دېگەن قىممەتلىك گېپى ھەر دائىم ئوڭ قۇلىقىڭدا بولسۇن ! مەن سېنى ئەر دەپ باققان...»

— ئۇھ، — دېدى پولات ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەتروزىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا؛ رەجەپنىڭ دېگىنى ئۇ-نىڭدىنمۇ توغرا؛ ئاتايا ئويلانمايلا ئۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بوپتى-مەن، مەن بۇ ئاشپەزلىكتىن زادى نېمە تاپىمەن؟ ...

پولات شۇلارنى دېدى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە روتا كوماندىرىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ كىرگەندە كوماندىر كەچكى يۈرۈشتىن پايدىلىنىپ ئەتىكى قوچاقلاشما جەڭ مەشىقىنىڭ پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. پولات تاققىدە توختاپ كوماندىرغا چاس بەرگىنىدىن كېيىن:

— يولداش كوماندىر، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا توغرىدىن - توغرا كىرگىنىمنى كەچۈرۈڭ، — دەپ تىك تۇردى. كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى چۇشۇرۇش، ئولتۇرۇش ئىجازىتى بەردى ۋە كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى، ئۇمۇ خەتنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇپ بولغانىدى.

كوماندىر سۆز باشلاپ، تاماقنىڭ سۈپىتى، خوجىلىقنىڭ نەرسە - كېرەكلەر بىلەن قانداق تەمىنلەۋاتقانلىرى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن:

— بۈگۈن كىيىم ئالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدۇق، — دېدى پولات. ئۇ قىسقا جاۋاب بىلەن باشقا سۆزلەرنى تولۇقلاپلا مەنىنى مەقسەتكە توغرىلىدى.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى كوماندىر ئاتىلارچە مېھرى بىلەن قاراپ، — تەمىنات خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كىشىلەرگە ياخشى بولالمايدۇ. ئەمما، بۇ خىزمەت ئىشلارنىڭ ئەڭ زۆرۈرى. ئاشپەزلىكمۇ ئەڭ مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قورۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ؟ ... سېنىڭ تەلىپىڭ ئورۇنلىنىشى مۇمكىن، شەرتى شۇكى، ئوبدانراق ئاشپەز تەييارلىغۇچە جەڭچىلەرنىڭ تامىقىنى ئىخلاسىڭ بىلەن ئېتىپ تۇرىسەن.

— خوپ، يولداش كوماندىر. ئەمما ...

— ئەمما، تەلىپىم بالدۇرراق ئورۇنلانسا دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھەئە، يولداش كوماندىر.

— بولىدۇ، — دېدى كوماندىر كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان پولاتقا ئولتۇرۇش ئىشارىتى قىلىپ، — ھە، ئۆي ياقتىن خەت - پەت بارمۇ؟ — دېگەننى قوشۇپ قويدى ئۇ.

قىزارغان پولات ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن قىمىرلىدى ۋە:

— ياق ... ياق، — دەپ ھىجايدى.

— بۈگۈن خۇش خەۋەرلىك خەت ئالدى دەيدىغۇ سېنى؟

پولات مەغرۇرانە كۈلگىنىچە ئىچ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ

بەردى. كوماندىر كۆلۈپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— مانا كۆردۈڭمۇ، خەلقىمىزنىڭ بىزگە ئىشەنچى شۇ قەدەر كۈچلۈككى، ئۇلار جەڭگىۋار مىللىي ئارمىيەمىز بىزنى گو-مىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق زۇلمى، ئىپلاس تاپىنىدىن ئەبەدىي ئازاد قىلىدۇ، دەپ قەتئىي ئۇمىد بىلەن قارايدۇ. بۇ خەت، — كوماندىر قەغەزنى لامپا تۈۋىگىرەك تۇتۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر-دى، — مەلۇم قىز تەرىپىدىن يېزىلغان كىچىككىنە ئاددىي بىر خەت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاددىي خەتتە خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئارمى-يەسىگە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى يالقۇنلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ سۈرەتلەر نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ سۈرەتلەر، دۈشمەن تامامەن يوقىتىلىپ، يۇرتىمىز ئازاد بولسا، خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائا-دىتى قىزىلگۈلدەك غۇنچىلاپ - پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ بىر جۈپ يۈرەك سۈرىتى شۇنداق مە-نىگە ئىگىكى، بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز بىر مەقسەت - بىر نىيەتتە تەپسۇن! ئەگەر ئىش شۇنداق بولسىلا قالغىنىنى كېيىن ئۆزى-مىز بىلىمىز، دېمەكچى. بۇ ئاددىي خەت، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇن ۋە چوڭ قىممەتكە ئىگە خەت، بۇنى ئوبدان ساقلىغىن.

— خوپ، يولداش كوماندىر!

— بەلكى خەت يازغان قىزنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق بولۇپ بارارسەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇ قىز سېنى ئاشىپەزلىك قىپسەن دەپ ياراتماي قويسا، ماڭا ئېيتقىن، مەن: پولات غىزاسىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ياخشى پىشۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن، قەھرىمانلار قەھرىمان بولالىغان، دەپ، قىزنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق قىلىمەن، — دېدى كوماندىر كۆلۈپ.

— رەھمەت، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات ۋە خۇشال كۆلگىنىچە ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— شۇنداق قىل، هازىرچە ئىشلەپ تۇر.

— خوپ بولىدۇ، — ئۇ ھۆرمەت سالىمى بەدىلىگە بېرىلگەن ئىجازەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

## 2

تاغ قاپتىلىدىكى كىچىككىنە شەھەردە شۇنچە كۆپ ئوق ئېتىلدىكى، بۇ گويىدۇر - قاراسلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە دۈشمەننىڭ ئوق - دورا ئىسكىلاتىغا ئوت كەتكەنىمىدۇ دېگەن خىيالنىڭ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گومىنداڭچىلار ئاشۇنداق ھەيۋىلىرىگە قارىماي بۇ يەردىنمۇ خۇددى ئۆۋسى چۇۋۇلغان چۇمۇلىدەك پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

«گومىنداڭچىلار قېچىشقا، بىزنىڭ جەڭچىلەر ئېتىشقا ئۇستا» دېگەن سۆزنى خەلق بىكار ئېيتمىغان - دە.

بىز تۆت تەرىپى، كوچا ۋە دوقمۇشلىرى قاتمۇقات ئاكوپ ھەم پوتەيلەر بىلەن تولغان بۇ شەھەرنى بىر پاساتلىق جەڭدىي جەڭ بىلەنلا ئىشغال قىلدۇق. ئەمدىكى ۋەزىپە قاچان دۈشمەننى قوغلاش ۋە شەرتسىز قورالسىزلاندۇرۇش ئىدى. لېكىن، بۇ چاغدا بۆلەكچە ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالدى.

بىز يېڭىلا ئالغان ئىدارىدىكى تېلېفون تىلغا كىرىپ، ئۇشتۇمتۇتلا جەڭدىي سۆزلەشكە باشلىدى. شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ كىرگەن روتا كوماندىرىنىڭ مۇئاۋىنى رامزان ئىسىملىك خۇيزۇ يىگىت دەرھال تۇرۇپكىنى ئالدى - دە، كىم بىلەندۇر خەنزۇچە سۆزلەشتى. مەلۇم بولدىكى، بىزنىڭ بۇ شەھەرنى ئىشغال قىلغىنىمىزدىن نېرىقى شەھەردىكى گومىنداڭچىلار تېخىچە خەۋەرسىز ئىكەن. رامزان تېلېفوندا ئۆزىنى «گومىنداڭ ئوفىستېرى» قىلىپ سۆزلىشىپ، جەڭدىي ياردەم كېرەكلىكىنى ئېيتقان. ئۇ تەرەپتىن تولۇق قوراللانغان بىر يۈز ئەللىك كىشى ئالتە ماشىنىدا «ياردەم ئۈچۈن يولغا چىققان» خەۋەرنى ۋە شەھەرنى ئوغرىلارغا (گومىنداڭچىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى ئوغرىلار دەيتـ-

تى) بىرىپ قويماسلىق «بۆيرۆقى»نى ئالغان.
بىر قىسىم جەڭگىۋارلار ئۇ «چاقىرىلمىغان مېھمانلار»نى كۆتۈۋېلىش ۋە ئۇلار ئېلىپ كېلىۋاتقان «ئالتە ماشىنا ياردەم» لەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇلار تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىنى بويلاپ، گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ ئۆمىلەپ ئۈچقاندەك باراتتى.
ئەنە ئىستىرويغا چىققىنىدىن بۇيان چوڭ ـ كىچىك بىرنەچچە جەڭگە قاتناشقان پولاتمۇ سەپنىڭ ئالدىدا لاچىندەك بارماقتا. ئۇنىڭ ئەپچىل كارابىن مىلتىقى قامىتىگە بەك مۇناسىپ كەلگەن. بېلىدە بولسا ئاشۇ نامەلۇم ئادرېستىن كەلگەن خەتتىكى قوش يۈرەكتەك بىر جۈپ گىرانات يالتىرايتتى.
پولات يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ مەيدىسىنى پات ـ پاتلا تۇتۇپ قوياتتى. چۈنكى، ئۇ ئىستىرويغا چىققان كۈنىلا، ئاشۇ خەتتە تەۋسىيە قىلىنغان بەش تال ئوقنى شۇ خەت سېلىنغان تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويغانىدى. «بەلكى بۇ ئوقلار بۈگۈن ئۆز خىرىدارلىرىغا بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈلەر» دەپ ئويلايتتى ئۇ.
ئالتۇن يۇلتۇزلۇق بايراقنى لەپىلدىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن ئالتە ماشىنىنىڭ ئالدىنقىسىدا پولات غەلىبە مارشىغا باشلامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى شۇنچە ئاۋازلار ئىچىدە ئالاھىدە ئاڭلىناتتى. غالىبلار قەلبىدىن ياڭرىغان جەڭگىۋار مارش ساداسى تاغۇ تاشنى تىترىتىپ، يەر ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە؛ ماشىنىلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا چىرايلىرى مۈردىدەك سارغايغان، ئۆزلىرى ئەسكى ئۆتۈكنىڭ قونچىدەك سالپايغان گومىنداڭچىلار نەيزىلىك مىلتىقلار ئارىسىدا دۈگدىيىشىپ، خۇددى پادىدىن يانغان مالدەك پەلىپەتىش توپۇرلىشىپ كەلمەكتە؛ ئىشىك ـ دېرىزە ۋە بەزى ئۆگزىلەرگە چىققان خالايىقلار بۇ كارامەتلەرنى ياڭراق ئالقىش، قىزغىن كۈلكىلەر بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.
ماشىنىلاردىن چۈشۈرۈلۈۋاتقان ۋە بەزىلىرىگە قان يۇققان

قوراللار قاتارىدا گومىنداڭچى بەش مەجرۇھمۇ چۇشۇرۇلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قايسىسىدۇر ئەيىۇلىسا، قايسىبىرى سەت ھۇۋلايتتى. ھوڭگۇل چىش، خاڭگاباش بىرسى بولسا خۇددى ئىشەك گۇڭگىر-غاندەك پاناق بۇرنىنى ئەجەب بىر تۇرلۇك خىرتىلدىتىپ، ئىڭىر - ئىڭىر نەپەس ئېلىپ سەت ئىنجىقلايتتى. بىزنىڭ شەپقەت ھەمشىرە (سېسترا) لىرىمىز بولسا ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

پولات توپ ئارىسىدىن ئىلدام چىقىپ، كوماندىرنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كەلدى - دە، تاققىدە توختاپ چاس بەردى ۋە سۆزگە ئىجازەت سورىدى.

— ھە، رۇخسەت، — دېدى كوماندىر.

— يولداش كوماندىر، ماڭا رۇخسەت ئېتىلسە، ئاشۇ (ئۇ، مەجرۇھلارغا بىگىز قولىنى قاداپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى) بەش ئەبلەخنى مۇشۇ بەش تال ئوق بىلەنلا جايلىۋەتسەم.

كوماندىر پولاتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا قەتئىي رەت قىلدى:

— ياق بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ. بىز ئەسىرلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز. بۇ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقى. بۇيرۇق بىز ئۇچۇن قانۇن. سەن ئۇ بەش تال ئوق بىلەن تەييار بۇ بەش ئۆلەرمەننى جۆندەپلا باتۇر بولماقچىمۇ؟ بۇ، ئۆلگەن يولۋاسنى ئېتىپ ئۆزىنى باتۇر سانىغانلىق بولمامدۇ؟ مۇنداق تەييارغا ھەييار، ھازىرغا نازىر بولۇش ...

— قا ... قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ! — پولات پوكاندەك ئېسىلىپ، چوغدەك قىزارغانىدى. ئۇ، قايتىش ئىجازىتى بېرىلىشنى كۈتمەي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا نېرىراقتا پىخىلداپ كۆلۈۋاتقان قاتارغا كىرىپ كەتتى.

## 3

«شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دېگەن بۇ

«مۇبارەك سۆز» گومىنداڭچىلارنىڭ ئاداققى مۇقەددەس ئىبارىسى ئىدى. بىزنىڭ جەڭگىۋار قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئەنە شۇ ئىشەنگەن تېغى — «تەڭداشسىز» مۇستەھكەم ئىستىھكام شەھەرى شىخوغا يېقىنلاشماقتا ئىدى.

قىسىملىرىمىز شىخودىن ئېقىپ كېلىدىغان قارا سۇ بويىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە ئورۇنلاشتى. بۇ مەھەللە شەھەردىن تەخمىنەن يىگىرمە بەش - ئوتتۇز كىلومېتىر شىمالىدىكى بىر چوڭقۇرغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە خېلى ھەشەمەتلىك بىر تۇگمەن ۋە بىرقانچە ئونلىغان ئۆيلۈك خوېزۇ ئائىلىلىرى بار ئىدى. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى كىشىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى تامامەن دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. بۇ ۋەقەلەرگە گۇۋاھ بولاي دېگەندەك، پەقەت بىر خوېزۇ مومايلا كېتەلمەي قالغانىكەن. ئۇ تېخى پاكار، چاڭزىسى كونا ناچار ئۆيدە مۇكچىيىپ ياتاتتى. بىزنى كۆرگەن موماي كىرلىشىپ كەتكەن تەكىيىدىن بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، قورايدەك قوللىرىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن يەيدىغىنىمنى يەپ، كىيىدىغىنىمنى كىيىپ بولغان، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دېسەڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلار ... — مومايىنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق تەشۋىش ئالامەتلىرى يالتىرايتتى. بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولدۇق. ھارام نىيەت گومىنداڭچىلار بۇ يەردىمۇ بىز توغرۇلۇق تۈرلۈك تەتۈر تەشۋىقاتلارنى تارقىتىپ، تىنچ ئاھالىنى تەشۋىشكە سالغانىكەن. ئەھۋالنى ئۇققىنىمىزدىن كېيىن بەزى نەرسىلەرنى بېرىشتۇق، موماي ئانچە - مۇنچە ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بىردىنلا خېلى ئوبدانلىشىپ، تېتىكلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ تارتقاي كىرپىكىدە مېھىر مونچاقلىرى پارقىراشقا، سولاشقان يۈزلىرىدە بولسا ھايات نۇرى چاقناشقا باشلىدى. مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، گومىنداڭچىلار تۇگمەننى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلگۈرەلمەي قاچقانىكەن. ئۇ بىزنىڭ قىسىم ئىشتابىمىز، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى

سۆلەتلىك سۇۋادان تېرەك بولسا، چارلاش پونكىتىمىز بولدى. ئۇنىڭدىن ياكى نېرىراقتىكى ئېگىز دۆڭدىن دۇربۇن بىلەن قارىغاندا شىخونىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى دېگۈدەك كۆرۈنەتتى.

شىخو شەھىرى پەسكە جايلاشقان بولۇپ، پەقەت بازاردىكى تاشيول تەرەپلەردە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى بىلەن دەرەخزارلىقلارغا تۇتىشاتتى. قالغان تەرەپلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يانتۇ ئېگىزلىك بولۇپ، خۇددى مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن سىيرىلدۇرۇپ ياسىغاندەك يانپاش تۈزلەڭ ئىدى. بۇ شەھەر ئەتراپىنى قاپلىغان سان - ساناقسىز ۋە ھەر ياڭزا پوتەيلەر بولسا، بەزى قەدىمىي شەھەرلەر خارابىسىنى ياكى مازارلاردىكى نۇرغۇن قەبرە ۋە گۈمبەزلەرنى ئەسكە چۈشۈرەتتى. ئاشۇنداق تولا پوتەيلەر «ئورمانلىقى» بولمىغاندا، قايسى تەرەپتىكى دۆڭدىن بولسۇن بىرەر توپنى دومىلىتىۋەتسە، ھېچ يەردە توختىماي شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يۇمىلاپ بارىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ شەھەر ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولغاچقا، گومىنداڭچىلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئارمىيەگە قارشى تەييارلىغان ئاساسىي كۈچ - قۇۋۋىتى، تاپقان - تەرگەن دەسمايىسىنى مۇشۇ يەردە جۇغلىغان دېيىشكە بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار «بۇ مۇقەددەس قورغان»غا قاتتىق ئىشەنگەنلىكلىرىدىن «شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دەپ، پاختىۋەن پونى ئېتىشقا قاراملىق قىلغانىدى.

دېمىسىمۇ بۇ شەھەرگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىش ئانچە ئوڭاي ۋە ئەرزان چۈشمەيتتى، بەلكى مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

قوماندانلىق ئىشتابى تۈن سائەت ئون ئىككىدە قىسىملارغا جەڭگىۋار بۇيرۇق بەردى: بۈگۈن تاڭ بىلەن تەڭ شىخونىڭ تەقدىرى چوقۇم، ئۇزۇل - كېسىل ۋە قەتئىي بىر تەرەپ قىلىنسۇن.

قاپقاراڭغۇ تۈن. دۈشمەننىڭ مەلۇم ئىستىھكامىنى بۇزۇش بۇيرۇقىنى ئالغان ئىزۋوت جەڭچىلىرىنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىپ، ئاخىرقى مىنۇتلارنى كەچۈرمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم ئالدىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەقەت جەڭچى بولغان كىشىلا تولۇق چۈشىنىشى مۇمكىن. ھايات بۇ چاغدا كىشىگە شۇ قەدەر شېرىن تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇكى، بۇنىڭ ھارارىتى تۇپەيلىدىن يۈرىكىڭنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كەتمىگىنىگە ئۆزۈڭدە ھەيرانلىق ھېس قىلىسەن. بۇ پەيتتە سېنىڭ كۆز ئال- دىڭغا ئەزىز ئاتا - ئاناڭ، يار - بۇرادەر، ئەل - ئاغىنىلىرىڭ، گۈزەل ئامرىقىڭ، ئۆسكەن يۇرتۇڭ ... ھەممە - ھەممىسى بىر - بىرلەپ كېلىشكە، كۆڭۈل كۆزۈڭدىن خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. سەن ئۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىڭدا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، ئوتلۇق تىلەكلىرى ساڭا كۈچ ۋە دەرمان بېغىشلاپ ئالدىڭدا پارلاق تاڭ ئېتىۋاتقاندەك يورۇقلۇق سېزىسەن ۋە ئۆز ئىختىيارىڭدىن غالىب بىر كۈچلۈك ساراسىمە قۇچىقىدا تېپىرلايسەن.

راست ئەمەسمۇ ؟! «ھۇجۇم» بۇ ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى ئەمەس - دە، ئۇ ھايات - مامات چېلىشىشى. سەن ئاشۇ كىشىلە- رىڭنى قايتىپ كۆرەلەمسەن، يوقمۇ؟ بۇ ساڭا قاراڭغۇ. ھۇجۇم سائىتىدە جەڭچىنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئەينىكىدە ئەكس ئېتىدىغان كىنو كارتىنىلىرى ئەنە شۇنداق بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئوتلۇق ۋە شىددەتلىك ھالەتلەر ھەقىقىي جەڭچى قەلبىنىڭ قايناق ھارارى- تىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئانا يۇرت مېھرىنىڭ كۈچلۈك مۇھەببىتى — جەڭچى روھىنىڭ سۇنماس ۋە تالماس قانىتى. جەڭچىنىڭ يۈرىكى — مۇھەببەتنىڭ سوۋۇماس ئوتخانىسى. ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ئوتخانا ئۇنى قەھرىمانلىق مەيدانىغا تارتىدۇ.

ئەزىمەتلەرنىڭ يۈرۈش ۋاقتى يەتتى. ئۇلار جانىجان كوماندىرلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلاشتى.

— خەير - خوش، يولداش كوماندىر، — دېدى پولات قەدىردان كوماندىرنىڭ ئالدىدا ھەربىي قائىدىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن تىك تۇرۇپ.

— خەير - خوش، سەپىرىڭلارغا ئۇتۇق تىلەيمەن، — دېدى

كوماندىر ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىپ، — بىر - بىرىڭلارغا مەس- ئۇل ھەم قەدىردان بولۇڭلار ! — ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پولاتقا قاراپ، — بەش تال ئوق يانچۇقتىمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى ئۇ.

— ھەئە. تەييار ...

— ھە، تەييار بولسۇن ! ئوقيىراق يەردە بولسۇن ! بەلكى بۇ- گۈن ئۇ ئوقلارغا نۆۋەتمۇ كېلىپ قالار.

ئىززەت قارا سۇنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىز كەل- گەندىن تارتىپ كۈن - تۈن تىنىم تاپماي ئوق قازىنىنى قاينى- تىشقا باشلىغان دۈشمەننىڭ غەزىپى تېخىمۇ يۇقىرى گىرادۇسقا ئۆرلەۋاتقىنى ھەر تەرەپتىن مانا مەن دەپ تۇراتتى. مىلتىق، پې- لىموت، گىرانات، راكېتا، ئاپتومات ۋە گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك- لەرنىڭ شىددەتلىك ئاۋازى تۈننى تىترەتمەكتە ئىدى.

سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى - ئىككىدىن بارغان تۆت جەڭچى بە- زىدە ئاللىقانداق قۇشلارنى دوراپ سايرايتتى ۋە بەزىدە ھاشاراتلار- نى دوراپ چىرىلدايتتى. پولات قۇشلارنى دوراشنى، بولۇپمۇ غو- رۇلاي بىلەن سېغىزخاننى دوراشنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى بۈگۈن تازىمۇ ئەسقاتتى.

ئىززەت ئېگىز قاشنىڭ سول تەرىپىدىن قارا سۇغا سىيرىد- لىپ چۈشكەن نورسىمان يانپاش تۈزلەڭ يەرگە كېلىپ قالدى. ئالدىدىكى ئىككى جەڭچى خۇددى بېغىرتاقتەك تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن يەنە ئىككى جەڭچى ئۆتۈۋاتقاندا دۈشمەن پەقەت شۇ نور ئاغزىغا مۇئەككەللىك ئۇچۇن ياسالغان يوغان پوتەيدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. پوتەي تۆشۈكىدىن يورۇتۇلغان پىرو- ژېكتور ۋە پىلىموت، ئاپتومات ۋە مىلتىقلاردىن يامغۇردەك تۆكۈ- لۈۋاتقان ئوت ئوقلارنىڭ يورۇقى بىلەن ئەمدى بۇ ئىككى قاسىنى- قى تۈپتۈز نورسىمان كەڭ جىرادىن ئادەم تۇرماق ئاغمىخاننىڭمۇ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقلىكى بولسۇن بۇ يەردىن قەتئىي ئۆتمەي بولمايدۇ. چۈنكى، بۇيرۇق — قانۇن.

جەڭچىلەر قەتئىي قارارغا كەلدى. بىر ـ بىردىن يۆگۈرۈپ ھەم ئۆمىلەپ ئۆتۈشىمىز، بىرسىمىز تىرىك قالساقمۇ تېز بېرىپ ئاشۇ بەلگىلەنگەن پوتەيدىكى شۇم پىلىموتلارنى ھەرىكەتتىن چو-قۇم توختىتىشىمىز لازىم.

جەڭچىلەر شۇڭقاردەك ئالغا تاشلىنىۋاتاتتى. ئاغىمخان تېزلىكى ۋە چاققانلىقىدا ئىرغىپ ھەم ئۆمىلەپ ئۆزلىرىنى ئالغا ئاتماقتا؛ ئەمما سەل يامغۇرىدەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى بارغانسېرى دەھشەتكە ئايلانماقتا ئىدى. تۆت جەڭچى نېرىقى يان باغرىدا يەر-گە چاپلىشىپ ياتاتتى. قالغانلىرىنىڭمۇ تېز ئۆتۈشى ئەمدى جەڭ-نىڭ پۈتۈن تەقدىرىگە مۇتتەسىل مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئاشۇ لەنتى بۇتخانىدىن قايناۋاتقان پىلىموتلار-نىڭ كاشىلىسى شىمالىي سەپلەردىكى (قارادۆڭ تەرەپ) پۈتۈن قىسىملارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە دېگۈدەك قاتتىق دەخلى يەتكۈ-زۈۋاتقانلىقى بارغانسېرى روشەن سېزىلمەكتە ئىدى.

ۋاقىت ئۆتۈپ بارماقتا. مانا ئەمدى ئۇپۇقتا ئارغامچىدەك سو-زۇلۇپ بىز تەرەپنىڭ قىزىل راكېتاسىمۇ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپتىن قاينىغان ئوق ۋە راكېتالارنىڭ يورۇقىدا، ھې-لىقى يەر تېخىمۇ يورۇپ، قىسمەن (ئەھۋال) قىيىنلاشماقتا ئىدى.

«ھە، مانا ھۇجۇم راكېتاسى ئېتىلدى، ئەمدى قانداق قىلىپ بولسۇن مەنزىلگە تېز يېتىپ، جەڭگىۋار ۋەزىپىنى قەتئىي ئو-رۇنلاش، بۇيرۇقنى ئىجرا، جەڭچىنىڭ قەرزنى ئادا قىلىشى شەرت.»

ئۇچقاندەك ئۆتۈۋاتقان ئۈچ جەڭچى يان تۈزلەڭنىڭ ئوتتۇرد-سىغا يەتمەستىنلا كەينى ـ كەينىدىن ئوققا تۇتۇلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى (ئېھتىمال مەتروزى بولسا كېرەك) قاتتىق بىر سىلكىندى ـ دە، جىمىپ قالدى. كېيىن كەينى ـ كەينىدىن ئوقچۇغان تۆت لاچىنمۇ تولغىنىپ يىقىلغانلىرىچە قايتا بېشىنى كۆتۈرمىدى. بۇلارنىڭ بىرسى پومكوم ئىزۋوت (مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى) قۇددۇس ئىدى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ زادى قانداق قىلىش لازىم ؟ ئاشۇ سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتمەكتىن بۆلەك چارە يوق ئىدى. كاشكى بۇ كاساپەت سۇ جەڭچىلەر بارىدىغان تەرەپكە ئاقسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاستى پاتقاق ...

— ماۋۇ ئىپلاس پوتەينى ئۇجۇقتۇرۇشقا بەلگىلەنگەنلەر شۇ چاغقىچە نەلەردە يۇرىدىكىنە، — دېدى كومئىنزۋوت ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ، بۇ چاغدا بۇ قاۋۇل ۋە چەبدەس قازاق ئوغلىنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى تۇرۇلگەنىدى، — بولۇڭلار، سۇنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۇشكە، — دېدى ئۇ. ئالدى بىلەن ئۆزى سۇغا سەكرىمەكچى بولۇۋىدى، جەڭچىلەر بىردەكلا:

— ياق، يولداش كوماندىر ئىزۋوت، ئاۋۋال بىز كىرەيلى ! نېمە بولسا بىز كۆرەيلى ! سىز رەھبەرلىك قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ قىياسلارنىڭ ئاچچىق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن ؟! سېزىپ قالغان دۇشمەن ئەمدى بارلىق زەھىرىنى قارا سۇغا قاراتقانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا كوماندىر ئىزۋوت مالىك باشلىق تۆت جەڭچىنىڭ ھەممىسى سۇدا ھالاك بولدى.

كوماندىر قوشۇننىڭ بېشى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەزىمەت قازاق يىگىتى خۇددى تاغ بۈركۈتىگە ئوخشاش ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر، تەدبىرلىك باشچى ئىدى. ئۇ شېھىت بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟

كومئىنزۋوتلۇقنى كومئوددېل (بەنجاڭ) رەجەپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بولسا پولات ئۇستىگە ئالدى.

تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. جەڭچىلەر جىددىيلەشمەكتە. لېكىن، نېرىراقتىكى يەنە بىر پوتەيدىن مۆلدۇردەك يېغىۋاتقان پېلىموت ئوقلىرى قاتتىق كاشىلا قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئەمدى بۇ شۇم پوتەينىڭ ئۇجۇقتۇرۇلۇشىنى بەك جىلە بولۇپ بىتاقەتلىكتە كۇتمەكتە، پوتەي بولسا ھامان ھەرىكەتتە ئىدى. ئەڭ دەھشەتتى شۇ بولدىكى، قارا دۆڭ تەرەپتىن ئىككى تانكىنىڭ مۇھاپىزىتى ئارقىسىدا بىرەرمىڭ دۈشمەن ئىشتىك (نەيزە) بېكىتىلگەن مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىقلىرىنى بەتلەپ «شا ... شا ...» دەپ ۋارقىرىشىپ سەپ يايغاز-لىرىچە چىقىپ كەلدى. ئەمدى بىزنىڭ جەڭچىلەرگە ھاياتتىن ئۆلۈم مۇقەررەرلىكى سېزىلەتتى. چۈنكى، چېكىنىشنىڭمۇ ھېچ ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار شۇنداق قارارغا كەلدىكى، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشىش، چېلىشىش، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ مەردلىك بىلەن ئۆلۈش شەرت...

جەڭچىلەر سۇدىن باشلىرىنى چىقىرىپ غازنىڭ باللىرىدەك ياتاتتى. ئۇلار ئاخىرقى دەم ئۇچۇن بىر تالدىن ئوقنى ئايرىم ئې-لىپ قويۇشتى.

پولات «بەش تال ئوق» نى ئالدى. ئۇنىڭدىن بىر تالنى ئايرىپ يەنە شۇ يانچۇققا سېلىپ قويدى.

تانكىلار ئۆمىلەپ يېقىنلىماقتا، جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكى ئا-دەتتىكىدىن باشقىچە تېپىشكە، تىت ـ تىت بولۇشقا، تېپىرلاشقا باشلىدى. ئامال قانچە، كومئىزۋوت رۇخسەتسىز ئوق چىقارماس-لىققا بۇيرۇق بەرگەن. جەڭچىلەر كومئىزۋوت رەجەپكە ئىنتىزار-لىق بىلەن تىكىلمەكتە. تەشنا ـ تەقەززالىقتا تىڭشىماقتا؛ ئەمما ئۇ ئۆزۈنتۇرا قارىۋاي بولسا، «تىنچ ... تىنچ ...» دەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھېچبىر پەرۋاسىز ياتاتتى.

مانا تانكىلار زەنجىر تاپانلىرىنى شاراقلىتىپ، يانباغىر يول-نى بېغىرلاپ كەلمەكتە.

— ئات ! — دەپ بىردىنلا بۇيرۇق بەردى رەجەپ ۋە ئۆزىمۇ قولىدىكى تانكائاتارنى دەرھال ئىشقا سالدى. بىر پىلىموتمۇ (يەنە بىرسى ئاشۇ شېھىتلەر بىلەن قالغانىدى) سايراشقا باشلىدى. شۇنچە داۋراڭ ۋە ھەيۋە بىلەن كېلىۋاتقان ھېلىقى «شا ... شا ...»چىلار ھېچ-بىر ئويلاپ باقمىغان ۋە كۈتمىگەن جايدا بالاغا دۇچ كېلىپ، خۇددى شاختىن تۆكۈلگەن قارا ئۈجمىدەك دومىلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىغان تانكىنىڭ بىرسى قىيسىپ توختىۋىدى، كەينىدىكى يەنە بىرسى بىرلا پىرقىراپ، خۇددى ئې-يىقتەك پايپاسلاپ بەدەر قاچتى. «شا ... شا...» چى باتۇرلارمۇ

خوددى ئۇركۈگەن هايۋاندەك مالىمان بولۇپ بىر ـ بىرىنى دەس-
سەپ قاچماقتا ئىدى. ئاڭغىچە نېرىقى باغنىڭ دوقمۇشىدىكى بايا
بىرقانچە يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىققان لەنىتى پوتەيمۇ گۇمبۇر-
لەپ پارتلىدى. شۇ ئەسنادا بېرىقى پوتەيمۇ يەر بىلەن يەكسان
بولدى. بۇ چاغدا تاپىنى شور توپىغا پېتىپ سىڭار يان ياتقان ھې-
لىقى تانكىدىن چىققان ئىككى ئالۋاستىمۇ جەھەننەمگە يوللاندى.
ئاخىرقى نۆۋەت تانكىدىن چىققان سېرىق پاچاق ئېگىز ئەرۋاھنى
پولات شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ئاتتىكى، ئۇ ئەبلەخ يىلاندەك تولغاز-
غىنىچە موللاقلاپ چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى.
پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەزىمەتلەر ئاشۇلارنىڭ چاڭ ـ
توزانلىرىغا ئارىلىشىپ يۈگۈرۈپ، قارا دۆڭ بىلەن شەھەر ئارىلى-
قىدىكى «شىخو كۆۋرۈكى» گە يېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا بې-
كىنىۋالدى. ئەمدى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە مۇمكىنچىلىك
يوق ئىدى. چۈنكى، كۆۋرۈكنىڭ شىخو شەھىرى تەرىپىدىكى ئې-
گىز دۆڭگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك بۇتخانا ۋە ئۇنىڭ سۇرلۇك
راۋاقلىرىدىن تىنىمسىز تارتىلداۋاتقان پىلىموتلارنىڭ ئەلپازى
بەك يامان ئىدى. بولۇپمۇ كۆۋرۈكنىڭ سەل يۇقىرىراقىدىكى
تۈگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان يوغان پو-
تەي پەقەت مۇشۇ كۆۋرۈك تەرەپتىن بولۇنغۇسى ئەھۋالغا مۆئەك-
كەلدەك، ھەربىر تۆشۈكلىرىنى يىلاننىڭ كۆزىدەك پارقىرىتىپ
توختىماي زەھەر چاچماقتا ئىدى.
تاڭ ئېتىپ، ئوبدانلا يورۇق چۈشۈپ قالدى. بۇتخانىدىكى پې-
لىموتلارنىڭ ئۈزۈكسىز كۈچىيىۋاتقان قارشىلىقى، قىسىملىرى-
مىزغا قانچىلىك ئېغىر توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى بارغانسېرى ئو-
چۇق ـ ئاشكارا سېزىلمەكتە ئىدى.
— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېگەن مۇشۇ، — دېيىشتى جەڭچى-
لەر. ئۇلار يەنە بىر ـ بىرلەپ يۈگۈرۈپ بىرەر كىشى ساق قالمى-
مۇ بېرىپ، ئاشۇ شۇم بۇتنى چوقۇم گۇمران قىلىش قارارىغا كې-
لىشتى. شۇ جاسارەت بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىرىدا تۈگمەن تو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىدىكى پوتەيمۇ زاۋال تاپتى. لېكىن، «يىلان ئۆلەر چېغىدا بەك چاقىدۇ» دېگەندەك، بۇ ئىپلاس پوتەيمۇ بىرقانچە يىگىتلىرىمىز-نىڭ بېشىغا چىققاندىن كېيىن جىمىقتى.

پولات بىلەن رەجەپ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ھەممىدىن بالدۇر ئاشۇ دەھشەتلىك بۇتخانا جايلاشقان دۆڭگە ياماشتى. ئەجەبكى، گىراناتنىڭ كاپسۇلى بىرقانداق بولدىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلە-شىپ رەجەپ سەل كېچىكتى. پولات بولسا ئاللىقاچان بۇتخانىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ بولدى. پايپاسلاپ رەجەپمۇ يېقىنلاۋاتاتتى، تام-غا چىڭ چاپلىشىپ بۇتخانىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان پولات، رە-جەپنىڭ ئىلدام كېلىشىگە، شەپىسىز كېلىشىگە شەرەت قىلاتتى. كۆرىدىكى، تۆت تۆشۈك ئاغزىدا تۆت ئەبلەخ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تۇرلۇك فوكۇس چىقىرىپ ئىستانكىۋي پىلىموتنى راسا سايرى-تىۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ تۆتىنىڭ بۆلۈك تەرەپتىكى بىرسى بىلە-كىنى جەينىكىگىچە تۇرۇۋېلىپ، جان - جەھلى بىلەن ھەرىكەت-لىنىۋاتاتتى. مانا ئەمدى شىخونىڭ تەرەپ - تەرىپىدىن ياڭرىغان «ھۇررا...» سادالىرى شۇنچە گۇمبۇرلەۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىنى بېسىپ، ئاسمان - زېمىننى زىل تىترىتىشكە، تاغۇ تاشنى جاراڭلىتىشقا باشلىدى. بۇ يۈكسەك ۋە ئاسمان - پەلەكنى ياڭراتقان غالىب سادالار ئەزىمەتلەرنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىنى شۇ قەدەر ئوينىتاتتىكى، ئۇلار شۇ تاپتا بۆدۈنىگە ئېتىلغان لاچىندەك شۇڭغۇپ بارغىنىچە ئاۋۇ بۇت قەلەندەرلىرىنى موكىلا باسقۇسى كېلەتتى. ئامال قانچە، ئاۋۇ ئىتتەك غىڭشىپ ياتقىنىنى قوشقاندا بۇت ئەرۋاھلىرى بەش يېرىم. ھالبۇكى، ئەزىمەتلىرى-مىز ئۇلارنى ئوق زايە قىلماي جايلاشقا ئەھدىلەشكەنىدى. ئىككى ئەزىمەت مانا شۇ شىددەتلىك مىنۇتلارنى دەم بۇتخانىغا ئىنتى-لىش، دەم ئارقىغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىدا، يەنە ئىك-كى جەڭچىنىڭ دۆڭگە ياماشقان قارىسى كۆرۈندى. ھەر ئىككى-لىسى تەڭلا ئۇلارنىڭ تېز كېلىشىگە قول ئىشارىتى قىلاتتى.

تۆت ئەزىمەت ئۆز نىشانلىرىنى بەلگىلىۋالغاندىن كېيىن ئالغا ئوقتەك تاشلاندى. پولات بۆلۈك تەرەپتىكى ھېلىقى «ماھىر» پىلىموتچىنى گەجگىسىدىن تارتىپ، جاق ئوڭدىسىغا بېسىپ، مەيدىسىگە دەسسىگەندە، ئۇ بېشى ئېزىلگەن يىلاندەك تېپىرلاپ، سەت ۋە قوپال ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ - جارقىرايتتى.

— ۋاي ... مە ... مە... مەن ئۇرغۇي ... مە ... مەن ... مەن مۇسۇلمان ....

بۇ چاغدا پولات ئاشۇ ئاشپەز چېغىدا ئىشلەتكەن تۆمۈر ساپ-لىق پىچىقنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. ئۇ:

— مانا ئۇيغۇر بولساڭ، — دەپ پىچاقنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ ئۇچەي - باغرى چۇۋۇلۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا تەرلەپ - تەپچىرەپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ئاق سېمىز جەڭچى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى. بۇ چاغدا بۇ لەنتى بۇتخانىدا پوكىنى چۇۋۇلغان، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىققانلار بولۇپ ئون بىر ئۈلۈك بىر - بىرىنىڭ بىخسىغان سې-سىق جەسەتلىرىنى تەكىيە قىلىپ قانغا چىلىشىپ ياتاتتى.

بىر ئىزۋوت ھېسابىغا قالغان بۇ بەش ئەزىمەت ئەمدى بايراق قاداپ، ھۇررا توۋلاش ئۇچۇن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، قولىغا تا-پانچا تۇتقان بىر دۇشمەن ئوفىتسېرىنىڭ ئاكوپ ئىچى بىلەن دوڭغاسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن رەجەپ ئاتماقچى بولۇۋۇد-دى، پولات دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ تەلەپ قىلدى:

— رۇخسەت بولسا مەن ئاتسام ...

— مەيلى، تازا چېنەپ ئات.

ئۇ ئوفىتسېر «پىلىموتنى نېمىشقا ئاتمايسەن ۋاڭبادەنلەر» دەپ، غەزەپلىنىپ كەلسە كېرەك ئەتىمالىم، «سانى ... مانى ...» دەپ ئالدىرىغىنىچە يېقىنلاپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ: «دا...» (ئات) دېيىشى بىلەن تەڭلا ئۆز كوماندىسىدا ئۆزى «دالى» بولۇپ جەھەننەمگە راۋان بولدى.

پولات، ئۇ جايى جەھەننەمدە بولغۇرنى شۇنداق كېلىشتۇرۇپ ئاتتىكى، ئەبلەخنىڭ مېڭىسى ماغزاپتەك چاچراپ كەتتى. بۇ بىر تال ئوق پولاتنىڭ يانچۇقىغا ئايرىم سېلىپ قويغان ئاشۇ «بەش تال ئوق» نىڭ ئاخىرقىسى ئىدى. بۇ جەڭگىۋار ئوقنىڭ ياڭراق ساداسىنى بەلكى ئاشۇ خەتنىڭ ھۆرمەتلىك ئاپتورى، ئاشۇ چىرايلىق گىمناستوركىنىڭ ئۇستىسى شەمشى جانانمۇ ئاڭلاپ تۇرغاندۇ.



ئابلىز نازىرى

# مۆگلۈق ئالىچۇق①

چاشگاھ ۋاقتى. زۆھرەخان كاڭدىن ئوچاقنىڭ مانىدىسىغا چۈشتى. قىسقۇچنى ئېلىپ سۇس يالىلداپ تۇرغان چوغنى كۈللىرى بىلەن قوشۇپ ئالدىغا تارتىپ، ئوچاقنىڭ تېشىغا چىقاردى-دە، چەينەكنى ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ئۆينى يىغىشتۇرغىلى تۇتۇندى. ئۇ ئالدى بىلەن كاڭغا سېلىنغان سۇپىرنى يىغىشتۇردى، ئۇنىڭدىكى خېمىر چاچرانىدىلىرىنى يىغدى، كىگىزگە چېچىلغان ئۇن توزۇندىلىرىنى سۈپۈرۈۋالدى، نان ئۇۋاقلىرىنى بۇلار بىلەن بىللە قوشۇپ پەنجىرىنىڭ تەكچىسىگە تۆكۈپ قويدى. بۇلار قۇشلارنىڭ رىزقى ئىدى. ئۇ ئۆينى سۈپۈرۈپ بولمايلا بۆشۈكتىكى بالا ئىڭەلەپ يىغلاشقا باشلىدى. زۆھرەخان سۈپۈرۈندىنى ئىشىك تۈۋىگە سىيرىپ قويۇپ ئالدىراپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى. توققۇز ئايلىق بولۇپ قىلىق چىقىرىپ قالغان بوۋاق ئېمىشكە تەلمۈرۈپ ئاپىسىنى ئالدىرىتىۋەتتى. زۆھرەخان بالىنى ئېمىتكەچ ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ ئويناتتى. ئاڭغىچە كۈن خېلىلا ئۆرلەپ قالغانىدى. مەھەللىدىن يىغىلىپ چىققان پادىلار زۆھرەخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدىن توپا توزۇتۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. پادىچى قولىدىكى چىۋىقنى ئوينىتىپ، قوي ئۆچكىلەرگە ھاي - ھايلاپ قوياتتى. شامال بولغاچقا توزۇپ چىققان

① كېسەك ۋە شاخ - شۇمبىلاردىن ياسىلىدىغان كەپە.

www.uyghurkitap.com

توپا - چاڭ ئۆگزە بويى ئېگىزلىكتە لەيلىۋېلىپ تەستە تارايتتى.

نىياز هارۋىسىنى هەيدەپ يۇقىرىدىن كېلىپ ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخ تۈۋىدە توختىدى. ئاتنى هارۋىدىن چىقىرىپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئوقۇرغا باغلىدى. هارغىنلىق بىلەن بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ ئۇستىبېشىدىكى توپا - چاڭنى قېقىشتۇردى.

نىياز يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلار چامىسىدىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئالدىراشلىقتىن ساقال - بۇرۇتىنى ئالمىغاچقا يۈز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇرمۇش هەلەكچىلىكى ۋە هارغىنلىق چىرايىغا چىقىپ، ئۇنى ئۆز يېشىدىن خېلىلا چوڭ قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئالىقانلىرى بىلەن بېشىدىكى تەرنى سىيرىپ سۈرتكەچ:

— هوي ياسىن[1]، سۇ ئاچىق، — دەپ توۋلىدى ۋە ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەكلىك تاغاردىن غەلۋىرگە سامان ئېلىپ، ئۇنى تاسقاپ ئوقۇرغا تۆكتى.

زۆهرەخان ئىۋرىقتا سۇ ئاچىقىپ، ئېرىدىن:

— قوناق ئاچىقايمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئېرىنىڭ باش لىڭشىتقىنىنى كۆرۈپ قوناق ئاچىققىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

نىياز ئوقۇرغا تۆكۈلگەن قوناقنى سامان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يۈز - كۆزىنى يۇيۇشقا باشلىدى.

زۆهرەخان بولسا ئۆيگە كىرىپ چىنە - قاچىلىرىنى پاكىزلەپ، داستىخاننى سالدى. ئاندىن كاڭدا ئوڭدا يېتىپ ئۆزىچە بىر نەرسىلەرنى دەپ گۇڭشىراپ، قوللىرىنى ئويناۋاتقان بوۋاقنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ بىر قولىنى بىكارلاپ نىيازنىڭ قولىدىن ئىۋرىقنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى.

شۇ ئەسنادا:

---

① بۇ يۇرتلاردا ئەر - ئاياللاردا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە چاقىرماي، بالىلىرىنىڭ نامى بىلەن چاقىرىدىغان ئادەت بولغاچقا، نىياز خوتۇنىنى بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىدۇ.

— تۆپىدىن ئەمدى كەلدىڭلىمۇ؟ — دېگەن غارالڭ - غۇرۇڭ
ئاۋاز بىلەن تەڭ قادىر پەيدا بولۇپ قالدى. قادىر كىچىكىدىن نى-
ياز بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، نىيازنىڭ تەڭ دېمەتلىك،
جانجىگەر ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئەتراپىقا بىر قۇر
قاراپ چىقىپ بېشىنى چايقاپ سۆزلىدى:
— بەللى! ئاداش، ئالىچۇق ئولتۇرۇشۇپ قىيسىيىپ قاپتۇ.
بۇ يىل قىشتىن چىقالمايدىغاندەكلا قىلىدۇ. غېمىڭنى ئاز دەپ
بۇمۇ يېتىۋالغىلى تۇرۇپتۇ.
— سەن بىر تۇزۇك ئۆيۈمنى ھە دېسىلا ئالىچۇق، ئالىچۇق
دەپ كەم سۇندۇرغاچقا، ئۇمۇ ئالىچۇقلۇقىنى قىلىۋاتقاندۇ، —
دەپ چاقچاق قىلدى نىياز يۈز - كۆزلىرىنى سۇرتۇپ تۇرۇپ، —
ئۆرۈلۈپ چۈشكۈچە بىزمۇ يېڭى ئۆي تىكلىۋالارمىز. بولدىلا ئا-
دەمنى غەمگە سۆرەيدىغان پاراڭنى قىلمايلىلا، باشقا كەلگەننى
كۆرمەمدۇق.
نىياز شۇ گەپلەردىن كېيىن خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۆزگە
تەلپۈنۈپ، يۈلقۇنۇپ تۇرغان بالىسىنى ئالدى - دە، ئېگىز - ئې-
گىز ئىرغىتىپ ئويناتتى. بالىنى ھەربىر ئىرغىتقىنىدا خوتۇنى
قورقۇپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالاتتى. بوۋاق بولسا ئۆزگە تو-
نۇشلۇق ئويۇندىن يايراپ ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. نىياز بالىسىغا قو-
شۇلۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ، بالىنى يەنە بىرپەس ئوينىتىپ ئاندىن
خوتۇنىغا تۇتقۇزدى:
— قاراڭلا قورقۇپ بولۇپ كەتكىنىڭلىنى، كۆرمىدىڭلىمۇ
بالىمىزنىڭ خۇشلۇقىنى، مۇشۇنداق غەمسىز چاغلىرىدا پۈخادىن
چىققۇدەك كۈلۈۋالسۇن، بىزدەك كۈنگە قالغاندا كۈلەلەمدۇ، كۈ-
لەلمەمدۇ، خۇدايىم بىلىدۇ.
نىياز ئاغىنىسىنى ئۆيگە باشلىدى.
قادىر بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ مېڭىپ كاڭغا چىقىپ داستىخان
چېتىدە ئولتۇردى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاڭغىچە زۆھرەخانمۇ
ئۆيگە كىرىپ بالىنى نىيازغا تۇتقۇزۇپ ئوچاق بېشىغا ئۆتتى.

غېدىرلارغا قازاندىكى جوتاڭدىن[1] ئۇسۇپ ئوچاق بېشىدىكى كو-زىدىن ئاختۇرما سەينى ئېلىپ سۇلۇق قىلىپ قاچىلارغا سالدى، چوكا بىلەن بىللە تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن چاي غېدىرلىرىنى ئويۇقتىن ئېلىپ چاي قۇيدى. ئەڭ ئارقىسىدا ئۆ-زىگىمۇ تاماق ئۇسۇپ بولۇپ نىيازنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى. ئەرلەر پاراڭ بىلەن غىزاغا تۇتۇندى. زۆھرەخانمۇ ئوچاقنىڭ تۆ-ۋىدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. ئۇ تاماققا چوكا سېلىپ ئۇنى ئاغزىغا ھەر ئاپارغاندا قۇچىقىدىكى بوۋاق تەڭلا ئاغزىنى ئېچىپ ئاغزىنى تەمشىتتى. بۇ كۈلكىلىك ھالەتكە دىققەت قىلغان قادىر:

— زۆھرەخان، قورسىقىڭىز تازا ئېچىپتۇ - ھە، — دەپ چاقچاق قىلدى. قادىرنىڭ چاقچىقىدىن نىيازمۇ، زۆھرەخانمۇ كۈ-لۈشۈپ كەتتى. زۆھرەخان ئۇيالغان قىياپەتتە:

— بۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ قالمىسۇن دەيمەن، ھازىرلا ئەمە-دۇردۇم بولمىسا، — دېدى ۋە تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ مەيدىسىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى.

غىزادىن كېيىن دۇئا ياندۇرۇلۇپ بولغاندا قادىر قونچىغا قىستۇرۇقلۇق غاڭزىسىنى چىقاردى ۋە نىياز ئۇزارتقان تاماكا خالتىسىدىن ياخشى مانتا[2] تاماكىنى بېسىپ ئوچاق ئالدىغا چۈشتى - دە، پۇرچاقتەك چوغنى ئېلىپ غاڭزىسىغا باستى، ئاغ-زىدىن ئۆز ئورنىغا ئۆتۈپ تاماكىنى ئىشتىھا بىلەن قاتتىق - قات-تىق شورىدى. ئاندىن غاڭزىنى قونچىغا قېقىۋېتىپ تاماكىنى يې-نىلاپ نىيازغا سۇندى.

— ھارۋىنى ئىككى كۈنلۈك ئالمىغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى قادىر تاماكىسىنى تورۇسقا پۈۋلەۋاتقان نىيازدىن.

— ھەئە، بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى. كەچتە ئاپىرىپ بېرى-

---

① ئاق قوناق ئۇنىدا ئېتىلگەن تاماق.

② تاماكا پىشقاندا خوتۇن - قىزلار تاماكىنىڭ ياخشى يەرلىرىنى تاللاپ ئۇنى مانتا شەكلىدە ياساپ قويىدۇ.

مەن.

— يېرىڭ شورلىنىپ بولدىمۇ؟

— نەدىكىنى، يەنە تەڭدىن تولىسى بار.

بۇ يۇرتنىڭ كۆپىنچە يەرلىرى قۇمساڭغۇ بولغاچقا، دېھقانلار ئادەتتە يىراقتىن شور ئەكېلىپ يەرنى تەڭشەيتتى. بۇ ئىككى ئاغىنە ھازىر مۇشۇ توغرىدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا يەنە ئىككى كۈنلۈك سورىغىن، ئارتۇقراق بېرىسەن شۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى قادىر غاڭزىنغا تاماكا بېرىپ تۇرۇپ.

— مۇشۇ ئىككى كۈنلۈكنىمۇ يېلىنىپ يۈرۈپ ئاران ئالغان. قاسىم قارىيكامىنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىرىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

— ھازىرغۇ ھارۋا تېپىش تەس، يېرى قۇملۇق بولسا شور تۆكىدىغان ئىش، شورلۇق يەرگە قۇم. مەھەللىدە بولسا شۇ نەچچە ئۆيلۈكنىڭلا ئات ھارۋىسى بار. دورغا[1]نىڭ ھارۋىسىنى سورىساڭ بىر كۈنلۈكىنى بىر كۈرەدىن كەم دېمەيدۇ. قاسىم قارىيكام بىلەن قانداق دېيىشكەن؟

— ئىككى كۈنلۈكىنى بىر يېرىم كۈرە بۇغدايدىن.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى قادىر غاڭزىنى تازا كۆچەپ بىر شورىۋېتىپ، — قاسىم قارىيكامىنىڭ يېنىغا يەنە بارايلى، مەنمۇ دېيىشىپ بېرەي، ئۇنىڭ ئىشى تۈگىگەندە يەنە ئىككى كۈن ئىشلىتىۋالايلى، قانداق؟

قادىر نىيازنىڭ باش چايقىغىنىنى كۆرۈپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئاداش، مۇشۇنىڭدىن باشقا چارە يوق. بۇ ئۆلۈك يېرىڭنى قانغۇدەك شورلىمىساڭ چاچقان ئۇرۇقۇڭنىمۇ ئۈندۈرۈۋالمايسەن. قاسىم قارىيكامىنىڭ توپىسىنى بىز توشۇپ بېرەيلى. ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ، توپىسىنى تۆكۈپ بەرمەمدۇق. ئۇ ھازىر يې-

① يەرلىك مەنسەپ نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىشىپ بولالمايدۇ. شۇنداق دېسەك ئۇنايدۇ. شۇنداق بولغاندا سەن هارۋىنى يەنە ئىككى كۈن ئىشلىتىپ، يېرىڭنى خېلى ئوڭ-شىۋالالايسەن. ئۈچ كۈرە بۇغداي بىلەن ئىش پۈتىدۇ. لېكىنزە، بۇ يىل ئازراق ئېشىنىپ ياغاچ - تاش راسلىۋالساڭ خويمۇ ئوبدان بولاتتى. ئېسەنلىككە كېسەك قۇيساق، بۇ ئالىچۇقتىن چىقىپ كېتەر ئىدىڭ. بولمىسا تېگىدە قالىدىغاندەك قىلىسەن.

— راست دەيسەن، — دېدى نىياز ئۆزىنى كۆلكىگە زورلاپ، — توي قىلىپ كىرىدىغان تۆشۈك تاپالمىغاندا بۇ ئۆي ئەسقاتقانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئىككى يىلغا قالماي ئۆي دېگۈدەك بىر ئۆيگە چىقىمىز دەپ ۋەدە بەرگەن. مانا ئۈچ يىلغا ئۆرۈلۈپ قال-دۇق. قېنى غەيرەت قىلىپ كۆرەي، بۇ يىل يەردىن يىگىرمە كۈرە ئاش ئالالىسام، تۆت - بەش كۈرەسىنى ياغاچ - تاشقا ئاتاپ قويى-مەن. خۇدايىم بۇيرۇسا مەھەللە ئىچىگە، بولمىسا ھېچبولمىغاندا مەھەللىگە يېقىنراق يەرگە بېرىۋالسام دەيمەن. مەنغۇ مەيلى، ھې-لىمغۇ ئالىچۇق ئىكەن، ئېغىل بولسىمۇ يېتىپ قوپۇۋېرىمەن. لې-كىنزە بۇ ئايدالادا قوشنا - قولۇمسىز كۈن ئۆتكۈزۈش ئانا - با-لىغا مۇشكۇل ئىكەن. قىشنىڭ سوغۇقچۇ تېخى ...

قاچىلارنى ئېرىغداۋاتقان زۆھرەخان ئېرىنىڭ گېپىنى بۆلۈ-ۋەتتى:

— ئەجەب بىر كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنىلا قىلىپ كەتتىلە، سىلى چىدىغان يەردە بىزمۇ چىدايمىز. خۇدايىم تېنى-مىزنى تازا قىلسا، ئىشقا چىدىساقلا دېگىنىمىز بولار. ئالدىدا هارۋىنىڭ گېپىنى قىلىشسىلا، ئۆينىڭ گېپىنى كېيىن دېيىش-سەكمۇ ئۈلگۈرگۈلۈك.

ئىككى ئاغىنە زۆھرەخاننىڭ گېپىدىن كۈلۈشۈپ ئورۇنلى-رىدىن تۇرۇشتى. نىياز قادىرنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆي-گە يېنىپ كىرىپ كاڭدا ئوڭدا يېتىپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان بالىسىنى قولىغا ئېلىپ ئويناتتى. يىرىك ساقاللىق يۈز-لىرىنى بالىنىڭ بۇدرۇق يۈزىگە سۈركەپ بوۋاقنى ئەندىكتۈرۈۋەت-

تى. ئۆينى تازىلاۋاتقان زۆھرەخان بالىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ دەرھال بېرىپ بالىنى ئېلىۋالدى ۋە:

— قارىمامدىغان قوپاللىقىنى، كىچىك بالىنىمۇ مۇشۇنداق ئويناتقان بارمۇ؟ سىمدەك يىرىك ساقاللىرى بىلەن ساقامنىڭ يۈز-لىرىنى قىزارتىپلىۋېتىپتۇغۇ، — دەپ ئېرىنى جىمىلىگەن بولدى.

نىياز كۆلۈپ - ھىجىيىپ زۆھرەخاننىڭ بالىنى پەپىلەشلىرىگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قارىشىدىن خوتۇنىغا سۆز بىلەن ئىز-ھار قىلىش تەس بولغان ئامراقلىق، مىننەتدارلىق ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسى زۆھرەخاننىڭ باياتىنقى سۆزلىرىدىن قوزغالغانىدى.

زۆھرەخان ئوتتۇرا بوي، قارا كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك مۇڭلۇق جۇۋان ئىدى. نىياز ئۇنىڭ ئۆزى تىكىپ كىيىۋالغان كەشتىلىك دوپپىسىغا، كۆك يوللۇق ماتا كۆڭلىكىگە، قارا تېرىكىدىن تە-كىلگەن كونىراپ قالغان جىلىتكىسىگە، پۇتىدىكى گۈللۈك كې-پىشىگە[1] خۇددى بۇلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپلا قالدى ۋە تويدىن كېيىن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ ئېغىر خورسىندى.

زۆھرەخان ئېرىنىڭ ئۇھ تارتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى نوقۇشلاپ ئې-غىر خىياللاردىن قۇتقۇزدى:

— ھارۋىنى قوشۇپ شورغا ماڭسىلا، بولمىسا ئىسسىق چۈ-شۈپ كېتىدۇ. گەپ بايا دېيىشكەندەك بولسا، بۈگۈن كەچكىچە يەرنىڭ يېرىمىنى شورلاپ بولمىساق بولمايدۇ، شۇنداقمۇ - ھە؟

— ھەئە، كەچتە ھارۋىنى ئاپىرىپ بەرگەچ قارىيكامغا يېلى-نىپ كۆرىمەن، ئامال بار يەنە ئىككى كۈنلۈك ئالىمەن، يەرنى يەتكۈزۈپ شورلىمىساق بىزنىڭ بۇ زەئىپ يېرىمىزدىن يىگىرمە كۈرە ئاش چىقمايدۇ.

شۇ گەپلەردىن كېيىن نىياز گۈس - گۈس دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

---

[1] ئاياغ.

## 2

پېشىن ۋاقتى. زۆھرەخان بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلدى. نىياز ئېتىزدا يەر ھەيدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قولىدا ساپاننىڭ دەستىسى، بىر قولىدا قامچا بولۇپ، ساپاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ساپاننىڭ دەستىسىگە قورساق-چىلاپ يېتىۋالغاچقا ساپاننى تارتىۋاتقان ئېشەكنى ھەيدەپ سولىدا ماڭدۇرۇش مۇشكۇل بولۇۋاتاتتى. ئۇ توختىماي ئېشەككە توۋلايت-تى، تۇرۇپ - تۇرۇپ قامچىنى ئىشقا سالاتتى. ھارغان ئېشەك بىردەم - بىردەم توختىۋېلىپ نىيازغا خاپا سالاتتى. زۆھرەخان چىڭقىچۇشتە چىلىق - چىلىق تەرلەپ - پىشىپ يەر ھەيدەۋاتقان نىيازغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. دەرھال قولىدىكى داستىخانغا ئوراقلىق نان - چاينى يەرگە قويدى ۋە بالىنى ئې-تىزنىڭ بېشىدىكى يېگانە توغراقنىڭ سايىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇن چىقارماي كېلىپ ئېشەكنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ساپاننى تارتىش-تى. قىر بېشىغا كەلگەندە زۆھرەخان بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ بالىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. نىياز قوش[①]نى يېڭى سولغا توغرىلاپ قويۇپ ئېغىر چامداپ زۆھرەخاننىڭ يېنىغا كەلدى. بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ بالىنى پەپىلەۋاتقان ئايالىدىن.

— بۇ ئاتىنىڭ گۆشى نەزىر ھېسابىغا ئۆتۈپ كەتتى. پۇلغا ئالىدىغان ئادەم يوق. ھەممىسىلا كۆزدە بىرەرمىز دېگەن گەپنىلا قىلىشىدۇ. پۈتۈن - سۆرۈك بىر ئاتىنىڭ گۆشى بىكارغىلا تارقى-تىلدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا بولۇۋاتقان بۇ پاراڭ ھەققىدە ئازراق ئەسكەرتمە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

---

① قوش — ساپان.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى نىياز قاسىم قارىينىڭ ئېتىنى ئىككىنچى رەت سورىۋېلىپ شور توشۇۋاتقاندا كۆتۈلمە-گەن پېشكەللىككە ئۇچراپ ئاتنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئىش شۇنداق تاسادىپىي بولدىكى، نىياز بىرەر چارە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. لىق شور بېسىلغان هارۋا يول ئۈستىدىكى دۆڭدىن چۈشۈۋاتقاندا ئات مۈدۈرۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ دۆڭمۇ دۆڭ دېگۈدەك دۆڭ ئەمەس ئىدى. بىراق، هارغىنلىق يەتكەن ئات دۆڭدىن چۈشۈۋاتقان هارۋىنىڭ سەلگىنە تېزلەشكىنىگىمۇ ماس-لىشالماي قېلىپ مۈدۈرۈلدى. هارۋىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان نىياز ئالمان - تالمان شوتىنى كۆتۈرۈپ باستى، كۆتۈرەلمىدى. ئاتنى تارتىپ باقتى، ئات تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن هارۋىنىڭ ئالدىنى يېنىكلەتمەكچى بولۇپ، شورنى كۈرەك بىلەن يەرگە تاشلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ هەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان ئىدىكى، ئەتىگەن-دىن بۇيانقى هارغىنلىق، ئاچلىقلار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. يېرىم هارۋا شور هەش - پەش دېگۈچە چۈشۈرۈلۈپ بولدى. نىياز ئاتنى هارۋىدىن بوشىتىپ شوتىنى كۆتۈردى. ئات شۇندىمۇ تۇرالمىدى. نىياز هارۋىنى دىققايت قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ يې-تىپ قالغان ئاتنى يۆلىدى، تارتىشتۇردى. ئاخىرچە شور باسقان يەنە بىر هارۋا كېلىپ قېلىپ، بۇ هارۋىكەشنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتنى ئاران تۇرغۇزغان بولۇشتى. لېكىن، ئاتنىڭ ئالدى ئوڭ پۇ-تى يەر دەسسىيەلىگىدەك ئەمەس.

— پۇتى سۇنۇپتۇ، — دېدى ياردەملىشىۋاتقان هارۋىكەش ئاتنىڭ پۇتىنى سىلاپ كۆرۈپ. نىيازنىڭ بېشىدىن بىر چېلەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى. ئۇ باياتىن ئاتنىڭ پۇتىنىڭ بۇرتۇپ چىققان ئۈستىخىنىنى كۆرگەن، لېكىن مۇشۇنداق بولماسلىقىنى خۇدادىن تىلىگەنىدى. لېكىن، ئاتنىڭ پۇتىنىڭ سۇنغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

نىياز ئۇچ پۇتلۇق بولۇپ دىڭگۇسلاپ قالغان ئاتنى يېتىلەپ مەهەللىگە كەلگۈچە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بولغان قاسىم قا-

ربي كوچىنىڭ دوقمۇشىدا چىرايىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ھالەتتە ئۇ-
نى كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئاتنى ساڭا ساق تاپشۇرغان، ساق ئالىمەن. بۇ چولاق ئات-
نى نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىل، — دېدى ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن
ئاۋازى بىلەن بوغۇلۇپ سۆزلەپ. يىغلىغان خەقنىڭ سالا — سۆل-
ھىسى بىلەن چولاق ئاتقا نىياز ئىگە بولىدىغان، نىياز ئات ئىگى-
سىگە يا يېڭىدىن بىر ئات ئېلىپ بېرىدىغان، يا بولمىسا بۇ يىل
ئون بەش كۈرە بۇغداي، ئېسەنلىككە ئون بەش كۈرە بۇغداي ياد-
دۇرىغان قىلىپ كېلىشتۇرۇلدى. نىياز گۇناھكاردەك بېشىنى
ساڭگىلاتقىنىچە لام — جىم دېمەي ئاتنى يېتىلەپ ئۆيگە ياندۇرۇپ
كەلگەنىدى.

ئاتنىڭ پۇتىنى تاڭدۇرۇپ باقتى، بىلگەن، ئاڭلىغان ئامالللار-
نىڭ ھەممىسىنى قىلىپ كۆردى. ئاتنى باقان بىلەنمۇ پەقەتلا
سەمرىتكىلى بولىدىغان، پۇتىنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقىغا
كۆزلىرى يېتىپ بازاردىكى قاسساپلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار
قىلىشقانىدى. شۇ ئىشلار بىلەن ئارىلىقتا ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ
كەتتى. بۈگۈن سەھەردە زۆھرەخان قادىر بىلەن بىللە ئاتنى ئې-
لىپ بازارغا كىرىپ كەتكەنىدى. ھازىر زۆھرەخان ئېرىگە بازاردا
بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

— نەچچە قاسساپنى ئىزدەپ باقتۇق. بىرسى مەن ئات سو-
يالمايمەن، ئاتنىڭ گۆشىنى خەق تازا ئېلىپ كەتمەيدۇ، دېدى، يە-
نە بىرسى ھازىر خەقنىڭ قولىدا پۇل نېمە قىلسۇن، نېسىگە سا-
تىمەن، دەپ، يوق بىلەن بارنىڭ ئارىسىدىكى باھانى ئېيتىپ تو-
رۇۋالدى. ئاخىر ئامال يوق مەھەللىگە ياندۇرۇپ كېلىپ سويدۇق.
خەقلەر بىرەر ئاشلىقتىن ئېلىشتى. ھەممىسىلا كۈزلۈكتە ياد-
دۇرارمىز، دېيىشىدۇ. يانامدۇ، يانمامدۇ، خۇدايىم بىلىدۇ. ئىشقى-
لىپ، نەزىر بولۇپ كەتتى.

زۆھرەخان بالىسىنى ئېمىتكەچ يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئېي-
تىپ بەردى. ئېرىنىڭ مۆكچىيىپ كەتكەن ھالىتىگە قاراپ ئىچى

ئاغرىپ كۆڭلىنى كۆتۈردىغان گەپلەرنى تېپىپ قىلاي دېسىمۇ ئۇنداق گەپلەرنى تاپالمىدى. نىياز بولسا شۇمشەيگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپلا كەتتى. ئۇنىڭدىن يا ئاق، يا قارا دېگەن زۇۋان چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ زۆھرەخان سەل چېچىلغاندەك:

— بىزنىڭ ئاتنى مەھەللىدە سويغىنىمىز بولماپتۇمۇ يا؟ — دەپ سورىدى ۋە ئېرىنىڭ يەنىلا ئۈن چىقارمىغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلامسىرىغان ھالەتتە سۆزلىدى:

— بۇنچىلىك بوشاپ كەتمىسلە، باشقا گەلگەننى كۆرمەك-تىن باشقا نېمە چارە، بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن توگەر، مانا نەزىر قىلغاندەكلا ئىش بولدى. خۇدايىم بار، دېمەكتىن باشقا نېمە دەي-مىز. گەدىنىدە قەرزى بار بىزلىمۇ؟ ھەممىلا خەق شۇنداق ياشاۋا-تىدىغۇ، ئۆلارمۇ ئۆلۈپ قالمىدى. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. باشنى كۆتۈرسىلە، سىلى بوشاپ كەتسىلە، ئانا - بالا بىز قانداق قىلىمىز؟

نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلاردىكى مەلۇم بىر نۇقتىغا قادىلىپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

— مەن تارتقان جاپالىرىمغا ئۆكۈنمەيمەن، جاپادىن يىقى-لىپمۇ قالمايمەن. لېكىن، شۇنچە تىرىشىپ - تىرمىشسامۇ كۈ-نۈمنىڭ ئوڭشىيالماي، تەتۈرگە كېتىپ بارغانلىقىغا ھەيرانمەن. سېنى ئالغاندا ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار ئىدى. سېنى ياخشى كۈنگە يەتكۈزەلەيمەن، دەپ ئويلىغۇدىم. ھازىر كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ. سى-لەرنى جاپاغا قويدۇم، ھەي …

نىياز ئۇھ تارتىپ سۆزدىن توختاپ قالدى.

— ئۇنداق دېمىسلە، مەن سىلىدىن كۆرمەيمەن. پېشانى-مىزدىن كۆرىمەن. كەمبەغەللىنىڭ ئىشى مۇشۇنداق تەس بولىدى-كەن، بۇنىڭغا شۈكۈر دېمەي نېمە ئامال. لېكىن، ئۈمىد ئۈزمى-سىلە، ئوغلىمىز چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۈمۇ ئەسقېتىپ قالىدۇ. قاراپ باقسىلا، كۈن ئالالمايۋاتقانلار بىزلا ئە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسقۇ، ھەممىلا خەقنىڭ كۆنى بىزدەكلا، ھال ـ كۆنى ياخشى دېگەنلەر شۇ بىر ـ ئىككىلا باي خەقلەر. قالدى خەقنىڭ ھالى بىزدەكلا، ھەتتا بىزدىن بەتتەرلىرىمۇ خېلى بار. بۇنىڭغىمۇ شۇ-كۇر خۇدايىم. بەل قويۇۋەتمىسىلە، قەرزىمىزنىڭ يېرىمىنى بۇ يىل ئۈزۈۋەتسەك، قالغىنىمۇ تۆگەپ قالار. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان.

زۆھرەخاننىڭ گەپلىرى نىيازغا سەل تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن ۋۇجۇدى سەل ئىللىغاندەك بولدى. خوتۇنى ئە-كەلگەن ناننى يەپ، چاينى ئىچتى. ئاندىن ئەر ـ خوتۇن بىرلىكتە ئېتىزغا قايتىپ كەلدى. قوش ھەيدەۋاتقان نىيازنىڭ ئۇلاقىقا ھاي ـ ھايلاشلىرى، زۆھرەنىخاننىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازى قايتا ياڭراشقا باشلىدى.

## 3

خامان مەزگىلى، نىياز ئارا بىلەن سامانىنى بىر يەرگە يى-غىۋاتاتتى. يېنىدا زۆھرەخانمۇ بار. ئۇمۇ ياردەملەشمەكتە. شۇ ئەسنادا قادىر كېلىپ قالدى، ئۇ:

— ھارماڭلا، ئاداش! — دېگىنىچە بىر چەتتە دۆۋىلەكلىك ساپ ئۆگۈتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يىگىرمە ئىككى كۈرە بۇغدايدىن قالغىنى مۇشۇلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەجەبلىنىپ. چۈنكى، ئاخشام بۇغداينى كۈرلەپ ئۆلچىگەندە ئۇ بار ئىدى، شۇ چاغدا نەق يىگىرمە ئىككى كۈرە چىققانىدى.

— ئەتىگەندە قاسىم قارىيكام كەپتۇ. ئۇ ئون سەككىز كۈرد-نى ئېلىپ كەتتى، — دەپ چۈشەندۈردى نىياز ۋە ئۇلاپلا، — ئون بەش كۈرەسى ئاتىنىڭ، ئۈچ كۈرەسى ھارۋا ئىشلەتكەنىنىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— يەنە باشقا بېرىشىڭمۇ بارمۇ؟ ھە، راست. ئۇرۇقلۇققا ئال-

غان ئىككى كۆرنى تۆت كۆرە قىلىپ ياندۇرسەن. ئاپلا، ئۇنداقتا ...
قادىر گېپىنى تۇگەتمەي توختاپ قالدى. چۈنكى، بۇ دۇۋ-
لەكلىك تۆت كۆرە بۇغداينى بېرىۋەتسە نىيازغا ھېچ نەرسە قال-
مايدىغانلىقىنى ئاغىنىسىنىڭ ئېسىگە سالغۇسى كەلمىدى.
بىراق، بۇ ئاقىۋەتنى قادىر دېمىگەن بىلەن نىيازنىڭ ئۆزى دە-
ۋەتتى:
— ئۇنداقتا نېمە بولاتتى. ئالتە ئاي ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمە-
نى چىشلەپ بولىدۇ شۇ. بولدى ئاداش، بۇنداق بولۇۋاتقانلار بىز-
لىمىدۇق. ئەكېلە تاماكاڭنى بىر چېكىشەيلى.
قادىر تاماكا خالتىسىنى پوتىسىدىن يېشىۋېتىپ ئاغىنىسى-
گە دىققەت قىلدى. چۈنكى، ئۇڭاي غەيرەتلىنىپ، ئۇڭاي سوۋۇيدى-
غان نىيازنىڭ مىجەزىدە بۇگۈنكى نەتىجىنى قوبۇل قىلىش تەس
ئىدى. قادىر ئاغىنىسىنىڭ كەيپىياتىدىكى نورماللىقنى، خاماز-
نىڭ ئاقىۋەت مۇشۇنداق خۇلاسىلىنىدىغانلىقىنى ئەر - خوتۇن
ئىككىيلەن ئالدىقاچان پەرەز قىلىشىپ كۆنۈشۈپ قالغانلىقىدىن
دەپ چۈشەندى. بۇ ئەھۋال قادىرنى ئاز - تولا خاتىرجەم قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن ئاغىنىسىنىڭ ھال - كۈنى ئۆزىگە بەش قولدەك
ئايان بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غەشلىكتىن قۇتۇلالمىدى.
نىيازنىڭ ئۆزىنى بۈگۈنكىدەك تۇتۇۋېلىشىنى كۆتكەن بولسىمۇ،
لېكىن قىش - ياز، كېچە - كۈندۈز، ئات - ئېشەكتەك ئىشلەپ،
ئاخىر قۇرۇق سامانغا ئىگە بولغان ئەر - خوتۇنغا ئىچى ئاغرىدى:
بۇ يىلغۇ مۇشۇنداق بولدى، بۇلتۇرمۇ شۇنداق بولغانىغۇ، ئۇنىڭ
ئالدىدىچۇ؟ پەلەكنىڭ چاقى كەمبەغەللەرگە تەتۈر چۆرگۈلەمدىغاز-
دۇ؟ خۇدايىمنىڭ كۆزى يوقمىدۇ؟ قادىر ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈ-
لۇۋاتقان ئاچچىقىنى باسالماي سۆزلەپ قويۇپ، نىياز بىلەن زۆھ-
رەخاننىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئال-
دىراپ كېتىپ قالدى. لېكىن، كۈن كەچ بولغىچە ئۇنىڭ ئەس -
يادى نىيازدىلا قالدى. بولۇپمۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان نىيازنىڭ زور
ئۈمىدلەر بىلەن جان پىدا قىلىپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھە دېسىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى قادىرنىڭ كاللىسىدا زادىلا ئۆتمىدى. كەچقۇرۇن قوشنىسىدىن ئېشەك ھارۋىسىنى ئۆتنە ئې-لىپ، يەنە بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە بېرىپ ھەپتە كۈن بۇرۇن سۆز-لىشىپ قويغان ئىككى تال چەنزىنى ھارۋىغا بېسىپ نىيازنىڭكى-گە كەلدى.

ئىشىك ئالدىدىكى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ نىياز ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن زۆھرەخانمۇ تاشقىرىغا چىقتى.

— قادىرمۇسەن؟ — دېدى نىياز ھارۋىدىكى ئاغىنىسىنى تو-نۇپ، — نېمىلىرىڭ بۇ ھارۋىدىكى؟

— نېمە بولاتتى، چەنزە، مۇنۇ يېتىۋالاي دەپ قالغان ئالدى-چۇقۇڭغا تىرەك قويمىساق بولالماي قاپتۇ، كېلە، ياغاچنى چۈ-شۈرۈۋالايلى.

ئىككى ئاغىنە ياغاچنى چۈشۈردى. ھازىر كۆز باغلانغان ۋاق بولغاچقا، تىرەك قويۇشنى كۈندۈزگە قالدۇرۇپ قادىر كېتىپ قالدى. قادىر ماڭغۇچە نىيازنىڭ كۆزلۈك بوغدايىنىڭ ئورنىغا قو-ناق تېرىشنىڭ پىلانىنى قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى خا-تىرجەم بولۇپ قالدى.

نىياز ئاغىنىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ زۆھرەخانمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نىياز بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئۆينىڭ تۆت تەرىپى-نى بىر چۆرگۈلەپ چىقتى. ھازىر قاراڭغۇ بولسىمۇ ئالىچۇقنىڭ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ۋاقتىدا تىرەك قويۇلمىسا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغانلىقى ئېنىق. نىياز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆينىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن، لېكىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. غەلىتە ئىشقۇ بۇ، زۆھرەخانمۇ نەچچە قېتىم ئەسكەرتكەن. بۇ گەپلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىدا توختى-ماپتۇ. بۇ ئالىچۇقتا ئۇزاق ئولتۇرىمەن دەپ ئويلىمىغان - دە. ئۇنىڭ ئەس - يادى ئېتىزلىقتىن باشقا نەرسىدە بولغان ئەمەس، بولتۇرمۇ شۇنداق ئىشلىگەن، ئۇزاقى يىلىمۇ شۇنداق. ھەر يىلى

قىشچە قەرزگە بوغۇلىدىغان گەپ. كۈزلۈك قوناققا چوڭ ئۈمىد
باغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدى مۇشۇ خامانغا باغلانغانىدى.
مانا بۈگۈن خامانمۇ تۈگىدى. ئىلگىرى مۇشۇنداق نامازشامدا ئۆي-
گە يېنىپ كېلىپ باققانىدى. مانا بۈگۈن ھەممىسى تۈگەپ بال-
دۇرلا يېنىپ كەلدى. ھە، راست، تۈگىمىگەن نەرسىمۇ بار. گە-
دەندە يەنە ئون بەش كۈرە قەرز بار. ئېسەندە يەنە بۇ يىلقىدەك
بولارمۇ؟

نىياز ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ھېلى قادىر ئەكېلىپ بەرگەن
تىرەك قىلىدىغان چەنزىلەرنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى. ئۇ ئۇزاقتىن
بېرى بۇنداق بىكار ئولتۇرۇپ باقمىغان. ئۆلگۈدەك ھېرىپ -
ئېچىپ ئەلياتقۇدا ئۆيىگە ياناتتى. غىزانى يەپ بولمايلا ئۇيقۇغا
كېتەتتى. تاڭ سۈزۈلمەيلا كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپ ئېتىزغا ئال-
دىرايتتى. نىياز تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئالدىرىغۇدەك ئىشى قال-
مىغاندەك سەزدى. بۇنىڭدىن چوڭقۇر خورسىندى. ياق، قىلىدىغان
ئىش يوقمۇ ئەمەس ئىكەن. ئالىچۇققا تىرەك قويمىسا بولمىغۇ-
دەك، ئىككى تىرەك يەتمىسە قانداق قىلارمەن؟ ياغاچ تېپىش كې-
رەك. كىم بىلىدۇ بۇ ئالىچۇقتا يەنە نەچچە يىل ئولتۇرىدىكىن؟

نىياز يامغۇردا تامچە ئۆتۈپ توختىمايدىغان، شاخ - شۇمبى-
لىرىنىڭ ئارىسىدىن شىۋىرغان شۇرقىراپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئا-
لىچۇققىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ ئولتۇردى. كونىراپ ئۆتمىتۆشۈك
بولۇپ كەتكەن ئالىچۇقمۇ خۇددى نىيازنىڭ خىياللىرىنى بىلگەن-
دەك مۈڭلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئابلىمىت مەسئۇدى

# سارالڭ ساقايدى

## 1

ئايدىڭ كېچە.

كۈزنىڭ سالقىن شامىلى «گوبى»نىڭ دەرەخ شاخلىرىنى ئاستا لىڭشىتاتتى. يىراقتا ئۆستەڭنىڭ سۈيى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاقاتتى. كۆپكۆك ئاسمان دېڭىزىدا ئاي لەرزان ئۈزەتتى. نۇراخۇن قەغەزلىرى يىرتىلغان دېرىزىدىن ئاي نۇرى ئۇزۇن شولا بولۇپ چۈشۈۋاتقان ئۆيدە سامان تەكىيگە يۆلەنگىنىچە خىيال سۈرەتتى.

نۇراخۇن قولىدىكى موخوركىسىنى پات ـ پات قىزىل چېكىت چىقىرىپ شوراپ قوياتتى. ئۇ تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم قاتتىق شورىۋېلىپ قالدۇقىنى يەرگە ئاتتى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى ۋە ئالدىنقى كەلگۈسىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى دېرىزىگە، ھەتتا دېرىزىدىن ئېشىپ ئاي نۇرىدا خىرە ـ شىرە يورۇپ تۇرغان ئېتىزلارغا تاشلاندى. ئۇ ئەمدىلا ئۇخلاشقا تەمشەلگەندە دەرۋازىنىڭ ھالقىسى توساتتىن قاتتىق قېقىلدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كىمدۇر بىرسىنىڭ قورقۇنچ ئارىلاش ئۈنى ئاڭلاندى:

— ۋاي نۇراخۇن ئاكا! نۇراخۇن ئاكا!

نۇراخۇن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چاپىنىنىڭ بىر يېڭىنى

سېپىپ ئالدىراپ دەرۋازىغا يۈگۈردى:
— مانا، مانا! چىقىۋاتىمەن، — دەيتتى ئۇ چاپىنىنىڭ يەنە بىر يېڭىنى سېپىشقا ئالدىراپ.
— بول! بول! — دەيتتى دەرۋازا قاققان كىشى.
— نېمە بولدى؟
— چاپسان بول!
نۇراخۇن دەرۋازىنى ئاچتى ۋە بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھىدەيىتۇللا ھاجىمنىڭ جاڭزىسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىشىلەر توپى ئارىسىدىن «ۋاي خۇدايىم، ئۆزۈڭ ساقلا!»، «ئىسىت، خويمۇ ئوبدان يىگىت ئىدى ئۇ! ...» دېگەندەك ھەسرەتلىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.
— نېمە بالا بولدى نوجۇۋۇل؟ ئېيتقىنا ئادەمنى قىينىماي! — تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى نۇراخۇن.
— داۋۇتقا جىن چاپلىشىپ قاپتۇ!
— جىن چاپلىشىپتۇ؟!
— ھەئە.
— ئاھ! دوستۇم ... نېمە بالا بۇ؟ ... يۇرە، نەدە ئۇ؟
— ھىدەيتۇللا ھاجىمنىڭ بېغىدا.
— چۈنچىدىما؟
— ھەئە.
ئەل ـ جامائەت قومۇرۇلۇپ دېگۈدەك شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشەتتى، باللار ئانىلىرىنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىگە ئېسىلىشىپ بىللە ئەگەشتى. بارات بىر كۆك ئېشەكنى مىنىۋېلىپ ھەدەپ چاپتۇراتتى.
— ئاستىراق ماڭساڭچۇ! نېمە، تويدىن قالىدىغاندەك يۈگۈرەيسەن! — دېيىشەتتى باشقىلار ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ.
— خاپا بولما، ئاكا، تېزرەك ماڭايلى، — دەيتتى بارات ۋە ئېشەكنى «خىت!» دېگىنىچە يەنە ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ كەتتى.
— ھەي شەيتان، خۇددى ئاتاڭنى دوراپسەن. ھەييارلىقىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا، سىنىڭ!

ھىدەيىتۇللا ھاجىنىڭ بىغىدىكى ئىگىز چۇنچىنىڭ ئەتراپى ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. نۇراخۇن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ چۇنچە يېنىغا كەلدى ۋە:

ــ داۋۇت، نېمە بولدۇڭ دوستۇم؟ ــ دەپ سورىدى پەستىن چۇنچىگە بويىنىنى قاقىردەك سوزۇپ.

داۋۇت سۆزسىز پەسكە قاراپ قۇرۇق تېزەكلەرنى يەيتتى، ياغاچلارنى غاجىلايتتى ۋە يىغلايتتى.

ــ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئارىدىن بىرسى.

نۇراخۇننىڭ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. «تونۇگۈنلا ساق ئادەم بۇگۈن ئەجەب ساراڭ ... بۇ قانداق گەپ؟... تونۇگۈن ناخشا ئېيتىپ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئادەم، بۇگۈن تېزەك چايناپ ئولتۇرسۇن؟ بۇنىڭدا بىر سىر بار. ئۇنىڭغا كىم قەست قىلغان؟ بۇنى تېپىش كېرەك» دېگەن ئوي ئۇنىڭ مېڭىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتتى.

## 2

ئۇزۇملەر مەي باغلىغان چاغ. شاخ ـ شاخلاردا مەرۋايىتتەك ئېسىلىشىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان ھەر خىل ئۇزۇملەر «مانا مەن پىشتىم، مېنى ئۈزۈۋال» دېگەندەك يالتىراپ كۆزلەرنى چاقنىتاتتى. داۋۇت بىر ساپ ئۇزۇمنى سېۋەتكە سالدى، ئاندىن كېيىن ئىگىلگەن بېلىنى بىر ئۆۋۈلاپ خام كۆڭلەكنىڭ يېڭى بىلەن چېچى ئارىسىدىن پېشانىسىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى ئېرتتى ۋە كەتمەندەك ئالقىنىنىڭ ئارقىسىنى ئاغزىغا دالدا قىلىپ تۇرۇپ كېرىلىپ بىر ئەسنىدى.

نېرىدا توختىخان بىلەن ھېلىمخانلارمۇ ئۇزۇم ئۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپ داۋۇتنىڭ قىلىقلىرىغا سەپسالاتتى ـ دە، بىر ـ بىرى بىلەن جىددىي پاراڭلىشىپ كېتەتتى:

— داۋۇت ياخشى يېتىم، ئەمما ئۇنىڭ خىيالى تۈگىمەيدۇ - ھە ؟ — دېدى ھېلىمخان ئالدىغا چۈشۈپ ئارام بەرمەيۋاتقان چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ.
— كىم بىلىدۇ، بىرەر دەردى باردۇر ...
— نېمە دەردى بولاتتى دەيسەن، خوتۇنى بار ئىكەن، بالىسى بار ئىكەن ...
— قىزىق ئىكەنسەن، دوستۇم، — دېدى توختىخان، — بالىچاقىسى بولغان بىلەن ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۈشلۈق دەردى بار - دە.
— دېمىنا ئەمدى، خىيال قىلامدىكىنتاڭ ...
— ھېلىمۇ خىيال قىلمايدىكەن، قايغۇ - ئەلىمى ئازمۇ ئۇنىڭ ...
ھېلىمخان ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ، سەل قورققان رەۋىشتە:
— توختىخان، گەپ قىلماي ئۆزۈمنى ئۈز، روزى چولاق كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.
— ئۇنىڭدىن كىم قورقاتتى دەيسەن، — دېدى توختىخان دېھقان ئاياللىرىغا خاس ساددا ۋە مەغرۇرانە قىياپەتتە.
كۆڭلىكىنىڭ ئوچۇق ياقىسى ئېتىنىڭ قولىقىدەك سالپايغان، پاكار، تولۇم چاشقاندەك سېمىز، ھومىيىپ قارايدىغان روزى بارتۇ ئېرىقلارنى ئاتلاپ - ئاتلاپ يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئۆزۈم ئۈزۈۋاتقانلارغا بىر قۇر كۆز سالغاندىن كېيىن نەزىرىنى چۈنچىگە ئاغدۇرۇپ:
— يۈرە داۋۇت، ھاجىم سەن بىلەن بىرئاز سۆزلەشمەي دەيدۇ، — دېدى - دە، داۋۇتنى باشلاپ ئېلىپ كەتتى.

## 3

يوغان ۋە قوپال سالاسۇنلىرى باغ تەرەپكە قارىغان شىپاڭدىكى قېلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە ھىدەيتۇللا ھاجى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.
— ھىم، كەل، بالام، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋۇت كېلىپ تۆۋەنرەك جايدىن ئورۇن ئالدى.

— يۇقىرىراق چىق، بالام، تارتىنما، — دېدى ھىدەيتۇللا ھاجى.

داۋۇت ھەيران بولدى: «بۇ ئادەم تونۇيۇقسىز رەھىمدىل بولۇپ قاپتۇغۇ! ...» ئۇ روزى بارتۇغا بىر قارىدى ۋە: «ئەگەر تاۋار كۆرپىگە مۇشۇ كىيىم بىلەن چىقسام، مېنى كېيىن سويۇپ يەيسەنغۇ خۇنپەر» دەپ ئويلىدى كۆڭلىدە.

— بالام، ئەھۋالىڭ قانداقراق، بالىچاقاڭنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— خۇداغا شۈكۈر، يامان ئەمەس، — دېدى داۋۇت جاۋابەن.

— دۆلەتلىرىدە ھاجىم، بىز ئوبدان ئۆتۈۋاتىمىز، — دېدى روزى چولاق خۇشامەتگۆيلۈق بىلەن سۆز ئارىلاپ.

«ھەي تىلىڭغا كۆيدۈرگە چىققۇر! كىمنىڭ دۆلىتىدە كىم ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ؟ ئىسىت، سېنىڭ ئىنسانلىقىڭ! ئىسىت-ئىسىت! ... ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ دۆلىتىدە داۋۇت ياشاۋاتامدۇ تېخى!»

— سەن بىزنىڭ جاڭزىغا چىقىپ ئىشلىگىلى قانچە يىل بولدى؟ — سورىدى ھىدەيتۇللا ھاجى.

— ئالتە يىل بولدى.

— ھە، دۇرۇس. ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمىگەن بولسىمۇ ئاتا-بالىدەك بولۇپ كەتتۇق. شۇنداق بولسىمۇ جان بار يەردە قازا بار، دەپتىكەن. بىر ھېساب-كىتاب قىلىپ كۆرسەك قانداق دەيسەن؟

— ناھايىتى ياخشى، ھاجىم، مەنمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇراتتىم.

— روزاخۇن، ھاي روزاخۇن، — قىچقاردى ھىدەيتۇللا ھاجى.

— خوش، تەخسىر، — يېڭىراق سىرتقا چىقىپ كەتكەن روزى بارتۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ شىپاڭغا كەلدى.

— داۋۇت ئاخۇن بىلەن بولغان ھېساب-كىتاب دەپتىرىنى ئېلىپ كەل.

— ئوبدان.

داۋۇت بوينىنى قىسىپ، ياش سۇۋادان تېرەك قاتارىنى بويلاپ ياسالغان رېشاتكىغا يۆلەندى. ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرى يەرگە قادالغانىدى. ھىدەيىتۇللا ھاجى تورۇسقا، باغقا، دەرەخلەرگە، نېرىدىكى ئۈزۈمزار بىلەن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاللىق بۇلاققا، ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىلەرگە، ئالدىدىكى شىرەگە خۇددى مۇشۇكنىڭكىدەك كۆزلىرى بىلەن تىكىلەتتى. داۋۇت پۈتمەس - تۈگىمەس خىياللارغا غەرق بولغانىدى.

«خوتۇنۇم نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ ئېغىر بوي ئىدى ... كەنجىچۇ؟ ئۇ مەن باردا ‹ئىگە - ئىگە› دەپ يىغلايتتى. ئەركىلەتسەم ‹دەتتە - دەتتە› دەپ شالىلىرىنى چاچرىتاتتى. ‹مەن ئىشلەپ پۇل تېپىپ كېلەي›، دەپ بۇياققا ماڭغاندا ئانام سۇپىدا يىغلاپ قالغان. خوتۇنۇم ‹ بىزگە كىيىملىك ئالغاچ كېلەرسىز؟›، دېگەنىدى. ئۇ يەنە مېنى يالغۇزتېرەككىچە ئۇزىتىپ كېلىپ ‹پات كېلىڭ›، دەپ كۆزىگە ياش ئالدى. بالامنىڭ قولىنى خوشلىشىش بەلگىسى قىلىپ پۇلاڭلاتتى ... مانا ئالتە يىل ئىشلەپتىمەن، ئارتۇق ئەمەس تۆت دادەن ئاشلىق ئالساملا رازى بولاتتىم، ئاندىن بىر ئات مىنسەم، رەخت، چاي ئالغاچ ئۆز يۇرتۇمغا قايتسام ... »

— روزى دەپتەر بولۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟ كېچىكتىڭغۇ ! — ھاجىنىڭ غودۇڭشىغان قوپال ئۈنى داۋۇتنىڭ خىيالىنى ئۈزدى.

— مانا، مانا ! — روزى توپا بېسىپ كەتكەن بىر دەپتەرنى شىرەگە ئەكېلىپ قويدى. داۋۇت شۇ چاغدىلا بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

— تىڭشا، بالام داۋۇت، ھېساب قىلىمىز، — چوتنى ئالدىغا تارتتى ھىدەيىتۇللا ھاجى ۋە قوشۇپ قويدى، — سەن ئوقۇپ بەر، روزى !

داۋۇت مەيۇسانە ئولتۇراتتى، ھىدەيىتۇللا ھاجى باشقۇرغۇچى روزىنىڭ قارىلىغاچتەك ۋىچىرلاپ سايرىشىغا مەست بولغان ھالدا كۆڭۈللۈك ھالدا چوت سالدى. ئاخىر چوتنىڭ ئۇرۇقى ئازلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىپ قالدى. ھىدەيىتۇللا ھاجى بىلەن روزى ئۇرۇپ - سوقۇپ يۇرۇپ «ھېساب» نى تۈگەتتى.

— ئىش تامام، — دېدى ھىدەيىتۇللا ھاجى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — يەنە بىر يىل ھەقسىز ئىشلەيسەن، تامىقىڭ بىلەن قىشلىق، يازلىق — ئىككى قۇر كىيىمىڭ بىزدىن.

— ھاجىم ئاتا، — دەپ سۆز باشلىدى داۋۇت يەرگە قادىلىپ تۇرۇپ، — بىز مىسكىنلەرگە بىرئاز رەھىم قىلسىلا.

— رەھىم قىلسىلا ؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ ھازىر مەن ساڭا يامانلىق قىلىۋاتىمەنما ؟ ئاتا - ئاناڭمۇ مەندەك رەھىمدىل بولمىغىيدى. مەندەك رەھىمدىل كىشىنى پۈتۈن تۇرپاندىن تاپالامسەن ؟ ئالتە يىلدىن بېرى مەن سېنى بېقىۋاتىمەن، ئۆيۈمدە ياتىسەن، تامىقىڭنى بىز راسلاپ بېرىمىز ... مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى رەھىم ئەمەسمۇ ئەخمەق !

— ئۇھ ... — دېدى داۋۇت تىت - تىت بولۇپ.

## 4

كۈن قايرىلىپ، ئىسسىق پەسەيمەكتە. داۋۇت چۈنچىدە ئۈزۈم يېيىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپمۇ قوياتتى: «يۇرتۇمدىن چىققىنىمدا يىگىرمە بىر ياشتا ئىدىم ! ...»

توغرا، ئۇ، «ئالتە شەھەر»دىن پۇل تېپىپ كېلەي دەپ چىققاندا يىگىرمە بىر ياشتا ئىدى. ئۇ داۋان ئاتلاپ يۇرۇپ چىدىغۇسىز ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرسىدە توقسۇنغا كەلدى. ئۇ زۇمرەتتەك سۇلىرى شوق ئېقىپ تۇرغان كارىزدىن ئىچىپ - ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى. كېتىۋاتقان بىر دېھقاندىن:

— بۇ كىمنىڭ كارىزى، — دەپ سورىدى.

— ھىدەيىتۇللا ھاجىنىڭ كارىزلىرىدىن، — دەپ جاۋاب بەردى دېھقان.

«ھە، ھىدەيتۇللا ھاجى دېگەن بىر باي بولسا كېرەك» دەپ كۆڭلىگە پۈكتى داۋۇت. ئۇ شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزۇن يوللار يۈ-رۈپ تۇرپانغا كەلدى. كۆز يەتكۈسىز ئېتىزدىكى ياپپېشىل تې-رىلغۇغا كۆزى تالغۇچە قارىدى. بۇغدايلار دېڭىز دولقۇنىدەك ئې-غىنايتتى. داۋۇتنىڭ ھەۋىسى قوزغالدى. «بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇسى قانداق ياخشى - ھە!» ئۇ ئىشلەۋاتقانلاردىن سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ يېرى؟

— ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ، — دېيىشتى دېھقانلار.

داۋۇت يەنە توپ - توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرگەن قوي - قو-زىلارنى كۆرۈپ، زوقلانغان ھالدا پادىچىدىن سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ ماللىرى؟

— ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ، — جاۋاب بەردى پادىچى.

داۋۇت ئايلىنىپ يۈرۈپ ساپ ھاۋاسى خۇش يېقىملىق، ئاققان سۈيى ئابىھاياتتەك، ئالما، ئامۇت، ئۈزۈملۈك باغلىرى سۇ بويىغا ئېتەك يايغان بۈيلۈققا يېتىپ كەلدى. مېھماندوست باغۋەننىڭ يېنىغا كېلىپ بىر ساپ ئۈزۈم يېگەچ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ بېغى؟

— ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ بېغى.

— يا ئاللا، — دەۋەتتى داۋۇت چۆچۈپ. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۈزۈم يەرگە چۈشۈپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى، — بارۇ - يوقنىغۇ ھىدەيتۇللا ھاجىغا بېرىپسەن، ئەمدى ئاسمىنىڭنى چىڭ تۇت!

داۋۇت ئالتە يىل ئىلگىرىكى خاتىرىسىنى ئۇنۇلۇك سۆزلەپ:

— بۇ ئادەم قانداق باي بولۇپ قالغاندۇ؟ خۇدايىم ئۇنىڭ قولىغا ھەممىنى تۇتقۇزۇپ قويغاندىمۇ؟ دەيتتىم. بۇنىڭغا ئەقلىم شۇ چاغدا يەتمىگەنىدى. ئەمدى كۆردۈم، چۈشەندىم، ئەقلىممۇ يەتتى. ھىدەيتۇللا ھاجى مۇنداق بايلىقنى ماڭا ئوخشاش كۈرمىڭ-لىغان مۇساپىرلارنىڭ، دېھقانلارنىڭ يېتىم - يېسىرلارنىڭ جې-نىنى قاقشىتىپ، قېنىنى شوراپ تاپقانىكەن - دە، — دەپ سۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

زىنىڭ ئاخىرىنى قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

بۇ چاغدا روزى چولاق تۆۋەندە، ئىشلارنىڭ قانداقلىقىنى «تەكشۈرۈپ» يۈرەتتى. داۋۇتنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ناكار قولى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاستا ماراپ شوتىغا يامىشىپ چۇنچە ئۇستىگە چىقتى ۋە قاتتىق تووۋلىدى:

— هوي ئاناڭنى ... — بۇ زەھەرلىك ئۇن بىلەن تەڭ داۋۇت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە چۇنچە ئۇستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشكە، چالما ئېتىشقا باشلىدى.

چۆچۈپ ئەس - هوشىنى يوقاتقان روزى شوتىدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ داۋۇتنىڭ بايا قىلغان سۆزلىرى ۋە كۆز ئالدىدىكى ھالىتىگە قاراپ، ئۇنى «ساراڭ بولۇپ قاپتۇ» دېگەن ئويغا كېلىپ ئىختىيارسىز قىزىپ تەرلەشكە باشلىدى. روزىنىڭ يۈرىكى ئور-نىدىن قوزغىلىپ كەتكۈدەك دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ تازا قورق-قانىدى. ئالدى - كەينىگە قاراپمۇ قويماي ئۆيگە قاراپ قۇيرۇقنى خادا قىلدى.

كۆپ ئۆتمەي «سۈپۈرگە موللام» يېتىپ كەلدى - دە، داۋۇتنى باغلاپ ئېسىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ ئاللىنېمىلەرنى دەپ ئاجايىپ چۈرۈقلايتتى، ئاللىقانداق-تۇر نېمىلەرنىڭ ئىسمىنى قىچقىراتتى، چىللايتتى، ۋارقىرايتتى ...

— ۋاي موللام، مەن ساق، — دەپ ۋارقىرايتتى داۋۇت بو-شىنىشقا ئۇرۇنۇپ.

موللام ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئوقۇماقتا ئىدى.

— ياق، سەن ساق ئەمەس، ساراڭ بولۇپ قالدىڭ. يالغۇز قا-رىياغاچ يېنىدا يېتىپ قاپسەن. جىن تۇر. ئوقۇپ قويسۇن، ياخشى بولۇپ قالىسەن، — دېدى روزى بارتۇ ئۇنى تېخىمۇ چىڭراق تو-تۇپ.

— ۋايجان ! ۋاي خۇدا ... مەن ساق ! مەن ساق !

نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالدى. چىراغلار يېقىلىشقا باشلىدى. كەچكى شامال يەنە غۇرۇلداشقا باشلىدى.

— داۋۇت، سېنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىككى كۈرە بۇغداي چىقىم تارتتىم، — دېدى روزى بارتۇ باغلاقلىق داۋۇتنى بوشاتماي تۇرۇپ، — مانا بۇنىڭغا بارمىقىڭنى باس. روزى «ساراڭ» داۋۇتنىڭ قولىنى قىزىل سۇرۇخقا بوياپ «تىلخەت» ئالدى.

— ئاھ! جان، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، — دېدى داۋۇت.

شۇ كۈندىن باشلاپ داۋۇت پات - پات تۇتىدىغان «تۇتقاقلىق» كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالدى. ساق كىشى بارا - بارا ساراڭغا ئايلىنىشقا باشلىدى.

## 5

داۋۇت چۈنچىنى بېقىشقا چىقتى ... ئايدىڭ كېچە نېرىدا ئۆستەڭ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شارقىراپ ئاقاتتى. يىراقتىكى مۇنار خۇددى تۇرخۇندەك كۆرۈنەتتى. داۋۇتنىڭ ئىچى پۇشتى. ئۇزاقتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلانغاچقا ئۇنىڭ روھى زەئىپلەشكەنىدى. ئۇ تويۇقسىز قاتتىق سەسكىنىپ كەتتى. بەدىنى قىزىپ سوغۇق تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارسىز يىغلاپ، ۋارقىراپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى.

— ۋايجان، ۋايىەي! ۋاي خالايىق! ... بولۇڭلار! بولۇڭلار! ...

قوشنا باغدا سۇ تۇتۇۋاتقان نىجۇۋۇل داۋۇتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ كەتمىنىنى تاشلاپ مەھەللە باشلىقى نۇراخۇننى چاقىرىپ كېلىشكە يۈگۈردى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يېزا ئەھلى چۈنچە ئەتراپىغا بىر كەلدى. داۋۇتنىڭ قورساقلىرى تارتىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم نان ئالمىغانىدى. ئۇ قولىدىكى بىر پارچە تېزەكنى تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاغزىغا ئاپىراتتى - دە، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بالا نان يېگەندەك چايناپ يەپ كېتەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىجۇۋۇل نۇراخۇننى باشلاپ يېتىپ كەلدى.

— ئوقۇتۇش كېرەك، — دېدى كىشىلەر ئارىسىدىكى ياشانغان بىرسى.

— قارا ئاقارمايدۇ، سارالڭ ساقايمايدۇ، — دېدى روزى بارتۇ، — ئوقۇتمىدى دەمسىلەر. مەن ئۆز يېنىمدىن ئىككى كۇرە بۇغداي بېرىپ «سۇپۇرگە موللام»غا ئوقۇتتۇم. بەربىر ئوخشاش.

— نېمە ؟ ساقايمايدۇ ؟ چوقۇم ساقىيىدۇ، — دەپ رەددىيە بەردى نىجۇۋۇل.

— دوستۇم داۋۇت، تاماكا چېكەمسەن؟ — سورىدى نۇر.

— چېكەتتىم ...

— مەن يېنىمغا چىقاي جۇمۇ، تاماكىنى ئۆزۈم ئوراپ ياندۇرۇپ بېرىمەن.

— چىقما ! چىقما ! بىكاردىن - بىكار ئۇرۇۋېتىمەن، — دېدى داۋۇت ئاغزىغا تېزەكنى سالغاچ.

— ئۇنداق بولسا مەن كېتىمەن.

— كەتمە، دوستۇم نۇر، كەتمە، مەن قورقىمەن.

— نېمىدىن؟

— جىندىن.

— قېنى ئۇ جىن؟

داۋۇت گەپ قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرى چىرايىدا قان قالمىغان روزى چولاققا تاشلانغانىدى. مەسىلە ئاشكارا بولدى.

— روزى چولاق، قېنى سەن؟ — ۋارقىرىدى نۇر.

— مانا مەن، — ئۇيقۇسىرىغان زەھەر كۆزلۈك روزى چولاق يېقىن كەلدى.

— خوش، داۋۇتقا نېمە بولدى؟

روزى تىرىنقىنى كوچىلاپ بىرپەس جىم تۇردى، كېيىن نومۇسسىزلارچە ھىجىيىپ:

— سارالڭ بولدى ... — دېدى.

— نېمىشقا؟

— نىمىشقا بولاتتى دەيسەن ئۇكام، جىن چاپلاشتى - دە.
— ئۇكام دىمە نەس، مەن سەندەكلەرنىڭ ئۇكىسى ئەمەس.
بىر يەرگە، بىر ئاسمانغا قاراپ سۆزلەۋاتقان روزى چۆچۈپ ئەندىكىپ كەتتى.
— سەنلەرنىڭ قولۇڭدا ساراڭ بولۇپ كەتكەنلەر، يالغۇز داۋۇتلا ئەمەس، داۋۇتتەك نەچچە - نەچچىسى بار، — مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ دىۋەيلەپ كەلدى نىجۇۋۇل.
ئەتراپتىن «هاي بولدى ...» دىگەندەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.
— ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ بولىدۇ، بۇ خۇنپەرنى، — دەپ ۋارقىرىدى ياشانغانلاردىن بىرسى دەرغەزەپ بولۇپ.
— خۇدانىڭ تەقدىرى، جىن چاپلىشىپتۇ، — دىدى روزى ئۆزىنى تۇتۇپ بىپەرۋا قىياپەتتە. كىيىن يالغۇز قارىياغاچنى كۆرسەتتى، — ئەنە ئاشۇ قارىياغاچ تۈۋىدە داۋۇت ئۇزاقتىن بۇيان يالغۇز ئولتۇراتتى. بۇ قارىياغاچ تەكشى ئەمەس.
— بولدى، بولدى، ياخشى بىلىمەن، — دىدى نۇر، — قارىياغاچنىڭ تۈۋىدە كىملەر ئولتۇرمىغان دەيسەن؟ ئۇلارغا ھىدەيىتۇللا هاجى، روزى بارتۇدەك جىنلاردىن باشقا هىچ جىن چاپلاشمىغان.
روزىنىڭ تىنى ئەمدى تىترەشكە باشلىدى.
— ئۇنداق دىمىسىلە مەهەللىمىزنىڭ هۆكۈمىتى، ئۇنداق دىمىسىلە ...
هاسىغا تايانغان هەمدۇل ئاكا قورايدەك بارماقلىرىنى روزىنىڭ قىزىل كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، ۋارقىراپ كەتتى:
— هوي دۆيۈز ئالۋاستى، نىمانچە تولا كاسىلداۋىرىسەن ؟!
— بولدى، مەسىلە ناهايىتى ئايدىڭ، بىز قايتىپ ئارام ئالايلى، — دىدى نۇر. هىچ قانائەت هاسىل قىلمىغان كىشىلەر ئىرەنسىز هالدا ئاستا - ئاستا قايتىشقا باشلىدى.
نۇر قايتماقچى بولغان بولسىمۇ، پۇتلىرى بىر - بىرىگە ئالمىشىپ ئۈچ - تۆت قەدەمدىن ئارتۇق چامدىيالمىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋۇتنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتەلەيتتى ؟!

— روزى، — دېدى نۇر بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — داۋۇتقا ئوبدان قارا، ئەگەر بىرەر خېيىم - خەتەر كۆرۈلسە، بېشىڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن، ئۇقتۇڭمۇ ؟

— ۋاي ئۇقمامدىغان، ئۇقتۇم، ئۇقتۇم...

## 6

يەر ئىسلاھاتى ئەترىتى كەلدى.

ئۇپۇق قىزىرىپ، كۆن ئەمدىگىنە كۆتۈرۈلمەكتە، تورپان ۋادىسى يورۇماقتا ئىدى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئېدىتىنى ئېلىشمۇ قىيىن بىر ئىش؛ بۇلار «تۇرپاننىڭ غوجىسى» — ھىدەيتۇللا ھاجى ئۇستىدىن بولۇنغۇسى ئوچۇق سوتقا يىغىلغان كىشىلەر ئىدى.

«پومېشچىكلارغا ئۆز لايىقىدا جازا بېرەيلى !»، «فېئودالىزمنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلايلى !»، «تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرايلى !» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار يېزىلغان پلاكاتلار مىغ - مىغ ئىدى.

مۇنبەرنىڭ ئالدىدا (تۆۋەندە) ھىدەيتۇللا ھاجى بىلەن بىر قاتاردا بىرقانچە جىنايەتچىلەر تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى تاتارغان، بىرسىنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ تىلى ساڭگىلىغان، بىرسىنىڭ ئاغزى ماكچىيىپ قالغان، بىرسىنىڭ پۇت - قولى تىترەپ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كەتكۇدەك چەكچەيگەن.

ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ ئۇستىخىنى ئېرىپ كەتكەندەك بېشى ساڭگىلاپ كەتكەندى. ئۇ بۇ كۈننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟

يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ قولىدا بىرنەچچە ۋاراق قەغەز تۇراتتى. ئۇ كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك ئۇياق - بۇياققا بويۇن سوزۇپ قارايتتى ...

سوت نۆۋتى ھىدەيتۇللا ھاجىغا كەلدى. ئۇ ھەممە بىلىدىغان چوڭ زومىگەر پومپىشچىك ئىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغانلار ھەددى - ھېسابسىزغۇ !...

ھىدەيتۇللا ھاجى مالىك دېگەن كىشىنى ھەقسىز تام ئېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىغانلىقتىن، پۇتىغا كەتمەن تەگكەن مالىك زەردابىنى توختىتالماي ئاخىر ھەسرەت - نادامەتتە ئۆلدىغۇ؟! خېلىچىخانىنىڭ دالادا مال بېقىپ يۈرگەن ئوغلىنى «زىرائەتلىرىمنى يېگۈزۈپسەن !» دەپ قاتتىق ئۇرۇپ، يىگىرمە بىر ياشلىق بىچارە بالا ئۆلۈپ قالدىغۇ ؟! توختاخۇننىڭ بىر يېرىم دادەنلىك ياخشى يېرىنى تېگىشىپ بېرىشكە مەجبۇرلاپ، ئاخىر تېگىشىپمۇ ئالماي ئۇستىلىق بىلەن تارتىۋېلىپ، بىچارە توختاخۇن خانىۋەيران بولۇپ ئۆلدىغۇ؟! يەنە يىللىقچى ھېيتەمنى «تۆت يامبۇنى ئوغرىلاپسەن» دەپ بوھتان بىلەن ئۇرۇپ، ھەققىنى بەرمەي خەت ئېلىۋالغاچقا، ھېيتەم قېچىپ كېتىپ ئۇرۇمچىدە كۆمۈر كان تېگىدە قېلىپ ئۆلدىغۇ ؟! ۋە يەنە بىر ماشىنىچىنىڭ كىيىم تىككەن ھەققىنى بەرمىگەنىنىڭ سىرتىدا «قىزىمغا چاقچاق قىلدىڭ» دەپ قاتتىق ئۇرۇپ بۇ بىچارىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنغۇ ؟!...

ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ ئەمگەكچى خەلقلەرگە سالغان زۇلمىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە سۆز ئېچىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ بارلىق يەر - سۇ ۋە مال - مۈلكى خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن.

ئۇ ئىجارە كېمەيتىش ۋاقتىدا ئىجارىسىنى يوشۇردى. كېيىن «خىزمەت ئەترىتى كەتتى، ئەمدى سەنلەر نېمە قىلالايسەن ... خىزمەت ئەترىتى يەنە بىرقانچە كۈن تۇرغان بولسا كۆرگۈلۈكنى كۆرەتتى ... » دەپ ئېگىز - پەس سۆزلەپ دېھقانلارغا دوق قىلدى. ئىجارە ھەققى ئالغانلارنى تۈرلۈك يالغان - ياۋىداقلار بىلەن قورقۇتتى.

ھىدەيتۇللا ھاجى ئۇستىدىن شىكايەت شۇ قەدەر ئەۋجگە چىقتىكى، «زومىگەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن ... »، «ئىنتىقام ئالىمىز!» دېگەن كۈچلۈك چۇقانلار كۆتۈرگەن كىشىلەر دول-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇنى جىنايەتچىلەرنى دەسسەپ، چەيلىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قال-
دى. تەرتىپ ساقلاش ئەترىتى ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار ئار-
قىسىدىلا يىغىن ئەھلىنى ئاران تىنچلاندۇردى.

سوت يىغىنىنى باشقۇرغۇچى مىكروفون ئالدىغا كەلدى. ئۇ
يىغىن ئەھلىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋازىنى تەستە بېسىپ سۆزلەشكە
كىرىشتى:

— خەلقنىڭ تەلىپى ھەق ...

زومىگەر پومېشچىك ھىدەيتۇللا ھاجىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆ-
كۈم قىلىنغاندا مەيداندا شوئارلار ياڭراپ كەتتى. بايا دۈشمەنگە
غەزەپ ئاۋازى ياڭرىغان بولسا مانا ئەمدى دېھقانلارنىڭ خۇشال
داقا ـ دۇمباقلىرى، ناغرا ـ سۇنايلىرى ياڭراشقا باشلىدى.

— تازا كېلىشتۇرۇپ گەجگىسىدىن قويۇپتۇغۇ، — دېدى
تۇمشۇقى قانغا مىلىنىپ ياتقان ھىدەيتۇللا ھاجىنىڭ جەسىتىنى
كۆرگەن داۋۇت كۈلۈپ.

— خەلق ئوقى شۇنداق كۈچلۈك ـ دە، ئۆمرۈڭ بويى باش-
قىلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ قانمىغان ئەبلەخ ئەمدى ئۆز قېنىڭغا
قېنىپسەن ـ دە، — دېدى نىجۇۋۇلمۇ كۈلۈپ.

داۋۇتنى كۆرگەن كىشىلەر كۈلۈشكەنلىرىچە ئۇنىڭدىن سو-
رىدى:

— ساقىيىپ قاپسەنغۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان داۋۇت قىزىلتۇر گۆڭشاڭنىڭ تار يول-
لىرىغا، ئۇنىڭ ئەڭ چېتىدىكى گوبىغا كۆز تىكتى. گوبىنىڭ
ئىچى يوپيورۇق، يېشىل گۈمبەز كۆزنى چىقىپ كۆرۈنۈپ تۇرات-
تى. دەۋردىن ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم قانائەتلەنگەن داۋۇت قە-
دىردان دوستى نۇرغا ئاندىن جاۋاب بەردى:

— مەن ساراڭ ئەمەس ئىدىم، مېنى زامان ساراڭ قىلغان.
ماڭا چاپلاشقان جىننى كومپارتىيە ئېتىپ بەرسە ساقايماي تۇرات-
تىممۇ؟!

ئەخەت هاشىم

# خۇشاللىقنىڭ سىرى

دادۇينىڭ ياشىنىپ قالغان كونا ئامبارچىسى خىلىدىن بۇيان كۆپچىلىككە ياش، قاۋۇل بىر ئامبارچى سايلىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەزالار بىر مەزگىل غۇلغۇلا قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى تۇرسۇننى ئامبارچى قىلىپ سايلىۋالدى. بۇ ئون توققۇز ياشلار چامىسىدىكى كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق، ئىشچان يىگىت ئۈچ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، دادۇينىڭ بارماق بىلەن سانىغۇدەك ياشلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇنىڭ ئامبارچى بولۇشى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ 1 ـ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى ئىسمائىل سوپيۇم ھەممىدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ نەچچە كېچە ئۇخلىيالمايمۇ قالدى.

«ھەر كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، ئېھتىمال ھەركىم ھەر خىل ئويلار بىلەن خۇشال بولۇۋاتىدىغاندۇ، لېكىن يىغىپ كەلگەندە، كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ خۇشاللىقىنى بىر خىل، ئىسمائىل سوپيۇمنىڭ خۇشاللىقىنى يەنە بىر خىل دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولاتتى. يەنى، كۆپچىلىك ئەزالار تۇرسۇننى ئادىل، توغرا نىيەتلىك يىگىت، ئاممىنىڭ يىگنە چاغلىق مۈلكىنىمۇ كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەمۇنىلىك ئىتتىپاق ئەزاسى، دەپ خۇشال بولاتتى.

ئىسمائىل سوپيۇمنىڭ خۇشاللىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ سىرى

www.uyghurkitap.com

باشقىچە. بىز بۇ سىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىسمائىل سوپيۇم بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

ئىسمائىل سوپيۇمنىڭ لەقىمى «ئوۋچى». ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلىك، ئۇ تۇرسۇنغا يۇمغاقسۇتنىڭ ئۇرۇقچىلىك تۇغقان كېلىدۇ (تۇرسۇننىڭ تاغىسىنىڭ ئۆگەي قېيىنئىنىسى بولىدۇ). يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان، ئورۇق، سېرىق چىراي، دۈمچەك كەلگەن بۇ ئادەم چوڭلار تۇگۇل كىچىك بالىلارغىمۇ تونۇش. ئۇنىڭ دادۇيدىلا ئەمەس، پۈتۈن گۇڭشې تەۋەسىدىمۇ داڭقى بار. ئۇ قانداقتۇر بىرەر ئۇنتۇلماس ياخشى ئىش بىلەن ئەمەس، بەلكى پىخسىقلىقى، ھىيلىگەرلىكى، ئاچ كۆزلۈكى ۋە ھۇرۇنلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يېزىلاردا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، يىللاپ بىر تىيىن پۇل كۆرمىگەنلەرنىڭ قولىغا پۇل كىرىپ، قورسىقى تويۇپ، كىيىم - كېچىكى يېڭىلاندى. ھازىر يېزىلاردا ئەتىدىن - كەچكىچە قورساق غېمىدە بېشى قېتىپ، تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ، كەچكىچە قۇرۇق پاراڭ سوقىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمدى ئۇلار ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ لەززەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يولىنى تېپىۋالغانىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئىسمائىل سوپيۇمنىڭلا ئەھۋالى ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا كېلىۋاتاتتى. ئەقەللىيسى، ئۇ بىرەر قۇر يېڭى كىيىممۇ كىيەلمىدى. قىش كۈنى كىشىلەر ئۇنىڭ يەنىلا شۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدا كىيىپ يۈرگەن كۆرەك تۇمىقىنى، ئۈستى - ئۈستىگە ياماق سېلىنىۋېرىپ توقۇم بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن جەندە چاپىنىنى، ياز كۈنلىرى بولسا كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسى بىلەن ماتا ئىشتان - كۆڭلىكىنى، كونا مەسە - كالىچىنى كۆرەتتى. ئۇ نېمىشقا شۇنچە بىچارە ھالەتتە قالدى؟ نېمىشقا كۆپچىلىك بىلەن بىللە يېڭى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرەلمىدى؟ ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن باش قاتۇرمامدۇ؟

ياق، بۇ ھەقتە ئۇنىڭدەك باش قاتۇرىدىغان ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. ئۇ
بىر كوينى قانداق قىلىپ ئىككى كوي قىلىشنى ئويلاپ كېچە-
لەرنى تاڭ ئاتقۇزۇۋېتىدۇ، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ھۈنەرنى
ئىشقا سېلىپ، كېچە - كۈندۈز قۇرتتەك لۆمشىپ يۈرىدۇ!...
ئەپسۇسكى، شۇنچە ئەجىر قىلغىنىغا تۇشلۇق ئازراق بولسىمۇ
روناق تاپالمىدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان بەزى ئىشلىرىغا قاراپ مې-
ڭىسىدە سۈيى بار ئادەممىدۇ دېگۈڭىز كېلىدۇ. بەزى ئىشلىرىغا
قاراپ، راسا قاقباش، ئۇچىغا چىققان ھىيلىگەر ئىكەن، دەيسىز.
يىغىپ كەلگەندە، سەۋەب بىرلا — ئۇنىڭ ھاياتقا، ۋەزىيەتكە، ئا-
دەملەرگە بولغان قارىشى ئۆزگەرمىدى. ئۇ ھەممىگە قېتىپ قال-
غان كۆز قاراش بىلەن قارايدۇ. ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان چاكىنا
تۇرمۇش پەلسەپىسى بويىچە ياشايدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىدا سوتسىيا-
لىزم، كوللېكتىپ، ئەمگەك بىلەن بېيىش، ۋەزىيەت، مەسئۇلى-
يەت تۈزۈمى ۋەھاكازا دېگەنلەر بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان نەر-
سىلەر. شۇڭا، ئۇ زامانغا، شارائىتقا قارىماي ئۆزى بىلگەن يوللار
ئارقىلىق ئەپلەپ - سەپلەپ، مۆرىتى كەلسە بۇلاپ - تالاپ، مۇت-
تەھەملىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزگەرمىگەن تەرەپ-
لىرىنى سۆزلەپ كەلسەك ناھايىتى تولا. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر-
نەچچە تەرىپىنىلا كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ كوچا -
كويلارنى، رەستە - بازارلارنى «ئوۋ» قىلىپ كېلىدىغان ئادىتى
ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ بىر ئادەم پۈتۈن پاتقۇدەك يوغان بىر سېۋە-
تى بار، ئۇ ئەنە شۇ سېۋەتكە قۇرۇق تاغاردىن بىرنى سېلىپ ھەر
كۈنى تاڭ سەھەردە گۇڭشېنىڭ ئالدىدىكى سودا - سېتىق بولى-
دىغان ئاۋات بازارغا بارىدۇ - دە، يايمىچىلار ئولتۇرغان يەرلەرگە،
دۇكانلارنىڭ ئالدىلىرىغا، ئېرىق بويلىرىغا خۇددى يىڭنە ئىزدى-
گەندەك بىرمۇبىر قاراپ چىقىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئاخشىمى ئال-
دىراش قايتقان دۇكاندار، ئېلىپساتارلار پۇل - پۇچەكلىرىنى،
نەرسە - كېرەكلىرىنى چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ لېكىن ئۇ قانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللاردىن بۇيان ھەر كۈنى شۇنچە ئارىلاپ يۈرسىمۇ قولغا چىققۇدەك بىر نەرسە ئۇچراپ باقمىدى. راست، بىر قېتىم پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى كويلۇق پۇلدىن بىرسى، ئاياللارنىڭ نېپىز ياغلىقىدىن بىرسى ئۇچرىغان. «ماڭا نېمىشقا سىقىمىم تولغۇدەك پۇل ياكى قول سائەتلىرى ئۇچرىمايدىغاندۇ؟ — دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭاتتى ئۇ، — ھەي... ئادەملەرمۇ بىر - بىرىدىن قۇۋۇلىشىپ كەتتى. ئالدىراپ - تېنەپ بىر نەرسىلىرىنى چۈشۈرۈپ قويمايدۇ - دە!»

قىزىق يېرى، ئۇ رادىيولاردىن تاسادىپىي: پالانى يەردە پالانى كىشى مۇنچە مىڭ كوينى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى، دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ قالغاندا ئىچى ئېچىشىپ تۇرالماي كېتەتتى، «شۇنداق پۇل ماڭا نېمىشقا ئۇچرىمايدىغاندۇ؟ ئەخمەقنىڭ قايتۇرۇپ بەرگىنىنى قارىمامدىغان!» دەپ ئۆزىچە بىر ھازا غۇدۇراپ كېتەتتى.

ئۇ بازار - رەستىلەرنى قىدىرىپ يۈرۈپ ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر بىلەن سېۋەتنى تولدۇرغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە نەدە قۇرۇلۇش بولۇۋاتقان بولسا، شۇ ياققا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ يەردە ئەلۋەتتە ياغاچ - تاش، تۇرۇبا، سېمونت دېگەنلەر كۆپ بولىدۇ. ھاڭۋاقتى كۆزەتچى ئۇخلاپ قالغان بولسا، بىرەر لىم ياكى قېلىن شالدىن بىرەر - ئىككىنى سۆرەپ ماڭىدۇ. بولمىدى دېگەندىمۇ، قۇرۇلۇشچىلارنىڭ چېلەك، تاغار قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك سايمانلىرىدىن بىرەرنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ.

ئىسمائىل سوپۇمنى دۇنيادا خۇشال قىلىدىغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ بوران. بولۇپمۇ كېچىسى چىققان بوران ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋېتىدۇ. كېچىسى بوران چىققان كۈنلىرى ئۇ ئادەتتىكىدىن تېخىمۇ ئەتىگەنرەك «ئوۋ»غا ماڭىدۇ. بۇنداق كۈنلىرى «ئوۋ» سۆزسىز نەتىجىلىك بولىدۇ. بوران بەزى كىشىلەرنىڭ يېيىپ قويغان كىر - قاتلىرىنى، ئۆگزىگە قويۇپ قويغان پالاس، تاغارلىرىنى تاشلاپ بېرىدۇ، ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە باغ بېدە، ئوت - چۆپ، ئوتۇن - ياغاچ بولسىمۇ تاشلاپ بېرىدۇ. بۇ

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئىسمائىل سوپۇمغا تەئەل-لۇق، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ناۋادا مال ئىگىسى كۆرۈپ قېلىپ «مېنىڭ ئىدى، بېرىۋەتكىن» دەپ تالاشسىمۇ ئا-سانلىقچە بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئىسمائىل سوپۇمنىڭمۇ ئاغزى بار - دە! «مەن سېنىڭ ھويلاڭغا كىرمىدىم، كوچىدىن تېپىۋالدىم. قانداق، گېپىڭ بارمۇ؟!» دەپ قويۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. بەزى يامانراق ئادەملەر ئۇنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇپ تۇرۇپ تار-تىۋالمىسا، ئادەتتە ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن نەرسە ئاسانلىقچە چىقمايدۇ...

كىشىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا مىيىقىدا كۈلۈپ:

— يول بولسۇن، سوپۇم، «ئوۋ» غا مېڭىپىلا - دە! — دەپ قوياتتى. سېۋەت - تاغارلىرىنى توشتۇرۇپ، ئىنجىقلاپ ئاران كېلىۋاتقاندا ئۇچراپ قالغانلار بولسا:

— ۋاھ، بۈگۈن ئوڭ يانلىرىدىن تۇرۇپسىلەرمۇ نېمە؟ «ئوۋ» خېلى جايىدا بولغاندەك تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى. بەزىدە ئۇ مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ كېتىۋېرەتتى. بە-زىدە بولسا شالاڭ، سېرىق كىرپىكلىرى ئارىسىدا پارقىراپ تۇر-غان كىچىككىنە كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۇرۇپ:

— ھە، جايىدا بولدى، قانداق؟ ئىچىڭ ئاداپ كېتىۋاتامدۇ؟! — دەپ ھۆرپىيەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىگەنلىك چايدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى قېتىملىق «ئوۋ» مۇشۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشاتتى. ئۆيىگە كېلىپ قورسىقىغا ئاز - تولا بىرنېمە يەۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىملىقىنى باشلايتتى. باشقا سودا - سېتىق قىزىغۇچە ئۇدۇل كۆكتات، مېۋە - چېۋە بازىرىغا كېلەتتى - دە، ھېچكىم ئۇنى تەكلىپ قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆكتات، مېۋىلىرىنى ئېلىپسا-تارلارغا كېلىشتۇرۇپ قويۇپ، بىر - ئىككى كوي شېرىنكانە تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاتتى ياكى ھېلىقى يوغان سېۋەتنى كۆكتات، مېۋىلەرگە تول-دۇراتتى. ئاندىن كېيىن كەپتەر، توخۇ، مال بازىرىغا كېلەتتى. ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى شۇنچە مەخپىي سودىلىشىۋاتىسمۇ، ئۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولاتتى - دە، سالاچىلىق قىلىپ يۇرۇپ ئۇلاردىنمۇ بىر - ئىككى كويىنى يۇلۇۋالاتتى... ئىشقىلىپ، ئۇ بازار ئايلىنىپ بىكار يۇرگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ھەرگىز بىكار ماڭمايتتى. ئىككى يايمىچى ئولتۇرىدىغان يەرنى تالىشىپ قىزىرىشىپ قالىدىغان يا-كى دۇكاندار بىلەن خېرىدار سەن - پەن دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ قالىدىغان ئىشلار كۇندە دېگۇدەك بولۇپ تۇرىدۇ، ئىسمائىل سو-پۇم مانا مۇشۇنداق ئىشلارغىمۇ دەرھال بېرىپ ئارىلىشىدۇ - دە، بىرسىگە يان بېسىپ، بىرسىنى لەت قىلىدۇ. جېدەل بېسىققاندىن كېيىن، غەلىبە قىلغۇچى قوغۇن سېتىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ قو-غۇنىدىن بىر - ئىككىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. ئەگەر ئالما سې-تىۋاتقان بولسا، ئالمىسىدىن بەش - ئون داننى سېۋەتكە سې-لىپ كېتىۋېرىدۇ...

ئۇنىڭ ئۆزگەرمىگەن يەنە بىر ئادىتى ئوغرىلىق، ئىسمائىل سوپۇمنى تام تېشىدىغان، قولۇپ چاقىدىغان چوڭ ئوغرىلاردىن دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا كىچىك ئوغرىلاردىنمۇ ئەمەس ئى-دى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەيلى شەخسلەرنىڭ، مەيلى دۆلەتنىڭ، مەيلى دۆلەتنىڭ مال - مۈلكى بولسۇن، ئېپى كەلسىلا ئوغرىلاۋېرەتتى. چوڭى ئاشلىق، توخۇ، ئۆردەكتىن تارتىپ، كىچىكى ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىغان ئەسكى بوتۇلكىغىچە ئوغرىلايتتى. زىرائەتلەر پىشىشقا باشلىغاندا، ئۇ ئېتىز - ئېرىق ئەگىكىگىمۇ خېلى «كۆڭۈل بۆلۈپ» قاتنىشاتتى. ئىشقا بارغۇچە - كەلگۈچە ھەرگىز قۇرۇق ماڭمايتتى. ھېلىقى خۇدايىم بەرگەن يوغان سېۋەت ئۇنىڭ بىلىكىدىن زادىلا چۈشمەيتتى. بىر تال لازا بولامدۇ، كۆكباش بولامدۇ، سېۋەتكە چۈشۈپ تۇراتتى. بەزى ئادەملەر پارچە - پۇرات بىر نېمىلەرنى ئوغرىلاپ قويۇپ، نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قالسا،

خەقنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقىنىدىن يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ گەپمۇ قىلالماي قالدۇ. لېكىن، ئىسمائىل سوپۇم ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ نەچچە قېتىم تۇتۇلۇپمۇ قالغان، لېكىن قورقۇپ كەت-مىگەن...

بىر چاغدا ئۇ يېزىنىڭ ئايىغىدا قۇدۇق قېزىۋاتقان گېئو-لوگلارنىڭ بىرنەچچە مېتىرلىق تۇرۇبىسىدىن بەش - ئالتىنى ئوغرىلاپ كەلدى، كېيىن قۇدۇق قازغۇچىلار يېزىغا كېلىپ سو-رۇشتۇرۇشكە باشلىدى. «ئالەمنىڭ كۆز - قۇلىقى بار» دېگەندەك، بىر ئاخشىمى ئىسمائىل سوپۇمنىڭ ئۇزۇن بىر تۇرۇبىنى دارقى-رىتىپ سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى 1 - دۈيدىكى قاۋۇل ئاكا كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ قويدى. قۇدۇق قازغۇچىلار ئىسمائىل سوپۇمنىڭ هويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ غىمىدە يوق ھەدەپ تۇرۇبىلارنى يەرگە ئورنىتىپ تال بارىڭى ياساۋاتاتتى. غەزەپلەنگەن قۇدۇق ئىشچىلىرى ئۇنىڭ ياسىغان باراڭلىرىنى بۇ-زۇۋېتىپ، تۇرۇبىلارنى تارتىۋالدى - دە:

— قانداق ئادەمسىز، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىدىغان مۇھىم نەرسىسى تۇرسا، خالىغانچە ئوغرىلىسا-ڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سوراقچا تارتتى، لېكىن ئىسمائىل سوپۇم ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— قىزىق ئىكەنسىلەر، بۇنداق بىر نېمىنى ئوغرىلاپ نېمە قىلىدۇ، ئالتۇن بولسىكەن كاشكى! شورتاڭلىققا تاشلىنىپ تۇ-رۇپتۇ. سىلەرنى تاشلىۋەتكەن چېغى دەپ ئەكېلىپ قويغانىدىم، كېرەك بولسا ئېلىپ كېتىۋېرىڭلار! — دېدى.

يەنە بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر قىزىق ئىشمۇ بو-لۇپ ئۆتكەن: ئىسمائىل سوپۇم تۇرۇپلا خامان ساقلاشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. دۈيجاڭ، ئەزالار ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي-دىغانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، «ھورۇن ئادەم، باشقا ئىشلار ئېغىر كېلىپ خامان بېقىشنى تاللىشىۋاتقان ئوخشايدۇ، بوپتۇ، خامان بېقىپ بولسىمۇ ئاز - تولا ئىشلىسۇن» دەپ ماقۇل بولدى. شۇ

www.uyghurkitap.com

كۆندىن باشلاپ ئۇ نەدىن تاپقانكى، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق يوغان
رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ، بەزىلەر: «بەل-
كىم بىچارىنىڭ كىيىدىغان باشقا ئايىغى يوق ئوخشايدۇ» دەپ
ئويلاشتى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە سىر ئاشكارىلىنىپ قالدى. بىر
كۈنى ئىشتىن چۈشكەن بىرمۇنچە ئەزالار كۆۋرۈك بېشىدا ئارام
ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. كىمدۇر بىرسى بېغىغا سۇ باشلىغانىكەن،
ئېرىقتىن سۇ تېشىپ يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئېتىزدىن كې-
لىۋاتقانلار پاتقاقتا تېيىلىپ يۈرۈپ ئاران مېڭىشاتتى. شۇ ئارىدا
خامان تەرەپتىن يوغان رېزىنكە ئۆتۈكنى كىيىپ، مىڭ جىڭ
تاش ئېسىپ قويغاندەك پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ ئىسمائىل سو-
پۇم كېلىپ قالدى. ئۇ پاتقاقنى كېچىپ كېتىۋەرگەن بولسىمۇ
ھېچ گەپ يوق ئىدى، لېكىن ئايىغىمنى لاي قىلماي ئۆتىمەن دەپ
تادانلىق قىلىپ قۇرۇق يەرگە بىرلا سەكرىگەنىدى، بىر پاي ئۆ-
تۈكى پۇتىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئۆزى لايغا زوڭ ئولتۇرۇپ
قالدى. ھەممىدىن قىزىقى، پۇتىدىن چىقىپ كەتكەن بىر پاي ئۆ-
تۈكنىڭ ئىچىدىن بىرەر ـ ئىككى كىلو كەلگۈدەك بۇغداي پات-
قاققا چېچىلىپ كەتتى. كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرغانلار بۇ كۈتۈل-
مىگەن ئاجايىپ ئىشتىن ھەيران بولۇشۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كې-
تىشتى ۋە ئىسمائىل سوپۇم تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— ۋاي، نېمە ئىش بۇ، سوپۇم؟! — دېدى بىرەيلەن كۈلكى-
سىنى ئاران بېسىپ تۇرۇپ، — ئىسسىقتا بىچارە نېمانداق يوغان
ئۆتۈكنى كىيىۋالدىكىن دېسەك، ئۆتۈكنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بار
ئىكەن ـ دە!

— نېمىدېگەن قارنى يامان ئۆتۈك بۇ! — دېدى قىزىقچىلار-
دىن بىرسى خىرىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — خالايىق، قاراڭلار! بىر
پاي ئۆتۈك بىر دۆرەمدە شۇنچىۋالا بۇغداينى يېگىلى تۇرسا، خا-
مانىنى ئېلىپ بولغۇچە ھەممە بۇغدىيىمىزنى يەپ بولامدۇ نېمە؟!

— ئاغىنىلەر، ئىسمائىل سوپۇمدا گۇناھ يوق، — دەپ گەپ
قىستۇردى يەنە بىرەيلەن، — ھەممە گۇناھ مۇشۇ ئۆتۈكتە. ئۆ-

توكلەر ئىچىدىمۇ يۈزى قېلىن ئوغرى ئۆتۈكلەر بار ئىكەن ئە-
مەسمۇ؟!
— هى - هى - هى... بايا ماڭسام پۇتۇمنى بىر نېمە ئىلىر-
تىۋەتكەندەك قىلغان ئىدى. نېمىكىن دېسەم، بۇغداي كىرىۋاپتىكەن - دە! ئال-
دىرىغاندا قېقىۋەتمەي مېڭىۋېرىپتىمەن. هى - هى - هى...
ئىسمائىل سوپۇم ھىجىيىپ ئورنىدىن تەستە تۇردى. بۇ ئىش
باللارغا ئويۇن بولۇپ بەردى. چاتاق بولغىنى، دۇيجاڭ بۇ ئىشنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئۇنى خاماندىن يۆتكىۋەتتى...
ئۇنىڭدىن باشقا، بىر يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ ئۆيىدىن دۇينىڭ
يەتتە - سەككىز تاغىرىنى، ئېشەك هارۋىسىنىڭ ئىككى دانە ئو-
قىنى، بىرنەچچە غەلۋىر، ئارا - گۇرجەكلىرىنى تارتىپ ئېلىپ
چىققاندىمۇ ئۇ هېچقانچە ئىزا تارتىپ كەتمىدى، پەقەت: «بۇ بىر
نېمىلەر قاچانلاردا ئۆيۈمگە كىرىپ قالغاندۇ؟» دەپ ھىجىيىپلا
قويىدى، خالاس.
شۇڭا، ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەم ئېھتىيات قىلاتتى، ئايال‌لار
ئىسمائىل سوپۇمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالغۇ-
دەك بولسا:
— بالام، يۇگۇر، ئىشىكنى ياپ، «ئوۋچى» كېلىۋاتىدۇ. بىر
نەرسىنى كۆتۈرۈپ ماڭمىسۇن يەنە! — دەپ باللىرىنى ئاگاھلاند-
ۇراتتى.
ھەممە ئىش ئېپى - جېپىدە كېلىۋەرمەيدۇ. ئىسمائىل سو-
پۇمنىڭ «ئوۋ»چىلىقىدىن تاپاۋەت كەلمەيدىغان كۈنلەرمۇ بولۇپ
قالاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ بوشلۇقنىمۇ تولدۇرۇۋالاتتى. مەسىلەن،
بەزىدە قېرى - چۆرى، تۇل خوتۇن، ئاغرىق - سىزلاقلارنىڭ ئۆ-
يىگە ئۇسۇپلا كىرىپ كېلەتتى - دە:
— بۈگۈن سىلەر كۆڭلۈمگە ئايان بولدۇڭلار، ئايەت ئوقۇپ
دۇئا قىلىپ قوياي، — دەپ بارى - يوق بىلىدىغان «ئەلھەمدۇ»
بىلەن «قۇلھۇۋاللاھۇ ئەھەد»نى ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرەتتى.
ئۆي ئىگىسى ئىلاجسىز بىرەر نان ياكى بىرەر لېڭگىنى ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

قوياتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ تىرىكچىلىك يولىدا ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئادەتلىرىدىن بىرسى ئىدى...

ئىسمائىل سوپۇم ئەنە شۇنداق ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا، ھەتتا بالىچاقىلىرى ئىچىدىمۇ قىلچە ئىناۋىتى يوق ئەدى. ئەزالار ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلىرىنى توي - تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ھېكايە، لەتىپە قىلىپ سۆزلەيتتى. بالىچاقىلىرى بولسا: «سەن جامائەتنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ يۈزىمىزنى قويمىدىڭ» دەپ ئۇرۇشاتتى. لېكىن ئۇنىڭ مۇنداق تاپا - تەنىلەرنى تولا ئاڭلاپ قۇلىقى قاداق بولۇپ كەتكەچكە، ھامان ئۆز يولىدا ماڭغىنى ماڭغانىدى...

جاھاندا ئۈمىد - ئارزۇسى يوق ئادەم بولمايدۇ. ئىسمائىل سوپۇمنىڭمۇ بىر چاغلاردا، مەنمۇ بىر دۈيجاڭ بولۇپ ئادەملەرنى باشقۇرۇپ باققان بولسام ياكى كاسسىر، بوغالتىر بولۇپ پۇل - پۇچەكلەرنى باشقۇرۇپ باققان بولسام، ئۆزۈمنى ئانچە - مۇنچە ئەستەرلىۋالاتتىم» دەيدىغان بىر ئارمىنى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئارمىنىغا يېتەلمەي ئۆتۈپ كەتتى. بىر يىلى 1 - دۈيىنىڭ كاسسىرى گۆشخېغا يۆتكىلىپ كېتىپ، بىر كاسسىر سايلايدىغان چاغدا، كىمدۇر بىرسى:

— ئىسمائىل سوپۇم، بىر پۆكىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆياققا، مىڭ قېتىم بۇياققا ئۆتۈپ ئاندىن خەجلەيدىغان ئادەم، سودىغىمۇ پىششىق. مۇشۇ ئادەمنى كاسسىر قىلىپ سايلىۋالمادۇق؟ — دەپ قالدى.

ئۇنىڭ مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن ئىسمائىل سوپۇم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ كۆپچىلىككە كۈلۈپ قاراۋاتاتتى، كىمدۇر بىرسى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— ئىسمائىل سوپۇمنى كاسسىر قىلىپ قويساق، قوينى بۆرىگە قارىتىپ قويغاندەك ئىش بولمامدۇ؟!

كۆپچىلىك پاراق - پۇرۇق كۈلۈشۈپ كېتىشتى، گەپ شۇ

يەردىلا قالدى. ئاچچىقى كېلىپ سېرىق تۈكلىرى تىك ـ تىك بو-
لۇپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەن ئىسمائىل سوپۇم ئاڭلىنار ـ
ئاڭلانماس غودۇڭشىپ: «خۇدا زاۋالىڭنى بېرەر، تىلىڭ تۇتۇلۇپ
كېتەر، ئىلاھىم!» دەپ قارغاپ قويدى.
كېيىن ئۇ بۇ خىل خام خىياللارنى قىلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ
ئورنىغا «مەن بولالمىساممۇ، بىزنىڭ بالىلاردىن، ھېچبولمىغاندا
ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن بىرەرسى ھوقۇق تۇتۇپ قالغان بولسىمۇ
خېلى پايدىسى تېگەتتى ـ ھە!» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ
ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈردى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بۇ خىل
خىياللارنىمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھا-
زىر يەرلەر ھۆددىگە بېرىلىپ، ھەركىم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ
ياشايدىغان بولغاچقا، مەنسەپتىنمۇ نەپ يوقلۇقىنى سېزىپ جىم
بولۇپ قالغانىدى، لېكىن مانا ئەمدى ئۇشتۇمتۇت يىراق تۇغقاندا-
لىرىدىن بولغان تۇرسۇن دادۇينىڭ ئامبارچىسى بولۇپ قالدى.
ئەمدى ئازراق بولسىمۇ دادۇينىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قولىدىن
ئۆتىدۇ. بۇمۇ چوڭ ئامەت ئەمەسمۇ؟! «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچ-
ىڭغا» دېگەن گەپ بار. ھەر نېمە دېگەن بىلەن يىراق بولسىمۇ
تۇغقان ـ دە! ئۇنىڭدىن ئاز ـ پاز بولسىمۇ نەپ تېگىدۇ. ئەقەل-
لىيىسى، بەزى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭساڭ كۆرمەسكە سالىدۇ.
قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆش ـ دە!...
شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرسۇننىڭ دادۇي ئامبارچىسى بولۇپ قال-
غىنىغا ئىسمائىل سوپۇمنىڭ خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز
ئىدى...

* * *

ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق
ئىدى. ئەتراپتىن پۈپۈك چىقىرىپ، ئالىيېشىل رەڭدە چېچەكلەپ
كەتكەن زىغىر، كېۋەز قاتارلىق ھەرخىل زىرائەتلەرنىڭ خۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بۈگۈن يەكشەنبە، ئەزالارنىڭ دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، ئىككى قاسىنقى سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان كەڭ يولدا چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ بازارغا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مۇشۇ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىدىكى دادۈي ئىشخانىسى ۋە ئامبار جايلاشقان كەڭ قورۇنىڭ ئىچى ئەتىگەندىلا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

ياش ئامبارچى تۇرسۇن ئامبار ئىشىكىنىڭ يېنىغىلا گىرنى قويۇۋېلىپ كىشىلەرگە ئۇرۇقلۇق قوناق تېگىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ بىردەم قوناق جىڭلىسا، بىردەم قوناق ئالغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى، ئالغان قونىقىنىڭ جىڭ سانىنى خاتىرىلەيتتى. ئەسلىدە دادۈينىڭ ئەزالارغا ئۇرۇقلۇق قوناق تېگىشىپ بېرىش ۋەزىپىسى يوق ئىدى. ئىش مۇنداق بولغانىدى:

بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بەزى دېھقانلار: قوشنا يېزىدىكىلەر قەيەردىندۇر ناھايىتى سۈپەتلىك، يېڭى بىر خىل قوناقنىڭ ئۇرۇقىنى ئەكېلىپ تېرىۋېتىپتۇ، بىز ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، دادۈي رەھبەرلىكى ئالاقىلىشىپ شۇ ئۇرۇقتىن بىزگىمۇ ئازراقتىن تېپىپ بەرگەن بولسا، دېگەن تەلەپنى قويۇشتى. دادۈي رەھبەرلىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئۇقۇشۇپ كۆرۈۋىدى، ھەل قىلغىلى بولىدىكەن. بۇ ئۇرۇق ناھىيەگە يېقىنلا بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا بار ئىكەن. بىر شەرت: بۇ ئۇرۇقلۇقنىڭ ئورنىغا ئاتلارغا يەم ـ بوغۇز قىلىش ئۈچۈن ئادەتتىكى قوناق ئاپىرىپ بېرىش لازىم ئىكەن. دادۈي مۇشۇ ئۇرۇقلۇقتىن ئۈچ مىڭ جىڭ ئەكەلگەنىدى. بۈگۈن ھەرقايسى دۈيلەردىن كەلگەن ئەزالار شۇ قوناقنى تېگىشىپ ئېلىۋاتاتتى. تۇرسۇن بۇ ئىشنى باشقا كۈنلىرى قىلسىمۇ بولىۋېرەتتى، بىراق ئەزالارنىڭ ئىشىغا دەخلى يەتمىسۇن دەپ تۈنۈگۈن ھەممەيلەنگە يەكشەنبە كۈنى چۈشكىچە تېگىشىۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلىۋەتكەنىدى.

تۇرسۇن ھەربىر ئادەمنىڭ ئەكەلگەن قونىقىنى خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىرمۇ بىر تەكشۈرگەندىن كېيىن، «تۆكۈك»

دەيتتى. ئاندىن ئۇرۇقلۇق قوناقتىن جىڭلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا 3 ـ دۆيدىكى كەكە ساقال، كولۇمسىرەپ تۇرىدىغان قىزىقچى قادىر قاغا كەلدى ـ دە:
— ھەي... قونىقىم ئازراق بولۇپ قالدى. بولمىسا جىقراق تېگىشىۋالار ئىكەنمەن. قېنى ئۇكام جىڭلىغىنا، ئون بەش جىڭ چىقامدۇ، يوق؟ — دېدى. تۇرسۇن تارتىپ كۆرۈۋىدى، ئون يەتتە جىڭ كەلدى. ئاندىن خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قوناقلارنى ئىلەشتۇرۇپ كۆرۈپ:
— ماۋۇ قونىقىڭ بولمايدۇ، قادىركا، ناھايىتى بېزەپ قوناق ئىكەن، تاش، داڭگاللىرىنى تازىلاپ كەل، — دېدى.
— ۋاي ئۇكام، ئات يەيدىغان نېمىنى تازىلاپ يۈرەمدىمەن، مېنى ئاۋارە قىلمىساڭچۇ!
— بۇ گېپىڭ قاملاشىدى، قادىركا، — دېدى تۇرسۇن كۆپچىلىككە نەزەر تاشلاپ قويۇپ، — ئات ـ ئۇلاغ بېقىپ يۈرگەن پېشقەدەم دېھقان تۇرۇپمۇ شۇ گەپنى قىلامسەن؟ ئاتمۇ ئادەمگە ئوخشاش، سەنمۇ پاسكىنا نەرسىنى يېسەڭ ئاغرىپ قالىسەنغۇ؟ خاپا بولماي تازىلاپ كەل.
— گېپىڭغۇ ئورۇنلۇق. بىراق، بۇ كىچىككىنە نەرسىنى تازىلايمەن دەپ يەنە ئۆيگە بېرىپ يۈرەرمەنمۇ، ئۇكام؟
— مەن ئامباردىن غەلۋىر ئاچىقىپ بېرەي. مۇشۇ يەردىلا تازىلا. ھە، ئامىنە ئاچا، كەلسىلە، سىلىنىڭكىنى جىڭلىۋېتەي.
قادىر قاغا خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن قىلىپ گىرىنىڭ ئۈستىدىكى خالتىسىنى كۆتۈردى ـ دە، بىر چەتكە ئۆتتى.
تۇرسۇننىڭ ئىشنى تېز، ئېپچىللىق، ئادىل قىلىۋاتقانلىقى كۆپچىلىكنى بەكمۇ مەمنۇن قىلدى. گىرىنىڭ ئەتراپىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشقانلار كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا پىچىرلاشماقتا ئىدى...
سائەت ئون ئىككى بولۇپ قالدى. ئەمدى كېلىدىغانلارمۇ شالاڭلاشماقتا ئىدى. تۇرسۇن ئامبارنىڭ ئىچى ـ تېشىنى تازىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاچ يەنە بىر ئاز ساقلىدى. لېكىن ھېچكىم كەلمىدى. ئاخىر ئە-
شىكنى قۇلۇپلاپ ئۆيگە ماڭدى.
— جېنىم بالام، ئىشىنىمۇ قىل، قورسىقىڭنىمۇ ئۇنتۇپ
قالما. باشقا خەق ئاللىقاچان قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئارام ئېلىۋا-
تىدۇ، — ئانا باش - كۆزى چاڭ - توپا ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن
ئوغلى تۇرسۇننى كۆرۈپ شۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن
بىر خىل كۆيۈمچانلىق چىقىپ تۇراتتى.
— ھېچقىسى يوق، ئانا. قوناق تېگىشىدىغانلار يەنە كېلىپ
قالسا، ئاۋارە بولۇپ قالمىسۇن دەپ بىردەم كۈتتۇم، — يوغان
قاپقارا كۆزلىرىدىن تېخى بالىلىقى كەتمىگەن تۇرسۇن يۇز -
كۆزلىرىنى يۇيۇشقا تۇتۇندى.
— خۇدايىم ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن، قوزام، دەرھال ئې-
شىڭنى ئىچىۋال. مانا قارا، ئاشنىڭ سۈيى نەچچە قايناپ، نەچچە
سوغۇلۇپ كەتتى.
تۇرسۇن ئانىسىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈپ قويدى ۋە داستىخاند-
غا كېلىپ ئولتۇردى. ئاشنى ئىچمەكچى بولۇپ چىنىنى قولىغا
ئەمدىلا ئالغانىدى، ھويلىنىڭ ئىشكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ
كىمدۇر بىرسىنىڭ پۇتىنى سۆرەپ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلاندى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تۇغقانلار! ئوبدان تۇردۇڭلارمۇ؟
— ۋاي كەلسىلە، ئىسمائىل سوپۇم، كەلسىلە، — دېدى ئانا
ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە داستىخانغا تەكلىپ قىلدى، — قېنى قول-
لىرىنى چايقاپ داستىخانغا كەلسىلە!
ئىسمائىل سوپۇم ئېغىر خالتىسىنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ
ئىشىكنىڭ يېنىغىلا قويدى. ئاندىن قولىنى چايقاپ داستىخانغا
كېلىپ ئولتۇردى - دە، دۇئا قىلىۋېتىپ تىنچلىق سورىدى.
قەمبەرخان ئانا دەرھال بىر چىنە ئاشنى ئۇسۇپ ئەكەلدى -
دە:
— خوش، ئاشقا باقسىلا، سوپۇم. قانداق بولۇپ قەدەملىرى
يېتىپ قالدى بۇگۈن؟ — دەپ سورىدى.

ئىسمائىل سوپۇمنىڭ قورسىقى گۇپۇلدەپ دىمىقىغا ئۇرۇپ تۇرغان ئۇگرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ھىڭگىيىپ، ئاغزى يۇمۇلماي قالدى. ئۇ ئاشنى قولىغا ئېلىپ بىر قوشۇق ئوتلىغاندىن كېيىن، داستىخانغا قويدى ـ دە:

— ئازراق قوناق بار ئىدى، تېگىشىۋالاي دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى.

— بايا نېمىشقا كەلمىدىلە، سوپۇم؟ — دېدى تۇرسۇن ۋە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى، — بىر يەرگە «ئوۋ»غا چىقىپ كەتكەنمىدىلە يا؟

— ھى ـ ھى ـ ھى... سەنمۇ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن ـ ھە، ئۇكام! سېنى ئاۋارە قىلماي دېدىم. ئادەم جىق تۇرسا، سېنى ئالدىرىتىپ ئالتە پۇتلۇق قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ خالىي چاغدا كەلدىم، ئۇكام.

تۇرسۇن ئۇنىڭ مىڭ خىل ھىيلە ـ مىكىر ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى.

— قېنى ئاشلىرىنى ئىچسىلە، سوپۇم، ئاۋارە قىلماي دېدىم، دەپ ئەمدى ئاۋارە قىلىدىغان بولدىلا، بالام تېخى ھازىر كېلىپ ئولتۇرغانىدى، — دەپ كۇلۇپ قويدى قەمبەرخان.

— شۇنداقمۇ؟ ھېچقىسى يوق، تۇغقانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئازراق ئاۋارە بولسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى سوپۇم ئاشنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇزىچە سۆزلەپ كەتتى، — تۇرسۇنجاننىڭ ئامبارچى بولغىنىغا مەندەك خۇشال بولغان ئادەم يوقتۇ؟ مۇشۇ كۇندە يائاللا، بىزنىڭ تۇغقانلاردىنمۇ ئەمەلدار چىقىدىكەن دەپ خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي قېلىۋاتىمەن دېسىلە!

— سوپۇم، ئامبارچى دېگەن ئەمەلدار ئەمەس، — دېدى تۇرسۇن ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— ئارى راست، ھازىرغۇ ئەھۋال ئوخشىمايدۇ. دۇينىڭ مال ـ مۇلكى، ئات ـ ئۇلاغلىرى، يەرلەر شەخسلەرگە بېرىۋېتىلدى. لېكىن، شۇنداق بولغاندىمۇ يەنە بىر قىسىم ئىقتىساد سېنىڭ قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇڭدىن ئۆتىدۇ ـ دە! سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭ بولماي تۇرۇپ ھېچ-كىم بىر تال يىپ چاغلىق نەرسىنى ئالالمىسا، سەندىن چوڭ ئە-مەلدار بولامدۇ؟

— ھەي... بۇ مال ـ مۈلۈك مېنىڭ ئەمەس، كۆپچىلىكنىڭ ـ دە!

— كۆپچىلىك بىلەن شەخسنىڭ نېمە پەرقى بار، ئۇكام؟ سېنىڭ قولۇڭدا بولغاندىكىن سېنىڭكى!

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ قويدى.

ئىسمائىل سوپۇم چىپىلداپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ، ئىككى چە-نە ئاشنى پاك ـ پاكىز ئىچىۋەتتى. ئاندىن چاپانلىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ دوپپىسى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئەتراپقا سېسىق تەر پۇرىقى تارقالدى. تۇرسۇن بۇ ئا-دەمنىڭ ئىشىنى قىلىپ بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشىنى ئويلىدىمۇ، ئور-نىدىن تۇرۇپ:

— قېنى ماڭسىلا سوپۇم، تېگىشىدىغاننى تېگىشۋالسىلا، — دېدى.

سوپۇم ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ قەمبەرخان ئاچىغا رەھمەت ئېيتىپ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

تۇرسۇن كېتىۋېتىپ ئۇنى گەپكە سالدى:

— سوپۇم، كوچا ـ كويلاردا تىمىسقىلاپ كۈن ئۆتكۈزگۈچە كۆتۈرە ئالغان يەرگە ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە ئوبدان ئىشلىسىلە بولمامدۇ؟ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىلا، جۇمۇ! قارىغاندا، خەق بۇ يىلمۇ پۇلنى تاتازىسى بىلەن سانايدۇ!

— ھەي... مېنىڭ ئۆمرۈم پۇشايمان بىلەن ئۆتىدىغۇ تاڭ! مەنمىغۇ بىكار تۇرماي ئىشلەۋاتىمەن. ھەر ھالدا رىزقىمىزنى ياراتقان ئاللا ئۆزى بېرىدۇ، ئۇكام.

— ئاللامۇ ھالال ئىشلىگەن ئادەمگە بېرىدۇ، سوپۇم، باش-قىلار ماي چايناپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرسە، سىلى رىزقىنى

ئاللا بېرىدۇ دەپ «ئوۋ» ئوۋلاپ يۈرسىلە سەت ئەمەسمۇ؟ شۇنچە قىلىپمۇ يا چاپانلىرى ئىككى بولمىدى. جانلىرىغا ئىچلىرى ئاغرىمايدىكەن!

بۇ گەپلەر سوپۇمغا زادىلا ياقمىدى. ئۇ زورمۇ - زور «ھې - ھې - ھې...» قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— سەن مېنى مۇشۇنداق دېسەڭ، باشقىلار نېمە دەيدۇ، ئۇكام؟! تۇغقان تۇرۇپ ئۇنداق گەپلەرنى قىلما! — دېدى.

ئۇلار كەڭ ھويلىغا كىرىپ كېلىشتى، تۇرسۇن ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. سوپۇم ئامبارغا كىرە - كىرمەيلا:

— قوناقنى نەگە تۆكىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىرىمىسىلا، سوپۇم، بۇ دېگەن ئاشلىق، ئۇنىڭ سانى بار، ئاۋۋال جىڭلايمىز، گىرنىڭ ئۈستىگە قويسىلا.

ئىسمائىل سوپۇم ئىنجىقلاپ تۇرۇپ خالتىسىنى گىرنىڭ ئۈستىگە ئالدى.

— نېمانچە جىق قوناق بۇ؟ باشقىلار قانچىلىك تېرىماقچى بولسا شۇنچىلىكلا تېگىشتى، سىلىنىڭ ئوتتۇز بىر جىڭ كەلدىغۇ، شۇنچە جىق قوناق تېرىملا!

— ئەمدى... ئەمدى... — ئۇ بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشكە باشلىدى، — ئۇنچىلىك جىق قوناق تېرىيدىغان يېرىمۇ يوق، تەييار ئۇرۇقلۇق قوناق بولغاندىكىن جىقراق تېگىشۋالاي دەيمەن - دە، ئۇكام. ھې - ھې - ھې... بۇ يىل تېرىمساق كېلەر يىلى تېرارمىز. ئىشقىلىپ، ئارتۇق دۇنيا باشنى يارمايدۇ، كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق دېگىنە، ئۇكام!

— ئازغىنا ئىلىنىشىدىغان يەر بولسا، ھەرگىزمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيلا - ھە، سوپۇم؟ بوپتۇ، يىگىرمە جىڭ تېگىشىپ بېرەي.

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمىگىنە، ئۇكام! — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ، ساپسېرىق كىرپىكلىرى توختىماي چىمىلداپ كەتتى، — خۇش بولاي، مېنى ئاۋارە قىلما، باشقا خالتىمۇ ئالغاچ كەلمەپتىمەن. ھەممىنى تېگىشىپ بەرگىنە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. «بوپتۇ، ھەربىر ئادەمگە مۇنچە جىڭدىن دەپ بەلگىلىمىگەندىن كېيىن بۇ كاج ئادەم بىلەن تالىشىپ يۈرمەي، تېگىشىپ بەرسەم بېرەي» دەپ ئويلىدى ۋە دەپتىرىگە ئوتتۇز بىر جىڭ دەپ يازدى.

پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سوپۇم خۇشاللىقتىن پايپېتەك بولۇپ:

— قېنى نەگە تۆكىمەن تۇرسۇنجان؟ — دەپ خالتىنى يەنە كۆتۈردى.

— ئالدىرىمىسىلا دەيمەن، سوپۇم — دېدى تۇرسۇن ئۇنى توختىتىۋېلىپ ۋە مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ سورىدى، — بىر يەرگە نەزىرگە بارامتىلە؟ ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئالىدىغان گەپ. قېنى خاپا بولماي خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچسىلا!

ئىسمائىل سوپۇمنىڭ ئۇشتۇمتۇت رەڭگى ئۆڭۈپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك، بىردە تۇرسۇننىڭ كۆزىگە، بىردە خالتىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. تۇرسۇننىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، تەستە زۇۋانغا كەلدى:

— كۆرسەڭ - كۆرمىسەڭ بۇمۇ ئوخشاشلا قوناققۇ، ئۇكام، بولدىلا ئاۋارە بولما، تۆكۈۋېتەي.

سوپۇمنىڭ بۇ ھالىتىدىن تۇرسۇن بىر نەرسىنى سەزدى - دە، تېخىمۇ چىڭ تۇردى:

— بۇ ھېچقانداق ئاۋارە بولىدىغان ئىش ئەمەس. قېنى خالتىنىڭ ئاغزىنى يەشسىلە. نېمانداق تىترەيلا، سوپۇم؟ «ئېشىك ھالال بولسا، كوچىدا يە» دېگەن گەپ بار. قوناقلىرىدا بىرەر چاتاق بارمۇ يا؟ ئەكەلسىلە، ئۆزۈم يېشەي!

— توختا، توختا، ئۇكام، — ئىسمائىل سوپۇم ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئەمدى ساڭا ئېيتمىسام بولمىدى، سەنمۇ يامان يەردىن تۇتۇۋالدىڭ. بۇ سەل كونىراق قوناق ئىدى، شۇڭا سېنى خىجىل قىلمايلا تۆكۈۋېتەي دېگەنىدىم، كۆرمىسەڭمۇ بولار.

— ھە... مۇنداق ئىش دېسىلە! قېنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى تۇرسۇن قىزىقىپ ۋە دەپتىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ خالتىنىڭ ئاغزىنى يەشتى - دە، چۆچۈپ كەتتى. خالتىنىڭ ئىچىدە قوناق ئەمەس، كۆكىرىپ، پاختىلىشىپ كەتكەن ۋە بەزىلىرى ئۈۋۈلۈپ قارا كۈيگە ئايلىنىپ كەتكەن ئاجايىپ بىر نەرسە تۇراتتى.

— بۇ نېمە، سوپۇم؟ — دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ.

— قوناق - دە، قوناق، — ئىسمائىل سوپۇم شۇ سۆزنى قىلىپ دەرھال خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغاندىن كېيىن، تۇرسۇننىڭ كۆزىگە قارىدى.

— مۇشۇنداق بىر نېمىنى قوناق دەپ ساقلاپ يۈرگۈچە ئۇ-غۇت دۆۋىسىگە ئاپىرىپ تۆكۈۋەتسىلە بولماسمىدى؟

— ئەمدى، ئۇكام سەن بىلەن بىز يات ئەمەس. كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلىشايلى. كۆرمەسكە سالارمىكىن دېگەنىدىم، ئىش مې-نىڭ ئويلىغىنىمدەك بولماي قالدى. ئەسلىدىغۇ بۇنداق بىر نې-مىنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئەكەلمىسەممۇ بولاتتى. ئەمدى ئەكېلىپ قاپتىمەن. بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بولمىغاندىن كې-يىن، جىق قوناقنىڭ ئارىسىغا تۆكۈپلا ئارىلاشتۇرۇۋېتەي، شۇنداق قىلساق بىردەمدىلا ئىش تۈگەيدىغۇ، ئۇكام!

تۇرسۇن غەزەپتىن دىر - دىر تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھۆل كېسەككە دەسسەتمەكچى بولۇۋاتقان بۇ ھىيلىگەر ئادەمگە باشتىن - ئاخىر بىر قېتىم قارىۋېتىپ:

— نېمە دەۋاتىدىلا، سوپۇم؟ سىلىنىڭچە، قاراپ تۇرۇپ مۇشۇ بۇزۇلغان سېسىق نەرسىنى ساپساق قوناقلارغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىزمۇ؟ بىر سېسىق ئامۇت مىڭنى بۇزىدۇ، دېگەن گەپنى بىلمەملا؟ — دېدى.

— ئەمدى ئۇ دېگىنىڭغۇ ئارى راست، ئۇكام، قانداق قىلىمەن، بۇزۇلۇپ قاپتۇ دەپ تاشلىۋېتىمەنمۇ؟ توخۇ يېگەن بولسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توخۇلىرىمغا بېرىۋېتەتتىم. ھازىر جاھان تـوقچىلـىق بولۇپ، ئـۇ كاساپەتلەرنىڭ ھالىمۇ چوڭلاپ قاپتۇ دېگىنە، يېمىدى!

— ھەي، سوپۇم، توخۇ يېمىگەن نېمىنى ئات قانداق يەيدۇ؟ — تۇرسۇن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق، شۇنداق، ئاتمۇ يېمەيدۇ. شۇڭا، سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ كەلدىم - دە! مۇشۇنداق پەيتتە بىر نېمە قىلىۋالمىسام قانداق قىلىمەن؟ ئۆزۈڭ بىر نېمە قىلغىنا ئۇكام، ھازىر ھېچكىم يوقمۇ، قوناقلارنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتسەك بولمىدىمۇ؟

— بولمايدۇ، قوناقلىرىنى كۆتۈرسىلە، سوپۇم.

— جېنىم، ئۇكام...

— سىلىدە قىلچە ئىنساب دېگەن نەرسە يوق ئىكەن! بۇنى ئاتلار يېسە قورسىقى ئاغرىپ ئۆلمەمدۇ؟!

— ئاستىراق گەپ قىلساڭچۇ، ئۇكام. مۇنچە دەتالاش قىلغۇدەك ھېچ گەپ يوقمۇ؟ قىزىق بالا ئىكەنسەن، ئاتلار ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ يا بۇ ئاتلار سېنىڭمىدى؟ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان قوناقلارغۇ بۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېتى نېمە بولسا بولمامدۇ!

— ھەي، قايسى يۈزلىرى بىلەن قىلىۋاتىلا مۇشۇ گەپنى! ئۇلار بىزگە شۇنچە ئېسىل ئۇرۇقلۇقنى تېگىشىپ بېرىۋاتسا، ۋاپاغا جاپا قىلىپ ئۇلارنى ئالدايمىزمۇ؟

تۇرسۇننىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئالدىدا تۇرغان بۇ مەخلۇق ئۆزىگە ئوخشاش ياش يىگىت بولىدىغان بولسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قوياتتى. ئامال قانچە؟...

— ھېچ بولمىسا تۇغقان ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالما، ئۇكام!

— مېنىڭ سىلىدەك تۇغقىنىم يوق! مېنى گەپكە سالماي يوللىرىغا ماڭسىلا، ئىشىكنى تاقايمەن!

ئىسمائىل سوپۇم ھەممە ياغلىما گەپلەرنى قىلىپ يېلىنىپ باقتى. تۇرسۇننى زادىلا ئۇندەككە كەلتۇرەلمىگەندىن كېيىن، جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، كۆكەرمىلىك قىلىشقا باشلىدى.

— خېلى ئەقلى - ھوشى جايىدا بالىمىكىن دېسەم، تازىمۇ جا ئاكتىپ، تەرسا شۇمكەنسەن! تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدىڭ، يۈزسىز!

— يۈزسىز دېگەن سەن! يۈزى بار ئادەم ساڭا ئوخشاش گەپلەرنى، ساڭا ئوخشاش ئىشلارنى قىلمايدۇ، چىق ئامباردىن!

— چىقمايمەن، قانداق قىلاتتىڭ؟!

— چىقمىساڭ يات، خالتاڭنى مەن ئاچىقىپ بېرەي! — تۇرسۇن ئۇنىڭ خالتىسىنى دەس كۆتۈرۈپ سىرتقا ئاچىقىپ قويۇپ قۇلۇپنى قولىغا ئالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ساڭا تېخى تۇنۇگۇن كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تېگىپ قاپتىكەن، نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟! بۇ ئىشلار كىمدىن قالمىغان؟! خەپ توختاپ تۇر، سېنىڭ قانچە كۈن ئامبارچى بولۇپ تۇرغىنىڭنى كۆرىمىز!

— كۆرسەن، بۇندىن كېيىن ساڭا ئوخشاش ھارام تاماقلارغا ھەرگىزمۇ ياخشى كۈن يوق! — تۇرسۇننىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان بىر - ئىككى ئۆتكۈنچىلەر ئامبار تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئىسمائىل سوپۇم خالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراپ مېڭىۋىدى، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ كېتىپ بىر كالىچى پۇتىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تېخىمۇ رەللە بولۇپ، كالىدكالىچى پۇتىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تېخىمۇ رەللە بولۇپ، كالىچىنى ئاچچىقى بىلەن دەسسەپ - دەسسەپ قويۇپ پۇتىغا سېپىۋالدى - دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ:

— خۇدا جاجاڭنى بېرەر، ھارىمى! ئىست، سېنى ئامبارچى بولدى دەپ خۇشال بولغىنىم! — دەپ تۇرسۇننى يەنە بىر قېتىم تىللاپ قويدى.

تۇرسۇن ئاچچىق كۈلگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن مەغرۇر قاراپ تۇراتتى. غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان ئىسمائىل سوپۇم باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى ئىتتىك ماڭغانلىقتىن، تۆشۈك كالىچىنىڭ سوڭىدىن پۇرقىراپ توپا توزۇپ تۇراتتى...



زوردۇن سابىر

# تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ

دەريا سۈغا تولغان كۆللەردە بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىمۇ، مەنزىرى-
سىمۇ ئۆزگىرىدۇ: شەرقتىن — تەكلىماكان چۆللۈكىدىن كېلىپ
ھۇپۇلدەپ تەننى كۆيدۈرىدىغان ئىسسىق شامال نەمخۇش، سالقىن
بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ كېچىلىرى تولىمۇ راھەت، قۇم ئۈستىدە
ياتساڭمۇ تەرلىمەيسەن، سالقىن شامال يۈزۈڭنى سىلاپ قەلبىڭدە
ھېسسىيات ئويغىتىپ، سېنى زۇلۇمدىن قۇتۇلغان مالايدەك خۇ-
شاللىق، ھالاۋەت ۋە بەخت بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ ـ دە، «دۇنيادا
مىڭ يىل ياشىسامكەن» دېگۈزىدۇ.

ئەتىگەنلىكى قۇم ئۈستىدە ئۇڭدا يېتىپ، ئەتراپىڭغا قارى-
ساڭ، يوپۇرماقلىرى يالتىراپ تۇرغان توغراقلارنى كۆرىسەن،
توغراقلار ساڭا كۈلۈۋاتقاندەك، سالقىن شامالدا سىلىق لىڭشىپ
ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. بۇ چەكسىز توغراقلىقنىڭ
قوينىدىن يول ئېلىپ شەرققە ئېقىۋاتقان يەكەن دەرياسى سېنىڭ
شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغانغانلىقىڭنى سېزىدۇ ـ دە، «مەن ئۇلغى-
يىۋاتىمەن!» دېگەندەك ھەيۋەت بىلەن شارقىرايدۇ.

مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلھام موللاق ئوغلى يىراق، ئەمما ئاۋات
يېزىسىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى خالىماي، مۇشۇ دەريا بويىدى-
كى توغراقلىق ئىچىگە ئۆي سېلىپ، چىرايلىق ئايالى بىلەن ئون-
دەك قوينى ئېلىپ، ئورمان ئىشچىسى بولۇپ كۆچۈپ كەلگەن.
ئۇنىڭ كۆچۈپ كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولدى: ئۇلار دەريانىڭ شاۋ-

قونلۇق ۋە سۇيى قۇرۇپ مۇڭلانغان چاغلىرىنى ئۈچ قېتىم كۆر-دى. قويۇق توغراقلارنىڭ ياپيېشىل، چوغدەك قىزىل، تاپتاقىر چاغلىرىنىمۇ ئۈچ قېتىم كۆردى. ئۇلار تالاي قېتىم ھاياجانلان-دى، ناخشا ئېيتتى ۋە ئىچ پۇشۇقىدىن گەپ تالاشتى، ئۇرۇشتى. ئون تۇياقتىن يۇز ئەللىك تۇياققا كۆپەيگەن قويلىرىمۇ ئۇلارنى يېتەرلىك خۇش قىلدى ۋە ئاۋارە قىلدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بايلى-قى كۆپەيگەنسېرى خۇشاللىقى ئەمەس، خاپىلىقى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىلھام كۇنبويى گەپ قىلماستىن شاخ پۇتاش، ئوتياش ئوتاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان چىرايلىق ئايالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ جۇدەۋاتقان چىرايىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىناتتى.

— ساڭا نېمە بولدى نۇرانىيە، — دېدى ئىلھام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — توققۇزىمىز تەل بولغاندا تۇتۇلۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ داق يەردە دۇم يېتىپ - دۇم قوپۇپ، ئۈچ ۋاخلىق قوناق ئۇمىچى ئىچكەن چاغلىرىمىزدا ئەجەب خۇشال بولاتتىڭ، ناخشا ئېيتاتتىڭ، ئۇسسۇل ئوينايتتىڭ، ئوسما قوياتتىڭ، خېنە ياقات-تىڭ، ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ يەيمەن دېسەڭ ئەنە ئاق ئۇن، ئەنە پاقلان، كىيىمەن دېسەڭ ئەنە ئېسىل رەخت، ئوينايمەن دېسەڭ ئەنە ئۇنئالغۇ، ئەنە رادىيو، خالىساڭ ھارۋا بىلەن خالىغان يېزاڭ-غا، شەھەرلەرگە ئاپىرىمەن، خەجلەيمەن دېسەڭ پۇلۇڭمۇ جىق، ئالتۇن - كۈمۈشكىمۇ كۈچىمىز يېتىدۇ. بالىمىز يوق، كۆڭلۈڭ يېرىممۇ يا؟ ئۇنداق بولسا بالا بېقىۋالايلى، خالىساڭ ئىككىنى، تۆت - بەشنى دېسەڭمۇ ماقۇل بولاي، مەن سېنى تۇغماس دېمە-دىم. ئۆزۈم تۇغماس ئوخشايمەن. نۇرانىيە، ئېيتقىنا، نېمىشقا نۇرۇڭ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟

ئىلھام شاخ - شۇمبىدىن ياسالغان ھويلىسىدىكى كات ئۈس-تىدە ئايالىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، يۇقىرىقى سۆزلەر-نى قىلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ئا-يالىغا يېلىناتتى. ئۇنىڭ يوغان قوي كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايت-

تى. ئېگىز قەددى يادەك ئېگىلگەن، گۆرجەكتەك يوغان ئالقان-
لىق، قاتمال قوللىرى كېسەل تەگكەن توخۇنىڭ قۇيرۇقىدەك
تىترەيتتى. ئۇنىڭ قويۇق ساقال - بۇرۇتى دائىملا كىرپە تىكە-
نىدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، مال - دۇنيا ۋەسۋەسىسى بىلەن تا-
تىرىپ كەتكەن جۇدەڭگۇ يۈزىدە ئازاب ۋە خاپىلىق ئەكس ئېتىپ
تۇراتتى. ئۇ ئايالىغا ئىلتىجا بىلەن يېلىنىماقتا ئىدى.
— مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ مەن سېنى
ئالداپ ياكى مەجبۇرلاپ ئالمىغانغۇ؟ مەن پېداگوگىكا تېخنىكو-
مىنى پۈتكۈزۈپ سىلەرگە ئوقۇتقۇچى بولغاندا، سەن 10 - سى-
نىپتا ئوقۇيدىكەنسەن. بىز بىرىنچى قېتىم پۈتۈشكەندە سەن نې-
مە دېگەن؟ «ماڭا سىزنىڭ قەلبىڭىز ياقىدۇ» دېمىگەنمىدىڭ؟ كې-
يىن مەن يوقىلاڭ ئىش ئۈچۈن ئادەم ئۇرۇپ قويۇپ تەربىيەگە
چۈشتۇم. سەن خەتلىرىڭدە: «ھېلىغۇ بەش يىل ئىكەن، يىگىرمە
يىل كەسكەن بولسىمۇ سىزنى كۈتىمەن. سىز ئۆزىڭىزنى جىنا-
يەتچى ھېسابلىماڭ، سىز ۋىجدانىڭىز ئالدىدا ئاق، سىزنى بوزەك
قىلىپ، ئون مۈشت ئۇرغان جىنايەتچىنى بىرنىلا ئۇردىڭىز. مۇ-
شۇ جىنايەت بولامدىكەن ؟ مەن ئۆزۈم سىزنى ئاقلايمەن» دەپ
يازغان سۆزلىرىڭ مېنىڭ قەلبىمدىن ئورۇن ئالغان. مەن بۇ
سۆزلەرنى قىلغان نۇرانىيەنىڭ مەن راسا بېيىغان، بەختلىك بول-
غان مەزگىلىمدە ماڭا كۆڭۈلسىز بولۇپ قېلىشىنى ئويلىغانمۇ؟
ئېيت دەيمەن، سەن مېنى يالغاندىن ياخشى كۆرگەنمۇ يا؟ ياكى
ئۆتكەن قېتىم بىزنىڭكىدە قونغان مۇخبىر مېنىڭ ئورنۇمنى
تارتىۋالدىمۇ؟
— نومۇس قىلىسىڭىزچۇ؟
نۇرانىيە يولدىشىغا ياش يۇقى كۆزى بىلەن يالت قىلىپ قا-
رىدى. شۇ بىرلا قاراش ئىلھامنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئورنى-
دىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— نومۇس قىلغاچقا ساڭا بىر ئايدىن بېرى سۈكۈت قىلىپ
كېلىۋاتىمەن، مەن ئاڭلىق ئادەم، ھېسسىيات ئۆزگىرىدۇ، مۇ-

هەببەتمۇ يوقىلىدۇ، يەنە تۇغۇلىدۇ. مەن بۇنى بىلىمەن. سەن راستىنى ئېيت، مەن ساڭا ئەركىنلىك بېرەي، سېنىڭ بەختىڭگە كۆشەندە بولۇش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر!

نۇرانىيە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ياغاچ سۇپىغا تاشلاندى.

دەريا سۈيى كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان شۇنداق كۈنلەر ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ۋەھىمىلىك ئىدى. كۆڭۈللۈك بولۇشى — سۇ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە ئۆزگىرىدۇ: دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كېلىدىغان دەرەخ ئوغرىلىرى تىنچىيدۇ، ئەتراپتىكى دەرەخلەر بىلەن ئوت - چۆپلەر تاشقىن سۇلاردىن يايراپ تېز ئۆسىدۇ، باراقسانلىشىدۇ، ئەڭ مۇھىمى، نېرىقى قىرغىقىغا كۆز يەتمەيدىغان يېيىلاڭغۇ دەريا ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ھەر كۈنى دەريا بويىغا چىقىپ لۆمشىپ ئېقىۋاتقان لاي سۇغا قاراپ تۇرساڭ كۆكسى - قارنىڭ ئېچىلىپ، دوستلىرىڭ بىلەن بىللە بولغاندەك خۇشاللىنىسەن. تىنىمسىز ئېقىۋاتقان، ئورمانلارغا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى ۋارقىراپ، شەرققە قاراپ كېتىۋاتقان سانسىز دولقۇنلار خۇددى سېنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭ بىلەن يۈرىكىڭنىڭ تەلپۈنۈشىنى يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆز - ئۆزۈڭگە قىلغان ۋەدىلىرىڭنى يىراقلاردىكى سىرداشلىرىڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك گۈزەل كۆرۈنىدۇ، بولۇپمۇ قۇياش يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەندە دەريا بويىغا كەلسەڭ، شەپەقتىن قىزارغان دەريا سۈيىنىڭ جىمىرلاپ ئالتۇن نۇرلارنى چېچىپ تۇرغان بېتىدە قىرغاقلاردىكى توغراق، تېرەكلەرنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بۇ چاغدا سارغۇچ - قىزىل سۇ بىلەن قارامتۇل - يېشىل كۆلەڭگىلەر ئارىلىشىپ ساڭا بىر ئۇستا رەسسامنىڭ پەلكۈچ تۇتقان قولىنى ئەسلىتىدۇ: رەسسام ئۆز ئارزۇسىنى بوياقلار بىلەن قەغەزگە چۈشۈرۈپ ئىنسانلارغا ئاۋازسىز ۋارقىرىماقتا: ھاياتلىق - مەقسەت - گۈزەللىك - تىرىشچانلىق ۋە ئاخىر بەخت بىلەن قۇچاقلىشىش دېگەن-

لىك. كىمكى بۇنى بىلمىسە، ئۇ، ھاياتتىن لەززەت ئالالمايدۇ!

ئۇ كۈنى ئىلھام ئادىتى بويىچە ئورمان چارلىغىلى سەھەر تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. نۇرانىيە ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە مۇخبىر يىگىت بىلەن يالغۇز قالدى. نۇرانىيە ئاخشامدىن بېرى ئاجايىپ قىزىقارلىق يېڭىلىقلار، ھايات توغرىسىدىكى مۇلاھىزى-لىرى بىلەن يۈرىكىنى تىترەتكەن بۇ يىگىتنى يېرىم كېچىگىچە ئويلاپ، ئۇيقۇسىز ياتقان ئەمەسمىدى؟ يەنە قانداق قىلىپ كۈن چىقماستا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئۇخلاۋاتقان يى-گىتنىڭ نەپەسلىرىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ قالدى؟ يولدىشى — سۆيگۈنى بار ئايال ئۈچۈن باشقا بىر يىگىت توغرىسىدا ئويلاش گۇناھ ۋە ئەخلاقسىزلىق ئەمەسمۇ؟ لېكىن گۇناھ بولسىمۇ، ئەخلاقسىزلىق بولسىمۇ نۇرانىيە ئويلىماسلىققا ئىلاجسىز. كې-چىلەپ يېنىدا بىئارام بولۇپ ياتقان ئەر نېمە ئۈچۈن سەھەرلەپ ئايالىنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۈگۈن بىر كۈن ئورمان چارلىمىسا بولماسمىدى؟ ياكى ئۇ پەسكەشلىشىپ نۇرانىيەنى سى-ناۋاتامدۇ؟ نۇرانىيە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىچكىرىكى ئۆيگە قاراپ باقتى. كارىۋاتتا قويۇق، ئۇزۇن چاچلىرى ئاق ياستۇققا يېيىلىپ ھېلىقى مۇخبىر يىگىت ياتقان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن باش كۆرۈنمىدى، بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركىۋالدىمۇ يا؟ نۇرانىيە ئۆيگە كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. يوتقاننى ئاچتى، يىگىت راستلا يوق. نۇرانىيە نېمىشقا ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيما-غاندۇ؟ يىگىت دالاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىلھامنىڭ نۇرانىيەنى خۇددى قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك بويىندىن قۇچاقلاپ ياتقىنىنى كۆرگەن بولسىچۇ؟ نېمە دەپ ئويلىغاندۇ، بەلكى: «ئىل-ھام مېنى ئۆز ئىشى — بايلىقىنى كۆرسىتىشكە ئەمەس، ئايالىنى قانداق قۇچاقلايدىغانلىقىنى كۆرسەتكىلى ئۆيىدە قوندۇرغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ئىلھام ئۈچۈن ھېچ گەپ بول-مىغىنى بىلەن نۇرانىيە ئۈچۈن بۇ ئىش تولىمۇ سەتچىلىك!

نۇرانىيە ئادىتى بويىچە دەريا بويىغا يۈگۈردى. ئۇ دەريا بىلەن

مۇڭدىشىدۇ، يازنى شۇنداق ئۆتكۈزمىسە بۇ چۆلنىڭ يەنە نېمە لەززىتى بولسۇن !

ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ ھېلىقى سېرىق - قىزغۇچ سۇ بېتىدىكى خىلمۇخىل شەكىللىك كۆلەڭگىلەرگە قارىدى. قارىدى - دە، شەپەقتەك قىزاردى: چۈنكى ئۇ دەسلەپ مۇخبىر يىگىتنىڭ ئۇزۇن - قويۇق چاچلىق بېشىنى كۆرگەنىدى.

— قانداق گۈزەل، نۇرانىيە خانىم، بۇنداق يەردە يۈز يىل ياشىغۇڭىز كېلىدۇ. دۇنيادا سىلەردىنمۇ بەختلىك ئادەم بارمىدۇ، قارىغا، ئالتۇن ئېقىۋاتىدۇ، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئۇزىنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل، ساپ نۇرلىرىنى سىلەرنىڭ بۇ يېرىڭلارغا چاچمىدىغان ئوخشايدۇ. مەن بۇ گۈزەللىكنى زادىلا تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمىدىم. ئاخىر مۇنداق شېئىر يازدىم. ئاڭلاپ بېقىڭ:

ئىككى كۆزۈم ئاپپارات بولسا،
بۇ گۈزەللىكنى سۈرەتكە ئالسام.
ئاشۇ سۈرەتنى تىلتۇمار قىلىپ،
قاناماس يۈرەكىنىڭ قېتىغا سالسام !

— سىز قىرغاۋۇلنى دوراپ كۆلمەڭ، نۇرانىيە خانىم، بۇ يازغىنىم شېئىر ئەمەس، قوپال گەپلەر دۆۋىسى. قارىغا، دەريا بېشىدىكى دولقۇنلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى، دولقۇنلار سۆزلىشىۋاتىدۇ، قارىغا، ئاۋۇ سۇغا ئېڭىشكەن بەختىيار توغراقلارنى، ئۇلار سۇنىڭ، دولقۇنلارنىڭ تىلىنى ئۇقىدۇ. نۇرانىيە خانىم، مېنى ئالجىپتۇ دېمەڭ، ئادەمنى ھاراقلا مەست قىلىدۇ دەپ ئويلىماڭ، گۈزەللىك، قايناق ھېسسىيات - مۇھەببەتمۇ مەست قىلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ يېرىڭلارغا ئاشىق بولۇپ قالدىم. گېزىتكە مانا مۇشۇ يەرگە بولغان ئىشق - مۇھەببىتىمنى ئەسەر قىلىپ يازىمەن !

— ئائىلىماپتىكەنمەن، بىر يىگىت يەرگە ئاشىق بوپتۇ دې-
گەننى ئائىلىماپتىكەنمەن !

— ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ قويۇڭ، مەن يەرگە بولغان مۇھەب-
بىتىمنى بارلىق تىل سەنئىتىمنى ئىشقا سېلىپ سۆزلەپ باقاي.

ئۇ شۇنداق سۆزلىدىكى، نۇرانىيە ھېچقانداق بىر سىددىن، ھېچقانداق كىتابتىن مۇنداق گەپلەرنى ئائىلىمىغانىدى. مۇخبىر يىگىت دەريا، ئورمان، يەر توغرىسىدىلا سۆزلىدى. لېكىن، ئۇ خۇددى نۇرانىيەگە سۆزلەۋاتقاندەك نۇرانىيەنىڭ بۇ گەپلەر بىلەن يۈرىكى تىترىدى، تېپىرلىدى، ئېرىدى. ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى !

نۇرانىيە ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ؟ نۇرانىيە ئۆزد-
گە زادىلا بۇنداق سوئال قويۇپ باقمىغان. ئۇ كۈنى نېمىگە ھايا-
جانلاندى، نېمىگە ياش تۆكتى، نۇرانىيە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. ئەمما، يىگىت كەتكەندىن كېيىن، ھەر كۈنى سە-
ھەرلىكى شاۋقۇنلۇق دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ خىيال سۈردى، ئۆزى بىلەن، دەريا، ئورمان بىلەن سىرداشتى. بۇلار يىگىتنى سېغىنىشمۇ؟ نۇرانىيە مانا بۇنىمۇ ئويلىمىغان. بۇگۈن ئىلھام خىيالىغا كەلمىگەن نېمىنى ئېيتىد-
ۋىدى، نۇرانىيە خۇددى تۇيۇقسىز كالتەك تەگكەندەك كاتقا ئۆزد-
نى تاشلاپ يىغلىۋەتتى...

نۇرانىيە خىيال ۋە ئۇيقۇدىن ئېغىرلاشقان بېشىنى سەگى-
تىش ئۈچۈن دەريا بويىغا چىققاندا، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاند-
دى. غەربتىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك نۇردا توغراقلارنىڭ ياپراقلد-
رى قىزغۇچ رەڭگە كىرگەنىدى، كۈندىكىدىن يەنىمۇ ئۇلغايغان دەريا سۈيى ھەيۋەت بىلەن لۆمشىپ ئاقاتتى. قىرغاقتىكى ياپراق-
لىرى چوغدەك قىزارغان ھېلىقى «بەختىيار» توغراق شېخى بىد-
لەن دەريا بېتىگە بىرنېمىلەرنى يازاتتى. شاخ پەيدا قىلغان تالا —
تالا سىزىقچىلار ئالدىرىماي ئېقىۋاتقان دەريا بېتىدە خېلى يەر-
گىچە باراتتى — دە، ئاستا — ئاستا يوقىلىپ كېتەتتى. «بەختىيار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇغراق ! — دەپ پىچىرلىدى نۇرانىيە ئۆزىچىلا دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيال بىلەن، — يالغۇزچىلىقمۇ بەختمۇ؟ بىر تال شاخ پۈتۈن ياز بويى دەريا بېتىدە لىڭشىيدۇ، سائەت ماياتنىكى-دەك، تۈگمەن تېشىدەك، چۆلدە ماڭغان ئوتۇنچى ھارۋىسىدەك بىرلا خىل ئىشنى قىلىدۇ، بىرلا خىل ناخشىنى ئېيتىدۇ. مۇنداقلار بەختلىك ھېسابلانسا ئىلھاممۇ بەختلىك ئىكەن - دە ! ئۇمۇ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئورمان ئارىلايدۇ، قىش - ياز بىرلا دائىرىنى چۆرگىلەيدۇ، قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق ئورغىقى بىلەن شاخ - شۇمبا چاتايدۇ. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قويلىرىنى سا-نايدۇ، سەن بىلەن گەپ تالىشىدۇ ... بەختنىڭ مەزمۇنى مۇشۇن-چىلىك بىرنېمە بولىدىغان بولسا، بۇنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ھاجىتى قانچىلىك ؟ ياق، بەلكى ئۇ يىگىت بەختنى تازا چۈشەنمىسە كې-رەك، مۇخبىر بولغىنى بىلەن بەخت توغرىسىدا بىلىمى چولتا يىگىت بولسا كېرەك. بەخت دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر ئۇلۇغ نەرسە بولۇشى كېرەك. ئۇمۇ دىلىڭغا ئىسمى يېزىلغان نا-مى ئۇلۇغ خۇدايىمغا ئوخشاش، سەن ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن ئۆمۈر بويى دىدارىنى كۆرۈش ساڭا نېسىپ بولمايدىغان سىرلىق بىرنەرسە. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار ئۇنى قەدىرلەي-دۇ، ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەر ئۆمۈر بويى بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم بەخت ئىزدەيدۇ. بىزنىڭ ئىلھام بىر چاغلاردا «قويۇم يۈزگە يەتسە مەن بەختلىك بولغان بولاتتىم» دەپ يۈرەتتى. مانا ھازىر قويى يۈزدىنمۇ ئاشتى، ئەمما بەختلىكمەن دېگۈسى يوق. ئۇ ئەمدى قويلىرىنىڭ پۈتۈن تەكلى-ماكان قوينىدىكى كۆكىرىپ تۇرغان يەرلەرنى ئىگىلىشىنى، پۈ-تۈن تارىم بويلىرى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ تىلىكى ئىشقا ئاشسا، ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلامدۇ؟ كىم بىلىدۇ تېخى؟ مەكتەپتە بالا ئوقۇتقان چاغلىرىدا قىرىق ئىككى يۈەنلا ئايلىق ئالاتتى. بۇ پۇلى ئىككى-مىزنىڭ قورسىقىغا ئارانلا يېتەتتى. چوڭراق مېھمان چاقىرىشقا

توغرا كەلسە قەرز قىلاتتۇق. قەرزنى ئۈزۈش ئۈچۈن مەن قارا
ئىش قىلاتتىم: يا تامچىلارغا لاي توشۇپ بېرەتتىم. يا مەكتەپنىڭ
كۆكتاتلىقىدا ئىشلەيتتىم. ھېچ بولمىسا بىرسىنىڭ بالىسىنى
باقاتتىم. مانا شۇ چاغلاردا ئىلھام ئاخشاملىرى «بەختسىزمەن !»
دەپ زارلىناتتى. ھازىرچۇ ؟ ئۇ باي، ئۇ غەمسىز. لېكىن يەنىلا
«مەن بەختسىز» دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ قاچان
بەختلىك بولىدۇ زادى ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆمۈر بويى بەخت
دېگەننى كۆرمەي ئۆتمىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ «پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ
بەختى ئىچىدە شەخسنىڭمۇ بەختى بولىدۇ. سوتسىيالىزم ئىنسا-
نىيەت ئۈچۈن بەخت»، كىتابلارغا شۇنداق يېزىلىدىكەن، لېكىن
سوتسىيالىزمدا تۇغۇلغان، ياشاۋاتقان بىزنىڭ ئىلھامدەك ئادەم-
لەر، ئۇنىڭدىنمۇ ھالى ياخشى ئادەملەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى بەخت-
لىك ھېسابلىمايدۇ ئەمىسە ؟ بەلكى ھېلىقى مەن ئىسمىنى ئۇن-
تۇپ قالغان مۇخبىر بەختلىك بولسا كېرەك، ئۇ دائىملا خۇشال،
جۇشقۇن يۈرىدىكەن. بەختلىك ئادەمگە باشقىلارمۇ بەختلىك كۆ-
رۈنىدۇ. بۇمۇ خۇددى توق ئادەمگە ئۆلۈكمۇ كېكىرىۋاتقاندەك كۆ-
رۈنگەنگە ئوخشاش گەپ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇخبىرنىڭ كۆزىگە
بىزمۇ، ئاۋۇ يالغۇز توغراقمۇ بەختلىك كۆرۈنگەن ئوخشايدۇ ...
ۋاھ، نېمىشقا ھە دېسىلا شۇ مۇخبىر يادىمغا كېلىدۇ، بۇ يەرگە
ئارتىسلار، باشلىقلار، يۇرتلۇقلار دائىم كېلىپ مېھمان بولۇپ
كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چىرايلىق ياشلارمۇ، سۆيگۈ ـ مۇھەب-
بەت خېرىدارلىرىمۇ كۆپ ئىدىغۇ ؟ ھېلىقى دۇتارچى يىگىت
ئىككى كۈن ماڭا بېغىشلاپ ناخشا ئېيتتى، ئۇ خەلق قوشاقلىرى-
نى ئېيتقىنى بىلەن كۆزلىرى مېنىڭ نامىمنى يادلاپ تۇرىدىغۇ،
ئىلھامنىڭ ھېلىقى مەنسىپى ئۆسكەن دوستىچۇ پاقلان گۆشىگە
تويدى، ئىلھامنى مەست دەپ ئويلاپ، يېرىم كېچىدە پۈتىنىڭ
ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ يۈزۈمنى سىلاپ، قولۇمنى تارتتى. مەن
ئۇلاردىن قانچىلىك يىرگەندىم ـ ھە؟ مۇنۇ مۇخبىر يىگىت ماڭا
بىر قېتىم تىكىلىپمۇ قارىمىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغاندەك، بەلكى ئۇمۇ مېنىڭ چىرايىمنى ئۇنتۇپ قالغاندۇر. مەن يەنە نېمىشقا ھە دېسىلا ئۇنى يادلايمەن. ئۇنىڭ خۇددى ھاكلاپ قويغاندەك سىپسىدام كۆرۈنىدىغان چىرايى بىلەن ئۈسكىلەڭ، قويۇق چاچلىرى نېمىشقا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا بىز-نىڭ ئىلھامنىڭكىچىلىك چىراي بولسىمىغۇ: نە قاش – كۆز، نە ئېغىز – بۇرنىنىڭ تايىنى يوق. كۆلكە بىلەن ئاپپاق چىشتىن باشقا، ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچنېمىسى يوق. لېكىن، نې-مىشقا ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى ھاياجانغا سالدى، مەن نېمىشقا يىغلىدىم ؟ ...»

نۇرانىيە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشقا، شەپەق بىلەن قۇچاقلىشىپ سىرىقتىن قىزىلغا ئۆزگەرگەن دەريا بېتىگە، قىزغۇچ ياپراقلار-غا، ئاستا – ئاستا قاراڭغۇلىشىۋاتقان چەكسىز ئورمانلىققا قارى-دى. ئۇنىڭغا بۇ يەر زېرىكىشلىك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇ-زۇپ نەدىدۇر بىر يەردە ئىت ھۇۋلىدى، مانا قويلار مەرەشتى، يې-قىنلا يەردە قويۇق توپا توزۇتۇپ ماشىنا كېتىۋاتماقتا . بۇ ھال مۇخبىر بۇ يەردىن كەتكەن ۋاقىتتىكىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ – ھە؟ ئۇ كۈنى بىر قارا ماشىنا كەلدى – دە، مۇشۇنداق كۈن ئول-تۇرۇش ئالدىدا ئۇنى ئېلىپ كەتتى. يىگىت ئىلھام بىلەن قىز-غىن، نۇرانىيە بىلەن سوغۇقلا خوشلاشتى. بۇ سوغۇقلۇق ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپتۇ. ئۇ قىزغىن بولغان تەقدىردىچۇ؟ ئۇ چاغدا نۇرانىيە بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتىكەن – دە؟ ...

— نۇرانىيە ! نۇرانىيە نەدىسەن؟

ئىلھام ئۇنىڭ يېنىغا ھاياجان، خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمە بولدى، قايسى قويىڭىز ئۈچنى قوزىلىدى ؟

— نېمە ؟ مۇنۇنى كۆرمەمسەن ؟!

ئىلھام ئايالىغا قولىدىكى گېزىتنى كۆرسىتىپ تېخىمۇ ھا-ياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى:

— دولقۇن بىزنىڭ پاقلانىنى هالاللاپ يەپتۇ. باشقىلار بۇ يەردىن كېتىپلا يامان گېپىمىزنى قىلىشاتتى. قارا، دولقۇننىڭ يازغان ماقالىسىنى! راست گەپ قىلىدىغان يىگىت ئىكەن!

— دولقۇن دېگەن كىم ئۇ؟

— هېلىقى مۇخبىرچۇ!

— هە، هېلىقى مەن ئاشىق بولۇپ قالغان يىگىتمۇ؟ — نۇرانىيە ئىلهامغا تەنە بىلەن ئالىيىپ قارىدى.

— ئاشىق بولساڭ بولمامسەن، ئۇ نەدە، سەن نەدە؟ ئۇ سېنى ئويلايدۇ دەمسىنا، ئۇنىڭ خىيالى شان ـ شەرەپ، يېڭىلىق بىلەن بەند. ئۇنداق يىگىتلەر ئۆمرىدە بىرەر ئايالنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ئاڭلىق ئادەممەن. ئويلىغىنىمنى دەۋېرىمەن، سەن ئاشىق، ئۇ بولسا بىخەۋەر، سەن ماڭا كۆڭۈلسىز، ئوخشاشلا ئۇ ساڭا كۆ-ڭۈلسىز. ئالىيىسەنغۇ، سېنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى كۆڭۈلسىز-لىكى، ئىككىسى بىر گەپ!

— ئالجىپ قالمىغانسىز؟

— ئوقۇ، ماۋۇ مەن توغرۇلۇق يېزىلغان ماختاشنى ئوقۇ! ماۋزۇسىغا قارىغىنا: «تەبىئەتنىڭ دوستى — زامانىۋى دېهقان موللاق ئائىلىسىدە ئۆتكەن بىر كېچە ـ كۈندۈز»، قارا، بىزنىڭ سۈرەتلىرىمىزمۇ بېسىلىپتۇ. سەن سۈرەتكە ئۈنچىلىك چىرايلىق چۈشمەپسەن. مەن ساڭا قارىغاندا چىرايلىق، مەغرۇر چۈشۈپتىمەن. يۈر، ئۆيگە كىرىپ ئوقۇيلى، بەلكى سەن مەندىنمۇ بەكرەك هاياجانلىنارسەن؟

ئۇ ئايالىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە قاراپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

ئىلهامنى شۇنچىلىك هاياجانغا سالغان بۇ گېزىت نۇرانىيەنى زادىلا تەسىرلەندۈرەلمىدى. ئىلهام ئايالىغا سىنچىلاپ قاراپ تۇر-دى، ئايالى گېزىتنى كۆڭۈلسىز، بىپەرۋا هالدا ئوقۇدى: «ئايىغى ۋە قولى تىنماس بۇ ئادەم بىر يۈز ئەللىك نەچچە تۇياق قوي، يە-گىرمە نەچچە كالا، تۆت ئېتى ۋە بانكىدا بىرنەچچە تۈمەن پۇلى

بار غوجايىن بولۇشقا قارىماي، ئورمانلىقنىڭ مالىيى، پارلاق ئىستىقبالنىڭ كۆرەشكۈچىسى، مۇھاپىزەتچىسى ئىكەن ... » دېگەن گەپلەر ئىلھامغا ھاياجان بېغىشلىيالىغىنى بىلەن نۇرانىيەنىڭ دائىم تۇرۇلۇپ تۇرىدىغان قوشۇمىسىنىمۇ ئاچالمىدى. نۇرانىيە گېزىتنى كامۇت ئۈستىگە تاشلاپ قويىدى ـ دە، ئوقۇۋاتقان كىتابىنى ۋاراقلاپ جىمجىتلا ئولتۇردى.

— قانداق؟ خۇشال بولغۇدەك گەپ يوقمىكەن؟ — دەپ خاپا بولدى ئىلھام، — مەن توغرۇلۇق يېزىلغىنى ئۈچۈن ساڭا خۇشياقمىدى ـ ھە ؟ مېنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرىقى ئەمگىكىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم يېزىلغان ماقالە سېنى ئازراق بولسىمۇ خۇشال قىلالمىدىمۇ ؟ نۇرانىيە، مەن بۇ يەرگە بالخانىلىق كاتتا ئۆي سالىمەن، باغ قىلىمەن، ماشىنا سېتىۋالىمەن، رۇس رومانلىرىدىكى ئاجايىپ داچىلار، چەت ئەل كىنولىرىدىكى ئىستىراھەتخانىلار مۇشۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئورنىدا پەيدا بولىدۇ. بىلىمەن، سەن مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، باي بولۇش ئۈچۈن چۆلگە كۆچۈپ چىققىنىمغا نارازى، سەن دوستلىرىڭنى، بېرىش ـ كېلىش قىلىشىدىغان ئۇلپەتلىرىڭنى ئەسلەيسەن. يەنە ئىككى يىل غەيرەت قىلساڭ ھەممىسى بولىدۇ. كىچىك ماشىنا بىلەن خالىغان دوستۇڭنىڭكىگە بىردەمدىلا بارالايسەن. مەن ساڭا ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن. بىز زامانىۋى دېھقان، مەدەنىي پۇقرا بولۇش بىلەنلا چەكلەنسەك بولمايدۇ. بىز يەنە قورغۇچى، ياراتقۇچى بولۇشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە بىزنىڭ بۇ توغراقلىق چوڭ شەھەر بولۇپ كەتسە، بىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا ماگىلاندەك، كولۇمبودەك، ۋاشىنگتوندەك نامىمىز قالامدۇ تېخى. «ئىلھام موللاق شەھىرى» پەيدا بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ ئەمدى ئويلاپ باققىنا، سېنىڭ مېنى كەچ كىرگۈچە قوي، ياغاچ، ئوت ـ چۆپ، شاخ ـ شۇمبىنىڭلا گېپىنى قىلىسەن، دەپ ئەيىبلىگەنلىرىڭ ھەققانىي بولماپتىمۇ؟ مەن ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچى جەڭچىمۇ، ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە،

جەڭچى، گەپ قىلمايسەنغۇ نۇرانىيە؟ ھەرقانداق گەپ بولسىمۇ
ئېيتە، گەپ قىلماي مېنى قىينىغۇچە تىللا، يۈزلىرىمنى مورلا !
«... چەكسىز تەكلىماكان قەدىمدە بىر چوڭ شەھەر ئىكەن،
جەنۇبى خوتەندىن شىمالى كورلىغىچە، غەربى يەكەندىن شەرقى
چىڭخەي چېگراسىغىچە بولغان بۇ يەر بۈك باغلىرى، دەريا -
كۆللىرى، ئاۋات شەھىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغانىكەن، شەھەر-
نىڭ بىر دەرۋازىسى ئاقسۇدا، يەنە بىرسى خوتەندە، بىرسى چەر-
چەن - چارقىلىقتا، يەنە بىرسى مۇشۇ ھازىرقى بىز تۇرۇۋاتقان
يەردە ئىكەن، تۇر پادىشاھ (تۇران پادىشاھ) ئاپراسىياپ (ئالىپ -
ئەرتۇڭا)، سىياۋۇش، كەيخىسراۋ، رۇستەم، بەرزۇ، جەھۇنغا ئوخ-
شاش ئۆلمەس داستانلارنى ياراتقان قەھرىمان سەركەردىلەر مۇشۇ
شەھەر ئۇچۇن جەڭ قىلىپ نام - شۆھرىتىنى بۇگۇنگىچە قالدۇ-
رۇشقانىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ھۇنەر - كاسىپتا يېتىلگەن، ئەم-
گەكتە پىشقان پۇقرالىرى ئۆز قوللىرى بىلەن ئاجايىپ سەنئەت-
لىك بىنالار، باغ - ھەرەم، تەخت، قەسىرلەرنى، جاھاننىڭ نە -
نەلىرىدىن يىغىلغان كىتاب، ئالتۇن - جاۋاھىر ئەسۋاب - ئۇس-
كۇنىلىرى بىلەن تولغان مەدرىسە، رەسەتخانا، شىپاخانا، سارايلار-
نى ياساشقانىكەن. لېكىن، بېلىقنى ئادەمگە ئۆزگەرتكەن تەبىئەت
ھادىسىلىرى بۇ سەلتەنەتلىك شەھەرنى قۇم - بورانلىرى بىلەن
خاراب قىپتۇ. دەريا - كۆللەر قۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر ئادەملىرى،
بايلىقى ۋە نەپەس - ئاۋازلىرى بىلەن قۇم ئاستىدا قاپتۇ - دە،
قۇم ئاستىدىكى شەھەر خارابىسى ئۈستىدە نەچچە يىللاپ بوران
ھۇۋلاپ، چاڭ - توزان ئۇچۇپتۇ ... ئاخىر بۇ جاي ھازىرقى تەك-
لىماكان (تەكتى ماكان) غا ئايلىنىپتۇ.

«جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكاندا
قۇمغا كۆمۈكلۈك. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، شۇ چاغدا
ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى سىر - ھېك-
مەتلەر ئېچىلىدۇ.» مانا بۇ مورگان ئىسىملىك بىر ئالىمنىڭ
سۆزى ئىكەن. شەرقنى ئۆز تەپتى بىلەن ئىللىتىپ تۇرغان بۇ

سىرلىق ماكان بىزنىڭ يېنىمىزدا يېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرماقتىمىز. ئىنسان ياراتقان پۈتۈن ماددىي بايلىق قۇمنىڭ تېگىدە چىرىپ تۇگىدى ياكى ئەسرارى تىلسىمغا ئايلاندى. لېكىن، ئىنسانلار ياراتقان مەنىۋى بايلىقچۇ؟ ئۇ كۆمۈلمىدى، ئۇ بۈگۈن بىزنىڭ قېنىمىزدا ...»

بۇ گەپلەر كىمنىڭ؟ نۇرانىيەگە دۇنيانى تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ چۈشەندۈرگەن كىم ئۇ؟ نۇرانىيەنى تىنچ – خاتىرجەم تۇرمۇشتىن يۈز ئۆرۈپ خىيالىي گۈزەللىك ئۈچۈن ئىنتىلىشكە دەۋەت قىلغان بۇ يىگىتنى كۆز ئۈيقۇغا كەتكۈچە ئەسلەش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئېھ، ئىلھام، سەنمۇ بىر يىللىرى نۇرانىيە ئۈچۈن سىرلىق ئەپسانىدەك قىزىقارلىق ۋە كىتابتەك كۆڭۈللۈك ئىدىڭ. ئۇ چاغلاردا سەن ئىلىم ھېكمەتلىرى، دۇنيا سىرلىرى توغرىسىدا نۇرانىيەگە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتىڭ، خۇددى بىر مۇخلىس سىرلىق دىنىي جامەدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزى «ئىقتىدا» قىلىدىغان ئىمامىنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان «شەرھى – ھاشىيە» لىرىنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىغىنىدەك، نۇرانىيەمۇ ئىلھامنىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. ئۇ چاغلاردا ئىلھام نۇرانىيە ئۈچۈن بىر «جانلىق لۇغەت»، «مۇكەممەل قامۇس» ئىدى. نۇرانىيە ئۆزى بىلمىگەن ھەممىلا سوئالغا بۇ «قامۇس»تىن جاۋاب ئالالايتتى. لېكىن، يىللار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت پەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. «قامۇس» تولا ۋاراقلىنىپ سىرلىق خىسلىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ ۋاراقلىرىدىن نۇرانىيە ئىزدىگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. يىللار ئۇلار ئارىسىدىكى تۈگىمەس سۆھبەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەتتى. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى ئىناقلىقمۇ قۇمغا كۆمۈلگەن ھېلىقى شەھەردەك كۆڭۈلسىزلىكنىڭ چاڭ – توزانلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاددىيلاشتى:

— يەكشەنبە بازاردىن نېمىلەرنى سېتىۋالىمىز؟

— كىتاب.
— نېمە؟ مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە قىرائەتخانا ئاچاتتىممۇ؟
— ئۇنداق بولسا قوي - كالا سېتىۋېلىڭ ...
— نۇرانىيە بۇگۇن قىيىلغان شاخلارنى توشۇشۇپ بەرگىنە!
— ۋاقتىم يوق.
— نېمە ؟ كىتاب شاختىن ياخشىما؟ بىلىپ قوي، بىزگە نان بېرىدىغىنى كىتاب ئەمەس، شاخ - شۇمبا بىلەن قوي ...
...
— نۇرانىيە نەگە بېرىپ ئويناپ كېلەي دەيسەن ؟
— ھېلىقى سىز مۇئەللىمچىلىك قىلغان مەكتەپكە.
— نېمە ؟ مەن بىلەن قېرىشماقچىمۇسەن ؟ مەن مەكتەپ دېگەن بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلاشقان، بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ھەرىنىڭ ئاۋازىدەك قورقۇنچلۇق. سەن مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىڭ- كىگە بارغىن.
— ياق، ئۇلارنىڭ غەيۋەتلىرى چۆل بۆرىسىنىڭ ھۇۋلىشى- دەك سۈرلۈك ...
بەس، بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرنى بىرمۇبىر ئەسلەشنىڭ ھا- جىتى يوق. نۇرانىيە ھېلىمۇ ئىلھامنىڭ ئايالى، مانا ئۇ تەكلىماكان قوينىدىكى توغراقلىق ئارىسىدا، يەكەن دەرياسىنىڭ كەچكى كۆيە- نى ئاڭلاپ ئېرى بىلەن بىر ياستۇقتا يېتىپتۇ. ئەر - ئاياللارنىڭ ئەقىدە - ئارزۇسى باشقا بولسىمۇ ياستۇقى بىر بولىۋېرىدۇ، بۇ بىرنەچچە مىڭ يىللىق چىناردەك يىلتىزى چوڭقۇر، شاخلاۋاتقان بىر ئادەت، بۇ ئادەتنى نۇرانىيە ھېچقاچان تەۋرىتەلمەيدۇ...
نۇرانىيە ئۇيقۇسىز كۆزلىرى بىلەن يېنىدا پۇشۇلداپ ياتقان ئېرىگە قارىدى. تۆڭلۈكتىن چۈشكەن ئاي نۇرىدا ئېرى تولىمۇ چىرايلىق، كۆركەم كۆرۈندى: قىڭراق بۇرۇن، قاپقارا قاش - كىر- پىك، كەڭ پېشانە، تاتىراڭغۇ چىراي ... ئۇنىڭ نۇرانىيەنىڭ نا- زۇك بىلىكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان يوغان پەنجىلىك قولىنىڭ بۆر- تۈپ چىققان تومۇرلىرى لوپۇلداپ تۇراتتى. بۇ قانلار ئۇنىڭ يۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

رىكىدىن چىقىپ پۈتۈن بەدىنىنى ئايلىنىدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى ئىلھام توغراقلىقتىكى بىرلا يولنى ھەر كۈنى ئايلانغانغا ئوخشاش، ئىلھامنىڭ بەدىنىنى تىنىمسىز ئايلىنىدۇ، بۇ لوپۇلداپ تۇرغان قانمۇ بەدەن ئىگىسى ئىلھامدەك بىرلا پەدىگە توۋلايدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۆڭۈلسىزلىك ۋە زېرىكىشنىڭ مەنبەسى.

نۇرانىيە تەتۈر ئۆرۈلدى ـ دە، ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ چۈش كۆردى: بىر ئاجايىپ بوران تەكلىماكان قۇملىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كېتىپتۇدەك. خۇددى چۈمپەردىسى ئېچىلغان ياش كېلىندەك تەكلىماكان قۇم پەردىسى ئاستىدىن چىراي ئېچىپ، جاھانغا كۈلۈپ قاراۋاتقۇدەك. مىڭ يىللاپ ئۇخلىغان شەھەر ئالتۇن ھەللىك بىنا، مەقبەرە، كۈنگۈرىلىرى بىلەن كۈن نۇرىدا يالتىراپ، پۈتۈن شەرق ئاسمىنىغا ئالتۇن نۇر تارقىتىپ تۇرغۇدەك. سېرىق چاچ، قارا بۇدۇر چاچ، سەللىلىك، سەرپايلىق ۋە ياغلىقلىق ھەر خىل ئادەملەر سەپ ـ سەپ بولۇپ بۇ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. ئەتراپ قالۇن، غېجەك، راۋاب، داپتىن پەيدا بولغان يېقىملىق سادادىن جانلانغان، پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىشكەن يىگىت ـ قىزلار دولان ئۇسسۇلى ئويناۋاتقۇدەك. نۇرانىيە ئاشۇ ياشلار ئىچىگە تەلپۈنۈۋاتقۇدەك. ئىلھام ئۇنىڭ پۈتلىرىغا يامىشىۋېلىپ ماڭدۇرمايۋاتقۇدەك:

— تەكتى ماكانىنىڭ ئاچقۇسى تېپىلدى، مېنى قويۇۋېتىڭ، ئىلھام !

— ياق، مەن سېنى چۆلگە ئېلىپ كېتىمەن !

— قويۇۋېتىڭ، مەن ياشلار بىلەن ئۇسسۇل ئوينايمەن !

— مانا ساڭا ئۇسسۇل، مېنىڭ تايىقىم، مېنىڭ مۇشتۇملىرىم سېنى راسا ئوينىتىدۇ !

ئىلھام نۇرانىيەنى قۇمغا يىقىتىپ ئۇرۇۋاتقۇدەك، دەسسەۋاتقۇدەك، مانا ئۇنىڭ ئاياغلىرى نۇرانىيەنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاندى !

— ۋاي خالايىق !

ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭ يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتماستىن

تېپچەكلمەكتە. ئۇنى قارا باسقان: بۇ قارا ئىلھامنىڭ ئېغىر پۈتلىرى ئىكەن. ئۇ نۇرانىيەنى ئېغىر، يۇڭلۇق ياپپاشلىرى بىلەن بېسىۋاپتۇ.

— تارتماڭ، پۇتىڭىزنى تارتماڭ دەيمەن. ئوغلاقنى چاتلىغاندەك قىلىپ ... مەن نېمىدىم سىزگە !...

نۇرانىيە ئىلھامنىڭ پۇتلىرىنى ئىتتەردى. ئىلھام ئويغاندى:

— نېمە بولدۇڭ، نېمىگە ئەندۈرەيسەن؟ بوران چىقىۋاتىدۇ، قورقما، ئۆيىمىزنى ئەكېتەلمەيدۇ. توغراقلىق بىزنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇخلا، نېمىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدىڭ !

— قورقۇۋاتىمەن، ئىلھام.

— نېمىدىن ؟

— بىر دۆۋە قۇم كۆچۈپ كېلىپ ئۆيىمىزنى بېسىۋالىدىغاندەكلا قىلىدۇغۇ ؟

— بىكار گەپ، قۇملار كۆچمەيدۇ. قۇم دۆڭلىرىنى كىرانلار بىلەنمۇ قىمىرلىتالمايسەن.

— تەكتى ماكان شەھىرىنى ئەجەب قۇم بېسىۋاپتىكەنغۇ، ئەمىسە؟

— ئۇ دېگەن ئۆتمۇش. يەر شارىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىۋاتقان مەزگىل. ھازىر دېگەن يەر شارى تۇرغۇن، چوڭ ئۆزگىرىش ئاسانلىقچە بولمايدۇ، قورقما، يەر شارىنىڭ يوقىلىشىغا يەنە تېخى ئەللىك مىليارد يىل بار. ئاڭغىچە ئىنسانلارمۇ باشقا پىلانېتالارغا كۆچۈپ بولىدۇ. يات، ئۇخلا، بوراندىن نېمە قورقىسەن، بوران دېگەن مەن ئۈچۈن ئانامنىڭ ئەللىيىدەك يېقىملىق، ئۇخلا نۇرانىيە !

ئىلھام كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئايالىنى يۇتقانغا ئېلىپ كىردى ...

— قويۇۋېتىڭ، چىشىمغا تەگمەڭ دەيمەن، توختىڭا، سىزدىن سورايدىغان گەپ بار !

— ھە، سۆزلە !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سىز تەكتى ماكانغا راستىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ھېلىقى شەھەر خارابىسىنى كۆردىڭىزما ؟

— كۆردۈڭمۇ دېگىنىنى ؟ ئۈچ كۈن شۇ يەردە توغراق سۇ- يىنى ئىچىپ، زاغرا غاجاپ ياتقان تۇرسام !

— نېمە قىلدىڭىز ئۇ يەردە ؟

— قاسىمەك تازىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئالتۇن تاپىمىز دەپ قۇم كولىدۇق، خوتۇن، ھەي، ئۇنى سورىمايلا قوي، قۇمغا كۆمۈ- لۈپ قالغىلى تاسلا قالدۇق.

— قانداق قىلىپ ؟

— قۇمدا ئۇخلىدۇق. ھېلىمۇ ياخشى ئەك ئېگىز دۆڭگە چى- قىپ كۆيۈپ تۇرىدىغان قۇم ئۈستىدە ئۆسكەن قومۇشلۇقتا ئۇخ- لىغىنىمىز، ئەتىگەنلىكى قوپساق بىر چارەك قېلىنلىقتا قۇم بېسىۋاپتۇ. باشقا يەردە ياتقان بولساق قۇم ئاستىدا قالاتتۇقكەن.

— راستىلا ئۇ يەردە خورازلار چىللاپ، ئىتلار قاۋشامدىكىنە !؟

— ئىتنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىم، ئەمما خورازلار چىللاشتى. بۇلار قەدىمكى شەھەر قۇمغا كۆمۈلگەندە سالامەت قالغان توخۇلارنىڭ نەسىللىرى ...

— توخۇمۇ نەچچە مىڭ يىللار ياشامدۇ، قانداق ياشايدۇ ؟

— دېگەن گېپىنى، ئالىقات، چۈچۈكبۇيا ئۈرۈقى ... ئۇلار يەيدىغان دان كۆپ تۇرسا نېمىشقا ياشىيالمايدۇ ...

— ھەيتاڭەي ... قىرغاۋۇل ئەمەستۇ؟

— قىرغاۋۇل بىلەن توخۇنىڭ پەرقىنى قالتىس بىلىمىز بىز. قىرغاۋۇل خورىزى ئۈزۈپ – ئۈزۈپ، تۈزلا چىللايدۇ. توخۇ دېگەن سوزۇپ – سوزۇپ ئەگىتىپ چىللايدۇ يا. ئۇخلا دەيمەن، يەنە نېمىگە چەكچىيىسەن ؟

— ئالتۇن تاپالمىغان بىلەن باشقا نەرسىلەرنى تاپقانسىلەر؟

— تاپتۇق. ئەسكى – تۈسكى داتلاشقان بىرنېمىلەر، تاشلار، ساپال سۇنۇقلىرى، فارفۇرلار... سۇنۇق يارماقىا يارىمايدىغان نې- مىلەر ... ئۇخلا دەيمەن، قارا، بوران ئەدەۋاتىدۇ ! ...

— ئەدىسون، كۆمۈلۈپ قالغان شەھەرنى يالىڭاچلىسۇن ! ...

ئەتىگەنلىكى نۇرانىيە شەرق قىزارغاندا تالاغا چىقتى. كېچىچە ئۇلارنىڭ ياغاچ ئۆيىنى تىترىتىپ گۈركىرىگەن بوران توختىغان، ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى قېرى توغراق يىقىلغان. ئۇنىڭ يېنىدا بىرلا كېچىدە ئۆي بىلەن تەڭ بىر قۇم دۆۋىسى پەيدا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ تونۇرى قۇمغا يېرىم كۆمۈلۈپتۇ. باشقا يەرلەر كۈندىكىدىن پاكىز، سۈزۈك بولۇپ، ئىلھام ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورماننى ئارىلىغىلى كېتىپ قاپتۇ، ئۇ بوراندا يىقىلغان توغراقلىرى بىلەن قۇمدا كۆمۈلگەن ياش كۆچەتلىرى توغرىسىدا كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. مەيلى، ئۇ شۇنداق قىلسۇن.

نۇرانىيە بولسا بورانلىق كېچىدىن كېيىن، تۆپە شاخلىرى قۇياش نۇرىدا يېلىنجاۋاتقان ئورماننى ئارىلاپ شەرق تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يالاڭ ئاياغ، كۆڭلەكچان. ئۇ خۇددى باغلاقتىن قاچقان موزىيىنى تۇتماقچى بولغاندەك تېز يۈگۈرەيتتى. ئۇ بەزىدە مۈدۈرۈلۈپ يىقىلىپ، بەزىدە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋېلىپ شەرققە قاراپ يۈگۈرۈۋەردى. بەزى يەرلىرى قويۇق، بەزى يەرلىرى تاقىراڭ ئورمانلىق ئۇنىڭغا تونۇش، ئۇ توغراققا تېرەك ئۇلاش، شاخ قىيىش، چۆپ ئورۇش ئىشلىرى بىلەن بۇ يەرلەردە بولغان، ئۇ ئىلھام بىللە يۈرۈپ نۇرغۇن قېرى توغراقلارغا ئىسىم قويغان ...

كۈن ئارغامچا بوي ئۆرلىگەندە، ئۇ قۇم تاغ باغرىغا ياماشتى. قۇم تاغ — كۈل رەڭ، سارغۇچ قاتلاملىق بەزى جايلىرى تاشقا ئايلانغان، بەزى جايلىرى تالقاندەك يۇمشاق قۇم تىزمىسى، ئېگىزلىكى يەتمىش - سەكسەن مېتىر كېلىدىغان بۇ ئەڭ چوڭ قۇم دۆۋىسىنى ئۇلار قۇم تاغ دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ چوققىسىدا كۆركەم توغراقلار، ياپيېشىل قومۇشلار بار. قۇم تاغ چوققىسىدا ئۆسكەن قومۇش ئۆمۈر بويى سۇ كۆرمەيدۇ. لېكىن، ئۇ بېلىق كۆللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈنجۈرە ۋە خىمىيەۋى ئوغۇت بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەن ئايىنغان قومۇشلاردىن قىلىنىشمايدۇ، ئۇنىڭ غوللىرى سۇ قومۇشلىرىنىڭكىدىن مەزمۇت، چۈنكى ئۇ چۆل بورانلىرى بىلەن ئېلىشىپ پىشقان...

نۇرانىيە قۇم تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ شەرق-تە سۇنايلىنىپ ياتقان چەكسىز قۇملۇققا قارىدى: تەكلىماكان تېخىچە ئۇيقۇدا، ئاخشامقى بوران ئۇنى ئويغىتالماپتۇ. چۈشىدە كۆرگەن بوران چىقسا بولماسمىدى! بوران ھەممىنى ئويغاتسا، قەدىمىي شەھەر قۇم ئاستىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۇيقۇسىنى تا-ماملاپ، كېرىلىپ راھەتلىنىپ، مۇنۇ بىز ياشاۋاتقان جاھانغا قا-رىسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنە ئاچقۇچى تېپىلسا، نۇرانىيە تەكلىماكان تەنتەنىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسە، ھې-لىقى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كېلىشكەن ئادەملەر بىلەن بىللە دولان ئۇسسۇلى ئويناشقا قاتناشسا ...

سىرلىق تەكلىماكان قۇياش نۇرىدا نۇرلاندى، ئۇنىڭ ئۇپۇق سىزىقى بىلەن تۇتاشقان قۇم دۆڭلىرى خۇددى راھەتلىنىپ كۈي-شەپ ياتقان تۆگىلەر پادىسىغا ئوخشايدۇ. بىر يەرلىرى كۆل رەڭ، بىر يەرلىرى سارغۇچ، بىر يەرلىرى كۈمۈشتەك ئاپپاق – يال-تىراق كۆرۈنىدىغان تۇزلەڭلىكلىرى قىزىل، يېشىل، بىنەپشە، سېرىق، ھال... نۇرلارنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ كۆكسىدىكى مەرۋايىت، دۇردانە، جاۋاھىر، زەر مارجانلار. شەرققە سىنچىلاپ قارىسىڭىز، سىمابتەك يالتىراق بىر خىل گاز ئېقىمى جەنۇبتىن شىمالغا ئېقىپ، يۇپقا تۇمان پەردىسى ئىچىدە غىلىلداپ تۇرىدۇ. شەرققە قاراپ راۋان ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسى بويىدىكى چەكسىز ئورمانلىق بولسا كېچىچە چىققان بوراننىڭ ئاۋارىچىلى-كىدىن چارچىغان بولسا كېرەك، جىمجىت سەھەر ئۇيقۇسىنى باشلىغان... نەلەردىدۇر قىرغاۋۇل خورىزى چىلىلىماقتا ...

— نۇرانىيە، نۇرانىيە، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ماڭ، چاي تەييارلا، مەن پاقلانىمۇ تەييارلاپ قويدۇم. بىلەمسەن، بوراندا يىقىلغان توغراقلارنى ئەرزان باھادا سېتىپ بەرگىلى باشلىقلار كېلىدۇ.

چاسا مەيداننىڭ ئۆزىدىلا سەكسەن ئالتە تۈپ چوڭ توغراق يىقىلىپتۇ. دەريا ياقىسى، قاراڭغۇلۇق، بەشداۋان تەرەپلەرگە بارمىدىم تېخى، ئىشقىلىپ، بىرەر يۈز تال خە پۈتتى، جەگە، ۋاسا، شاخ ـ شۇمبا دېگەنگە تىندۇق، خوتۇن. ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى ـ ئۈستى بولۇپ ئون ئېغىزلىق ئۆي پۈتتى، ئىلھام موللاق شەھىرىنىڭ بىرىنچى ئۆيىگە ئۇل قويۇلدى دېگەن سۆز. ماڭ، خوتۇن، بۈتتەك ئولتۇرماي، راسكارلىقىڭنى قىل دەيمەن.

— ياق، ئۆزىڭىز قىلىڭ!

— نېمە؟ سەن نېمە قىلىسەن؟

— مەن خىيال قىلىمەن!

— نېمە خىيال؟ مەن سېنى ئاشىنىسى توغرۇلۇق كۈنبويى خىيال قىلسۇن دەپ خوتۇنلۇققا ئالغانمۇ؟ قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولسۇن، خىزمىتىمنى قىلسۇن دەپ ئالغانمەن! ماڭ دەيمەن، بۈگۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت!

— ماڭىمۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت!

— سەن نېمە قىلماقچىسەن؟

— بوراندىن كېيىنكى تەكلىماكاننى كۆرىمەن!

— نېمىسىنى كۆرىسەن؟

— قەدىمكى شەھەرنى كۆمۈپ تاشلىغان بورانلار ئۇنى جەزمەن ئۆزى ئاچىدۇ. قانچىلىك ئاچىدىكەن، نېمىلەرنى يەر بېتىگە چىقاردىكىن، شۇلارنى كۆرىمەن!

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، خوتۇن؟

— كۆردىڭىزمۇ، قۇملۇقلارنىڭ بېتىدە ئالتۇن، مەرۋايىت، ئېسىل تاشلار يالتىراۋاتىدۇ. مەن بېرىپ ئۇلارنى تېرىپ كېلىمەن. كىم بىلىدۇ، ھېلىقى ئاچقۇچ بۈگۈن يەر بېتىگە چىقتىمۇ تېخى!

— ئالجىپسەن، ساراڭ بوپسەن، ماڭ شەقىقە، تولا جۆيلۈمەي ماڭ!

ئىلھام ئايالىنىڭ قولىدىن شۇنچىلىك قاتتىق تۇتتىكى، ئۇ بەلكى ئورمانلىقتىكى ياۋا شاخلارنىمۇ بۇنچىلىك چىڭ تۇتمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغىيدى. ئۇ ئايالنى شۇنداق قاتتىق سىلكىپ سۆرىدىكى، ئايالى ئۇنىڭ نەزىرىدە تونۇرغا قالايدىغان شاخ - شۇمبىغا ئايلىنىپ قالدى. بايىلا ئايال كىشىنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئىزى چۈشكەن يۇمشاق قۇم ئۈستىگە ئەمدى شۇ ئايالنىڭ بەدەن ئىزى — ئارزۇلۇق يۈرىكى تىنىمسىز تېپىرلاۋاتقان گەۋدىسىنىڭ ئىزناسى چۈشتى. نۇرانىيەنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلدى، قوللىرى بوغۇلدى، يانپاشلىرى سۈرۈلدى. ئۇ ئازاب بىلەن ئىڭراپ يېلىندى:

— ئىلھام، مېنى ئۆلتۈرەمسىز؟

— مەن ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئوقۇغۇزمايمەن، ئىلمىم توغرىسىدا، ھېلىقى مۇخبىردەك زامانىمىزنىڭ دۇنكىخوتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە، ئويلاشقا رۇخسەت قىلمايمەن. بىز بۇ چۆل - جەزىرىگە پۇل - دۇنيا، بايلىق - پاراغەت ئىزدەپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ ئىلىم، مەدەنىيەت توغرىسىدا خىيال قىلغىلى، ئىستىقبال توغرىسىدا سۆزلىگىلى كەلمىگەن، ماڭ! ماڭمىساڭ شاختەك سۆرەيمەن، ئوتۇندەك پارچىلايمەن!

— مەن ئادەممەن! — نۇرانىيە ئېرىنىڭ قوللىرىدىن سىلكىنىپ بوشاندى، قەددىنى رۇسلىدى، — مەن ئادەممەن، ئۆز ئىستىقبالىم ئۈچۈن كۈرەش قىلالايمەن!

— ئىستىقبال؟ نېمە ئۇ؟ بىلەمسەن، ئىستىقبال، غايە، بەخت دېگەنلىرىڭ ھەممىسى پۇل، پۇل بولمايدىكەن، سېنىڭ ئاۋازىڭ، كۆز نۇرۇڭ، بەدىنىڭدىكى قېنىڭمۇ تۈگەيدۇ. مەن سېنى باشقىدىن ئوقۇتىمەن: خىيال ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ بىر نادانىنىڭ، ساراڭنىڭ ئىشى. يالاڭغىداق يۈگۈرۈشكە توغرا كەلسە، بىرلا نەرسىگە — پەقەت پۇلغىلا يۈگۈرۈشكە بولىدۇ. مانا بۇ ھايات بىلىمى، ئىنسان ھەقىقىدىكى ھەقىقەتنىڭ يەكۈنى — جەۋھىرى!

بوراندىن كېيىنكى ئورمانلىق غەمسىز يۈرەكتەك قۇپقۇرۇق، غايىسىز قەلبتەك جىمجىت ئىدى. ئۇ ئورمانلىقنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن تۇتاشقان تەرىپىدە بۈگۈن كەچ كىرگۈچە ماشىنىلار

گۈركىرىشىپ، ئادەملەر شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشتى: ئۇلار ۋارقىراشتى، كۈلۈشتى، ناخشا ئېيتىشتى، خۇشاللىقتىن بىر - بىرىنى ئەپسانە تىللار بىلەن تىللاشتى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىلھام موللاقىنىڭ ئۆيىدە، ھويلىسىدا، بېغىدا ۋە ئورمانلىرىدا بولدى. ئادەملەر ئىلھام موللاقىنىڭ پاقلان گۆشى، ئىسسىق نان، سامسىلىرى، ھاراق - پىۋىلىرى بىلەن مېھمان بولۇشتى. ئۇلار-نىڭ ئىلھامنى بايلىقى، پاراستى، جاسارىتى، پىلانلىرى بىلەن ماختاشتى، تەبرىكلەشتى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق، بەخت، بايلىق تىلەپ رومكا كۆتۈرۈشتى. چۆل ئورمان ئىچىدىكى يالغۇز ئۆيدە چېلىنىۋاتقان ساز، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا، ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللاردىن خۇشال بولمىغان مېھمان يوق. ئىلھام موللاق بولسا ئەتىگەنكى ئايالى بىلەن قىلغان ماجىرانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇ-غان. ئۇ مېھمانلىرىنى رازى قىلىش ئۈچۈن چالا مەست بولۇۋې-لىپ، بىردە پىيادە، بىردە ئاتلىق چېپىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ قەل-بى بۈگۈنكى تەنتەنە، ئەتىكى غەلىبە، كەلگۈسىدىكى ئامەت - پېشانە خۇشاللىقى بىلەن شادلانغان، ئۇنىڭغا ھايات كۆڭۈللۈك، تۇغراقلىق ئاۋات، دەريا بويلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن گۈ-زەل، يورۇق بىلىنمەكتە ئىدى.

لېكىن، خۇشاللىق بار يەردە خاپىلىقمۇ بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى يورۇقلۇق بار يەردە سايە - گۇڭگالىق بولغاندەكلا بىر ئىش. بۇ خاپىلىق يالغۇزلا نۇرانىيەگە مەنسۇپ: ئۇنىڭ قەلبى ئازاب، ئەلەم ۋە خورسىنىش ئىچىدە پۇچىلانماقتا، كۆز ياشلىرى بولسا بېلىق كۆزى قىلىنغان قەدەھتىن تامچىلىغان شارابتەك داۋالغۇپ تۆ-كۈلمەكتە. ئۇنىڭ قۇلىقىغا نە تەنتەنە سادالىرى، نە مېھمانلارنىڭ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن يۇغۇرۇلغان تاتلىق گەپلىرى، نە مەستلە-كىدىن شەھۋەت ئىشتىھاسى ئۆرلىگەن مەمەدان يىگىتلەرنىڭ قا-نات سۆرەپ ئېيتىشقان ئىشق - مۇھەببەت قوشاقلىرى ... ئۇمۇ-مەن ھېچنېمە كىرمەيتتى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يىراق يەرلەر-دە: قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىشىدىغان ئادەملەر، ھاياتنى ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گەرتىش، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن ياشلار، بالىلار بىلەن ئاۋاتلاشقان شەھەرلەر، سىرلىق تەكلىماكان، قارلىق تەڭرىتاغ مىسلىسىز ئىزلار چۈشۈپ، قانلار تۆكۈلگەن يىراق جۇڭغار - ئالتاي ... ئومۇمەن، ئىنسانىيەت ياشاۋاتقان ۋە ياشاپ ئۆتكەن يەرلەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى...

— نېمىگە تۇتۇلۇۋالدىڭ، مېنى بىلمەيدۇ دەمسىنا، دولقۇننى چاقىرمىدىم، شۇنىڭغا خاپىسەن. سەن بۇزۇلدۇڭ، مەندىن چاڭدىڭ، مېنى قېرى، سەت كۆردۇڭ، لېكىن مەن ئاڭلىق ئادەممەن، ئۇرمايمەن، تىللىمايمەن.

— ئاڭلىق ئادەم كىشىگە قارا چاپلىمايدۇ!

— نېمە، قارا؟ راست گەپ قىلىش قارا چاپلاش ئەمەس، سېنىڭ ئەس - خىيالىڭ دولقۇندا بولمىسا نېمىشقا مېنىڭ مېھمانلىرىمغا قاپاق ئاچمىدىڭ؟ بىلەمسەن، بۇلار ھەقىقىي ئادەملەر. ماڭا 130 تۈپ يىقىلغان توغراقنى شاخ - شۇمبا باھاسىدا بېرىۋەتتى. مەن ئەتىلا بازارغا كىرىپ ئۇستىلارنى باشلاپ چىقىمەن. شۇنداق ئاجايىپ ئۆي سالايلىكى، سەن بۇ ئۆيگە خۇددى مىڭ يىللىق چىنارغا زەنجىر بىلەن باغلانغان دېۋىدەك، مىدىر - سىدىر قىلالماس بولۇپ باغلانغىن. بىلىپ قوي، گىلەم زاۋۇتىغا ئون پارچە گىلەممۇ بۇيرۇتۇپ قويىمەن. «ئىلھام مۇللاق شەھىرى»نىڭ تونجى ئۆيى خان سارىيىدەك ياسالسۇن. ئايال دېگەن چىۋىن، گۈزەل ئۆي ھەسەل شىرنىسى، ئاياللارنىڭ گۈزەل ئۆيگە تومشۇقى تەگدىمۇ، چاپلىشىپ قالىدۇ...

ئۇلار مۇشۇ سۆھبەتلەر بىلەن مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىنكى كېچىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئىيۇلنىڭ ئاخىرلىرى دەريا قىنىغا پاتماي قالىدۇ؛ ئۇ كۆزلىرى ھېچ نەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان، بۇرنى كۆپكەن يىگىتكە ئايلىنىدۇ - دە، ئىككى قىرغاقنى سىلكىپ - نوقۇشلاپ، مەستلەردەك ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى ھەيۋە قەپەستە زېرىككەن

ئارسلاننىڭكىدەك، ئۇنىڭ رەڭگى كىشىنى مەست قىلغۇچى موڭ-
غۇل بوزىسىدەك بولۇپ قالىدۇ - دە، قىرغاقتا تۇرۇپ ئۇنىڭ
ئالدىراقسان، تەلۋە ئېقىمىغا قارىساڭ بېشىڭ قايىدۇ، تېنىڭ
شۈركۈنىدۇ، كۆزۈڭ قامىشىدۇ. قىرغاقلاردىكى بىھېساب تال -
توغراقلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشلىرىنى كۆرسەڭ،
سېنىڭمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ، رىتىم بىلەن تەزىم قىلغۇڭ كېلى-
دۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ساھىبقىران چاغلىرىدا ئېيتقان ناخشىلى-
رىنىڭ مەنىسىنى بىلگۈڭ، ئۇنىڭغا قېتىلىپ ۋارقىرىغۇڭ؛ ھا-
يات، ئىنسان ۋە ئۇلارنىڭ سىرلىرى ھەققىدە ناخشا توقۇغۇڭ
كېلىدۇ...

نۇرانىيە قىرغاقتا تۇرۇپ ھەيۋەتلىك دەرياغا ئۇزاق قارىدى. يېڭىدىن - يېڭى قاينام، چۆرگۈلىمەچ، دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ، ئانا تۇپراقنى قانغۇچە سۆيۈپ ئالدىراپ ئېقىۋاتقان دەريا سۆيى نېمە دەيدىكىن؟ «سەنمۇ ئاق، گۈزەل كۆل بولغۇچە، بوزغۇنچى ئۆستەڭ بول» دەمدىكىن؟ «سۆيگۈنىڭ قىممىتى ھەرىكەت - ئې-قىندا، بىز ئاقمىغان بولساق ھايات كۆلمەيتتى، تەبىئەت ياشنى-مايتتى، ئانا يەرمۇ موزىيىغا ئېۋىگەن سىيىردەك ئېۋىپ بەرمەيت-تى. سەنمۇ ئاق، قەيەردە سىر - ھېكمەت بولسا شۇ يەرگە قاراپ ئاق، ھاياتنىڭ لەززىتى ئېقىمىدا ... » دەمدىكىن يا ؟ ...

دەريانىڭ تونۇش ئاۋازى، تونۇش دولقۇن، تونۇش ئۆركەشلىرى نۇرانىيەنى سىرلىق بىر دۇنياغا — ھاياتنىڭ ئىنسانلار ئۇچۇن زۆرۈر، لېكىن قىممەتلىك بولغان بىر يېڭى قاتلىمىغا دەۋەت قىلماقتا، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگۈسى، مۇنۇ دەريادەك چۇقان - سۈرەن سېلىپ كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. بىر ئۆمۈر بۇرۇقتۇم بولۇپ، تەقدىرنىڭ قارا تامغىسى بېسىلغان «ئاياللىق بۇرچ» نى قوغدىسۇنمۇ؟ ئۆزىنى زورمۇزور يالغان «ساداقەت»، «پاكلىق» نىقابى بىلەن چۈمكەپ ئازابلىسۇنمۇ؟ ئۇ ئىنسانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ھەممىلا نېمىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. شۇنداق تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنە نېمىشقا ئۆز نېسىۋىسىگە قول سوزالمايدۇ ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆز خاھىشى ـ ئىرادىسىنى ئۆز ھاياتىنىڭ مېغىزى قىلالمايدۇ ؟ دۇرۇس، ھايات بېقىندىلىق، يۆلىنىش، بويسۇنۇشلارنى رەت قىلمايدۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر سودىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بولغىنىدەك، يۇقىرىقى ئاتالمىلار ئىستېمال قىلىنغاندا ئۇنىڭ بەدىلىگە بىرنېمىگە ئېرىشىش زۆرۈرغۇ؟ شۇنىڭ ئۇچۇن ئىنسان دەريادەك ھەردكەتچان، قۇم ئۇستىدە ئۆسكەن قومۇشتەك ئۇمىدۋار ئەمەسمۇ ؟ !

— نۇرانىيە، مەن ئۇستا باشلاپ كېلىمەن، سەن تەييارلىق قىل، ئەمدى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆزگىرىدۇ، بىز ھايات پەلەمپىيىنى دەسسەپ يېڭى قاتلامغا كۆتۈرۈلىمىز، ماڭ تەييارلان !

ئىلھام موللاق كەچقۇرۇن راستىلا ئون نەچچە ئادەم باشلاپ كەلدى. ئۇ ھاياجان ۋە خۇشاللىق بىلەن ئۆيگە كىردى ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ قالدى: ساندۇقلار ئوچۇق، ئايالىنىڭ كىيىملىرى يوق ئىدى. تامغا چاپلاقلىق تەقدىرنامە ئۇستەل ئۇستىدە دۇم ياتاتتى. ئىلھام تەقدىرنامىنىڭ كەينىگە يېزىلغان مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇدى: خەير ـ خوش، ئىلھام، ناھايىتى ئەپسۇس، مەن سىزنىڭ پەيدا بولغۇسى شەھىرىڭىزنىڭ پۇقراسى بولالمايدىغان بولدۇم. مېنى ئىزدىمەڭ، كۈتمەڭ، نەگە ماڭغانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم ئەمەس...»

— ئىزدەيلى ! — دېيىشتى ئۇستىلار خەتكە قايتا ـ قايتا قارىشىپ چىقىپ، — نەگە كېتەتتى، چۆلگە قاچىدىغان بۆرە كۈچۈكى ئەمەس، ئۇ ئادەم !

لېكىن، ئىلھام دەريا بويىدا ئۇن ـ تىنسىز زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەم قۇم ئۇستىدىكى ئاياغ ئىزىغا تىكىلگەن. ئىز ئۇنىڭغا تونۇش، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئىز ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يادلىدى:

— نۇرانىيە !

ئۇنىڭغا جاۋابەن دەريا ھەيۋەتلىك گۈركىرىدى. تارىم ئالدىراپ ئاقماقتا. ئۇ ھەرگىز، ھەرگىزمۇ كەينىگە ئاقمايدۇ !..

خالىدىن ساتتار

# مىنۇپ مەزىن

مىنۇپ مەزىن بامدات نامىزىدىن يېنىپ كىرگەندە، ئايالى ھەلىمىخان ھويلىدىكى قارنى سۈپۈرۈۋاتاتتى. ئېلېكتىر چىرىغى ھويلىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئايالىغا ھومىيىپ قويۇپ، ئۇدۇل بالىلىرى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ يوقلىدى. قىزلىرىمۇ، ئوغۇللىرىمۇ تېخىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا، بايىلا ئويغىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتسەم ...» دەپ ئويلىدى مەزىن رەللە بولۇپ. ئۇ مەيدىسىدە خۇددى بېدىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇزۇن ساقىلىنى چاڭگاللاپ، بېشىنى چايقىدى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن زاۋۇتنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، كىشىلەرنى ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئۈندەپ ئېيتقان ئەزىنى ئۆز پۇشتىغا كار قىلمىغانلىقى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلدى. «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەن شۇ ـ دە. ئۇ ئەزاننى ئېگىزدە، مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ئېيتاتتى، بۇ مەسچىت يىراقمۇ ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىلا ئىدى؛ پەقەت ئىشىكلا ئايرىم، كۈنچىقىشقا قارايتتى. ئۇ ئۆتكەن يىلى يازدا ھويلىسىدىكى بوتكا ئۆيىنى بۇزۇپ، ئون بەش ـ يىگىرمە ئادەم سىغقۇدەك قىلىپ كېڭەيتىپ سالدى. قىبلىگە مېھراب چىقاردى. ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستىنى ياي شەكىللىك، قوش قوۋۇقلۇق قىلدى. ئىشىك بېشىغا قۇببە ياساتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن تۆمۈر خادىغا كەپشەرلەتكەن ئاي، يۇلتۇزنى ئەتراپتىكى كورپۇسلاردىن ئېگىز قىلىپ ئورناتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرياز پالاقشىدى.

www.uyghurkitap.com

يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان، نەچچە يىللاردىن بېرى بىر كۈن ئىشلىسە، ھەپتە دەم ئېلىپ كېلىۋاتقان ئاغرىقچان ئادەم ئۈچۈن بۇ ئوڭاي ئىشمۇ ؟ لېكىن مىنۇپ مەزىن بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرگە چىدىدى. نېمە ئۈچۈن ؟ ئۆزىنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ۋە مۇشۇ ئەۋلادلىرىنىڭ دىلىغا ئىمان سېلىپ، ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمەتىگە مۇيەسسەر قىلىش ئۈچۈن ئىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ ئەمگىكى تەقۋادار، دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار ئاپىرىن ئوقۇشتى ۋە بىر ئېغىزدىن ئۇنى مەزىنلىككە ماقۇل كۆرۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رودۇپايدەك چاپلىشىپ كەلگەن «سولتەك» لەقىمى «مەزىن» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئالماشتى. كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىپ، بەش - ئون قەدەم نېرىدىنلا قول قوۋۇشتۇرۇپ سالام بېرىدىغان بولدى. ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەردە تۆردە ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇ سۇغۇرتىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ساقال - بۇرۇتىنى قويۇۋېتىپ، ئۇزۇن پەشمەت، مەسە - كالاچ ۋە قاما تۇماق كىيىۋىدى، ھۆسنىگە ھۆسن، سۆلىتىگە سۆلەت، ئابرۇيىغا ئابرۇي قوشۇلدى. لېكىن، «بالا كەلسە قېرىنداشتىن» دېگەندەك، ھەممە پېشكەللىك بالىچاقىلىرىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئۆيگە شەيتان كىرىۋالدى. شەيتان ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئازدۇرۇپ كۇپۇرلۇققا سۆرىمەكتە، بولمىسا ئۇلار تەپ تارماستىن ئاپىسىغا: «دادامغا دېگىنچۇ، قاق سەھەردە ۋارقىراپ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماي، ئەزىنىنى نېرىراقتا ئېيتسۇن، ھېچبولمىغاندا بوشراق ئېيتسۇن» دەمدۇ، بۇنى شەيتان شۇنداق دېگۈزگەن، يا پەرۋەردىگار، ئالەمنى پەرۋىش قىلغۇچى ئۆزۈڭ، ھەممىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرۇپسەن ...

مىنۇپ مەزىن مۇشۇنداق ساراسىمە ئىچىدە ئۆز خانىسىغا كىردى. كالىچىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقىپ، پەر ياستۇققا ياztايدى. «ئاھ، خۇدا، بۇ بالىلارنى قانداق قىلماق كېرەك زادى ؟ ھەممىسى خەنزۇچە ئوقۇتقانىنىڭ كاساپىتى، ياق، يەنە ھېكايە -

چۆچەك دەيدىغان كىتابلىرى، نامەھرەمنى كۆز - كۆز قىلىدىغان كىنولارمۇ بار تېخى ... »

ئۇ ئاشۇنداق خىيال سۈرگىنىچە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ئۇ كەڭ مەيدانغا تۈزۈلگەن تاۋكادا يەكتىنى ئولتۇرۇپ قىمار ئويناۋاتقۇدەكمىش. پۇتلىرى يۇمشاق توپىغا ئوشۇقىغىچە چۆكۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىنى قىمارۋازلار ئورىۋاپتۇدەك. ئۇلار تۆت ئوشۇقنى قولىغا ئېلىپ «دەتتىككام» دەپ ئاتىسىلا «ئالچۇ» چۈشكۈدەك، ئۇ ئۆزى ئاتسا «چۇ» چۈشكۈدەك. ئۇ ئۇتتۇرۇۋېرىپتۇ، ئۇتتۇرۇۋېرىپتۇ ... ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان ئالا خورجۇنىدىكى لىق پۇل تۈگەپتۇ، يانچۇقلىرى، قويۇنلىرىمۇ قۇرۇقدىلىنىپ كېتىپتۇ. قولىدا ھەتتا بىر تال يارماقمۇ قالماپتۇ. باشقىلار بولسا ئۇتقان پۇللىرىنى ساناپ، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى شاراقلىتىپ كۈلۈشۈپتۇ ۋە قوللىرىنى شىلتىپ: «بولدى، ئەمدى سەندەك سولتەك بىلەن ئوينىمايمىز» دەپ تۇۋلىشىپتۇ. بۇ ھاقارەت ۋە ئەلەمدىن تاقىتى تاق بولغان «مىنۇپ سولتەك» قونچىدىن پىچاقنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ، ئۇلارغا دېۋەيلەپتۇ. شۇ زامان غايىبتىن بىر پەشۋا كېلىپ بىلىكىگە تېگىپتۇ. پىچاق قاڭقىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىگە قادىلىپتۇ. ئۇنىڭ تېنى قانغا بويىلىپتۇ. ئۇ تېپچەكلەپ، جان تالىشىپتۇ. «ۋايجان، ۋايداد! ... » ئۇ شۇنداق ئاللا - تۇۋا ساپتۇكى، ئۇنىڭ پەريادىدىن تاغلار غۇلاپ، يەر - زېمىن ئاغدۇرۇلۇپتۇ، ئالەمنى توپا - چاڭ قاپلاپتۇ ...

«ۋايجان، ۋايداد! » ئۇ راستىلا تىغ تەگكەن قاۋاندەك چىرقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بوغۇق ۋە چىرقىراق ئاۋازى شۇنداق دەھشەتلىك چىقتىكى، ئەمدىلا بالىلىرىنى ئويغىتىپ قويۇپ چىقىۋاتقان ھەلىمخان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ پايپاسلاپ كىرىپ چاقىردى:

— ھوي، ھوي دادىسى، ھوي دادىسى !

مىنۇپ مەزىن قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئۇ قوللىرى بىلەن يۇڭلۇق مەيدىسىنى ۋە گېلىنى سىلاپ، گەۋدىسىنى ئىككى ياققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇراتتى. ھەلىمخان ئۇنىڭ بىلىكىدىن سىلىكىپ تولدى:

— ھوي دادىسى، ھوي...

ئۇ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەش بالىسىمۇ چالا - بۇلا كىيىنگەن ھالدا ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ھازىر بولغانىدى. مىنۇپ مەزىن ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆكرىكى بىر چۇشۇپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ پەشمىتىنىڭ پېشىنى قايرىپ يۈز - كۆزىنى سۈرتتى، شاپاق دوپپىسىنى بېسىپ قويۇپ، قولىنى سىلىكىدى. ئۇ ئۇنىڭ بالىلىرىغا «چىقىپ كېتىڭلار» دېگىنى ئىدى. بالىلار چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى خېلىلا سەگىپ قالغان ۋە ئۆزىنىڭ پاسىق چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالغانىدى.

«ئەستاغپۇرۇللا، قارا باسقاندا قايسى ئايەتنى ئوقۇيدىغان بولغىيدى ؟ ... » ئۇ ئۆپچۆرىسىنى، كۆرپە - ياستۇقلارنىڭ ئاستىنى ئاختۇردى، لېكىن ھەپتىيكى — ئۇلۇغ ئايەتلەر پۈتۈلگەن خاتىرىسى قولىغا چىقمىدى.

«سۇبھانالىلا، بۇ نېمە كارامەتتۇ، ئۆلىمالارنىڭ ‹سەھەردە كۆرگەن چۈش، چىنلىقنىڭ بىشارىتىدۇر› دېگىنىنى ئاڭلىۋىدىم، يەنە نېمە كۆرگۈلۈكۈم باردۇر مېنىڭ؟ يا پەرۋەردىگارا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرپە، ياستۇقلارنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى، جايىنامازنى ئېلىپ سالدى - دە، يۈزىنى قىبلىگە توغرىلاپ يۈكۈندى. قولىنى كۆتۈرۈپ توۋا - ئىستىغپار ئېيتىشقا باشلىدى، — يارەببىم، مەن سېنىڭ ئاجىز بەندەڭمەن. يا بىلىپ، يا بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، جاھاندارچىلىق ھەلەكچىلىكى، ياشلىق - نادانلىقنىڭ كاساپىتى ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن بىرمەھەل يولدىن ئازغان، نەپسىمنىڭ ئارقىسىدىن بىراۋلارنىڭ ھەققىگىمۇ قىيا باققاندىم. ئى، ئاللا، مەن ئالدىڭدا ئاسىي گۇناھكار، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن ... »

مىنۇپ مەزىن توۋا - ئىستىغپاردىن كېيىن، تەسۋىنى قو-

لىغا ئېلىپ، دۇرۇت ئوقۇشقا تۇتۇندى. بۇ چاغدا دېرىزە ئەينىكىدىن چۈشكەن قۇياشنىڭ تارام - تارام نۇرلىرى ئۇنىڭ قولىدىكى تاشلاردا مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىماقتا ئىدى. ھەلىمىخانمۇ ئۆيگە نەچچە قېتىم كىرىپ چىقتى، ئاخىر، بىتاقەت بولۇپ دېدى:

— چاي سوۋۇپ كەتتىغۇ.

مىنۇپ مەزىن بېشىنى بۇراپ، قاپىقىنى تۈردى:

— ھىم، ئېلىپ كىر.

ھەلىمىخان داستىخان راسلىدى، مەزىن چازا قۇرۇپ، ئېيىقتەك كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، ناشتا قىلىشقا باشلىدى.

ھەلىمىخان چىنىگە لىپمۇلىپ چاي قۇيۇپ ئۇزاتتى ۋە ئېرىگىنى تىرەپ شۇك ئولتۇردى. بۇ ئەللىك - ئەللىك بەش ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، قاتاڭغۇر كەلگەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سوزۇنچاق يۈزى، كەڭ پېشانىسىگە چوڭقۇر قورۇقلار چۈشكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن بىر خىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى، گاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، لېۋىنى چىشلەيتتى، گاھ ئاغزىنى ئۆمەللەپ، نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلەتتى - يۇ، جۈرئەت قىلالمايتتى.

مەزىن ئاخىرقى بىر چىشلەم ناننى بوينىنى ئېگىپ، تۇگۇلۇپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتتى ۋە چىنىدىكى چاينى پاك - پاكىز سۈمۈرۈپ بولۇپ دېدى:

— ھە، ھەممىسى كېتىشتىمۇ؟

— ئىشقا كېتىدىغىنى ئىشقا كەتتى، مەكتەپكە بارىدىغىنى مەكتەپكە ماڭدى، يالغۇز ئاسىگۇللا قالدى.

— ھە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ، بۈگۈن ئىشلىمەمدىكەن؟

— بۈگۈنغۇ ئىشلەيدىكەن، بىراق، ھېلىقى، ھېلىقى... — دېدى ھەلىمىخان ۋە بىردىنلا دېمى بوغۇلغاندەك ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مىنۇپ مەزىن ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، خوتۇنىغا ھۈرپەيدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— گېلىڭغا «ھېلىقى» تۇرۇپ قالدىغۇ، نېمە ئۇ، «ھېلىقى... ھېلىقى»؟

— نېمە بولاتتى، ھېلىقى تاياقنىڭ دەردى! ئۆز بالىسىنىمۇ شۇنداق ئۇرغان بارمۇ؟ ۋاي خۇدايىم ... شۇنداقمۇ باغرى قاتتىق دادا بولىدىكەن، بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالماپتىغۇ، بىچارە بالام، كېچىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتى، — ھەلىمىخان ئېتىكىنى قايرىپ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— بۇ تېخى ئاز ئۇنىڭغا ... مېنىڭ گېپىمگە كىرسە، بۇ كۈنگىمۇ قالمايتتى.

— ئاللاتائاللا ئىككىسىنىڭ دىلىغا سالىپتۇ، بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، تەقدىردىن كەلگەن قىسمەتكە بالا ئەيىبلىكمۇ؟

— بولدى، بەس. بۇنداق گەپنى ئىككىنچى ئاغزىڭلارغا ئالغۇچى بولماڭلار، دېمەيمىدىم، ھە، يەنە نېمە پالان - پەشمەت دەپ تىلىڭنى چاينايسەن؟

ھەلىمىخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يىغىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىنى بېسىپ قويىدى ۋە يالۋۇرۇش ئاھاڭىدا دېدى:

— دادىسى، ھېلىمۇ بالىلارنىڭ ئىنسابىغا شۈكۈر دېسەك بولىدۇ. نەچچە يىللاردىن بۇيان قولىقىمىز نېمىنى ئاڭلىمىدى؟ نى - نى ئىشلارنى كۆردۇقمۇ، نېمىلا بولسۇن، بىزنىڭ بالىمىز مۇشۇ چاغقىچە ئاغزىمىزغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ. خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغىنىمۇ يوق. خەقمۇ بىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ، نەچچە قېتىم ئالدىمىزغا كەلدى. سىلەر رازى بولارلىق توي قىلىمىز، دەۋاتىدۇ. شۇنچىلىك قىلىۋاتقان يەردە، بىز يەنە ...

— بەس، بولدى، — مەزىن قولىنى سىلكىدى، — گېپىم گەپ، ئۇنداق بىناماز، هاراقكەش، ياقا يۇرتلۇققا بېرىدىغان قىزىم يوق.

ھەلىمىخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى:

— بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىۋاپتىكىنتاڭ، خەقمۇ ئۇ بالىنى

ياۋاش، تەرتىپلىك، ئىشچان؛ قەۋەتلا ئوبدان بالا بولدى دەپ ماختىشىدۇ. بۇ يىلمۇ يەنە ئىلغار بوپتۇ، ئەترەتتە يەنە ...

— بۇلارنىڭ ھەممىسىچۇ، بۇ دۇنيالىق ئىشلار، بىزگە ئۇ دۇنيالىقنى بەرگەن، ئۇقتۇڭمۇ ئۇ دۇنيالىقنى. ئاخىرەتلىكنى ئويلىمىغان نائەھلىلەرنى مۇسۇلمان دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنداقلارغا قىز بېرىش تۇرماق، بىر داستىخاندا ئولتۇرۇشمۇ ھارام.

مەزىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قاما تۇمىقىنى كىيدى. ئۇنىڭ نەگىدۇر مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ھەلىمىخان ئاسىگۈلنىڭ ئىشىنى ئۈزۈل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، مەزىننىڭ قاتتىقتىن قورقىدىغان ئاجىزلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئەمدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، خىرىس قىلىشقا باشلىدى:

— سىلىچۇ، تېخى ئۆتكەن يىلى جانلىرى تۇمشۇقلىرىغا كەلگەندىلا ئويلىغانىدىلە ئۇ دۇنيالىقلىرىنى. ئۇلار تېخى ياش، سىلىدەك بولغۇچە يەتكۈدەك ئويلىشىۋالىدۇ، سىلى ئۇلاردەك چاغلىرىدا نېمىلەرنى قىلمىغان ؟ ئىچىشلىرى ھاراق، چېكىشلىرى نەشە، ئويناشلىرى قىمار ئىدى. سىلىنىڭ گەپلىرىچە بولسا، مېنىڭ سىلى بىلەن قىرىق يىل ئۆي تۇتۇپ، يېگەن - ئىچكىنىمنىڭ ھەممىسى ھارام ئىكەن - دە ؟ خۇدايا توۋا دېسىلە ...

— ھاي، ھاي ئانىسى ...

— ھە، راست ئەمەسمۇ؟ ئۆز ھاللىرىغا باقماي نەدىكى گەپلەرنى تاپىدىكەنلا، — ھەلىمىخان شىپقاپ كەلدى، — ئۆتكەندىمۇ «بىنامازنىڭ ئۆلۈمىگە بارمايمىز، نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز» دەپ، تىللىرىنى چاينىدىلا، خەق قىلىدىغىنىنى قىلىۋەردى، سىلىچۇ ؟ خەقنىڭ لەنىتىگە ئۇچراپ پۇشۇلداپ قېلىۋەردىلە. « بالىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن» دەپ، نېمە دېسە ھە دەپ ھۆرمىتىنى قىلسام، كۆرەڭلەپ قىنىغا سىغماي كېتىۋاتىدىغۇ ... بىنامازغا قىز بەرمەسمىش تېخى ! ئۇ بالىچۇ، سىلىدىن مىڭ مەرتەم ياخشى، مەن كۆرگەن كۈنى مېنىڭ قىزلىرىم كۆرمە-

سۇن، سىلى بەرمىسىلىچۇ، مەن بېرىمەن. بالىغا مەنمۇ ئىگە، ئۇنىڭغا ئۇنىمىسىلا، تەشكىل بار.

مەزىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ جالاقلاپ تىترەپ كەتتى.

— كۇپۇرلۇق ! سەن، سەن ... ھەممىنى قىلىۋاتقان سەن، بارچە پالاكەت سەن كاززاپتىن كەلگەن.

ھەلىمىخان كۆكرىكىنى كېرىپ تىك تۇراتتى:

— يالغان، دەپ باقسىلىچۇ قېنى، بولمىسا ماۋۇ مۇرىلىرىدىكى پەرىشتىلەردىن سوراپ باقسىلا، دەپتەرلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، كۇپۇرلۇق قىلما !

— ھە، ئېچىشىۋاتامدۇ ؟ تىتاڭ تومۇرلىرىغا تەگسە كۇپۇرلۇق بولىدىكەن ـ دە ؟

— ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا.

ھەلىمىخان داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، چىقىپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— ئۇلارنىچۇ، بۇگۇن خەت ئالغىلى ئەۋەتىمەن.

— ھەي، ھەي، ماڭا قارا ...

مىنۇپ شۇ كۇنى ئاسىگۇل بىلەن ھويلىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئاسىگۇل يەرگە قارىغىنىچە ئۇنى يانداپ ئۆتتى. مەزىنىنىڭ كۆڭلىگە: ئانىسى بالىلارنى خەت ئالغىلى ئەۋەتىمەن دەۋاتاتتى، دېگىنىنى قىلدىمۇ، نېمە، دېگەن خىيال كەلدى ـ دە، كاپلا قىلىپ قىزىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

— نەگە بارىسەن ؟

ئاسىگۇل ئۇندىمىدى. مەزىنىنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى ـ دە، قىزىنىڭ بىلىكىدىن تارتقۇچلاپ سىلكىدى:

— ھەي بەز قۇلاق، نەگە بارىسەن دەۋاتىمەن، ساڭا !؟

شۇ ئەسنادا ئىشىكتە ھەلىمىخان پەيدا بولدى.

— بالىنى ماڭغىلى قويماي نېمىشقا ئالدىنى توسۇيلا ؟

— ماۋۇ بىرنېمەڭنىڭ زوۋانى تۇتۇلۇپ قالغانمىدى، گەپ

سورىسام بېزىرىپلا تۇرىدىغۇ ؟
— بالىنىڭ يولىنى توسمىسىلا، ئۇنى خەت ئالغىلى ماڭدۇر-دۇم.
— ماڭ ئۆيگە ! — مەزىن ئاسىگۈلنىڭ دولىسىدىن ئىتتەر-دى، — ھۇ، سەندەك قىزنى !
ئاسىگۈل ماڭماي تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. مەزىننىڭ تېخىمۇ جەھلى تۇتتى - دە، ئاسىگۈلنى ئۆي تەرەپكە كۈچەپ ئىتتىرىۋەت-تى. ئاسىگۈل ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا جاقىدە ئۇرۇلدى - دە، لاسىدە يىقىلدى. قىزىنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرگەن ئانا قىيا - چىيا كۆتۈرگىنىچە كېلىپ ئاسىگۈلنى يۆ-لىدى. بۇ غەلۋىنى ئاڭلاپ قوشنا - قولۇملار كىرىشتى ۋە ئاسى-گۈلنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.
«ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا»، مىنۇپ مەزىن ساقىلىنى تۇتاملاپ، گويا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز قا-رىچۇقى ھازىرلا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى.

* * *

مىنۇپ مەزىن قانچە ۋاقىت قاققان قوزۇقتەك تۇرغانلىقىنى سەزمىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بېشى ئې-غىرلىشىپ، ئىككى چېكىسى سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ۋۇجۇ-دى بوشاشتى، پۇتلىرى پوكۇلدى. ئۇ مەستتەك دەلدەڭشىپ مې-ڭىپ كېلىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. نەپەس ئېلىشىمۇ قىي-يىنلاشتى. « يا پەرۋەردىگارا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن !» دېدى ئۇ. ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى قان بېسىمى يۇقىرى ئىدى ھەم ئېغىر كاناي ياللۇغى كېسەللى بار ئىدى. بىر يىلدىن بۇيان، ئۆز سۆزى بويىچە ئۇ بەش ناماز بولغاندىن بۇيان، خېلىلا شىپالىق تېپىپ قالغانىدى. لېكىن، بۇگۈن بۇ پالاكەت يەنە قارا قولىنى

سوزۇپ ئۇنىڭغا چاڭگال سالماقتا. «ئاھ، خۇدا ... » دەيتتى ئۇ ۋە ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. كۆكرىكى خۇددى تۆگىنىڭ ئۆركىشىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۆشەتتى. قانداق-تۇر بىر ئايەتنى يادىغا ئالماق بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ مېڭىسى قۇرۇق، دىلى قاراڭغۇ ئىدى. ھېچنېمە ئېسىگە كەلمەيتتى. ئۆيدە بولسا ھېچكىم يوق، چۈش قايرىلغۇچە شۇ تەرىقىدە يالغۇز ياتتى. كەچ پېشىن بولغاندا ھەلىمىخان پەيدا بولۇپ، ئاسىگۈلنى دوخ-تۇرلار جىددىي قۇتقۇزۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ۋە «ئۆز بالىسىغا شۇنداقمۇ تاش يۈرەكلىك قىلغان بارمۇ؟» دەپ كايىدى. ھەلىمە-خان ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولدى. ئەمما، مەزىن زىنھار ئۇنىمىدى. بۇ ئارىدا ئەھلىمەھەللە، جامائەتلەر بىرەر قۇر يوقلاپ چىقىپ كېتىشتى.

كىرگەنلەر مەزىنگە تەسەللى بېرىشەتتى:

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، مەزىن ئاخۇنۇم، بۇ قىسمەتمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

— ھەي، ھەي، سىلىنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ - دە.

— ئۇ بالىنى ھازىر بىھوش ياتىدۇ، دېيىشىدىغۇ. دوخ-تۇرلارمۇ ئالدىراپ قاپتىمىش.

— شۇنداق بولمامدىغان، مانا مۇشۇ يەردە بىر جان تومۇر بار دېسىلە.

— ئالىمادىس، شۇ تومۇر ئۈزۈلۈپ كېتىپ قالسىلا ...

— خۇدايىم ساقلا.

— ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتمۇ سۈرۈشتۈرىدۇ، دەڭا.

— شۇ تاپتىمۇ قوغداش بۆلۈمى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ.

— ئەتتەڭەي، بۇ پېشكەللىكنى كۆرۈڭ.

كىرگەن - چىققانلارنىڭ بۇ گەپ - سۆزلىرى مەزىننىڭ يۈرىكىنى زەرداب قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ، ۋەھىمە ئولاشتى. «ئەمدى تۈگەشتىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇ دۇنيا-لىقىممۇ، بۇ دۇنيالىقىممۇ، ھەممىسى تۈگەشتى.»

شۇ كۈنى ئۇ خۇپتەن نامىزىغا ئەزانمۇ ئېيتالمىدى، مەس-
چىتكىمۇ چىقالمىدى، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى، كۆزىنى چىڭ
يۇمۇپ ياتتى. كۆزىنى ئاچسىلا تامدا نېمىلەردۇر مىڭىپ يۈرگەن-
دەك كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مەزمۇت، رىتىملىق قە-
دەمنىڭ گۈپۈرلىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ بىر كىشىنىڭ ئە-
مەس، بىرقانچە، ھەتتا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخ-
شايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى
ھەربىيلەر ياكى ساقچىلارنىڭ مەشكە دەسسىگەن كۈچلۈك ئاياغ
تىۋىشى ئىدى. «گۈس، گۈس، گۈس...» ئەنە، ئۇنىڭ زەربىدىن يەر
تىترەۋاتىدۇ، كارىۋاتمۇ چايقالغاندەك بولدى. مەزىن پۈتۈن زېھ-
نىي قۇۋۋىتىنى يىغىپ: نېمە قىلىدىغان ئادەملەردۇ بۇ، دەپ ئوي-
لىدى ۋە بۇ تېپىشماقنى تېپىشقا تىرىشتى. لېكىن، يەنە: «شاراق -
شۇرۇق» «شالدىر - شۇلدۇر» قىلغان غەلىتە ئاۋاز پەيدا بولدى -
دە، «گۈس، گۈس، گۈس» چۈشۈۋاتقان ئاياغ گۈپۈرى بىلەن قو-
شۇلۇپ تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس ئالدى. ئەمدى
ئۇنىڭغا ئۆي تىترەپ، تام - تورۇسلار چايقىلىۋاتقاندەك بىلىندى،
ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا: «ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە ؟... ھە، ھە، ساقچى،
ساقچىلار، ئەنە قوللىرىدا كويزا - كىشەن !» دەپ توۋلىۋەتتى. ئۇ-
نىڭ ئاۋازى شۇنداق ۋەھىمىلىك چىقتىكى، غەمناك بولۇپ، ئويغا
چۆكۈپ كەتكەن ھەلىمىخان چۆچۈپ كەتتى، كۆردىكى، مەزىن چە-
پىلداپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ ۋە بېشىنى ھېلىدىن - ھېلىغا ئىك-
كى يېقىغا تاشلاپ توۋلاۋېتىپتۇ.

— ھوي، ھوي دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، كۆزلىرىنى ...

ھەلىمىخان ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، لۆڭگىنى
ئېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى سۈرتتى، بېشى قىزىق ئىدى. ھەلى-
مىخان دوختۇر چاقىرتقۇزدى. دوختۇر تەكشۈرۈپ، مەزىننىڭ
كېسەلخانىدا يېتىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. مىنۇپ مەزىن ئىللا -
بىللا ئۇنىمىدى:

— پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي، دوختۇرخانىغا بارمايمەن.

ئامال يوق، كەلگەن دوختۇر دورا بېرىپ، ئوكۇل سېلىپ قايتىپ كەتتى. بالىلىرى ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ھەلىمىخان يالغۇز قالدى. مەزىن ھاسىراپ، توختىماي ئىلتىجا قىلاتتى: «ئى رەببىم، ئاجىز بەندەڭمەن، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلغايسەن.»

ئېلېكتىر چىرىغى چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى، مەزىن ئاپپاق ئاقارتىلغان تامغا قارىدى. تامدا بىردىنلا قارا ـ قۇرا بىرنېمىلەر پەيدا بولدى، ئۇ شۇ ھامان كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ: نېمىدۇر بۇلار؟ مەن تامدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەن ئەمەسمىدىم؟ دېگەننى خىيالىدىن كەچۈردى ۋە يۈرىكىنى توم قىلىپ، ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا، تامدا ئاسىگۈل كۈلۈپ تۇراتتى. « ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە كارامەت، ئۇ نېمە قىلىدۇ بۇ يەردە ؟ ئۇنىڭغا بىرەر خەۋپ يەتكەنىمىدۇ ؟ ئۇ، ئۇ، ئۆلۈپ كەتتىمۇيا ؟ ئاھ، پەرۋەردىگارا ... » مەزىن سەسكىنىپ كەتتى ۋە ئىنجىقلاپ، ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن ھەلىمىخاننى چاقىرىپ، ماي پۈرتىپ، ئىسرىق سېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتتى، گويا مېڭىسىدىكى ھەممە خىياللارنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنى توختىماستىن سىلكىدى. بىر چاغدا پۇتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇۋاتقانلىقىنى، تېرىلىرىنىڭ تارتىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ قولىنى تەستە سۇنۇپ، پۇتلىرىنى تىزىغىچە سىلاپ كۆرۈپ، بەجايىكى مۇزنى تۇتۇۋالغاندەك سەسكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. قۇلاق تۈۋىدە مويسىپىتلارنىڭ: «جان ئۈزۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋۋال پۇتى مۇزلايدۇ» دېگەن سۆزلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. «ئى، ياراتقان ئىگەم، بۈگۈن راستلا ئامانەتىڭنى ئالامسەن، مەن ئاسىيەنىڭ ئۇۋالىغا قالدىممۇ ؟ ئۇ، ئۇ ...» شۇ ئەسنادا، «شار ـ شۇر، شىرت ـ شىرت» قىلغان سادا ئاڭلاندى. بۇ خۇددى كىمنىڭدۇر دەپتەر ياكى كىتابنى ۋاراقلىغان ئاۋازىغا ئوخشايتتى. «بۇ كىم بولغاي ئەمدى، بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا

ھېچكىم كىتاب ئوقۇمايتتىغۇ ؟ ھىم، ئۇقتۇم، پەرىشتىلەر، پە-
رىشتىلەر مېنىڭ ساۋاب - گۇناھلىرىم پۈتۈلگەن دەپتەر - كىتا-
بىمنى ۋاراقلاۋېتىپتۇ - دە، ... ئاھ، قۇدرەتلىك خۇدا !» دېگەن
خىيال كۆڭلىدىن كەچتى مەزىننىڭ. ئۇ گاھ خىرقىراپ، گاھ
تۇۋلايتتى. ئىككى قولى بىلەن ھە دەپ كۆكرىكى ۋە گېلىنى
سىلايتتى. ئۇ باش توخۇ چىللىغۇچە ئاشۇ ھالەتتە قىينالدى ۋە
توختىماي تۇۋلاپ ياتتى:

«ئاسىيە، مەندىن رازى بول. مەن، مەن ... »

ھەلىمىخانمۇ پايپېتەك بولۇپ، كىرپىك قاقمىدى. ئۇ
خورازلارنىڭ ئاۋازى قويۇقلىشىپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا
مەزىنگە دېدى:

— ھوي، ئاسىيەنى چاقىرايمۇ ؟

مەزىن جىم بولدى. ئۇ گويا خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ياتاتتى، ھەلىمىخان سۆزىنى يەنە قايتىلىدى:

— ئاسىيە دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتى، يانلىرىغا كىرسۇنمۇ ؟

مىنۇپ مەزىن بىرمەھەل جىمجىت ياتتى، ئاندىن كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئېلىپ، ئۇھ تارتتى - دە، سۆزىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ دېدى:

— ئۇقتۇم، ھەممىنى ئۇقتۇم، ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدىكەن ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قىزىل شارپا

قىزىل رەڭ نېمىدېگەن يېقىملىق ـ ھە ! ئۇ خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مۇھەببەت گۈلخانلىرىغا ئوخشايدۇ. قىزىلگۈل بولسا گۈزەل ياشلىق باھارىنىڭ يالقۇنلۇق سىمۋولى.

قىزلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئۆزىگە يارىشىدىغان رەڭدىكى كىيىملىرى بولىدۇ. مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ياز ئايلىرىدا بەدىنىمگە چىپپىدە كەل-گەن، ئېتەكلىرى كەڭ، ئوتقاشتەك قىپقىزىل گۈللۈك شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك كىيىشنى، قىشتا بولسا قىپقىزىل شارپا ئوراش-نى ياقتۇراتتىم. ئاخىر ئۇنىڭغىمۇ ئىگە بولغانىدىم.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. قىزىممۇ ماڭا ئوخشاش قىزىل شارپا ئوراپتۇ. بۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يارىشىپتۇكى، ئۇ كۆزۈمگە خۇددى تاڭ سەھەردە ئېچىلغان قىزىل ئەتىرگۈلدەك گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى.

قىزىم گۈلباھار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ باش ئاغرىقىمۇ كۆپە-يىپ قالدى. ئۇ بۇنى بىلەتتى ۋە ئاڭلىغانلىرىنى مەندىن يوشۇر-مايتتى. مەنمۇ تاپقان گېپىمنى ئېيتاتتىم.

بۈگۈن ئەتىگەن چاي ئىچىۋېتىپ، خىيالىمدىن بىر ئىش كەچتى ـ دە، قىزىمغا مۇنداق دېدىم:

ــــ ھازىر قىز چىقىرىشمۇ تەس بولۇپ قاپتۇ، ئۆتكەن ھەپتە

مەكتىپىمىزدىكى xx مۇئەللىم قىزىنىڭ تويىنى قىلغانىدى. ئۇلار تەييارلىغان دېرىزە پەردىسى يىگىت تەرەپكە يارىمىغانلىق- تىن خېلى سۆز - چۆچەك، كۆڭۈل ئاغرىقى بوپتۇ، بىز ئۇز ۋاقتىدا بىر قۇر ئاددىي كىيىم، بىر كارىۋات، بىر يوتقان - كۆر- پە بىلەنلا توي قىلغانىدۇق. بۇ زاماندىكى ياشلار بەكمۇ چوڭچى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

قىزىم ماڭا لاپ قىلىپ قارىۋالدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىز دائىم بىزنىڭ زامانىمىزدا ئۇنداق ئىدى، هازىرقى زاماندا مۇنداق بولۇپ كەتتى، دەيدىكەنسىز. ئۇ دېگەن 1950 - يىللاردىكى سەۋىيە، سىز شۇ ۋاقىتتىكى كەمبەغەل دېھقاننىڭ قىزى. بىزچۇ 1980 - يىللاردا ياشاۋاتىمىز، يەنە كېلىپ سىز- دەك زىيالىينىڭ پەرزەنتى دەڭا. ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى كونا خامانىنى سورۇۋېرىشنىڭ نېمە هاجىتى! جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. زامان ئۆزگەردى، تۇرمۇش كۆتۈرۈلمىسە بولامدۇ؟ ئاپا، مەن بەك ئاشۇرۇۋەتتىممۇ يا؟ — دېدى.

«قارا سېنى، — دەيتتىم ئىچىمدە، — ھەقىقەتەن بۇ زامان- نىڭ بالىلىرى بەختى ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. هازىر يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆيى بىزنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل تۇتقان ئۆيىمىزدىن كۆپ ئېسىل. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانائەت قىلمايۋا- تىسىلەر، ھەي، قويۇڭلار سىلەرنى، ئاتا - ئاناڭلارنى ئويلاپمۇ قويمايسىلەر ...»

مەن زورىغا قىزىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم:

— قىزىم، بۇ گەپچە مېنى خېلى تەرلىتىدىغان ئوخشىما- سەن؟

— مېنى سىناۋەرمەڭ، ئاپا. بىلىشىمچە، سىزنىڭمۇ مەن ئۇچۇن قىلىۋاتقان تەييارلىقىڭىز ئاز ئەمەس. مېنىڭغۇ يۇقىرى تەلىپىم يوق، شۇنداقتىمۇ زاماندىن كېيىن قالساق بولماس، سىزگىمۇ، ماڭىمۇ يۈز كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

قىزىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تۇرمۇشنى خېلى چۈشە-

نىپ قالغانلىقىنى، ئۆزى ئۆيدە تۇرغىنى بىلەن كۆڭلى ئاللىقا-
چان ئۆز تۇرمۇشىنىڭ غېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق، ئۇچۇرما بولغان قۇشنى ئۇۋىسىدا ساقلاپ قالغىلى بولامتىمۇ؟

قىزىم يېنىمدا ئولتۇرۇپ يۈزلىرىمنى سىلىدى، چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، ئەركىلەپ:

— سالامەت بولساق، ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، شۇنداقمۇ جېنىم ئاپا ؟ — دېدى ۋە ئازراق ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتى.

— قىزىم، شارپاڭ ئەجەب يارىشىپتۇ، تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېدىم ئۇنىڭغا مەستلىكىم كېلىپ. ئۇنىڭ يۈزى شارپىدەك قىزاردى.

— راستىمۇ ئاپا، سىزگە يارىغان بولسا بەك خۇشالمەن، — دېدى – دە، كېيىكتەك شوخلۇق بىلەن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

گۈلباھارنىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن دېمىسىمۇ 20 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرىدىكى بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ قىزى. ئالىي مەكتەپكە كەلگىنىمدە ساغلام، گۈزەل، شوخ بولسامىمۇ، كىيىملىرىم ناچار ئىدى. قىز ساۋاقداشلىرىم شادىيەنىڭ چىگكەن قىزىل شارپىسى كۆزلىرىمنى چاقنىتىۋەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئاشۇ كۈنى شادىيە بەلگە قىلىپ بەرگەن ماگىزىنغا باردىم. ماگىزىن ھەقىقەتەن رەڭمۇرەڭ، ھەر خىل ياغلىق، شارپىلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. مال سېتىۋالغۇچىلارغا كۆز ئۈزمەستىن قاراپ تۇردۇم. قىزىل شارپا ھەممىدىن ئېسىل ئىدى. بىراق، ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنگەن بۇ شارپىنى سېتىۋېلىشقا قۇربىم يەتمەيتتى. مەكتەپكە ئاپامنىڭ «قىز بالا ئەمەسمۇ، چوڭ شەھەرگە يالاڭ ئاياغ بارسا بولماس» دەپ بىراك مال دۇكىنىدىن ئېلىپ بەرگەن كونا ئايىغى ۋە بىر چىت كۆڭلەك بىلەن كەلگەنىدىم. مەكتەپ تارقىتىپ بەرگەن چۇخىينى كېچىسى تۇتۇپ ئۇخلاپ قالاتتىم. ئاپامدىن پۇل تەلەپ قىلىشىم مۇمكىنمۇ ؟ ياق ! ئۇنداقتا ئاناردەك قىزىل، چۆرىسى قوڭغۇراقتەك پۆپۈكلۈك شار-

پىنى سېتىۋالمىسام قانداق قىلىمەن ؟ كۆپ ئويلاندىم - دە، ئاخىر قىشلىق تەتىلدە قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە بېرىپ ياللاندىم. مەن ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا خىش يېيىتىش، دېرىزىلەرگە ئەينەك سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغانىدىم. لەپىلدەپ قار يېغىۋات- قان، دەل - دەرەخلەر ئاپپاق تون كىيگەن كۈنلەردە قارا شىرىما چاپان، كۆك يوپكا، ئۆتۈك كىيىپ شارپا ئوراش تولىمۇ كۆڭۈل- لۈك تۇيۇلاتتى. بىراق، ئارىدىن ھېچقانچە ئۆتمەي بۇ بىردىنبىر مۈلكۈم — قىزىل شارپامنى يوقىتىپ قويۇپ ئۇزاققىچە ئېسەدەپ يىغلىدىم. باغرى يۇمشاق قىز دوستلىرىممۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلىشقانىدى.

ئۇ يىللاردا ياشلار خېلىلا ئاددىي - ساددا ئىدى، ھازىر تويلارغا بارساملا ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ كۈنۈم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ: مەن توي قىلغان كۈنى يىپەك رەختتىن ئۇزۇن توي كۆڭلىكى تىكتۈرۈپ، كۆكرىكىمگە بىر تال قىزىلگۈللا تاقىغانىدىم. تويدا پەقەت گازىر، كەمپۈت ۋە ئىسسىق چاي تارتىلدى. شۇنداق بولۇ- شىغا قارىماي دوستلىرىم چوڭ زالدا تانسا، ئۇسسۇل ئويناپ توي مۇراسىمىمىزنى قىزىتىۋەتتى ... ئۇنىڭدىن كېيىن ھاياتىمىز- چۇ؟ بولدى، ئۇنى ئەسلىمەيلا قوياي ! مەن تۈگىمەس خىياللىرىم- نى يىغىپ بازارغا سودىلىققا چىقتىم.

قار توختىغانىدى، كوچىدا ئادەملەر بارغانسېرى كۆپىيىۋا- تاتتى. بەش قەۋەتلىك ماگىزىننىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىشىلەر تو- پى مېنى ماگىزىنغا سۆرىگەندەك ئېلىپ كىردى. خېرىدارلار پو- كەيگە يېپىشىۋالغانىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلدىم - دە، ئېسىل تاۋارلارغا، پارقىراپ تۇرغان يوتقان تاشلىرىغا، كە- شىنى مەھلىيا قىلىدىغان دۇخاۋا، خاڭدەنلەرگە زوقلىنىپ قاراپ، بۇ نەرسىلەردىن قىزىمغا ئېلىپ بېرىشنى، قايسى رەڭنى ئالسام قىزىمغا يارايدىغانلىقىنى ئويلاندىم. يېنىمدىكى خېرىدار ئايالمۇ ھە دەپ مەندىن مەسلىھەت سورىغاچ مال تاللىماقتا ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ماللارنى تاللاپ تالون كەستۈردى - دە، ئۇياقتا مال

كۆرۈۋاتقان بىر ئەر كىشىنى چاقىردى، مەن ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ ئەللىك ياشلار چامىسىدا بولۇپ، چىرايى يېقىملىق، قاپ-قارا يىرىك چاچلىرىغا كۆرۈنەرلىك ئاق ئارىلىغانىدى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن قوي كۆزلىرى تونۇشتەك بىلىنىدى. لېكىن، ئۇنى بىر-دىنلا جەزم قىلالمىدىم. ئۇمۇ ماڭا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى ـ دە، تۆش يانچۇقىدىن پۇلنى چىقىرىپ ئايالىغا بەردى. ئۇ ئەسكە ئالغان بولسا كېرەك، بىرھازادىن كېيىن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

ـــ ياخشىمۇ سىز گۈلسۈم، ـــ دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنى تونۇغاندەك قىلدىم. بۇ يېقىملىق ئاۋاز هازىرقىدەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى.

ـــ كېرەممۇ سىز؟ بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۆزگىمىز ئوبدان تۇرۇپسىز، قەيەردىن سورايمىز؟

ـــ نەدىن سورايتتىڭىز گۈلسۈم، سىز بىلەن بىر شەهەردىن ـ دە، مەن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىلى تېخى بىرنەچچە ئايلا بولدى.

ـــ مۇنداق دەڭ، ئەجەب ئۇقماپتىمىنا، يا سىز يوقلاپ كەلمەپسىز، يا مەن ...

ـــ مەن ئىزدىشىم كېرەك ئىدى، ـــ گېپىمنى بۆلدى كېرەم، ـــ بىراق، سىزنىڭ بۇ شەهەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمدى بىلدىم. بۇندىن كېيىن ...

ـــ بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، مەنمۇ سىزنى ... ـــ مەن قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدىم ـ يۇ، ئۆزۈم ۋىتىۋىداقتەك سۆزلەپلا كەتتىم. ئۇ هېلىغىچە جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايالى كېلىشى بىلەن سۆزىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ دەرهال مېنى ئايالىغا «كونا ساۋاقدىشىم» دەپ تونۇشتۇردى. بىز ئىككى ئايال ئۆزئارا هال سوراشتۇق. هەر ئىككىمىزنىڭ تويلۇق ئۇچۇن مال ئېلىۋاتقانلىقىمىز مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا بىر يۇدە كەلگۈدەك دوخاۋا تۇراتتى.

ـــ شۇنچىۋالا دوخاۋىنىڭ هەممىسىنى تويغا ئىشلىتەمسىلەر؟ ـــ

دەپ سورىدىم كېرەمنىڭ ئايالىدىن.
ئايال ھەسرەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن ماڭا قاراپ:
— ۋاي نېمىسىنى دەيسىز، ئاڭلىسام، ھازىرقى قىزلار بەك-مۇ «چاققان» ئىكەن. تويدىن كېيىن ئېرى بىلەن ئازراق گەپ تا-لىشىپ قالسىلا ئىشىك - دېرىزە پەردىلىرىنى يۇلۇپ چامادانغا قاچىلاپ ماڭىدىكەن، شۇڭا ئوغلىمىزنىڭ ئۆيىنى ئۆزىمىزلا ياساپ بېرەيلى، دېيىشتۇق، قىز مەيلى بىرنەرسە ئەكەلسۇن، ئەكەلمە-سۇن، ئۇشۇق دۆلەت باشنى يارماس.
— قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق قىلماس؟ — دېدىم مەن سەل ئەجەبلىنىپ.
— بەش قول تەڭ ئەمەس - دە. بىزگە كېلىن بولغۇچى قىزغۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، ئاڭلىدۇق، ئۆزىمۇ بىر پە-رىزات، شۇنداق بولسىمۇ ھەر ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ...
— سىلەرگە قانداقراق كىشى قۇدا بولىدىغاندۇ - ھە، ئەجەب ياخشى ئىكەنسىلەر، تويۇڭلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتۈشىگە تى-لەكداشمەن، — دېدىم ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ.
— رەھمەت، دېگىنىڭىزدەك بولار، — دېيىشتى ئۇلار.
بىز دۇكاندىن بىللە چىقىپ، ئۆز يولىمىزغا مېڭىپ كەتتۇق.

* * *

يولدىشىم كاماندىروپكىدىن قايتىپ كەلمىگەچكە، بۈگۈنكى مېھماننى ئۆزۈم كۈتۈۋېلىشقا توغرا كەلدى. مېھمان بارى - يوق ئىككىلا كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى بىزگە يېقىن ئارىلىشىدى-غان ئابلىمىت ئىدى، يەنە بىرسىنى تونۇمايتتىم.
تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن چاي ئىچكەچ توي - تۆكۈن توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدۇق.
— ئاڭلىساق، سىزمۇ قىزىڭىزنى ياتلىق قىلىشقا تەييارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشۋېتىپسىز، — دېدى ئابلىمىت.

— ھە، يېقىنلىقنى يەتكۈزەي دەپسىز - دە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — تەييارلىقىمىزمۇ پۈتۈپ قالدى.

— ئۇھۇي، ساندۇق، چامادان، يوتقان - كۆرپە، پەر ياستۇقلارنى تىزىۋېتىپسىز، تېخى گىلەممۇ بارمۇ، نېمە ؟ — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە بىر قۇر سەپسېلىپ.

— ھەئە، — دېدىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەر قۇدىمىز ئالىي ئىنژېنېر، ئايالى بىر دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى ئىمىش. بىز بولساق ئاددىي خىزمەتچى، چوڭ زىيالىيلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالمايلى دەپ ...

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس، — گېپىمنى بۆلدى ئابلىمىت ۋە يېنىدىكى كىشىگە قاراپ سول كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ:

— بىز ئاغىنىمىز كېرەمنىڭ ئوغلىغا ئەلچى بولۇپ سىزگە تەزىم بەرگىلى كەلدۇق، — دېدى، — كېرەم ياخشى كىشى، ئۇنىڭ ئارتۇقچە تەلىپى يوق ...

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، قىزىم ئۇلار توغرىسىدا كۆپ ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن كېرەملەر بىلەن ئۇچراشمىغان بولغاچقا، قۇدا بولۇشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. ئەلچىلەر بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە، كېرەم ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا جىمغۇر، بىر يەردە ئولتۇرۇۋالسا، قادىلىپ كەچكىچە مىدىرلىمايدىغان بىرنېمە ئىدى. مەن «شوخ ئادەمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدۇ، ياۋاش ئادەملەر يا ئۆزىنى، يا كىشىنى خۇش قىلالمايدۇ، بۇنداقلار جەمئىيەتكە يۈك» دەپ قارايتتىم. ئادەممۇ ئۆزگىرىدىكەن - ھە؟ كېرەمنىڭ بىراقلا ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ كەتكىنىنى ...

— گۈلسۈم، نېمانچە تۇرۇپ كېتىسىز، گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ كېرەملەر دېتىڭلارغا ياقمامتى يا؟ — ئابلىمىت خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى.

— تازا قوۋ ئەلچىلەر ئىكەنسىلەر، تەزىمگە كەلدۇق دېمەي مېنى راسا گەپكە ساپسىلەر، ھېلىقى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن تېنىۋالدىم، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي.

ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

مەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ بولاقنى ئاچتىم. بولاق ئىچە-دىن ئىككى مېتىر سارجا، پېچەتلەنگەن كوروپكىدىن بىرسى چىقتى. كوروپكىنى ئېچىپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭغا بىر قىزىل شارپا، بىر دانە ئاتكرىتكا قاچىلانغانىدى. «ئاھ ! ياشلىقىمنىڭ خاتىرىسى قىزىل شارپام، سەن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى ماڭا گۈزەللىك بېغىشلىغان ئەمەسمىدىڭ !؟» مەن ئۇنى ئېلىپ باغرىمغا باستىم، كۆزلىرىمگە سۈرتتۈم. ئۇنىڭ رەڭگى سەل ئۆ-ڭۈپتۇ، ياش داغلىرى ئۇيۇپ قاپتۇ. مەن شارپىنى چىڭ سىقىمە-لىغىنىمچە جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

بۇ ئۇزاق يىللار بۇرۇنقى ئىش ئىدى. بىر كۈنى مەكتەپ كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. ھەممىمىز شاد - خۇرام ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتۇق. مەنمۇ ئۇسسۇل ئويناۋا-تاتتىم، بىر ساۋاقدىشىم يېنىمغا كېلىپ «سىرتتا بىرسى چاقى-رىۋاتىدۇ» دېدى. بۇنداق چاغدا زالدىن زادىلا چىققۇم كەلمەيتتى. قانداق ئەخمەقتۇ ئۇ مېنى چاقىرغان، مەن خۇشياقمىغان ھالدا توپتىن ئايرىلدىم. سىرتتا كېرەم تۇراتتى. ئۇنىڭ قولاقچا، شى-رىما چاپانلىرىنىڭ قاردا ئاپپاق بولۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا بۇ يەردە تۇرغىنىغا خېلى بولغان بولسا كېرەك.

— سىز چاقىرغانمىدىڭىز؟ — سورىدىم مەن قوپاللىق بىلەن.

— ھەئە.

— نېمە دەيتتىڭىز؟

— ...

كېرەم دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇنىڭ گەپلىرى تېرىق نېنىدەك زادىلا قولاشمايتتى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان چاغدا بۇنداق سۈكۈتتە تۇرۇشقا مەندە نەدىمۇ تاقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتاپ
www.uyghurkitap.com

بولسۇن ! ئارقامغا ئۆرۈلۈپ زالغا قاراپ چاپتىم ـ دە، ئۇنىڭ مې-
نى چاقىرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرساممۇ، قارىماي كىرىپ
كەتتىم. كۆڭۈللۈك كېچە تۈگەپ ياتاققا كىرگەندە شارپامنىڭ
يىتىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بىراق، قەيەردە چۈشۈپ قالغان-
لىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىسەممۇ كېرەمنى غايىۋانىسىگە راسا
قارغىدىم.

ئوقۇشۇم تۈگىدى، ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئايرىلىشقا قىيماي-
غان هالدا يىغلاپ خوشلىشىۋاتقان چېغىمدا ئۇنىڭ ئارقىمدا ماڭا
مۆلدۈرلەپ تۇرغىنىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىر جۈپ ئويچان كۆز چا-
ناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ خوشلى-
شاي دەپ ئويلىدىم، لېكىن قانداقتۇر بىر جاھىل كۈچ يول قويى-
مىغاچقا، ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، كېتىپ قالغانىدىم.

مەن شارپىنى شىرە ئۈستىدە قويۇپ، ئاتكىرىتكىنى قولۇمغا
ئالدىم. ئاتكىرىتكىدىكى سۈرەتتە بىر قىز بالا قېيىقتا ئولتۇرۇپ
دەريا ئېقىنىنى بويلاپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا كېتىۋاتاتتى. قىر-
غاقتا بىر يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆزى تېشىلگۈدەك تەلمۈ-
رۈپ قارىماقتا ئىدى.

ئاتكىرىتكىنىڭ يەنە بىر يۈزىگە «قىز ـــ قىپقىزىل گۈلگە
ئوخشايدۇ. ئۇ گۈل سېنىڭ بولسا پۇرساڭ، چېكەڭگە قىسساڭ ـ
هە؟ كاشكى، گۈلگە تەلپۈنگۈچىنىڭ كۆڭلى شۇ قىزغا ئايان بول-
سا .. » دەپ يېزىلغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ ئاتكىرىتكىنى
كېرەم ماڭا ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدە ـــ يېڭى يىل هارپىسىدا
تەقدىم قىلغانىدى. مەن ئۇنى قايتۇرۇۋەتكەنىدىم.

ئاتكىرىتكا بىلەن بىللە بىر پارچە خەتمۇ بار ئىدى. خەت
ئۈستىدىكى ياش داغلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«... قىممەتلىك گۈلسۈم، ـــ دېيىلگەنىدى خەتتە، ـــ سىزنى
رەنجىتكىنىم، بىزار قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، هېلىقى
كېچىسى شارپىڭىز چۈشۈپ قالدى، چاقىرسام ئاڭلىماي كىرىپ
كەتتىڭىز، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىشكە زادىلا كۆزۈم قىيمىدى.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنى تەۋەررۇك ئورنىدا ساقلاپ كەلدىم، ئۇ ياستۇق قېپىمنىڭ ئىچىدە ــ مېنىڭ بەختسىز ياشلىقىمغا، سىزنى سېغىنىپ ئاقتۇرغان كۆز ياشلىرىمغا گۇۋاھچى بولۇپ ساقلاندى. ئۇ ئەڭ بەختلىك كۈنلەردىمۇ، بوران - چاپقۇنلۇق ئېغىر پاجىئەگە گىرىپتار بولغان كۈنلەردىمۇ، كالا - قوي قوتانلىرىدىمۇ ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ ئاتەشتەك قىزىللىقى مېنىڭ سۇنغان كۆڭلۈمگە ئۈمىد بېغىشلىدى.

ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتتى، ئەمدى بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بىر - بىرىمىزنى تونۇغان قىلىپ چاتتى. سىز ياخشى كۆرىدىغان شارپىدىن بىرنى قىزىڭىزغا تەقدىم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدىكى شارپىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە قايتۇردۇم. ئۆز ۋاقتىدا سىزگە ئاتاپ تەييارلىغان، ئەمما قولىڭىزغا بېرىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاتكىرىتكىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتىم. كۆرۈپ بولۇپ كۆيدۈرۈۋېتەرسىز، چۈنكى ئەمدى ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مەن ھازىر ئايالىم ۋە ئىككى بالام بىلەن بەختلىك ياشاۋاتىمەن. ياخشى قۇدىلاردىن بولۇشقا تىلەكداشمەن.

ساۋاقدىشىڭىز: كېرەم»

كېرەم بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئىچىمدە كۈلگۈم كەلدى. مەن شارپىنى خۇددى قىز ۋاقتىمدىكىدەك بوينۇمغا سېلىپ ئەينەككە قارىدىم. ئاندىن ئۇنى تويماستىن ئۇزاق پۇرىدىم. ئۇنىڭدىن ياشلىقنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلەتتى.

مۇھەممەت پولات

# ئالتۇن چىش

ئاخىرقى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپ، بۆلۈمدە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى چەكتى. بەرەر ئوقۇغۇچى ئىش بىلەن كەلگەن بولسا، دەپ ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا بوغداي ئۆڭ، قاراقاش، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرساممۇ، كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن، ئەلتېرە قولاقچىلىق مۇنۇ كىشىنى ئۇچراتمىغانىدىم ... سورۇشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، مەن مېھمان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىمدىن كېيىن ئۇنى بۆلۈمگە تەكلىپ قىلدىم.

— سىز ...

ئۇ مېنىڭ تونۇمىغانلىقىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئالدىراپ سۆزۈمنى بۆلدى:

— ھە، مەن سىزنىڭ كونا ئوقۇغۇچىڭىز ئۆمەر، — دېدى ئۇ، — ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ بىر چاغلاردا مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم. سىز بىزگە خۇش خەت بىلەن ھېسابتىن دەرس بېرەتتىڭىز. مانا مەن ئەمدى سىزنى يوقلاپ كەلدىم.

مېنىڭ ئويلىرىم گويا بىردىنلا قاناتلاندى - دە، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى كىچىككىنە بىر خاتىرىگە بېرىپ توختىدى. گومىنداڭنىڭ قانلىق ئىستىبداتلىقى تازىمۇ كۈچەيگەن چاغلار ئىدى. مەن شەھىرىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىسىدە ئو-

قۇتقۇچىلىق قىلاتتىم. مېنىڭ قولۇمدا قانچىلىغان بالىلار ئوقۇ-
دى ! بولۇپمۇ مەن شوخ، تېتىكلىكى، زېرەك ۋە ئەقىللىقلىكى
بىلەن باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆمەر ئىسمە-
لىك كىچىككىنە بالىنى تېخىچە ئۇنتۇغىنىم يوق ! ئانا تەربىيە-
سىنى ئاز كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئا-
ئىلىدە ئۆسكەن بۇ بالا ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشقاق، كىشىنىڭ
ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە ساغلام ئىدى. سوغۇقتىن يەر
يېرىلىۋاتقان يېقىمسىز قىش كۈنلىرىمۇ ئۆمەر مەكتەپتە ھەممە-
دىن بۇرۇن پەيدا بولاتتى ـ دە، تۇمشۇقىدىن پايتىمىسى چىقىپ
تۇرغان قوپال بەتىنكىسىنى تاراقلاتقىنىچە، مېنى خەۋەرلەندۇرۇپ
قويۇش ئۈچۈن بۆلۈمگە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ ھېچ نەرسىگە تې-
گىشمەيدىغان قىممەتلىك ئىككى نەرسىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ
بىرسى قۇيمىچىلىق كارخانىسىدا ئۇستا بولۇپ ئىشلەيدىغان
خۇش چاقچاق دادىسى، يەنە بىرسى بولسا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان
كىچىككىنە بىر تال ئۇدۇل چىشى ئىدى. ئۆمەر تېخى ئون ياش-
قىمۇ تولمىغان چېغىدا، ئۇنىڭ ئەنە شۇ چىشىغا قۇرت چۈشۈپ،
كەمتۈك قىلىپ قويغان، ئوغلىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرى-
دىغان ئاتا ئۆزىنىڭ ئېشىنغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ-
لەپ، ئۆمەرنىڭ بۇ چىشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ قويغانىدى.
شۇڭا، ئۆمەر بۇ چىشىنى شۇنچىلىك قەدىرلەيتتىكى، ھەتتا مەك-
تەپتىن قايتىپ كېلىپ بىر ھېجىر ئىلمان سۇ بىلەن يەۋالىدى-
غان بىر پارچە قاتتىق زاغرىسىنى چايناۋېتىپمۇ «ئۈپراپ قالغان
بولمىسۇن يەنە» دەپ ئاشۇ كىچىككىنە مېتال پارچىسىنى ئاستا
سىلاپ كۆرەتتى ...

مەكتىپىمىزدە 2 ـ مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئەمدىلا باشلىنىپ،
دەرسلەر تازىمۇ قىزغىن ئۆتۈلۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە، ئۆ-
مەر ئۆزىچىلا مەكتەپكە كەلمەي قويدى. بالىلاردىن سوراپ كۆر-
دۇم. ھېچكىم ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. مەن
ئۇنى ئاغرىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆيىگە باردىم. تاملىرى قىڭغايغان كىچىككىنە ھويلىغا كىرىشىم بىلەنلا قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ روي بەرگەنلىكىنى سەزدىم. ئۆمەرلەرنىڭ توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ئۆيىنىڭ قو- پال ئىشىكى تاختاي بىلەن مىخلانغان بولۇپ، ئۈستىگە يوغان بىر پارچە ساقچى پېچىتى چاپلانغانىدى. قوشنىلاردىن سوراپ كۆردۈم. مەلۇم بولدىكى، ئۇزاقتىن بۇيان گۇمان ئاستىدا يۈرگەن بۇ قۇيمىچىنى بىر كۈنى ئىككى چېرىك كىرىپ باغلاپ كەتكەنىد- كەن. ئۆمەر بولسا شۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ چىقىپ كەتكىنىچە، تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. شۇ- نىڭدىن بۇيان مانا ئون تۆت يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ۋاقىت ئى- چىدە مەن ئۆمەرنىڭ ھەتتا بىرەر خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىغىنىم يوق ئىدى. ئەمدى مۇنۇ يىگىت ئۆزىنى «ئۆمەر» دەپ تونۇشتۇرۇۋاتى- دۇ. ئادەمدە يېڭىلىشىشلار بولىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ياشانغان ئو- قۇتقۇچىلاردا شەكلەن پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بەكمۇ ئاز بولى- دۇ. لېكىن، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ئەيىبىمگە قارىماي، ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ئۆمەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. نېمىشقا دېسىڭىز، مۇبادا ئۆمەر تىرىكلا بولىدىغان بولسا، دادى- سىنىڭ يادنامىسى، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتى!

— ئەجەبا سىزنىڭ چۈشلىرىڭىز ...

— ھە، ھېلىقى ئالتۇن چىشنى دەمسىز، — سۆھبەتدىشىم يە- نە سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى، — سىز بۇنى تېخىچە ئۇنتۇماپسىز - دە! — بۇ ئاللىقاچان يوقالغان!

— قانداق قىلىپ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

— بۇ بىر ئۇزاق بولغان گەپ، — دېدى سۆھبەتدىشىم ئې- غىر بىر تىنىۋېلىپ، — ئەگەر بۇ ئىش راستلا سىزنى قىزىق- تۇرسا، مەيلى، مەن ئېيتىپ بېرەي.

سۆھبەتدىشىم ۋەزمىنلىك بىلەن ھېكايىسىنى باشلىدى. مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئەلەم تامغى- سىنى بېسىپ كەتكەن زۇلمەتلىك دۇنيانىڭ قاراڭغۇ بىر بۇرجى-

كى ئاستا ـ ئاستا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى ...

* * *

كونىلارنىڭ «يېتىم ئوغۇل كۇل ئوغۇل» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. كىچىككىنە ئۆمەر قەدىردان ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قاۋاقخانىدا دومىلاپ يۈرگەن بوش بوتۇلكىلاردەك ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ، بىر ئامال بىلەن ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدى.

دەسلەپكى چاغلاردا ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ئۇ خېلىلا ئۇرۇنۇپ كۆردى. كارۋان سارىيىغا بېرىپ ياشانغان يولۇچىلارنىڭ خۇرجۇن ـ قاچىلىرىنى كۆتۈردى. كېيىنچە بىر كۈندە ئىككى قېتىم بېرىلىدىغان تاماق قالدۇقلىرىنىڭ يىغىندىسى ئۈچۈن چوڭ بىر ئاشپۇزۇلدا سۇ توشۇغۇچى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن ئۆمەر بۇ يەردىنمۇ قوغلاندى. بىچارە بالا ئاچ قورساق، يېرىم يالىڭاچ هالدا قانچە قېتىملاپ كوچىلاردا ئۇخلاپ قالدى. قارا سىر بېرىلگەن هەيۋەت دەرۋازىلار ئالدىدىن قانچە قېتىملاپ قوغلاندى. لېكىن، بۇرۇنقى قورساق غېمى بولسا يەنىلا ئۆز پېتىچە قالدى. مانا بۈگۈن «خاسىيەتلىك» جۈمە ! ئۆمەر بولسا ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىغا چۆمگەن ئاۋات بىر كوچا بويلاپ ئاستا كېلىۋاتىدۇ. مانا ئۇ نېمىنىدۇر بىرنېمە توغرىسىدا قىزغىن تالىشىۋاتقان بىر توپ ئادەملەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، يولنىڭ چېتىگە باردى. ئەتراپىغا ۋەهىمە ئارىلاش قاراپ چىققاندىن كېيىن، ماي ئارىلاش كىردىن پارقىرىغان ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى تىزىغا قىستۇرغىنىچە ئاستا يۈكۈندى. ئۇنىڭ كونا بۆلغارى بەتىنكىسى ئاللىقاچان يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قانداقتۇر بىر مايتۇق باشماق كىيىۋالغانىدى. بالىلىق شوخلۇقى بىلەن پارقىراپ تۇرىدىغان يوغان قارا كۆزلىرى بولسا دۆڭ قاپاقلىرى ئاستىدا ئاران ـ ئارانلا مۆلدۈرلەيتتى ... نان ! يېتىملەر دۇئاسىغا تەشنا بولۇپ يۈرگەن بىرەر رەهىمدىل كىشى ئەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ناندىن ئازراق ئىرغىتىۋەتسىچۇ، ئۆمەر پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ
ئۇنى چايناشقا باشلىسا! بىراق، ئۆمەر جامائەت جۇمەدىن تارقاپ
بولغۇچە كۈتۈپمۇ، ئۇنداق رەھىمدىل كىشىدىن بىرەرسىنىمۇ تا-
پالمىدى. ئۇ مەيۈسلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھالسىز ئا-
ياغلىرىنى ئاستا باسقىنىچە يولنىڭ ئىككىنچى چېتىگە ئۆتۈۋال-
دى. نېمىدېگەن ئاۋات بازار ـ ھە؟! مانا تۈۋرۈكلىرىگە قىزىل
سىر بېرىلگەن، مۇنۇ يوغان ئاشپۇزۇلنى قاراڭ! نېمىدېگەن ئازا-
دە ۋە يورۇق! ئۆمەر بۇرنىغا ئۇرۇلغان لەززەتلىك پۇراقتىن مەست
بولۇپ ئىشىككە يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى. تامغا يۆلەپ قويۇلغان
كىچىككىنە جوزىدا بوبرۇك پەلتو كىيگەن سالاپەتلىك بىر كىشى
ھۇزۇر قىلىپ سامسا يەۋاتاتتى. ئۆمەرنىڭ قورسىقى غولدۇرلاپ
بېشى ئايلىناتتى. كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قۇرۇغان تامىقى يەم
سېغىنغان چۇجىدەك چاكىلدايتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆت-
كەندىن كېيىن ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كۆيگەن
كىچىككىنە سامسا پارچىسىنى تەخسىدە قالدۇرۇپ، ئاشپۇزۇلدىن
چىقىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر بۇرۇنراق مۇشۇ يەرگە كەل-
مىگىنى ئۈچۈن ئېچىندى. ئۇ ئاشپۇزۇلغا كىردى ۋە كىرلەشكەن
قولىنى تەخسىگە سوزۇشى بىلەن تەڭلا كىمدۇر بىرسىنىڭ غە-
زەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ ھەي، هارامزادە، ــ ئۆمەرنىڭ يەڭگىل تېنى بەدىنىدىن
ماي پۇراپ تۇرغان يوغان غوجايىنىنىڭ يۇڭلۇق قولىدا ئېسىلىپ
قالدى، ــ ساڭا ئوغرىلىق قىلىشنى كىم ئۆگەتتى ـ ھە؟!

ــ قورسىقىم ئاچ! ــ بۇنداق ئىشقا ئۆمرىدە بىرىنچى قې-
تىم جۈرئەت قىلىۋاتقان ئۆمەر باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى.

ئۇنى ھازىرلا چايناپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك ھۈرپىيىپ تۇرغان
غوجايىن ئۆمەرنىڭ ئۇمچەيگەن ئاغزىدا پارقىراۋاتقان ئالتۇن
چىشىنى كۆرۈپ قېلىپ، بىردىنلا يۇمشاپ قالدى:

ــ نېمە، سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ يوقمۇ؟!

ــ يوق، ئاپام ئۆلۈپ كەتكەن، ئاتام ھەپسىدە، ــ ئۆمەر

بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

«ماۋۇ ئامەتنى قاراڭ، — دەپ ئويلىدى غوجايىن، — شۇنچە ئالتۇن ئۈچۈن پەقەت بەشلا سامسا ـ ھە !»

— يىغلىما، ئۇكا، — غوجايىن ياسىما مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى، — ھېچ نەرسە بولمايدۇ. مانا مېنىڭمۇ ئاتا ـ ئانام يوق، سەنمۇ بىرنېمە قىلىپ چوڭ بولۇپ قالىسەن.

غوجايىن ئۆمەرنى ئىچكىرىكى ئۆيگە يېتىلەپ كىردى ۋە بىر تەخسە سامسا ئاچىقىپ ئۇستەلگە قويغاندىن كېيىن، ئاستا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مانا قارا، مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، قانداق، خۇشال بولامسەن ؟

— مېنىڭ پۇلۇم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۆمەر مەيۇس بىر ئاھاڭ بىلەن.

— مەيلى، پۇلنىڭ كېرىكى يوق. سەن ماڭا مۇنۇ نەرسەڭنى بەرسەڭلا بولىدى، — غوجايىن ئۆمەرنىڭ ئاغزىدا ۋالىلداۋاتقان كىچىككىنە بىر تال ئالتۇن چىشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ كۆرسەتتى، — بىلەمسەن، ئادەمنىڭ ئاغزىدا بۇنداق سېرىق نەرسە تۇرسىچۇ، دائىم قورساق ئاچىدىغان بولىدۇ.

بىچارە ئۆمەر ئۆز ئاغزىدا تۇرغان بۇ كىچىككىنە مېتال پارچىسىنىڭ بۇنچىلىك سامسىغا يارايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن ! ئۇ غوجايىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىيتقۇسىز دەرىجىدە خۇشاللىنىپ كەتتى.

— مەيلى، — دېدى ئۇ تەخسىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىنتىلىپ.

— ياق، ئاۋۋال ئۇنى چىقارغىن، — غوجايىن تەخسىنى بىر چەتكىرەك سۈرۈپ قويدى، — ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسىنى بىر يولىلا يەيسەن.

بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىللار بۇرۇن قاپلانغان بۇ چىش ئۆمەر بىلەن بىللە ئۆسۈپ، مۇسكۇل بىلەن قوشۇلۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ندى. ئۆمەر بارماقلىرىنى ئېغىزىغا تىقىپ ھەرقانچە كۆچەپ تار-تىپ باقسىمۇ ئەسلا بوشاشمىدى.

— چىقمايدىكەن، — دېدى ئۆمەر ئۈمىدسىزلىك بىلەن يۈ-زىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ياق، چىقىدۇ، قېنى مۇنۇ بەكە بىلەن قايرىپ كۆرگىنە ؟ !

ئۆمەر بەكىنىڭ دات باسقان ئۇچىنى چىشىنىڭ ئاستىغا بىر ئاماللاپ تىقتى: ۋايىيەي، نېمىدېگەن ئازاب !

ئۆمەرنىڭ قوللىرى بوشاشتى، شۇ پەيتتە غوجايىن:

— سەن بىلمەيدىكەنسەن، مانا مۇنداق قىلسا ئاسانلا چىقى-دۇ، — دېدى ـ دە، بەكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆمەرنىڭ چىشىنىڭ ئارىسىغا تىقتى. ئۆمەرنىڭ ھالسىز بەدىنى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. تاقەتسىزلەنگەن غوجايىن بەكىنى كۆچەپ قايرىغىنىدىن كېيىن، يىلتىزى بىلەن قوشۇلۇپ قومۇرۇلۇپ چىققان كىچىككىنە بىر تال چىش قاپقارا قان بىلەن بىللە جوزىغا ئېتىپ چۈشتى ... غوجايىن ئالتۇن چىشنى قول ياغلىقىغا ئوراپ يانچۇقىغا سې-لىۋاتقان چاغدا، ھاياتىدىكى ئەڭ قەدىرلىك نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆمەر نەم يەردە خىرقىراپ ياتاتتى.

*　　*　　*

مېنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ راستلا مېنىڭ دىلكەش ئوقۇغۇچۇم ئۆمەر ئىكەنلىكىگە ئەمدى تەلتۆكۈس ئىشەندىم.

ئۆمەرنى شۇ يىلى ئەتىيازدا دادىسىنىڭ قەشقەردە شوپۇر بو-لۇپ ئىشلەيدىغان بىر دوستى كوچىدا كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزى بى-لەن بىللە ئېلىپ كەتكەنىكەن. يوقسۇللارنىڭ بۇ دەردمەن يۇرتى شەرق قۇياشىنىڭ ھاياتبەخش نۇرلىرى بىلەن يورۇپ ھەممە نەر-سە يېڭىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆمەر شۇ يەردە ئېچىلغان دارىلئېتام مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان مانا ئون ئۈچ يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىزنىڭ ئۆمەر بولسا تولۇق ئوت-

تۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇپ، بۇ يىل ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئۆز يۇرتىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەنىكەن !

ئۆمەر بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ئىككى سائەتتەك داۋام قىلدى. ئۇ قايتار ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ يېڭى خىزمەت — يېڭى قەدىمىگە ئۇتۇق تىلەپ، تا مەكتەپ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ باردىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەسلە ۋە ئۇنتۇما

ئىككىمىز ئۆز ۋاقتىدا ئالىي مەكتەپتە ئاشىق - مەشۇقلاردىن ئىدۇق. بىر - بىرىمىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتۇق. ئىككىمىز پاراڭغا چۈشتۇقمۇ، بولدى، گېپىمىز تۈگىمەيتتى. بىر - بىرىمىزنى بىردەم كۆرمىسەك تۇرالمايتتۇق. كېيىن ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكىمۇ چىقتۇق. تويىنىمۇ قىلدۇق. بىر- بىرىمىزنى سېغىنىپ ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرايتتۇق. مۇڭدىشىپ زادىلا قانمايتتۇق، قاتتىق - يىرىك گەپلەر بىزگە يات ئىدى. تۇرمۇشىمىز سېرىقتال ئۆتسىمۇ، كەيپىمىز چاغ، كۆڭلىمىز خۇش ئىدى. خوتۇنۇم ھېسابقا قېرىق ئىدى. مائاشىنى ئەكېلىپلا ماڭا تاشلاپ بېرەتتى، ئۇنى پۇل خەجلەشكە زادىلا كۆندۈرەلمەيتتىم.

يىللار ئىز قوغلىشىپ ئۆتتۈۋەردى، سىنىپىي تەركىبىم يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چەت ئەلدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بولغاچقا، ھەربىر ھەرىكەتنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى بىزنى يوقلىماي ئۆتمىدى. ھەربىر ھەرىكەتتە ماڭا يېڭى بىر قالپاق كىيدۈرۈلەتتى، يېزىغا ھەيدەلدىم، تۈرمىدىمۇ ياتتىم، مەن نەگە ھەيدەلسەم خوتۇنۇممۇ ماڭا تەقدىرداش بولۇپ شۇ يەرگە بېرىپ، مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنى مېنىڭدىن چەك - چېگرا ئايرىشقا قىستاپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئىككى تال چىشىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەندىمۇ، ئۇ مەندىن يىراقلاشمىدى. ماڭا بولغان مۇھەببىتى سوۋۇمىدىلا ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيدى ...

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە! ھەش ـ پەش دېگۈچە يېشىمىز ئەللىكتىن ئاشتى، قىرىلىق بىزگە يېپىشىشقا باشلىدى. ئائىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئويلىسام تېنىم شۈركۈنىدۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئائىلىدىكى ئېجىل ـ ئىناقلىق تۈگىگەن، ھە دېسىلا بىر ـ بىرىمىزگە زەھىرىمىزنى سانجىيمىز. قاتتىق زاكونلىشىپ كۆزلىرىمىز چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدۇ، ھەتتا بەزىدە ئائىلىنى تەرك ئېتىشكە ئازلا قالىمىز، ھەر ئىككىلىمىز ئۆيدە تۇرغۇمىز كەلمەي ئىشخانىمىزغا چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايمىز ... مۇشۇلارنى ئويلىسىملا بىرسى خۇددى ئىچ ـ باغرىمنى پىچاق بىلەن قوچۇۋەتكەندەك قاتتىق ئازابلىنىمەن. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە مەڭگۈلۈك بولمايدىكەن، دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئۆز ۋاقتىدا بىر ـ بىرىنى بىردەم كۆرمىسە تۇرالمايدىغان سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىر جان ئەمەسمۇ، سېنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ، دېيىشىدىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇگۈنكى كۈندە بىر ـ بىرىنى كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ كېتىدىغاندۇ؟ تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە توۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قالىمەن. بەزىدە ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان ئائىلىنى كىممۇ ئويلاپ تاپقاندۇ، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە باغلانماي ياشىسا قانداق ياخشى بولاتتى، دەپمۇ ئويلاپ كېتىمەن، چۈنكى ھازىر ئۆيگە كىرسەملا تۇتۇرۇقسىز جاڭجال مېنى كۈتۇپ تۇرىدۇ. ئۆيگە كىرمەي دېسەڭ ئادەت كۈچى يامان، خەق ئۆسەك سۆز تارقىتىدۇ، ئويلاپ ـ ئويلاپ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتەلمىدىم. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، نېمە ئىلاجىم بار؟ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن خۇددى بىرسى ئارقىمدىن تارتىۋاتقاندەك ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كىرىدىغان گەپ. ھال ـ كۈنىمىزغۇ ياخشى. نېمە قىلىمەن دېسەك قىلالايمىز. قولىمىزنى نەگە سۇنساق يېتىدۇ. بىراق، ئۆيدىن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەيدۇ. بۇنداق ئۆيدە تاماق ئېتىشكە كىمنىڭمۇ قولى بارسۇن؟ بەزىدە چاشقاندەك قۇرۇق نان غاجىلايدىغان گەپ. بۇرۇن

ھېسابات بىلەن خۇشى يوق خوتۇن ئەمدى قىلنى قىرىق يېرىپ زىغىرلايدۇ، مائاشىم چىققان ھامان پاك - پاكىز سىيرىۋالىدۇ. ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، كىيمەيدۇ، ماڭىمۇ خەجلەتكۈزمەيدۇ. بىر - بىرىمىزدىن كۆڭلىمىز نازۇك، قورقۇپ ئۆينى دۈملىۋەتكەندەك، بىرىمىز بىر بۇلۇڭنى ماكان قىلىپ ئولتۇرىمىز. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئارىمىزدىكى جاڭجالنىڭ كۆپىنچىسى ئوغلىمىز ئۈستىدە بولىدۇ. ھېلىمۇ بىر بالا بولۇپ قالغىنى. ئەگەر بىرنەچچە بالىمىز بولغان بولسا... ئۇنى پەرەز قىلىش كېچىسى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەكلا ئىش، بالىغۇ بىزگە چوڭ پېشكەللىك تېپىپ بەرگىنى يوق، گېپىمىزگە كىرمەيدۇ شۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىمىزلا ئۇنىڭغا: بىز سېنى نى - نى جاپالارنى تارتىپ چوڭ قىلدۇق، ئاشۇ قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ، بىر ئېغىز گېپىمىزنى يېسەڭ نېمە بولاتتى - ھە ! دەپ ئەيىبلەيمىز. ئەر - ئايال ئىككىمىزنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگۈچە بىر يەردىن چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەر ئىككىمىز ئۇنى ئۆزىمىز خالىغان كوچىغا تارتىمىز. ئەڭ ئاۋۋال خوتۇنۇم كۆز يېشى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاق سۈت بېرىپ باققىنىنى پەش قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ: «جېنىم ئوغلۇم، سەن مېنىڭ بىر تاللا گۆھىرىم، ھەرگىز ئاتاڭنى دورىما، جاھىل بولما، ئۇ مۇشۇ جاھىللىقى بىلەن بۈگۈنگىچە يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ئادەمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدۇ... مېنىڭ گېپىمنىمۇ بىرەر قېتىم تىڭشىساڭ، مەنمۇ سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كەتمەسمىدىم. ئۇنداق قىلمىغىن، بالام، بۇ يىل يىگىرمە سەككىزگە كىرىپ قالدىڭ، ئاللىقاچان ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ. ساۋاقداش، دوست - بۇرادەرلىرىڭ ھازىر ئىككى - ئۈچ بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قالدى... ھازىر مەنمۇ قېرىدىم، رېماتىزم بەلگە چىقتى، پۇتلىرىم سوغۇقنى كۆرسىلا تاياقتەك قېتىپ قالىدۇ... بۇ دۇنيالىقتا بىرلا قېرىندىشىم ـــ ئاكام بار. ئۇنى سەن ئوبدان بىلىسەن، ئاكامنىڭ قى-

زىنى كېلىن قىلىۋالسام مېنىڭمۇ پۇت ـ قولۇم بوشىمامتى؟ ئا-
كامنىڭ قىزى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەن، چىراي دېسە چىرا-
يى بار، ئۆي ئىشىغا شۇنداق پۇختا، ئەگەر ئۇ بۇ ئۆيگە كىرسە
بىر بالام ئىككى بولامدۇ؟ يېزىلىق بولسا گۇناھمىكەن، شەھەر-
گە ئەكەلسەكلا شەھەرلىك بولىدۇ. نى ـ نى پايتىمىسىنى سۆرەپ
چىققانلارنىڭ ھالىنى ھازىر بەش ئات تارتالمايدىغان بولۇپ كەت-
تى. ئۇمۇ تۆت كۈندىلا شەھەرلىكلەردىن قېلىشمايدىغان بولۇپ
كېتىدۇ...»

ئايالىم بالىغا دائىم تاماق ئۈستىدە كاسىلدايدۇ، ئوغلۇم ئۇ-
نىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇن چىقماستىن تامىقىنى يەپ
بولۇپلا ھۇجرىسىغا ماڭىدۇ، شۇ چاغدا مەن ئۇنى ماڭدۇرماي ئول-
تۇرغۇزۇۋالىمەن، ئوغلۇمنىڭ ئولتۇرۇشقا رايى بولمىسىمۇ، بوي-
نىنى باغلىغاندەك زورمۇزور ئولتۇرىدۇ.

ــ قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك قىستاۋېرەمسەن، ــ
دەيمەن خوتۇنغا تەگكۈزۈپ، ــ ئارامخۇدا تامىقىنىمۇ يېگۈزمە-
دىڭ، ماڭا قارا، ئوغلۇم، خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى
قىسقا، دېگەن گەپ بار، ئاپاڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى تازا بى-
لىپ كېتەلمەيدۇ، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يەنىلا يوگۇر ـ
يېتىم ئىشىقا مېڭىپ يۈرىمەن، ئىدارە باشلىقىمىز مېنى ئۆس-
تۈرىدىغانلىق توغرىسىدا بېشارەت بەرگىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بو-
لۇپ قالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قىزىنى بىزگە سايە قىلغان،
ئەگەر سەن ماقۇل بولغان بولساڭ بۇ چاغقىچە بالىلىقمۇ بولۇپ
قالاتتىڭ، مەنمۇ مۇنداق يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ،
بىرەر ئەمەلنىڭ بېشىنى تۇتقان بولاتتىم... ھەي، كېلىن قىلسا
شۇنداق قىزنى قىلسا بولىدۇ. تىرناقتا توختىغۇدەك قىز دېگىنە،
ئەمما سەن شۇ چاغدىلا ياخشى قىلمىدىڭ. قىز تېلېفوندا «قاچان
كۆرۈشىمىز» دېسە، خۇدا بۇيرۇغان كۈنى دەپسەن، مۇشۇ كۈندىمۇ
شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرەمسەن، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمما،
ئۇ قىز ھېلىمۇ ياتلىق بولمىدى. بىزنىڭ باشلىق تېخى قايسى

كۆنلا بۇ توغرۇلۇق ماڭا يەنە پۈرتتىپ گەپ قىلمىغاتتىدۇ، يېشىم-
غۇ ھازىر ئۆستۈرۈش يېشىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمما قۇداڭ كىم
دېسە، پالانى ئىدارىنىڭ باشلىقى پۇستانچى دېسەم ياخشى ئەمەس-
مۇ، ساڭىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ھەممە ئىشلىرىڭ ئوڭغا تارتىدۇ...
مېنىڭ گېپىمنى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خوتۇنۇم گېپىمنىڭ بىلىگە تەپتى:

— ئوھۇش، ئەمەل، ئابرۇيىنى دەپ كوچىدا قالغان بىرنېمە-
نى بالىغا ئېلىپ بەرمەكچىمۇ؟ ئالجىپسىز.

— ھە، خەقنىڭ قىزىغا يوق گۇناھنى ئارتىپ بالىنى سىز-
غان سىزىقىڭىغا كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ شەھەردە قىز ئاز-
مىدى، يېزىدىكى قىزنىڭ نوپۇسىنى، خىزمىتىنى كىم ھەل قى-
لىدۇ؟

— ئەجەب خەقنىڭ ئىشى دېسە ئىشتىنىڭىزنىڭ چۈشۈپ
قالغىنىغا قارىماي چاپىسىز. ئۆز پۇشتىڭىزدىن بولغان بالىنىڭ
ئىشىغا سىز ماڭماي كىم ماڭىدۇ؟ مەن دېگەن بالىنىڭ ئانىسى،
ئۇنىڭغا كىمنى ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ھوقۇقۇم. سىز ئۆز ئىشى-
ڭىز بىلەن بولماي نېمىدەپ بۇ ئىشقا چات كىرىۋالىسىز؟!

خوتۇنۇم ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. مەن ئۆزۈمگە ھاي
بېرىپ ئۇندىمىدىم. ئوغلۇم بۇنداق چاغلاردا ياتىقىغا كىرىپ بې-
كىنىۋالىدۇ ياكى نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. ئامال بولسىلا ئىك-
كىمىز يوق ۋاقىتلاردا ئۆيگە كىرىپ تامىقىنى يەۋېلىپلا چىقىپ
كېتىدۇ، بىز ئۇخلاپ كەتكەندىلا كىرىپ يېتىۋالىدۇ. گاھىدا بىر-
بىرىمىزگە بىلدۈرمەي ئۇنى ئايرىم تۇتۇۋېلىپ قولىقىنى بۇراپ،
گېپىمىزگە كۆندۈرۈشكە تىرىشىپ باقىمىز، ئەمما ئۇ تىلىنى
بىرسى كېسىۋالغاندەك ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇۋالىدۇ ياكى بې-
شىنى قېقىپ سىرتقا ماڭىدۇ. مەن ئۇنى بىزگە يۈز كېلەلمەي
يۈرەمدىغاندۇ ياكى ئىچ پەش تارتىپ يۈرگەن قىزى بارمىدۇ دېگەن-
لەرنى ئويلاپ بىئارام بولاتتىم.

بىر كۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بالىنىڭ توي ئىشى توغ-

رىسىدا يەنە دېيىشىپ قالدۇق. بۇ ئاخىر بېرىپ جېدەلگە ئايلاندى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمىدىمۇ ياكى مېنى قورقۇتۇپ گېپىگە كۆندۈرمەكچى بولدىمۇ، ئۇن نەچچە تال ئۇيقۇ دورىسىنى بىراقلا ئىچىۋالدى. ئارىدىن بىرئاز ئۆتۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، خامۇش ھالەتتە ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. مەن قورقىنىمدىن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇراتتىم. تەلىيىمگە بىر دوختۇر ئاغىنەم ئۆيگە كىرىپ قالدى. دوختۇرلۇق ئىلمىنىڭ قۇدرىتىنى شۇ يەردىن كۆردۇم، ئۇ سوغۇق سۇنى خوتۇنۇمنىڭ ئاغزىدىن چۆمۈچلەپ قۇيۇۋەردى. قورسىقى سۇغا توشقاندا قۇسقىلى تۇردى، يېگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى. دوختۇر ئىككىمىز كېچىچە ئۇخلىمىدۇق، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدۇق. ئۇ بىر ھەپتىگىچە تۈزۈك تاماق يېيەلمەي يۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز گەپ تەرگىشىپ قالايلا دېسەك جېدەلدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، غىپپىدە تالاغا چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم...

كېيىن مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك كىچىك رادىيونى يېنىمغا سېلىپ كوچا ئايلىنىدىغان بولدۇم. گاھىدا باغچىغا كىرىپ رادىيو ئاڭلىسام روھىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ، تېتىكلىشىپ قالاتتىم، ئاستا - ئاستا رادىيو مېنىڭ يېقىن دوستۇم بولۇپ قالدى. دۇنيادىكى ۋەئەتراپىمدىكى ھەر خىل يېڭىلىقلار مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ناخشا، مۇزىكا ئاڭلاش تېخىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بولدى. رادىيونىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغاندەكلا بولۇپ كېتىمەن، گاھىدا باغچىغا كىرىپمۇ تېرىكىپ قالىمەن، خالىيىراق يەردىكى بۇك - باراقسان ئورمانلىق، گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقلارنى جۈپ - جۈپ يىگىت - قىزلار ئىگىلەپ بولاتتى، قاچانلا كىرسەم ئۇلار مەندىن بۇرۇن كىرىپ ئورۇندۇقلارنى ئىگىلەپ بولۇشقان، يا بۇلار ئىشلىمەيدىغان، تاماق يېمەيدىغان، ئۇخلىمايدىغان ئادەملەرمىكىن دەپ قالىمەن، ماڭا تېگىدىغىنى ئۇچۇقچىلىقتىكى، يول بويىدىكى ئورۇندۇقلار، مەن يەنىلا بۇ ئو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رونىدۇقلارنىڭ تەگكىنىگە خوش.

مەن كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ ھېرىپ ـ ئېچىپ كې-لىشىمگە يەنىلا خوتۇنىنىڭ «شەپقەتتى»گە ئېرىشتىم، ئاغزى بې-سىلماي سۆزلىگىلى تۇردى. مەن جاۋاب يانىدۇرسامىلا ئىش ئۇلغى-يىپ كېتەتتى. بۇ «جەڭ»دىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ بۇرۇنقىدەكلا كوچىغا چىقىپ باغچىغا كىردىم ـ دە، بوش ئورۇندىن بىرىنى تې-پىپ ئولتۇردۇم.

ماڭا سەپەر ھاردۇقى يەتكەن چېغى، رادىيو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىركەمدە ئويغىنىپ كۆزۈمنى ئاچسام تۇن تەڭ بولۇپ قاپتۇ. ھاياتلىق يەنىلا شېرىن لەززەت كۈيىنى كۈيلە-ۋېتىپتۇ. شۇنچە كۆپ ئورۇندۇقلار ئازلىق قىلغاندەك، مېنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت مېتىر نېرىدىكى قارىغاينىڭ تۈۋىدە چىملىقتا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت قاراڭغۇلۇقنى پەردە قىلىپ مۇڭدىشىۋېتىپ-تۇ، ئۇلار خۇددى جاھاندا ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم يوقتەك بىر ـ بىرىگە چىڭ چىرمىشىپ كەتكەندى. بۇلار مەندىن قىلچىمۇ ھې-يىقماي، مېنى ئۇخلاۋاتقانغا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرى بىلگەن قى-لىقلارنى قىلغىلى تۇرسا بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ، بولدى ئەمدى ئۇلارنىڭ بەتقىلىقلىرىنى كۆرگۈم يوق، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەي ... مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم، مۇشۇ تاپتا ئورنۇمدىن تۇ-رۇپ كەتسەم ئۇ ئىككىسى ھەي قېرى، مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن كې-چىدە ياشلارنىڭ ئارقىسىدىن پايلاپ، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئوغرى-لىقچە ئاڭلاشتىن نومۇس قىلمامسەن؟ ئەخلاقسىز! دەپ ماڭا ھور-پىيىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ مەن ئۈچۈن سەت ئەمەسمۇ؟ بۇ كېچىدە ئۆزۈمنى ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرۈپ بولىمەن، بوپتۇ، خوتۇنىنىڭ كېچىدە نەگە بارىدىڭ، دېگەن سورىقىغا قالساممۇ مەيلى، قاراپ تۇرۇپ ئۇششاق بالىلاردىن دەشنەم يېگۈچە قولىقىمنى يوپۇرۇپ يېتىۋېرەي. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئورۇندۇقتا جىممىدە ياتتىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. توۋا، بىزمۇ ياش ۋاقتىمىزدا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىشقان بولغىيدۇق ـ ھە !

ئۇلار نېمىدېگەن بەختلىك، بىر - بىرىگە نېمىدېگەن مېھرىبان... ئادەم قېرىسا راستلا مىجەزى قوداڭشىپ قالامدىغاندۇ... ئەگەر تۇرۇپ كەتسەم ھېچ بولمىدى دېگەندە ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ياكى ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ قويغۇدەكمەن... ھېچكىم قىلمايدىغان ئىشمۇ ئەمەسقۇ بۇ. مەنمۇ ياش چېغىمدا كېچە - كېچىلەرنى ئا-شۇ ھازازۇل خوتۇنۇم بىلەن پىچىرلاپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ چاغدا ئۇ ھەرگىز ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى، كۆڭلۈمنى بەك ئايايتتى، شۇنداق رايىش، مۇلايىم ئىدى، ئەمدى ھازىرچۇ؟ بەس ئەمدى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلەپ نېمە قىلاي ...

— كېتەيلى دەمسىز؟ نېمانداق ئالدىرايسىز؟

— سىزنى ئاياپ ... بەك كەچ قالساق ئاپىڭىز ...

— ئاپام مېنىڭ ئامرىقىم بارلىقىنى، ئۇ مېنى كۆزىنىڭ قا-رىچۇقىدەك ئاسرايدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

— ئاتا - ئانىڭىز بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قارىمىدىڭ، دەپ سىزدىن رەنجىمەمدۇ؟

— ياقەي، ئاپام مېنىڭدىن نېمىلەرنى سورىغىنىنى سىزگە دەپ بېرەيمۇ؟ مەن ئۇ كۈنى خاپا بولۇپ ئولتۇراتتىم، ئاپام يې-نىمغا كېلىپ تاتلىق گەپلەر بىلەن مېنى ئەركىلەتتى، ئاندىن «جېنىم قىزىم، مەن سېنىڭدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى. مەن نېمە بوپتىمەن، مېنىڭدىن گۇمان قې-لىۋاتامسەن دەپ ئاپامغا دوق قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— قىزىم، نېمىگە تېرىكىسەن؟ سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، بۇ ئىش ھەرقانداق قىزنىڭ بېشىدا بار، ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋەزى-پىسى پەرزەنتلىرىنى توغرا يولغا باشلاش، باللارنىڭ ئۆز كۆڭ-لىدىكىنى ئاتا - ئانىسىغا دېيىشى نومۇس قىلىدىغان ئىش ئە-مەس، بىرسى بىلەن گەپلىشىپ قويغان بولساڭمۇ مەيلى ...

— «ئاپا، راستلا خاپا بولمامسەن؟» بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. ئاپام ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ كۆلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. «مېنىڭ بىلىپ قالغىنىم ساڭا پايدىلىق» دېدى ئاپام مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ. مەن ئاپامنىڭ ئالدىدا خىجىل بولساممۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى دەپ بەردىم، ئاپام ئاتا ـ ئانىڭىزنىمۇ ئوبدان تونۇيدىكەن. ئۇلار ھالال ئادەملەر، جامائەتچىلىك ئىچىدە ئىناۋىتى بار، بوپتۇ، بالام، ياخشى خەقلەر بىزگە قۇدا بولغۇدەك، يىگىتنىمۇ كۆرمىدىم، ھەركىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، گۈل كۆرۈنەر كۆزىگە، دەپتىكەن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، قىزىم! دېدى. سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قارشى ئەمەستۇ؟

يىگىتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ يۇلتۇزلار جىمىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئاسمانغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ، جىمجىت ئولتۇراتتى. قىزنىڭ سوئالى جاۋابسىز قالدى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چېغىدا ياخشى باھا بېرىۋاتسا، ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدە نېمىشقا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى زادى كىمدۇ؟ ياكى ئۇلار شۇنچىۋالا ئوسال خەقمىدۇ؟

— ئەجەب جىم بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ مەندىن زېرىكتىڭىزمۇ يا؟ — دېدى قىز بىرپەستىن كېيىن.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس... سىز مېنىڭ ئاتا ـ ئانامنى تىلغا ئالماڭ! — يىگىت ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، سۆزلىرى ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ چىقاتتى، ئۇ ئېغىر تىندى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى.

— نېمە بولدىڭىز؟ نېمىشقا ئاتا ـ ئانىڭىزنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدىكەن؟

— مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارمۇ مېنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. ئەمما مەن توغرۇلۇقلا جېدەللىشىدۇ، بېشىمنى ئاغرىتىدۇ.

— ھە، ئەمدى بىلدىم. سىز شۇڭا ئۆيىڭىزدە ئولتۇرمايدىكەنسىز ـ دە، ئۆتكەن كۈنى پويىز ئىستانسىسىدا ...

ھوي، بۇ يىگىتنىڭ ئاۋازى ئەجەب ئوغلۇمنىڭ ئاۋازىغا

ئوخشايدىكىنە، ياق شۇ... بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بۇگۇن تىياتىر-غا كەتكەن تۇرسا، بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۇخلاپمۇ كەتكەندۇ...

— سىز مېنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — يىگىت گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك چۆچۈپ كەتتى، — يېزىدىكى تاغامنىڭ قىزىنى ئۇزى-تىپ قويغىلى چىققان.

— شۇنداقمۇ، ئۇ بەك چىرايلىق قىز ئىكەن.

— بىز بالىلىق چاغلىرىمىزدىن تارتىپلا ناھايىتى ئىجىل ئىدۇق. مەن يېزىدا تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوينىتات-تىم، كېيىن ئۇ چوڭ بولدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ ئا-لىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندە مېنىڭمۇ كۆڭلۇم يېرىم بولدى، ئۇنى قايتا ئىمتىھان بېرىشكە رىغبەتلەندۈردۈم، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئاكا - سىڭىللىق مۇناسىۋەت. ئاپام بىلەن تاغام-نىڭ باشقىچە ئويى بار ئوخشايدۇ.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزگە بىر نەرسە دېيەلمىگەن بىلەن ئىچىمدە ھەسەت قىلغانىدىم، ئەگەر ئەھۋالنى ئۇققان بول-سام، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە ئۇزىتىپ قويغان بولاتتىم.

— مېنى ئەگىپ يۈرگەن يەنە بىر قىز بار، ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق.

— سىز قالتىس ئامەتلىك ئىكەنسىزغۇ؟

— بۇ قانداق ئامەت بولسۇن؟ ئۇ قىزنىڭ مىجەزى ماشا زادىلا ياقمايدۇ، باشلىقنىڭ قىزىمەن دەپ غادىيىپلا يۈرىدۇ. تو-لىمۇ ياسانچۇق، ئۇ گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا چۈشەنمەي-دۇ، تۇرمۇشنىمۇ خىيالىي دۇنيادەك تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. گەپ-سۆزى، قىلىقلىرىمۇ شۇنداق ياسالما. راستىنى ئېيتسام، ئۇنى كۆرسەملا ئەرۋاھىم ئۇچىدۇ.

— جېنىم سادىق، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، مەڭگۈ ئىشى-نىمەن!

سادىق؟ توۋا، بۇ مېنىڭ ئوغلۇمغۇ؟ ئاللا بۇ نېمە كارامەت. ئاھ، خۇدا، مۇشۇ تاپتا پېشانەمگە قانداق قىسمەتنى پۈتكەنلىكىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى بىلەمسەن؟ سەن ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا مېنى قىمىر قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئاجىز بىر قۇرتقا ئايلاندۇرۇپ قويدۇڭغۇ، مۇشۇ تاپتا مەن بىر تىرىك مېيىت، بۇ ... بۇ قانداق بولۇپ كەتكىنى؟ ئاشۇ قىز مېنىڭ بولغۇسى كېلىنىم ئىكەن ـ دە ! ئەمدى بۇ يەردىن قانداقمۇ مىدىرلاشقا بولسۇن. بۇ نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك ـ ھە!؟

شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇمغا سوغۇق ئېقىم تاراپ شۈركۈنۈپ كەتتىم. يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەشكە باشلىدى، پۇت ـ قوللىرىم تارتىشىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپلا قالدىم، مەيلى نېمە ئىش بولسا بولسۇن، پەقەت ئاۋاز چىقمىسىلا، ئۇلار تويۇپ قالمىسىلا بولدى، خوتۇنۇمنىڭ تىل ـ ئاھانىتى ئازلىق قىلغاندەك، ئەمدى ئوغلۇمنىڭ ئالدىدا ئىزا ـ نومۇسقا قالايمۇ ...

— ئالدىمىزدىكى يەكشەنبىدە سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارايلى، سادىق، ئاتا ـ ئانىڭىز مېنى تېخى كۆرۈپ باقمىدىغۇ.

— قانداق بولار، ئۇلار ئىككىمىزنىڭ يۈرۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز. ئەگەر توغرا چۈشەنمەي قالسا ...

— ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش يۈرۈپ سىنىشىپ توي قىلغان بولغىيدى ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كادىر تۇرسا، ھازىرچۇ، ئۆتمۈشتىن قالغان قېرىلارمۇ توغرا چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى.

— بۇ... بۇ... — سادىق دۇدۇقلاپ قالدى.

قورقما، ئوغلۇم، ئۆيگە ئاپىرىۋەر، دېمەكچىدىم، ئەمما دېيەلمىدىم. ئوغلۇمغا ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنى يۈرگەن قىزىنىڭ ئالدىدا دۇدۇقلاتقان، كېكەچلەتكەن بىز ئەمەسمۇ... يۈرىكىم ئېچىشقاندەك، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ، ئازابتىن ئىگرىۋېتىشقا تاسلا قالدىم. ئىككى كۆزۈمدىن سىرغىغان ياش قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختاپ قالدى... ياشلىق چاغلىرىمىز ئېسىمگە كەلدى... تېخى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگەرىلا مۇشۇ ياشلاردەك باغچىلاردا مۆكۈشىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەن چاغلىرىمىز بولغان، ئۇ چاغلاردا ھېچكىممۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا

ئارىلىشىۋالمىغان، بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە بەختلىك ھېس قىلات-
تۇق، شۇنچە ئەركىن ئىدۇق... ھازىرچۇ، قېرىدۇق، ئۇزۇن مۇسا-
پىنى بېسىپ چارچىدۇق، ئەمما ئۆتمۇشىمىزنى، ياشلىقىمىزنى
نېمانچە ئاسان ئۇنتۇلۇپ كەتكەندىمىز، قانداقلارچە شەخسىيەت-
چىلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ بۇنداق چاكىنا بولۇپ قالغاندىمىز،
ئوغلىمىزنىڭ بېشىغا ھەربىرىمىز بىردىن نوختىنى سېلىپ ئۆ-
زىمىز خالىغان تەرەپكە تارتىپ، سۆرەپ، ئۇنى قىيناپ يۈرگىنى-
مىزچۇ تېخى، بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزغا كۆيۈنگەنلىكىمىز ئىكەن،
توۋا، نەدىمۇ مۇشۇنداق مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش بولسۇن. ئاھ،
ئوغلۇم، سەن نېمىدېگەن غەيرەتلىك، چىدامىلىق. بىزنىڭ كۆڭ-
لىمىزنى ئاياپ، كۈنلەرنى ئازابلىق سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈۋې-
تىپسەن، سېنىڭ ئىرادەڭ مېنى ئويغاتتى، پەزىلىتىڭ ماڭا يول
كۆرسەتتى، ئاپاڭمۇ ئاخىر سېنى چۈشىنىدۇ. ھەقىقىي مېھرىبان-
لىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدۇ. ئاھ، ئوغلۇم، بىزنى كەچۈرگىن!
ھەي، خوتۇن، ئوغلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشلىقىمىزنى ئەسلە
ۋە ئۇنتۇما!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۆمىننىڭ مومىغا چىقىشى

بەقەسەم تون كىيگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى ئاقپىشما ئادەم كۆك سىرلانغان كەڭ دەرۋازىدىن ئاق بوز ئاتنى يورغىلىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مەكتەپ سەيناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تىزگىننى يەڭگىل تارتتى. ئات توختاپ، سوزۇپ - سوزۇپ ئىككى قېتىم كىشنىدى - دە، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى چاپچىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىنى سۇپۇرۇۋاتقان ياشقىنا قارا خىزمەتچى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىننى قولىغا ئالدى ۋە ئېگىلىپ سالام قىلدى:

— تىنچ - ئامان كەپلا، شياۋجاڭ.

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىلىك ئېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى.

— خوش، بۈگۈن نېمە بولدى؟ مەكتەپ چۆلدەرەپ قاپتىغۇ؟

— مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلىنىڭ «تۆگە دۆڭ»دىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى.

مۇدىرنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى، سېمىز قوللىرى بىلەن شاپ بۇرۇتىنى ئىككى يانغا تاراپ قويدى. خىزمەتچى ئالا يوللۇق بەلبېغىغا قىستۇرۇلغان كىچىككىنە مىس چىلىم بىلەن قىزىل پۆپۈكلۈك تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. تاماكىنى ئۇۋۇلاپ سەيخانىغا تولدۇرۇپ قويدى

ۋە ئۇنى چوغلاپ مۇدىرغا تۇتتى، ئۆزى بولسا ئاتنى سوۋۇتۇشقا تۇتۇندى. مۇدىر تۇرغان يېرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، خىزمەتچىنىڭ ئاتنى سوۋۇتۇشىغا نەزەر سالغاچ، چىلىمنى خو-رۇلدىتىپ چېكىشكە باشلىدى. خىزمەتچى ئاتنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىلىمنى ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ بەردى ـ دە، تو-يۇقسىز سورىدى:

— تەرتىپ مۇدىرىچۇ؟

— ئادەم ئۇقۇشقىلى كەتتى.

— ئادەم ئۇقۇشقىلى؟ ئادەم ئۇقۇشۇپ نېمە ئىش قىلماقچى-كەن؟

خىزمەتچىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتتى ـ دە، دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— بايراقنىڭ تانىسى غالتەكتىن چىقىپ كەتكەنىكەن، — دېدى ئۇ ئېڭىكى بىلەن مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مو-ما ياغاچنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ مومىغا چىقىپ، تانىنى غال-تەككە يۆگىيەلەيدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەتىگەنلا چىقىپ كەتكەنىدى.

— هە؟!

مۇدىر بېشىغا كالتەك تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغا-نىدى، مومىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلىپ تۇرغان گومىنداڭ بايرى-قىنى كۆردى.

ھەر كۈنلۈكى يىگىرمە غۇلاچلىق مومىنىڭ ئۇچىدا ھەيۋەت بىلەن لەپىلدەپ تۇرىدىغان بايراق ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى ئالىپا-ساق ئۇتلىنىپ قورۇلۇپ قالغان تېرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرى-كى بىردىنلا پىژژىدە ئېچىشتى ـ دە، يۈزى پوكاندەك ئېسىلىپ، سېمىز گۆشلىرى لىپ ـ لىپ تىترەپ، بۇرۇتى لىكىلداپ كەت-تى. قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ بايراقتىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ، ئارقىسىدا قول

باغلاپ تۇرغان خىزمەتچىسىدىن سورىدى:
— نەچچە كۈن بولدى؟
— تۈنۈگۈن شۇنداق بولغانىدى.
مۇدىر خۇددى بىر كىشى ئۇنى چۆرگۈلىتىۋەتكەندەك پىرىر-دە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. دىر - دىر تىترەپ تۇرغان خىزمەتچىگە چەكچىيىپ ئالايدى - دە، يوتىسىغا پاققىدە بىرنى شاپىلاقلاپ، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. خىزمەتچىمۇ مىس چىلىمنى دەرھال چوغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئىشخانىغا كىردى ۋە قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئىككى قوللاپ چىلىمنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى.
مۇدىر چىلىمنى قاتتىق - قاتتىق بىر - ئىككىنى شورىدى - دە، ۋارقىرىدى:
— ئاتقا مىنىپ تېز ماڭ! بېرىپ تەرتىپ مۇدىرىنى تېپىپ كەل!
— خوپ.
خىزمەتچى چىقىپ كەتتى. مۇدىر قوللىرىنى ئارقىسىغا تۇ-تۇپ، ئىشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭغىلى تۇردى. ئارىدىن چاي قاينىمى ۋاقىت ئۆتكەندە تەرتىپ مۇدىرى كىرىپ كەلدى - دە، پۇتلىرىنى جۈپلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى:
— خوش نۇسرەت ئەپەندى، — مەكتەپ مۇدىرى قاپىقىنى تۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — مەن ئۇيۇشمىغا يىغىنغا كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى؟
— بىر ھەپتە بولدى.
— ئۇنداق بولسا بىر ھەپتىدىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدى-ڭىز؟
— كۆرسەتمىلىرى بويىچە، بىرىنچىدىن، بەگلىكىمىز تە-ۋەسىدىكى بارلىق پىرقە ئەزالىرىنى يىغىپ، جاھاننىڭ دۆڭ - چوڭقۇرلىرىنى تىڭتىڭلاشتىن دوكلات ئالدىم. ئۇلار ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دوكلات قىلىشتى؛ ئىككىنچىدىن، يىگىرمە ئائىلىگە بىردىن پىرقە ئەزاسىنى نازارەتكە قويساق، يەنە

تۆت پىرقە ئەزاسى كەملەيدىكەن. بىز نىشانلىغان ئونبىشلارغا ئانكىتنى توشتۇرۇپ بەرسەممۇ، ئۇلار قول قويۇشنى كېيىنگە سۇرۇۋاتىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنى تاپالمىدىم. يەنە ئون ئانكىتقا تېخى ئادەم يوق.

— خوش، ئۇنداق بولسا ئەتە ئەتىگەنگىچە مۇشۇ كەم تۆت ئادەمنى قەتئىي تولدۇرۇش كېرەك! ئەتە مۇشۇ ئىشلارنى تەكشۈرگىلى داڭبۇدىن ئادەم كەلمەكچى. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، تېخى بايراقنىمۇ چىقىرالماپسىلەر، ئادەم ئۇقۇشتۇقمۇ؟ قېنى ئۇ ئادەم؟

— ئۇقۇشتۇم، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ قالدى.

— قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ؟

— ئون ئۈچ ياشلىق بىر كىچىك بالا.

— كىچىك بالا؟ كىچىك بالا يىگىرمە غۇلاچلىق مومىغا قانداق چىقالايدۇ؟!

— چوڭ ئادەم ئەسلا چىقالمايدۇ، موما ياغاچ ئىنچىكە، چىققاندىمۇ، يېرىمىغا چىقىپ بولغۇچە سۇنۇپ كېتىدۇ، — تەرتىپ مۇدىرى دۇدۇقلىدى، — نا... ناۋا... دا چىقالمىسا، مومىنى، ئۆ... ئۆ... رۇپ قايتا تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ.

— قاپاقباش! — مۇدىر پاققىدە شىرەگە مۇشتلىدى - دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىگىز قولىنى تەرتىپ مۇدىرىنىڭ بۇرنىغا تەڭلىدى، — ئەتە داڭبۇدىن تەكشۈرگىلى ئادەم كېلىدۇ دەۋاتسام، يەنە مومىنى ئۆرۈپ قايتا تىكلەيلى دەۋاتىسەن، نېمىدېگەن دۆتلۈك بۇ! ھەرقايسىڭدەك سۆرەلمىلەر بىلەن مومىنىڭ سۆپىسىنى چۈۋۈپ مومىنى قايتا تىكلەپ بولغۇچە بىر ھەپتە ئۆتمەمدۇ!؟ تېخى كۆمۈلگەن بېشى سېسىپ كەتكەن بولسىچۇ؟! غەرەزىڭ ئاللىبۇرۇنلا ماڭا مەلۇم، مېنىڭ ئىشىمغا توپا سالماقچى، ئىناۋىتىمنى تۆكمەكچى!

تەرتىپ مۇدىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن چىققان تەر كۆزلىرىگە چىپىلداپ ئېقىپ كىرىپ، ئېچىشتۇرۇۋەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، سۇرتۇۋېتىشكە جۇرئەت قىلالماي كۆزىنى چىمىلدىتاتتى.

— كەچۈرسىلە، شياۋجاڭ، مەن خاتا سۆزلەپ سالدىم.

— ھىم! خاتا سۆزلەپ سالغانمىش! سېنىڭ كاللاڭدا شۇنداق ئوي بار. قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەيلى. مومىغا قانداق بولسۇن بىرسىنى چىقىرىش كېرەك! زۆرۈر تېپىلغاندا بىرەر ئادەمنىڭ خۇنىدىن كەچسەكمۇ مەيلى! ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— ئۇ بالا مومىغا چىقالامدىكەن؟

— چىقالايدىغاندەك قىلىدۇ، ئۆزىمۇ «قەتئىي چىقالايمەن» دەپ ھۆددە قىلدى. لېكىن، ئۇ ھارامزادە بىزگە بىر شەرت قو-يۇۋاتىدۇ. يالغاندىن ماقۇل بولۇپ گوللاپ ئەكەلدىم.

— شەرت؟! قانداق شەرت ئىكەن ئۇ؟

— دادىسىنى قاماقتىن قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويىدى.

— دادىسى كىم ئىكەن؟ نېمىشقا قامىلىپتىكەن؟ — سە-گەكلىشىپ سورىدى مۆدىر.

— سوپاخۇن باينىڭ ئۆيىدە نىمكار بولۇپ ئىشلەيدىغان بەشتۈگمەنلىك كۆنچى ئىكەن. بۇ يەرگە كەلگىلى بىر يىل بوپ-تىكەن. «بىر چەملىك كالا تېرىسىنى ئوغرىلىۋالدى» دەپ چۈيى-گۇڭسۇ[1] غا قاماپ قويغىلى بىر ئاي بوپتۇ. شاڭجاڭ[2] بەشتۈگ-مەندىن تىڭلاپ يېقىندا مەلۇمات ئاپتۇ. ئەسلىدە ئىلىلىق ئوغ-رىلارغا قوشۇلۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇرۇش قىلغان قىزىل پا-چاق ئىكەن. بىتىم[3]دىن كېيىن قېچىپ يۈرۈپتىكەن. ئۇنى ئەتە ناھىيە يامۇلىغا كىرگۈزۈپ بېرىدىكەن.

---

① چۈيگۇڭسۇ — رايونلۇق مەھكىمە.

② شاڭجاڭ — يېزا باشلىقى.

③ بىتىم — 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۈرۈمچىدە ئىمزالانغان 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىتىمگە ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيەسى شىمالىي يۆنىلىشتە ماناس دەرياسىدا توختايدىغان، جەنۇبىي يۆنىلىشتە ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدىغان بولغان.

— مۇنداق دەڭ تېخى. تۆت كۈنلۈك يەردىن قېچىپ كېلىپ بۇرنىمىزنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇۋالغىنىنى، بېشىمىزغا چاڭگىا تىزسىمۇ ئۇقماپتۇق.

— ھە ! ئېيتماقچى، ئۇنىڭ بالىسىغا نېمە دەپ ۋەدە بەردىڭ؟

— داداڭنى بوشىتىپ بېرىمىز، دەپ.

— ئوبدان دەپسەن، ئىشنى كېچىكتۈرمەي تېزرەك ھەرىكەت قىل ! مەن بىر رايوننىڭ پىرقە شۇجىسى، سەن بولساڭ بىر ھەيئەت. ھەر ئىككىمىز «قىچقارسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار» ئادەملەر، قېرىشقاندەك بىز تۇرغان مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقى چىقىرىلماي مومىنىڭ يېرىمىدا ئەسكى پالاستەك ساڭگىلاپ تۇرسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ ؟ ! بۇ بايراق پىرقىمىزنىڭ جېنى، بۇنىڭسىز پىرقىمىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ! يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ بايراق چىقىرىلماي مۇشۇنداق سالپىيىپ تۇرىۋەرسە، كاللىمىزغا سەگەك بولساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ بايراقنى جېنىمىزنى تىكىپ قوغدىشىمىز كېرەك. مەن ئۇلۇغ گومىنداڭ پىرقىمىزنى قىزىل پاچاقلاردىن قوغدايمەن دەپ تېخى تۈنۈگۈنكى يىغىندا يەنە بىر قېتىم قەسەمياد قىلدىم.

مۇدىر ئالدىرىماي، خۇددى قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك، چوڭ قە-دەم بىلەن ئۇياندىن - بۇيانغا بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ تەرتىپ مۇدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تاققىدە توختىدى - دە، ئىشخانىدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-لىدى:

— ئۇ بالىنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولغىنىڭ بوپتۇ. مۇنداق ئا-دەمنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرسەكمۇ بولىدۇ، بۈگۈنكى مۇشۇ بايراق چىقىرىش يولىدا نەزىر قىلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ ... ئايھاي !... بۇ پىرقىمىز ئۈچۈن نېمىدېگەن ئالىي ساداقەت ... تىلىمىز تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ، — ئۇ نۇسرەتنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى تېخىمۇ يې-قىنلاشتۇرۇپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، ئۆز پىلانىنى ئۇقتۇردى.

www.uyghurkitap.com

— خوش، سەن چىقىپ ئۇ بالىنى كىرگۈزۈۋەت، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەھۋالنى شاڭجاڭغا مەلۇم قىلىپ قوي.

ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك - تامباللىرى يىرتىلىپ، ئالـيېشىل ياماقلار چۈشكەن، ئاق دوپپىسى ئۆڭۈپ قىزغۇچ توپا رەڭگىدە بولۇپ قالغان، كۆزلىرى چوڭقۇر، ئورۇق، ئېگىزگىنە بالا بوسۇغىدا كۆرۈندى. مۇدىر لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، كېلە - كېلە، يىگىت، ئولتۇر.

بالا ئولتۇرمىدى، مۇدىرغا تىكىلىپ قاراپ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرىۋەردى. مۇدىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، قولىدىن بوشقىنا تارتىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. يۇزگە يالغاندىن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بالىغا بىر ئاق ناننى تۇتقۇزدى. «يە، ئوغلۇم» دېدى ئۇ تۇمشۇقىدا ئىملاپ ناننى كۆرسىتىپ، بالا ناننى چوڭ - چوڭ چىشلەپ يەۋاتقاندا، مۇدىر ئۇنىڭ پۇتىغا كۆز تاشلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ دۈمبىلىرى يېرىلىپ، ئاقبالداقتەك ئېتىلىپ كەتكەنىدى. مۇدىر كۆيۈنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ تاپانلىرىغا قارىدى، تىكەن، شوخا كىرىپ، شور پېتىپ قېتىپ كەتكەن تاپانلىرى بەئەينى تۇكچە سالغاندەك تۆشۈك ئىدى. قىرىۋالغۇدەك گۆشى يوق قوللىرى بولسا تارىشىدەك قاتتىق ئىدى. مۇدىر ئۆز ئىچىدە «مومىغا چىقالايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلدى. گويا ئۆزىنى بالىغا ئېچىنغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ باش لىڭشىتىپ.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مۆمىن.

— داداڭنىڭ ئېتىچۇ؟

— مۇسا.

— ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىسەن ؟ خەت بىلەمسەن ؟

— سوپاخۇن باينىڭ قوي - كاللىرىنى باقىمەن. خەت بىلمەيمەن.

— نەچچە كالا باقىسەن ؟
— يىگىرمە.
— يىگىرمە ؟ هەي ... كىچىككىنە بالىغىمۇ شۇنچە جىق كالا باقتۇرامدۇ ! تۇزۇكرەك كىيىم - كېچەكمۇ بەرمەپتۇ. هەي بىچارە، پۇتلىرىڭ يېرىلىپ ئاختامىلىقنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ساڭا بەك ئۇۋال بوپتۇ. بۇنداق ئىنسابسىزلارنىڭ جا- جىسىنى بېرىش كېرەك !

ئۇ كارىۋاتنىڭ تېگىدىن نىمكەش بولغان تاسمىلىق بىر جۈپ كەشنى ئېلىپ بالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— مە، مۇنۇ كەش پۇتۇڭغا چوڭ كەلسىمۇ، كىيىۋالغىن.

بالا كەشكە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپلا قويىدى - دە، سال- ماقلىق بىلەن سورىدى:

— بايراقنى چىقىرىپ بەرسەم، دادامنى قويۇپ بېرەمسىلەر ؟

— قويۇپ بېرىمىز، خۇش بولامسەن ؟ ئاتا - بالا ئىككىڭلار يەنە بىللە بولىسىلەر.

— راستما ؟

— راست بولمايچۇ، ئاللا ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرىمەن، — مۇدىرنىڭ مەككار كۆزلىرى بالىغا تىكىلدى.

— ئۇنداق بولسا تىلخەت بەرسىلە.

— مۇنداق دېگىن، تىلخەت يېزىپ بېرىش تەسمىدى، مانا قاراپ تۇر.

مۇدىر قولىغا قەغەز - قەلەم ئالدى - دە، شىتىرلىتىپ خەت يېزىشقا باشلىدى:

«تىلخەت

مەنكى چاقا ئۈستەڭ مەھەللىسىدىكى سوپاخۇن باينىڭ نىم- كىرى مۇسا كۆنچىنىڭ ئوغلى مۆمىن شۇ توغرىسىدا هۆججەت بېرىمەنكى، مەكتەپتىكى پىرقە بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىش ئۇچۇن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن جېنىمنى پىدا قىلىپ كەلدىم. پىرقىمىزنىڭ بايرىقىنى چىقىرىش يولىدا كۆتۈلمىگەن

بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىسام، پىرقە ئۇچۇن شىھىت بولغايمەن، بۇ-نىڭغا ھېچ كىشىنىڭ دەۋا قىلىشىغا ھەققى يوقتۇر، دەپ تىلخەت بەرگۈچى:

مۆمىن مۇسا

شاھىتلار:

مەكتەپ مۇدىرى: ئوسمان ئەسھەدۇللا

تەرتىپ مۇدىرى: نۇسرەت ئەخمىدى

مىنگونىڭ 37 ــ يىلى 9 ــ ئاي.»

مۇدىر تىلخەتنى مۆمىنگە ئۇزارتتى. بالا بېشىنى چايقىدى:

ــ مەن خەت بىلمەيمەن. ئوقۇپ بەرسىلە.

ــ خوپ مەن ئوقۇپ بېرەي، ــ مۇدىر سەل ئويلانغاندىن كېيىن يۇقىرىقى خەتنى مۇنداق «ئوقۇش» قا باشلىدى:

«تىلخەت

مەنكى مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان ئەسھەدۇللا، شۇ توغرىسىدا تىلخەت بېرىمەنكى، سوپاخۇن باينىڭ يىلقىچىسى مۆمىن دېگەن بالا مەكتەپ بايرىقىنىڭ تانىسىنى غالتەككە ئېلىپ بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دادىسى مۇسانى قاماقتىن بوشىتىپ بېرىدىغان بولدۇق، دەپ تىلخەت بەرگۈچى ئوسمان ئەسھەدۇللا.»

ــ قانداق، بوپتىمۇ؟

ساددا مەسۇمنىڭ چىرايىغا شادلىق كۈلكىسى يامرىدى.

ــ بوپتۇ، ــ دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى باسالماي.

ــ بولغان بولسا، ئىككىمىز تەڭ قول قويايلى.

مۇدىر سۇرۇخنى بالىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە ئۇ-نىڭ بارمىقىنى تۇتۇپ ئىسمىنىڭ ئۇستىگە باستۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىسمىغا تۇجاڭزىسىنى باستى. بالا خەتنى قولىغا ئال-دى. ئۇ بۇنداق ئەگرى ــ بۈگرى خەتلەرنى تونۇمىسىمۇ، سىن-چىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىمىر ــ چىمىر بولۇپ، بۇ «ئىلمەك ــ توقماق» سىزىقلار ئارىسىدىن دادىسى قۇچىقىنى كەڭ

ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىۋاتقاندەك كۆرۈندى ـ دە، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ شاققىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇشال ھالدا موما سۇپىسىغا كەلدى ـ دە، پەلەمپەيلەردىن سەكرەپ ـ سەكرەپ سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە مۇدىرغا قاراپ دېدى:

— قېنى ئەمىسە، دادامنى كەلتۈرۈپ بەرسىلە.

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولغىن، بايراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن، داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز. — مۇدىر يېنىدا چىلىم تەڭلەپ تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى، — تەرتىپ مۇدىرىغا ئېيتقىن، دادىسىنى تېزدىن مۇشۇ يەرگە كەلتۈرسۇن! يەنە ئېيتىپ قوي، مەن ئېيتقان كۆرسەتمىگە دىققەت قىلسۇن!

خىزمەتچى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بالا خاتىرجەم بولدى ـ دە، مومىغا قارىدى. كۆك سىرلانغان يىگىرمە غۇلاچلىق بۇ موما ئىككى ئۇلاقلىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلىقى ئۈچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەنىدى. ئۇ مومىغا بىردەم كۆز تىكىپ تۇردى ـ دە، شىپپىدە ئولتۇرۇپ قوللىرىنى سۇپىنىڭ پىششىق خىشلىرىغا سۈركىدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇدىردىن يەنە سورىدى:

— دادام نېمىشقا ھازىرغىچە كەلمەيدۇ ؟

— سەن چىقىۋەر، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ.

موما مۆمىنىنىڭ قۇچىقىغا پاتمىدى، لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مومىنى پۇتلىرى بىلەن يۆگەپ چىرماق سېلىپ، قوللىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، مومىنى چۆرگۈلەپ يۇرۇپ يالمازتاقتاقتەك يامىشىشقا باشلىدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەتتە غۇلاچلىق تۆۋەنكى ئۇلاقنىڭ چەمبىرىگە چىقىۋالدى. مۇدىر تۆۋەندە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— يىگىت، غەيرەت قىل، ئاز قالدى !

مۆمىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى چەمبەرگە دەسسەپ بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى ـ دە، يەنە يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى. ئىككىنچى ئۇلاقتا يەنە ئىككى غۇلاچلا قالغانىدى، تۇيۇقسىزلا ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ پۇت ـ قوللىرى سىرقىراپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىدلىپ تىنالماي قالدى. ئاران دېگەندە ئىككىنچى ئۆلاقنىڭ تۆۋەنكى چەمبىرىگە چىقىۋالدى ـ دە، مومىغا مەھكەم چاپلاشتى. ئۇ سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ تۆۋەنگە قارىدى. دادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاغزىلىرىنى كاككۇكتەك ئېچىشىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مۇدىرنىڭ پۇرقىرىتىپ چىلىم چېكىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— شياۋجاڭ، دادام تېخىچە كەلمەپتىغۇ ؟

— كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. غەيرەت قىل، يىگىت ! دادىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتمىغان ئوغۇلنى ئوغۇل دەپ نېمە قىلىدۇ ؟! ئۇچىغا چىقساڭلا، داداڭنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ...

«مومىنىڭ ئۇچىغا چىقساملا، دادامنى قۇتۇلدۇرالايمەن» بۇ خىيال ئۇنىڭغا يېڭى كۈچ بېغىشلىغاندەك بولدى.

ئۇ يەنە مومىغا يامىشىشقا باشلىدى. يۇقىرىلىغانسېرى موما ئىنچىكىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا بىمالال پاتقۇدەك بولدى. لېكىن، ئىرغاڭلىشى كۈچىيىپ تېخىمۇ سىلىقلاشتى. شۇنچە كۈچىسىمۇ چىرماقلىرى تۇتماي، بىرنەچچە قېتىم تۆۋەنگە سىيرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى. ئۇ ھاسىراپ، دېمى تۇتۇلۇپ تىنالماي قالغاندا، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى مومىغا چىڭ تاقاپ، بوينى بىلەن قىسىپ تۇرۇپ، سەل توختايتتى ـ دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالاتتى. مۇشۇ مومىدەك ئېگىز بولغان قاپاق تېرەكلەرگە چىقىپ قاغا چاڭگىلىرىنى چۇۋۇشلىرى، ئانىلىرى قاناتلىرى بىلەن شاپاللاپ تۇرسىمۇ، قورقماي كۆكىنەك بالىلىرىنى ئېلىپ چۈشۈشلىرى ... غىل ـ پاللا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتتى. تېرەكلەرگە چىقىش بۇ مومىغا چىقىشقا ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ. بۇ موما ئېگىز ھەم بەك سىلىق ...

ئۇ تەر كىرىپ، ئېچىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مومىغا سۈركىدى. «مەيلى قانداقلا بولسۇن چىقىش كېرەك. مومىغا چىقساملا دادامنىڭ قۇتۇلغىنى شۇ. دادا ! ... دادا !...» ئۇ ھەر قېتىم «دادا !»

دېگەندە، دادىسى ئۇنى يۆلەپ يۇقىرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەت-
تى ـ دە، كىچىكە كېلىپ قالغاندەك يەنە بىر قېتىم يۇقىرىغا
ئۆرلەيتتى. ئۇ يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى موما خۇددى قارا بوران
سوققان زىلىۋا سۆۋادان تېرەكتەك ئىرغاڭلايتتى. تۆۋەندىن مو-
دىرنىڭ «غەيرەت قىل! تېز بول! ئاز قالدى! داداڭنى قۇتقۇز!»
دەپ ۋارقىراشلىرىنى جامائەتنىڭ «ئۆزۈڭگە پەخەس بول، سىل-
كىنمە!» دېگەن چۇقانلىرى بېسىپ چۈشتى. مۆمىن يەنە
ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئەنە! يەنە ئۈچ غۇلاچ...
ئىككى غۇلاچ... بىر غۇلاچ موما ئىرغاڭلايتتى... سۇنۇپ كەتسە...
ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ...

مانا... ئۇنىڭ قولى موما تۆشۈكىدىن ئىككى تەرەپكە بىر
غېرىچ چىقىپ تۇرغان غالتەكنىڭ ئوقىغا تەگدى ـ دە، ئۇنى چىڭ
تۇتۇۋالدى. ئۇ ئوڭ قولتۇقىغا ئوق بىلەن مومىنى چىڭ قىسىپ
تۇرۇپ، ئوقنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى چىڭ تۇتتى. سول قولى بى-
لەن تانىنى تارتىپ، پۇتىغا ئۇزەڭگە قىلىپ دەسسەپ سەل دېمىنى
ئالدى. ئۇ غالتەككە قارىدى، تانا غالتەكنىڭ ئېرىقچىسىدىن چى-
قىپ كېتىپ، ئوقتا يۆگىشىپ قالغانىكەن. بىر قولى بىلەن تانى-
نى سىلكىپ تارتىپ، غالتەكنى ئارقىسىغا ياندۇردى. موما ھە دەپ
لەپەڭشىپ، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ تۇرسىمۇ، تانىنى غالتەكنىڭ
ئېرىقچىسىغا سالدى. شۇندىلا ئۇ ئەتراپىغا قارىدى: «ۋاي ـ ۋۇي،
نېمىدېگەن ئېگىز! جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدى-
كەن. ئەنە كۈنپېتىش تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن تاغ بىزنىڭ
بەشتۈگمەنگە پەقەت بىر كۈنلۈكلا كېلىدۇ. جاھان ئەجەبمۇ چوڭ
ئىكەن. شۇنچە چوڭ جاھان بىزگە نېمانچە تار؟ ھەي! كۈن ئال-
ماقنىڭ تەسلىكى! بىر چارەك قوناقنى بېرىشنى تەس كۆرۈپ
دادامنى ئوغرى تۇتۇپ، سولىتىپ قويدى تېخى! ياق! بىردەممۇ
ھاڭۋېقىپ تۇرماسلىق كېرەك، دادامنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك! ئۇ
تۆۋەنگە قاراپ توۋلىدى:

— شياۋجاڭ، بايراقنى چىقىرىسىلا!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇدىر تانىنىڭ بىر قېتىنى تارتتى. بايراق كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ـ دە، ئۇ تانىنى سىيرىپ تارتىشقا باشلىدى. بايراق مومىنىڭ ئۇچىغا چىقتى ـ دە، بايراقنىڭ كالتىكى تاققىدە غالتەككە تاقاشتى. مۇدىر خۇشاللىقىدىن توۋلىۋەتتى:

— بىزنىڭ بايراق يەنە مومىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ لەپىلدىدى! بىزنىڭ بايراق ئاسماندا پەرۋاز قىلدى! يىگىت، سەل تەخىر قىلىغىن! يەنە بىر قېتىم سىناپ باقاي!

دەل شۇ چاغدا ئۇچ ئادەم يۇتىغا كىشەن سېلىنغان، يۈز ـ كۆزلىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئورۇق ـ ۋىجىككىنە، كەكە ساقال بىر بوۋاينى ئالدىغا سېلىپ مەيدانغا ئېلىپ كەلدى. بوۋاي توپلىنىپ تۇرغان جامائەتكە ئېڭىشىپ سالام قىلدى ـ دە، يوغان كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكىپ مۇدىرغا قادالدى. مۇدىر بىر قەدەم ئارقىغا داجىدى. كىشىلەر مومىنىڭ ئۇچىدىن كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. بوۋايمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مومىنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئوغلىنى كۆردى ـ دە، چۆچۈپ ۋارقىرىدى:

— مۆمىنجان، نېمىشقا مومىغا چىقىۋالدىڭ؟

مۆمىن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەسكە قارىدى، ئۇنى كۆرۈپ خۇشاللىقتا جاۋاب بەردى:

— دادا! سېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايراقنى چىقىرىپ بەردىم.

بوۋاي ئەھۋالنى ناھايىتى تېزلا چۈشەندى، ئۇ بالىسىنىڭ مومىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىدى:

— توختا! چۈشمە!

مۆمىن بۇ چاغدا سىيرىلىپ ئۇستۇنكى ئۇلاققا چۈشۈپ بولغانىدى. ئۇ چۆچۈپ چەمبەرگە دەسسىۋالدى، مومىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دادىسىغا قارىدى. بوۋاي يەنە ۋارقىرىدى:

— ئوغلۇم! ئاناڭنى ئۆلتۈرۈشكەندە، سەن كۆرگەنىكەنسەن، ئۇنى نېمىدەپ ئۆلتۈرگەن؟

— قىزىل پاچاق ئېرىڭنى تېپىپ بەر، دەپ.
— قانداق ئۆلتۈرگەن ؟
— ئوت توغرايدىغان جادۇغا بېسىپ، توغراپ ئۆلتۈرگەن.
— ئاناڭنى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ شەپكىسىدە قانداق بەلگە بار ئىدى ؟
بالا بېشى بىلەن مومىدىكى بايراقنى كۆرسىتىپ جاۋاب بەردى:
— ئاشۇ بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىگە ئوخشايتتى.
— بەشتۇگمەندە ئون تۇققۇز ئادەمنى تۆمۈر مىخ بىلەن ئۇجمىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ قانداق بەلگىسى بار ئىدى ؟
— مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.
— بىتىمدىن كېيىن، يېنىپ كەلگەن قىرىق ئادەمنى تىرىكلا خۇمدانغا سالغانلارنىڭچۇ ؟
— ئۇلارنىڭمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشايتتى.
— ئوغلۇم، ئاڭلا ! سەن چىقارغان ئاشۇ بايراقنى يوقىتىمىز دەپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قۇربان بولدى. بىز يوقىتىمىز دەپ كۈرەش قىلغان بايراقنى سەن چىقىرىپسەن، قۇربان بولغان شېھىتلەرنىڭ روھىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ ! داداڭنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن ؟ !
بالا شۈك بولۇپ قالدى. مۇدىر بوۋاينىڭ ئاغزىغا كۆچەپ بىر مۇشت ئۇردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كېتىپ، سارغىيىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى قىپقىزىل بويىۋەتتى. بالا بىردىنلا ناھايىتى تېزلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە مومىنىڭ ئۇچىغا يەنە چىقىپ بولدى. مۇدىر ۋارقىرىدى:
— يېنىپ چۈش، يېنىپ چۈش ! داداڭنى ئېلىپ كەت !
لېكىن، بالا مومىدىن چۈشمىدى ...
ئۇنىڭ پەسكە قاراپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى:
— دادا ! مېنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىڭغا رازى بول ! مەندىن رازى بول !... — ئۇ مومىنىڭ ئۇچىنى چىڭ قۇچاقلاپ، پۈتلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى مومىغا قاتتىق تاقاپ تۇرۇپ، مومىنى شۇنداق قاتتىق لىڭ-
شىتتىكى، موما ئىرغاڭلاپ تۇۋى تەرىپى غىرىسلاپ كەتتى. تۇ-
ۋەندە قاراپ تۇرغان كىشىلەر ئىچىدە ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى.
مۇدىر پوكاندەك ئېسىلىپ، غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى چى-
قىرىپ، بالىغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. دەل شۇ
چاغدا بىرسى ئۇنىڭغا قاتتىق كاللا قويۇپ، تاپانچىسىنى چۇشۇ-
رۇۋەتتى - دە، ئۇنىڭ بوينىنى چىشلەپ، تارتىپ سىلكىدى، مۇ-
دىرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، «ۋايجان» دەپ
چوشقىدەك چىرقىراپ كەتتى. يالاقچىلار مۇسانى سىلكىشلەپ،
مۇدىرنى قۇتقۇزۇۋالدى. مۇدىر ئارانلا كۆزىنى ئېچىپ، مۇساغا
ئالايماقچى بولۇۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى.
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر چىشلەم گۆش يەرگە چۈشتى. مۇدىرنىڭ
ئۈزۈلگەن بويىنى تومۇرىدىن قاپقارا قان جىرغىۋاتاتتى. ئۇ
لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يەردىكى تاپانچىسىنى
ئالدى - دە، تۆت ئادەم يەرگە بېسىپ تۇرغان بوۋايغا قارىتىپ
ئىككى پاي ئوق ئۈزدى ... دەل شۇ چاغدا قاراس - قۇرۇس قىلىپ
موما سۇندى، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ بايراق بىلەن
گۈرسۈلدەپ يەرگە چۈشتى. چۈشتى - يۇ، بېشىنى لىككىدە كۆ-
تۈرۈپ يەنە يەرگە قويدى ...
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىۋاتاتتى... ئوق زەربى-
دىن ھالسىزلانغان مۇسا بوۋاي چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئەڭ
ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، پۈتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ،
ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى:
— بالام، — دېدى ئۇ ھاسىراپ خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن، —
داداڭ سەندىن مىڭ مەرتەم رازى. سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن ... —
ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى.
ئاتا - بالىدىن ئاققان قان بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىدەك
يەرنى قىپقىزىل بوياۋەتتى. بۇ قانلار ئولتۇراي دەپ قالغان كۈن-
نىڭ نۇرىدا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىناتتى. مۇدىر ئۆز كارامىتى-

نىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ بويىنىنى سوزغانىدى، ئۇمۇ يىقىلدى. ئۇنىڭ قانسىرىغان يۈزى مۇردىدەك ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— كۆتۈرۈڭلار! تېز بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى تەرتىپ مۇدىرى نۇسرەت، — يۈسۈپ خاتىپنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ داۋالىتايلى!

جامائەت ئارىسىدا قاراپ تۇرغان بىر مويسىپىت بوۋاي ھاسىسى بىلەن مۇدىرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھېلىغۇ يۈسۈپ خاتىپ ئىكەن، پەيغەمبىرىمىزگىمۇ مۇردىغا جان كىرگۈزۈشكە ئىجازەت بېرىلمىگەن.

تەرتىپ مۇدىرى چۆچۈپ مۇدىرنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىدى، لېكىن ئۇ ئاللىقاچان جەھەننەمگە سەپەر قىلغانىدى.

بەشتۇگمەن يېزىسىنىڭ جامائىتى مۇسا بىلەن مۆمىنىنىڭ جەسەتلىرىنى مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى زاراتگاھلىققا دەپنە قىلىشتى. چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە دۇئا - تەكبىر قىلىشىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشۈپ ئاستا - ئاستا تارقاشتى. لېكىن، ئاق تۇماقلىق بىر ياش يىگىت تۇپراق بېشىدا ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ، خېلى ئۇزاققىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. مەھەللىنىڭ توخۇلىرى ئىككىنچى قېتىم چىللاشقا باشلىغاندىلا، ئۇ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالىقانلىرىنى كەڭ ئېچىپ دۇئا قىلدى:

— قەدىرلىك مۇسا ئاكا، مۆمىنجان، ياتقان يېرىڭلار جەننەت بولسۇن، مەن يەنە بىز تۇرغان تاغقا كەتتىم، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز چوقۇم سىلەر ئۈچۈن قىساس ئالىمىز!

يىگىت ماڭماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى - دە، چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تونۇش بولمىغان ئون نەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق يۈزلىرى ۋە سىمابتەك كۆز ياشلىرىنى كۆرگەن ھېلىقى يىگىت خاتىرجەم ھالدا مەردانە قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ تېخى يەتتە - سەككىز قەدەممۇ ماڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىغانىدى، قاراپ تۇرغانلاردىن بىرسى:

— ئۇكام، توختاڭ، — دېدى مۇلايىم ئاۋازدا، يىگىت توختىدى.

— سىز تاغلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ھېلىقى كىشى.

— ياق، مەن تاغلىق ئەمەس، تاغ لاچىنلىرىنىڭ توپىدىنمەن.

— مۇساكام يۇرگەن شۇ تاغدىكى لاچىنلارنىڭ توپىغا بىزنىمۇ باشلاپ بارسىڭىز.

يىگىت ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، تۇن قاراڭغۇسىدا ئۇلارنىڭ كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، ئاق كۆڭۈل، ئەرك سۆيەر ئادەملەر ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس ئىدى. يىگىتنىڭ ئاۋازى گۇلدۇرماممىدەك جاراڭلىدى:

— يۇرۇڭلار!

شۇنداق قىلىپ، بۇ يىگىت ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ئۇن نەچچە ئەزىمەتنى ئەگەشتۇرۇپ قوناقلىقنىڭ قىرى بىلەن يۇرۇپ كەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان ئۇن تۆت كۇنلۇك ئاي سۇتتەك ئاپپاق نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

# تۇردى ھالىم

— بۇ كىم؟

— تۇردى «ھالىم».

— نېمىشقا پۇتىنى كېرىپ ماڭىدۇ؟

— مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ـ دە!

— نېمە، «مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى پۇتىنى كېرىپ ماڭسۇن» دەيدىغان ئۇقتۇرۇش بارمىكەن؟ — دېدى سىدىقجان ھەيران بولۇپ.

سىدىقجان بىلەن ئىككىمىز «گۈلزار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئارۇپ ئاكىنى ئۆيدىن تاپالماي ھويلىدىن چىققىنىمىزدا، خۇددى ئۇن خالتىسىغا ئوخشاش كېلەڭسىز، ئېڭىكىدە ئاسمان تىرەپ كېلىۋاتقان تۇردى ھالىمغا دوقۇرۇشۇپ قالدۇق.

تۇردى ئالىم باشلانغۇچ مەكتەپتىن مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ فامىلىسى «ھالىم»غا ئۆزگىرىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ مەكتەپلەرگە خىزمەت بىلەن چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئايال ئوقۇتقۇچىلار: «ۋايىيەي، ھېلىقى ھالىنى ئات تارتالمايدىغان ‹ھالىم› چىقىپتۇ» دېيىشسە، بەزىلىرى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ: «ھە، ئاددىي كەسىر بىلەن ئۇنلۇق كەسىرنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ‹ھالىم› دۇ» دەپ خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى.

دەرۋەقە تۇردى «ھالىم» ئۇنچىلىكمۇ گالۋاڭلاردىن ئەمەس. ئۇ مۇشۇ يېقىندا كەسىپلەر بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھاندا تۆيۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىز كېسەل بولۇپ قېلىپ قاتنىشالمىغىنىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا، بۇرۇن بىر قېتىم ئۇزۇندى يادلاشتا 100 نومۇر ئالغان. يە-
نە بىر قېتىم قايسىدۇر بىر قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىدىن ئېلىنغان
ئىمتىھاندا، زېرىكمەي تۆت بەت گېزىتنى تولۇق كۆچۈرۈپ بەر-
دى. ئاسسىسېنت جاۋابنى توغرا تاپتىمۇ ياكى جاۋابنىڭ كۆپلۈ-
كىدىن بېشى گاراڭشىپ، قۇلىقى ۋاڭشىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر تو-
لۇق 100 نومۇر قويۇۋەتتى.

تۇردى رەھبىرىي خادىم بولمىغىنى بىلەن ئۇنىڭ گەپ-
سۆزلىرى، باشلىقنىڭ ئۇستىلىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، بېشىنى
سىرلىق لىڭشىتىپ كېتىشلىرى، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ
«ھىم ... م ...» دەپ قويۇشى، يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا بىركىم چا-
قىرىپ ياكى تېلېفون كېلىپ، باشلىق تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن
ھامان ئۇ لىككىدە باشلىقنىڭ ئۇستىلىگە كېلىپ چەكسىز مەس-
ئۇلىيەتچانلىق بىلەن: «يولداشلار، قىزغىن - قىزغىن پىكىر با-
يان قىلايلى» دەپ جوزىنى چېكىپ قويۇشلىرى باشلىق بولۇشقا
خويمۇ مۇناسىپ ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ پېشانىسىدە باشلىقلىق
يۇلتۇزلىرى ئاللىقاچان چاقنىغانمۇ بولاتتى، لېكىن نېمىسى نې-
مە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا پات - پاتلا بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆت-
كۈزۈپ قوياتتى.

تۇردى «ھالىم»نى كىم سايلاپ قويغانلىقىدىن خەۋىرىمىز
يوق، ئۇ سىياسىي ئۆگىنىشلەردە گېزىت ئوقۇش باشلىقى ئىدى.
بىر قېتىم تەبىئىي پەن گۇرۇپپىسىدىكىلەر تېپىشماق خاراكتې-
رىدىكى ماقالىلەرنى ئېيتىشىپ، يەرگە فورمۇلالارنى يېزىپ تالاش-
تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. گېزىت كۆتۈرۈپ چىققان تۇردى ئۆزىچىلا
خىرقىراپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بولدى ئاغىنىلەر، پوقىقا پايدىسى يوق ئىشنى تالىشىۋەرمەي
جەم بولۇڭلار! گېزىت ئوقۇپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ گىدىيىپ.

— بۇ مائارىپ ئىدارىسى! — دېدى تۇرسۇن ئاچچىقىغا چى-
دىماي، كەسىپ ئۆگەنمەي قانداق قىلىپ كەسىپكە رەھبەرلىك

قىلغىلى بولىدۇ؟
شۇ كۈنى باشلىق تۇردى ھالىمغا خېلىلا قاتتىق تەنبىھ بەر-دى. چۈنكى، باشلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن پاي-تەختتىكى بىر يىللىق قىسقا كۇرسنى ياخشى باھا بىلەن تۈگەت-كەن بىلىم ئەھلى ئىدى! شۇنىڭدىن باشلاپ تۇردى ئىلمىي مۇنا-زىرىلەردە سىرتتىن قاتنىشىپ قالاتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا باش-قىلارغا ئوخشاش قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىغۇسى، ئىلمىي ئا-تالغۇلارنى ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئالغۇسى كېلەتتى - يۇ، لېكىن «كەمتەرلىك — ئادەم زىننىتى» دەپ ئويلامدۇ، خۇددى بىليارت تاختىسىدىكى ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ تۆشۈككە ئۆزىنى ئۇرغان شار-چىدەك، قايسى تەرەپ كۆزلىرىنى بەكرەك ئالايتىپ تۇۋۇلىسا، ئۇ شۇ تەرەپكە يۈمىلايتتى ...
قىسقىسى، تۇردى «ھالىم» بۇنداق ئىشلارنى ئېپىدە قاملاش-تۇرالايتتى. ئۇ گەرچە خەنزۇ تىلىدىن « شىڭ، بۇشىڭ» دىن باش-قىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن كىنولارغا كىرسە باشقىلارغا ئوخشاش غەزەپلىنەتتى، ئۆكۈنەتتى، ھەتتا باشقىلاردىن ئاشۇرۇپراق كۈلەت-تى. شۇڭا، بىر قېتىم بىر دېھقان «غوجام، چۈشەندۈرۈپ قوي-سىلا» دېگەندە، ئۇ گويا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىنو كۆرۈۋاتقان ۋە «بىرەر سۆزنى ئاڭلىماي قالارمەنمىكىن» دېگەندەك قىياپەتتە بەش بارمىقىنى بىردەك چىقىرىپ «تىنچ !» دېدى.
تۇردى «كادىرلار خىزمىتى» گۇرۇپپىسىغا يۆتكەلگەندىن بې-رى خۇددى بوينىغا شال تېڭىۋالغاندەك، بېشىنى قاتايتىپ ماڭى-دىغان بولدى. شۇنداقلا ئۇ: «باشلىق دېگەننىڭ خىزمەتلەرنى كۆ-زىتىشلا رولى بار، بىزچۇ؟ يەنىلا ئەمەلىي خىزمەتنى بىز ئىش-لەيمىز، تامغا بىزنىڭ قولىمىزدا» دېگەچكە، ئۇنىڭ ئۆيىدىن خىزمىتىنى يۆتكەش ئۈچۈن كېلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەت تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا بالىلىرىغا ۋارقىرىغان بولۇپ: «ھەي، بۇ بالىلار-نىڭ ياڭاق غەلۋىسى» دەيتتى ياكى «شەھەر دېگەندە ساڭا ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھمانلىرىمىز كۆپ، كېلىم ــ كېتىم بولۇپ تۇرىدۇ. ياغ يېتىشمەيدۇ» دېسىلا كۇپايە. ياڭاق، ياغ، بۇغداي، گۈرۈچ ھەتتا گۆش، يەل ــ يېمىشلەرگىچە ئۆز ئايىغىدىن كېلىپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ خوتۇنى بەللىرىنى تولغاپ، قوشنىلىرىغا ماختىنىپ: «ۋاي بىزنىڭ ئۆيدىكى سېسىمچىلىق» دەيتتى.

تۇردى نۇرغۇن ئىشلارنى پەم ــ پاراسەت بىلەن قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يېقىندا ئىككى ئىشتا پالاكەت باسقىلى تاسلا قالدى. ناھىيەلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزگەن باللىرىنى خىزمەتكە تەقسىم قىلغاندا، ناھىيە بازىرىدىكى ياشانغان ئەر ــ خوتۇن پىرىكازچىكنىڭ يالغۇز قىزىنى ناھىيەلىك گىلەم كارخانا مەكتىپىگە تەقسىم قىلدى. لېكىن، تۇردى شۇ كېچىسىلا ھېلىقى ئائىلىگە بېرىپ قىزىنىڭ «چېقىل تاغ»قا بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتتى. زار ــ زار قاقشىغان ئاتا ــ ئانا: «نېمە كەتسە بېرەيلى، ئۆزلىرى بىر ئامالىنى قىلسىلا» دېدى ۋە تۇردىنىڭ «چوقۇم ئامالىنى قىلىمەن» دېگەن سۆزىگە دەرگۇماندا بولۇپ، باشلىقنىڭ ئۆيىگە بىر كىيىملىك رەخت ئېلىپ باردى ۋە تەسلىكتە:

— ئۆزلىرىنىڭ يېڭى دۇنياغا كەلگەن پەرزەنتلىرىنى ياخشىراق كۆرگىلى بولمىغان، ئەمدى ئاز بولسىمۇ ... — دېدى ئۇلار باشلىقنىڭ بىر ياشتىن ئېشىپ قالغان بالىسىنى شېپى كەلتۈرۈپ. ئەھۋالنىڭ تېگىگە يەتكەن باشلىق رەختنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى:

— بىزدە يالغۇز قىز، يالغۇز ئوغۇللارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇقتۇرۇش بار. خاتىرجەم بولسىلا، يالغان گەپلەرگە ئىشەنمىسىلە، — دېدى ۋە تۇردىدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىغاندا ئىللا ــ بىللا تاندى.

ئەتىسى كۆل رەڭ دىلۇندىن شىم، ھاۋا رەڭ نىلوندىن كۆڭلەك كىيىۋالغان تۇردى ئەر ــ خوتۇن پىرىكازچىكلارغا قىزىنىڭ ناھىيەلىك گىلەم كارخانىسىغا تەقسىم قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئىككىنچى قېتىم ئۇ يېڭىئاۋات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەت بىلەن بېرىپ: «ئۇنداق مەسىلە ساقلانغان، مۇنداق مەسىلە خەتەرلىك» دەپ خاتىرىسىگە يېزىۋېرىپ مۇدىرلارنى قورقۇتۇۋەتتى. لېكىن، ئۇ مەكتەپنىڭ تەرگەن بۇغدايلىرىنى ۋە ياغاچچىلىق كارخانىسىنى كۆرگەندە: «مەسىلە يەنىلا بىزنىڭ دوكلات قىلىشىمىزدا» دەپ مۇدىرنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى ! شۇنىڭ بىلەن «باشلىق»قا دەپ 200 جىڭ بۇغداينى تىراكتورغا بېسىپ كەلدى ـ دە، كەچتە باشلىققا 100 جىڭ بۇغداي ئەكىرىپ بەردى. باشلىق قاتتىق ئاچچىقلاپ قايتۇرۇۋېتىشنى تاپىلىدى، تۇردى «ماقۇل» دېگىنىچە كەينىگە ياندى.

ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان، ھەرھالدا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بىرەر ئولتۇرۇش، مەرىكە، توي ـ تۆكۈن تۇردى ئۇچۇن باشلىقنى يۇزتۇرا ماختايدىغان ياخشى تەشۋىقات سورۇنى بولاتتى. ئۇ بۇنداق پۇرسەتلەرنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى باشقىلار ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلىپ ئاڭلايتتى. چۈنكى، ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى ـ دە !

— باشلىقىمىز كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر ۋاقىت ئىچىدە، — دەيتتى ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — ناھىيەمىزنىڭ مائارىپىدا يېڭى قىياپەت مەيدانغا كەلدى، بۇ ئەڭ، ئەڭ زور نەتىجە ...

تۇردى «ھالىم» بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىدىن پۈكۈپ، باشلىقنىڭ نەتىجىلىرىنى سانىغاچ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى مېھمانلارغا كۆرسەتتى ۋە بۇرۇنقى «ئاتام سىز»، «ئانام سىز» دەپ ماختايدىغان باشلىقلىرىنى ھېچ ئايانمايلا سۆكەتتى ...

باشلىق بۇنداق ئورۇنسىز ماختاشلاردىن نومۇس قىلدىمۇ، بىر كۈنى تەرگەپ قالدى.

— بۇ ... بۇ قانداق گەپ «ئورۇنسىز ماختىغان كىشى، سېنى ئورۇنسىز ئەيىبلەيدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ بار ... سىز ...

— ئۇ كىتابىي سۆز، باشلىق، لېكىن ئۆزلىرى بولمىغان

بولسىلا ... چاقار مەكتەپ سېلىنىدى، خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى رەسمىيلەشتۈرۈلدى، — ئۇ يەنىلا بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى.

باشلىق بۇنداق ماختاشلارغا كۆندى بولغاي، كېيىنچە ئۇندىمەيدىغان بولدى. شۇڭا، تۇردى تېخىمۇ گىدىيىپ، يېڭىلا بىر ئادەت چىقىرىۋالدى. ئۇ خۇددى ئىدارىنىڭ كۆك ئېشىكىدەك ئون – ئون بەش قەدەمدە بىر توختاپ سىلكىنىپ، دولىسىنى تىترىتىپ قوياتتى. مانا ئەمدى ئوقۇتۇش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا تىكلەپ قويغاندىن كېيىن، چاترىقىدىن رەستە كۆرۈنگۈدەك هالدا پۇتىنى كېرىپ ماڭىدىغان يېڭى ئىسكەت چىقىرىۋالدى.

...

— مائارىپ ئىدارىسىدە، — دېدى سىدىقجان كوچىدا كېتىۋېتىپ، — تۇرسۇن ئابلىز، كېرەم قاتارلىق بىلىملىك كىشىلەر تۇرۇقلۇق، باشلىقتا بۇ ياغاچ گېنېرالنىڭ نەرى شۇنچە يېقىپ كەتكەندۇ؟

— هەي، — دېدىم مەن بېشىمنى ئىرغىتىپ، — بۇ خۇشامەتچىلىك پارتىيە، هۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى يەپ تۈگىتىدىغان بىر مىتە دېگىنە! ...

* * *

بىز كەچتە سىدىقجان ئىككىمىز بىرلىشىپ يازغان ئوچېرىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئارۇپ ئاكىنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە كەلدۇق. بىز ئۆيگە كىرىشىمىزگە قاراڭغۇلۇق كۆزىمىزگە تىقىلدى. مەن چاقماقنى چاقتىم. ئارۇپ ئاكىنىڭ ئايالى بالىسىنى قۇچىقىدا ئۇخلاتقاچ پاختىدىن پىلىك ئېشىۋاتاتتى. جوزىدا بولسا قەغەز، قەلەم، موبى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن چىنە تۈۋىدىن ئېقىپ چۈشكەن شام سارقىندىلىرى يېيىلىپ ياتاتتى.

— ئارۇپ ئاكا نەگە كەتتىكىن؟

— ئۇ ئۆينىڭ ئارقىسىدا، كۆل بويىدا ئولتۇرىدۇ، — دېدى

ئايالى خورسىنىپ.

بىز كۆل بويىغا چىققىنىمىزدا ئۇ ئوت بىلەن قاپلانغان قىر ئۈستىدە تاماكا چېكىپ، يوپيورۇق ھاۋادانلارغا ۋە ئۇدۇلدىكى ناھىيەلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ قۇياش نۇرى چىرىغى چاقنىغان دېرىزىلەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. پەقەت بۇ ئائىلىلىك ئۆينىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئارۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىلىرىلا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. ئارۇپ ئاكىنىڭ تام قوشنىسى تۇردى «ھالىم»نىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ھاۋادىنىدىن: «قورقما خوتۇن، بىر ئەينەكلىك ئىشكاپ ياسىتىۋالغىنىم ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئىدارىمىزدىكى ئامەت ئىمتىھان قەغىزى سېلىنغان دېلو خالتىسىنى بىرلا تاققا-تۇققا قىلىش بىلەن ئۆي سېلىۋالدى. ھېلىقى باشلىق كېچىدە بىر ماشىنا ياغاچنى تاشلىۋېتىپ كەتتى ...» دېگەن ئاۋاز كېلىش بىلەن، ئارۇپ ئاكا دىمىقىدا ئاچچىققىنا كۇلۇپ قويدى. بىز ئارۇپ ئاكا بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق.

ئارۇپ ئاكا مائارىپ ئىدارىسىدىن يۆتكىلىپ «گۈلزار» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلىۋاتقىنىغا بىر يىلدەك بولۇپ قالدى. ئۇ كۆپىنچە كېچىسى ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈزەتتى، ئۆزى ھېكايە يازاتتى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ رەسىم، مۇقاۋىلىرىنى سىزاتتى. لېكىن، تۇردى «ھالىم»: «ئۇ كېچىلىرى ئىشلەپ قەلەم ھەققى ئېلىۋاتىدۇ. ئايدا بىرنەچچە يەردىن چەك كېلىدىكەن» دەپ كۇسۇرلاپ يۈرۈپ، ئۆز ئۆيىدىن ئۆتۇشىدىغان سىمنى كېسىۋەتتى. بۇ ئىشنى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاڭلاپ: «ئارۇپ ئاكام ئىلمىي ئىشلىرىنى كۆپىنچە كېچىلىرى قىلىۋاتسا بۇ قانداق بىمەنىلىك، توك پۇلىنى ئۆز ئىدارىسىگە تۆلىگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ؟» دەپ ئېيتتى. لېكىن، بىر ئايدىن بېرى ئارۇپ ئاكا شام ۋە قارا چىراغدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

— بىز بۇنى ئەتە يەكشەنبە كۈندۈزى كۆرەيلى، — دېدى ئارۇپ ئاكا قولىمىزدىكى ئوچېرىكنى ئېلىپ.

بىز ئەتىسى ئارۇپ ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىمىزدە، رادىيو

ئۆزبېلىدىكى مەتنىياز توك سىمىنى ئۇلاۋېتىپ كىمىندۇر غايىبانە تىللاۋاتاتتى.

— نومۇس قىلماي ئۆزى يورۇقتا ئولتۇرۇپ، قوشنىسىنى قاراڭغۇدا قويىدىكىنە. ھۆكۈمەتنىڭ توكىغىمۇ كۆزى قىزىرىدىغان قانداق تېگى پەس بىرنېمە بۇ! ... مانا بىز بىر ئىدارە بولمىساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ باشلىق ئەھۋالنى ئۇقۇپ بەكمۇ ئېچىندى. مېنى تاماق يېگىلىمۇ قويماي، بىزنىڭ ئىدارىنىڭ توكىغا ئۇلاپ بېرىشنى ئېيتتى ... — دەيتتى مەتنىياز قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ.

مەتنىياز سىمنى ئۇلاپ بولۇپ تۇرۇشىغا، تۈردى «ھالىم»نىڭ ئىشىك ئالدىدا غەلىيان كۆتۈرۈلدى. بىز يۈگۈرۈشۈپ چىققىنىمىزدا ئورۇققىنا بىر ئايال تارىمۇشتەك ئورۇق چاڭگاللىرىدا تۈردىنىڭ ياقىسىنى بوغۇۋالغان بولۇپ، قارا كەكە ساقاللىق بىر كىشى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىۋالغانىدى.

— بىر يىل بولدى، سەن مېنى قۇرۇق ئېمىزگۈ بىلەن ئالدىغىلى تۇرغىلى. سەن مېنى قاچانغىچە شورايسەن، زادى سەندە ئىنساب بارمۇ - يوق، مەن ئەمدى چىدىيالمىدىم، — دەيتتى ئايال ھۆركىرەپ يىغلاپ.

ئىشىك ئالدىغا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. ھەتتا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ ئەسلىدە «يېڭى ھايات» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، خەت تۈردىنىڭ «باشلىققا لازىم» دەپ ئالغان 200 جىڭ بۇغداي، ئۆزىگە ياستىپ ئېلىپ كەتكەن ئەينەكلىك ئىشكاپ ۋە ئىككى كېسىم شاللىق ياغاچنىڭ پۇلى توغرۇلۇق ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ كېلىشىگە، خۇددى چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا كۆتىگە غەلۋىر ئېسىۋالغاندەك تۈردىنىڭ بۇ ماجىراسى ئۇنى تېخىمۇ نەپرەتلەندۈردى.

— بالامنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، مەن بولسام كېسەل، — دەيتتى ئورۇق ئايال ياشلىرىنى سۈرتمەي، — «بالاڭنى چېقىل

تاغ»دىن يۆتكەپ قويىمەن دەپ مەندىن ئالمىغان توخۇ سۇتىدىن باشقىسى قالمىدى ! ھەتتا تاغارلاپ ياڭاق، بۇغداي، ياغ، كىگىز ئەتكۇزۇش ئۇچۇن يىغقان يۇڭلىرىمغىچە قويمىدىڭ. تىرىكلىك-نىڭ نىشانىسى بىر تال قويۇم بار ئىدى. «ئىدارىمىزنىڭ باشلىقى قوشۇلماي تۇرىدۇ» دەپ قويۇمنى كېچىسى ئەكىرىۋالدىڭ، مانا ھويلاڭدا مەرەپ تۇرۇپتۇ.

— گىلەمنى تاپ، ئەگەر تاپمايدىكەنسەن، چېچىڭنى بىر تال-دىن يۇلۇۋالىمەن دۆيۈز، — دەيتتى كەكە ساقال تۇردىنى دۆشكە-لەپ، — قېنى، «بالاڭنى كۆمۈر كان مەكتەپتىن ناھىيە ئىچىگە يۆتكەپ قويىمەن» دېگىنىڭ ؟ بالام يەنىلا ئۆز جايىغا باردىغۇ ؟

— ھەي... — دېدى مەتنىياز زەردە بىلەن كۇلۇپ، — مائا-رىپ ئىدارە كادىرلىرى ئۆزىگە بېرىلگەن شەرەپلىك ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقشاتسا بولامدۇ؟ ئەمدى يېمىگەن بۇلار قاپ-تىكەن ـ دە ! ...

— ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇتقۇ-چىلارنى يۆتكەيدىغان تەتىل ۋاقىتلىرى، قىسقىسى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بۇلارنىڭ يازلىق ھوسۇل يىغىۋالىدىغان ۋاقتى، — دېدى كەكە ساقال غەزەپ بىلەن.

— ھەممە ئاتا ـ ئانىلار ئۇزاق يىل جاپا چېكىپ ئوقۇتقان ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىدە، — دېدى سىدىقجان ئاچچىقى بى-لەن، — بۇلار بولسا ئۆزىنى چىڭداشنىڭ كويىدا ... «قاسساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەن شۇ ـ دە !...

باشلىق توپ ئارىسىدا قاقىقان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ «ئىدارەڭگە بۇنىڭدىن كېيىن «يازلىق ھوسۇل يىغى-ۋېلىش قورۇسى» دەپ ۋېۋىسكا ئاس» دېگەن زەھەردىن ئاچچىق، ھىڭدىن سېسىق سۆزلەردىن بەكمۇ نومۇس قىلماقتا ۋە ئېچىن-ماقتا ئىدى ... ئۇ ئەلۋەتتە بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ كاساپىتىدىن باشقا ياخشى يولداشلارنىڭمۇ بىر تاياقتا ھەيدىلىۋاتقانلىقىغا غە-زەپلەنمەي تۇرالمايتتى ! دەرۋەقە بىر ـ ئىككى شاتراق كالا پۈتۈن پادىنى بۇلغىماقتا ئىدى...

سەمەت دۇگايلى

# يەتتە تىللا

بوۋاينىڭ يەتتە تىللاسى بار ئىدى. تىللالار كونىرىغان، تولا سۈركىلىپ سىلىقلىشىپ كەتكەن، ئەسلىي رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىشۇ خالتىدا ساقلىناتتى. بوۋاي بۇ خالتىنى قىش - ياز ئۈستىدىن سالمايدىغان، قانچىلىك كىيگىنىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ئەستەرلىك تېرە جىلىتكىسىنىڭ قولتۇقىدىن تۆۋەنرەك، بىقىنىدىن يۇقىرىراق يېرىگە بەش قەۋەت يىپ بىلەن مەھكەم تىكىۋەتكەنىدى. ئۇ كۈندۈزى جىلىتكىسىنى يەشمەيتتى، كېچىسى ئۇخلىغاندىمۇ جىلىتكىسى بىلەن ياتاتتى. يەتتە تىللا گويا ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى يەتتە قوۋۇرغىسىغا ئوخشاش بەدىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

بوۋاي ئۆزىدە يەتتە تىللا بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىشۇ خالتىدا ساقلىنىدىغانلىقىنى، بۇ تىللالار ئاشۇ خالتىنىڭ ئىچىدىن چىقماي دادىسىدىن ئۆزىگە مىراس قالغانلىقىنى، ئۇ بۇ تىللالارنى بېشىغا شۇنچە ئېغىر كۈن كەلگەندىمۇ دەرگىزا قىلىشقا كۆزى قىيماي يەتمىش يىلنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى تېخى بىر ئاي بۇرۇنلا ئىككى ئوغلى بىلەن قىزىغا ئاشكارىلىغانىدى. ئوغلىنىڭ چوڭى قىرىق بەشكە، ئىككىنچىسى قىرىق ئىككىگە، قىزى بولسا ئوتتۇز يەتتە ياشقا كىرگەنىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ ئەڭگۈشتەر جىلىتكىسىنى بىلىسىمۇ، بۇ جىلىتكىگە مەھكەم تىكىۋېتىلگەن يەتتە تىللادىن خەۋەرسىز ئىدى.

خەۋەر ئۈچ بالىسىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار باشتا ئە-

جەبلەندى، كېيىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ سەكسەن ياشتىن ھالقىغان دادىسىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرىنىڭ قالغانلىقىنى بىلگۈچىلىكى بار ئىدى. ھېچقايسىسى يەتتە تىللانى ئۆزى يالغۇز ئېلىۋېلىش خىيالىدا بولمىغان بولسىمۇ، تىللا سانىنىڭ تاق ئىكەنلىكىنى، ئۈچ بالا ئىككىدىن ئالغاندا يەنە بىرسى ئېشىپ قالىدىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇلار دادىسىنىڭ ئاخىرقى مېھرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاشۇ تاق بىر تىللانى باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزىچە دادىسىنىڭ ئۆز قولىدىن ھاللاپ ئېلىشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا، ئۇلار دادىسىغا بۆلەكچە غەمخورلۇق قىلىشقا كىرىشتى.

ئىككى ئوغۇل، بىر قىز ئۆزلىرىنىڭمۇ ئائىلىسى بارلىقىنى يادىدىن چىقارغاندەك بوۋاينى ئاجايىپ ئامراقلىق بىلەن كۈتۈشكە كىرىشتى. بوۋاي ھېچقايسى بالىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىر ئېغىزلىق، تېشى سۇۋالمىغان، پاكار ئۆيى پۈتۈن ئۆمرىدە ئەڭ ياخشى دەۋرنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى: ئۆي ھەمىشە پاكىز تۇراتتى، ئورۇن - كۆرپىلەر رەتلىك تىزىقلىق، كىر بولسۇن - بولمىسۇن ھەپتىدە بىر قېتىم يۇيۇلاتتى. ئۆيدىن پولۇ، مانتا، قاتلىما، ناۋات، يەل - يېمىشلەر ئۈزۈلمەيتتى. بوۋاينىڭ ئۈستىبېشىنى يۇيۇش، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشتەك ئىشلارغا كېلىنلەر، كۈيۈ ئوغۇل ۋە چوڭ نەۋرىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈل بۆلەتتى. بوۋاي ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ جىلىتكىسىنى ھېچقايسى بالىسىغا تۇتقۇزمايتتى.

ھەپتە ئىلگىرى بوۋاي ئىككى كېلىنى ۋە كۈيۈ ئوغلىنى، ئۇلار بىلەن ئۆزىنى كۆرۈشكە كەلگەن نەۋرىلىرىنى تار ئۆيدىن باشقا چىقىرىۋېتىپ، ئىككى ئوغلى بىلەن قىزىنىلا ئېلىپ قالدى. بالىلىرى بۇنىڭ يەتتە تىللانى ئاشكارىلاشتىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم سۆھبەت ئىكەنلىكىنى پەملىشىپ ھاياجانلانغان، چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا چوڭ - كىچىكلىك تەرتىپ بويىچە بوۋاي تۆت تەكىيگە يۆلىنىپ سىڭار يان

ياتقان سوپا ئالدىغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

— بارماق بىلەن سانىغۇدەك كۈنلىرىم قالدى، — دېدى بوۋاي ئۈمىد، ئىشەنچ ئوقچۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ ئولتۇرغان بالىلىرىغا نۇۋەت بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ياقامنى كىر قىلمىدىڭلار، قارنىمنى ئاچ قويمىدىڭلار، يالغۇز تاشلاپ كەتمىدىڭلار، بالىلىرىم. خۇداۋەندە كەرىم سىلەرگىمۇ شۇنداق خاتىرجەم، غەمسىز قېرىلىقنى نېسىپ قىلار، ئىلاھائامىن ! — بالىلىرى دادىسىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ۋە كۆزلىرىنى چىمىلداتسا بىرنېمىلەرنى كۆرەلمەي قالىدىغاندەك، تىنىقى تېشىغا چىقىپ كەتسە ئەدەپسىزلىك بولىدىغاندەك، كۆزلىرىنى مىت قىلماي، نەپەسىنىمۇ چىقارماي، ئاۋازلىق دۇئادىن پىچىرلاشقا ئۆتكەن دادىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قېلىشتى.

— مەن سىلەردىن مىڭ مەرتەم، ئون مىڭ مەرتەم رازى، بالىلىرىم، — بىرھازادىن كېيىن ئۇنىنى چىقىرىپ داۋام قىلدى بوۋاي، — ئاتا رازى، خۇدا رازى، دەپتىكەن، مەن سىلەردىن رازى، خۇدامۇ سىلەردىن رازى بولغاي، سىلەرنىمۇ پەرزەنتلىرىڭلار ئەزىزلەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگەي ....

بالىلىرى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل «ئامىن» دېيىشتى. ئەمدى ھەرقانچە دۇئا بولسىمۇ، ھەرقانچە رازىلىق بېرىش - ئېلىش بولسىمۇ تۈگەپ قالغاندۇر، ئەمدى تىللالار توغرىسىدا سۆز ئېچىش نۆۋىتى كەلدى، دەپ ئۈمىدلىنىشتى. ئەمما، بوۋاي تىللالار توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەندىن كېيىن قالغىنىڭلاردا بىر - بىرىڭلار بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈڭلار. چوڭىڭلار ھەم ئاتا، ھەم ئاكا بولۇپ، كىچىكلەرگە غەمخور بولۇڭلار، كىچىكلىرىڭلار چوڭلارنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىڭلار. بۇ ئالەم تۆت كۈنلۈك ئۆتەڭ، ھەممە كۆرگۈلۈكىمىز ئاخىرەتتە ...

بالىلىرى دادىسىنىڭ مەسچىت ئىماملىرىغا خاس ۋەز - نە-

سەھەتنىمۇ خېلى ئاڭلاشتى. بوۋايغا ئەگىشىپ بىرقانچە قېتىم ئامىن دېيىشتى. بوۋايىنىڭمۇ ئەمدى تاپىلايدىغانلىرى تۈگىگەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ تىللالار ھەققىدە گەپ ئاچىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— خۇداۋەندە كەرىم ماڭا بۇ دۇنيانى كەڭ ھەم يورۇق قىلىپ بەردى، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — مۇشۇنچىۋالا كەڭ زېمىندا دوپپىسى چۈشكۈدەك يېرى يوق تالاي ئادەملەر تۇرغاندا مېنىڭ توققۇزۇم تەل. مەن پەرۋەردىگارىمغا مىڭ قېتىملاپ شۈكۈر - سانا ئېيتىمەن. ئەمدىكى ئارزۇيۇم، خۇدا ئا-خىرەتلىكىمنى بەرسە، گۆرۈمنى كەڭرەك قىلسا ... — باللىرى دادىسىنىڭ كۆزىدە يالت قىلىپ چېقىپ ئۆچكەن ئاجىز بىر نۇر-نى كۆرۈشتى. ئۇنىڭ يۈزىمۇ بىر ئاقىرىپ، ئاندىن سېرىق تۈس ئالدى، — ئەمدى سىلەرگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى ئىلتىماسىم ... — بوۋايىنىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى. باللىرى پۈتۈشۈۋالغاندەك سەل ئالدىغا ئېڭىشىشتى، — مېنىڭ بوي - بەستىمنى بىلىسىلەر، ماڭا ئۇزۇنلۇقى ۋە توغرىسى بوي - بەستىمدىن ئاشقۇدەك بىر يەرلىك تەييارلىساڭلار. جاننى خۇداغا تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى، تىرىكلىكىمدە گۆرۈمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرسەم ...

بوۋايىنىڭ گېپى تۈگىگەن ھېساب بولدى. تىللالار ھەققىدە سۆز قىلمىدى. باللىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇنلاش زۆرۈر ئىدى. چوڭ ئوغلى ئاغرىپ تېلىپ كەتكەن تىزلىرىنى ئۇ-ۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولسىلا، دادا، يەرلىكلىرىنى سىلىگە ياققۇدەك قىلىپ تەييارلايمىز، — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئىنىسى ۋە سىڭلىسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— شام گۆر قىلىمىز، — دېدى ئىنىسى تىترەك ئاۋازى بىلەن.

— ئاستىغا يىرىك، قۇرۇق قۇم يېيىتىمىز، — دەپ قوشتى سىڭلىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلىڭلار، بالىلىرىم، خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى بوۋاي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ خۇنى قاچقان، ئەتراپى يول - يول قورۇقلار بىلەن قاپلانغان كۆزلىرىنى قېلىن ياش پەردىسى قاپلىغانىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن بوۋاي مەخسۇس ياسالغان زەمبىلدە ئولتۇرۇپ، كۆز يۇمغاندىن كېيىن ياتىدىغان يەرلىكنى كۆرگىلى كەلدى. بالىلىرىنىڭ ياردىمىدە زەمبىلدىن چۈشۈپ، نەم تۇپراق پۇرىقى كېلىپ تۇرغان گۆرلۈك ئەتراپىنى ئالدىرىماي بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغان ئىككى ئوغلىنى بوش ئىتتىرىپ، ئاسمانغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئىچىگە كىرىپ بىر يېتىپ باقاي، — دېدى.

بالىلىرى، كېلىنلىرى ۋە كۈيئوغۇل، نەۋرىلەر، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن بىرمۇنچە كىشىلەر بوۋاينىڭ تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرمەكچى بولغىنىغا قاتتىق ئەجەبلىنىشتى. چۈنكى، مۇنداق قىلىش مۇسۇلمان ئەقىدىسى بويىچە بىمەنىلىك ھەم ئېغىر گۇناھ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېچكىم ئۇنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

بوۋاي گۆر ئىچىدە يېرىم سائەتچە ھايال بولۇپ قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كېيىملىرىگە نەم توپا ۋە يىرىك، كۆك قۇملار يېپىشقانىدى. ئورۇق، گۆشسىز بارماقلىرى، ئالقانلىرى لاي ئىدى. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر خۇشال، تېتىك، چاققانلىشىپ قالغانىدى، قارىغاندا، گۆر ئۇنىڭغا ياققانىدى.

— ئوڭدا، دۈم، يېنىچە يېتىپ باقتىم، كۆڭلۈمدىكىدەكلا بوپتۇ، رەھمەت، بالىلىرىم، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — گۆرگە مەندىن بۇرۇن ئىت، تۈلكە كىرىۋالمىسۇن، ئاغزىنى بېكىتىۋېتىڭلار، — بوۋاي ئىككى ئوغلى كېسەك بىلەن بېكىتىپ، ئۈستىنى كۆمۈۋەتكەنگە قەدەر قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن يەنە خاتىرجەم بولماي ئالاھىدە تاپىلىدى، — مەن كىرىپ يېتىشتىن ئىلگىرى چوڭراق نەۋرىلەر ئىككى - ئىككىدىن ئالمىشىپ قا-

رىسۇن. بولمىسا ئىت، تۈلكىلەر كىرەلمىگەندىمۇ، كەپسىز با-
لىلار كىرىپ ئىچىنى بۇزىۋېتىدۇ ...
بۇنىسى ئوشۇقچە غەم بولسىمۇ، بالىلىرى ماقۇل بولدى ۋە
دادىسىنىڭ كۆزىچە گۆرگە نۆۋەتلىشىپ قارايدىغان بالىلارنى ئو-
رۇنلاشتۇردى. بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىنلا سەل - پەل خاتىرجەم
بولغاندەك بولۇپ زەمبىلگە چىقتى، يولدا كېتىۋېتىپ:
— ئەمدى ئاخىرەتلىكىمنى تەييارلاۋېرىڭلار ! — دېدى.
يەتتە تىللا ھەققىدە ئېغىز ئاچىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگە-
نىدى. لېكىن، بوۋاي ھېچنېمە دېمىدى. شۇ ئاخشىمى ئېغىر ئەل-
ياتقۇ مەھەلدە ئۇ پالەچ بولۇپ قالغاندەك دەسلەپ بىرەر سائەتكى-
چە پەيلىرى تارتىشىپ، جاقىلداپ تىترەپ چىقتى. كېيىن قۇرۇق
ھۆ قىلىپ، قان سەپرا قىلدى. ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىگەن
بالىلىرى بوۋاينىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى ۋە رازىلىق
سوراپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىپ تۇردى. بوۋاينىڭ بىر نەر-
سىلەرنى دېگۈسى باردەك قىلاتتى, ئەمما ئۇ ھېچ نەرسىنى دېيەل-
مەيتتى ۋە چاقىرىشلارغا جاۋاب بەرمەيتتى، ئۇ ئاللىقاچان تىلدىن
قالغانىدى.
ئۇ يۇلتۇز تارقىغان مەھەلدە جان ئۇزدى. ئۇ بالىلىرىنىڭ،
نەۋرىلىرىنىڭ يىغا - زارىغا كۆمۈلۈپ، كېسەكتە قوپۇرۇلغان
يېزا مەسچىتىنىڭ بامدات نامىزىغا ئۇلگۈردى. ئاش ۋاقتىغىچە
ئۆزى تىرىكلىكىدە يېتىپ باققان گۆر ئۈستىدە بىر يېرىم گەز
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قەبرە پەيدا بولدى. يەتتە تىللا ھەققىدە ھېچ-
قانداق ۋەسىيەت قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئۈچ بالا ئۈچۈن يەتتە
تىللا مىراس قالغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. بوۋاي جان ئۈزگەندە
ئىككى ئوغۇل ۋە بىر قىز دەرقەمتە تۇرۇپ، دادىسىنىڭ «ئەڭ-
گۈشتەر» جىلتىكىسىنى سالدۇرغان، ئۇنى دادىسىنىڭ يەنە بىر
تەۋەررۈك يادنامىسى بولغان تونىكە قاپلىق ئورۇس ساندۇقىغا
قاچىلاپ، ئۈچەيلەن تەڭ قولۇپ سالغان ۋە بىردىن ئۈچ بالىسىنى
قاراشقا قويغانىدى. تىللالارنى ئىككىدىن ئۈلۈشۈپ، ئاشقان بى-

رىنى نەزىرگە ئىشلەتمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈپمۇ قويغانىدى.

تۇپراق بېشىدىن قايتقاندىن كېيىن، تۇنىكە قاپلىق ئۇرۇس ساندۇقى ئېچىلدى. قانداق سىلىنغان بولسا شۇ پېتى تۇرغان جىلتكە ئېلىنىپ، ئۇچەيلەنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى داستىخانغا قويۇلدى. جىلتكىنىڭ قولتۇقى ئۆرۈلدى، بىشۇ خالتا بار ئىدى، لېكىن بىشۇ خالتىدا تىللالار كۆرۈنمەيتتى. بىشۇ خالتىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى سۆكۈلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، خالتىدا ھەر ھالدا بىرنەرسە ساقلانغانلىقى ئېنىق، ئەمما ھازىر ئۇنىڭدا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئۇچەيلەن بىر - بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. گەرچە سىڭلىسى تۇپراق بېشىغا بارمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن شەكلەنگۈدەك ئاساس يوق ئىدى. ساندۇق ساق، قۇلۇپ ساق، ئىككى ئوغۇلنىڭ بالىلىرى ساندۇقنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىغانىدى. كېلىنلەرمۇ ساندۇققا ھېزى بولۇپ، كۆز - قۇلاق بولۇشقانىدى.

ئۇچ بىر تۇغقان جىلتكىنى قات - قېتىدىن سۆكۈپ، ساندۇقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قاراپ بېقىشتى. بىر تال تېرىق يوقالغان بولسىمۇ تېپىلارمىدىكىن، تىللالاردىن ئەسەر يوق ئىدى. ياتلارنىڭمۇ ئىچى سىيرىلغۇدەك يىغا - زار مانا شۇ چاغدا باشلاندى. تۆكۈلگەن ياشلار ئۈمىدلىنىپ ئېرىشەلمىگەنلىكىمۇ، ئىشىنىپ ئالدانغانلىقىمۇ، سىڭدۈرگەن ئەجىرىنىڭ ھەنىۋاسىنى شامالغا سىلىپ بەرگەنلىكىمۇ ئورتاق ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۈمىدىنى ئۆز دادىسىغا بېغىشلىغان، ئۆز دادىسىغا ئىشەنگەن، ئەجىرىنىمۇ دادىسى ئۈچۈن سەرپ قىلغانلىقتىن، دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، غۇمىنى سىرتقا چىقىرالمايتتى. ئاكا، ئىنى، سىڭىلنىڭ پەيكارى ئۆچتى. دادىسىنىڭ ئۆيىدىكى بىساتنى ئاساسەن ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلەر بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى ئېلىپ كەتتى. ئەسكى پالاس، تەكىيە بىرنەچچە قۇر كونا كىيىم، پۇچۇق ھېجىر دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ «مىراس» دەپ تەقسىم قىلغۇچىلىكى بولمىغانلىقتىن، نەۋرىلەرنىڭ ئويۇنىشىغا ئەسقاتتى. پۈتۈنرەك

«مىراس» بىر ئېغىز كونا ئۆي ئىدى. لېكىن، نامدا ئۆي ئاتالغان بۇ كەپىنى بۇ چەت يېزىدا پۇلغا ئالىدىغان خېرىدارنىڭ چىقىشى-مۇ يوق گەپ ئىدى.

ئۈچ بىر تۇغقان ئوتتۇرىسىدىكى دادىلىرى بار چاغدىكى باردى - كەلدىلەر تۈگىدى. غايىب بولغان يەتتە تىللا ئۇلارنىڭ ھېسسىيا-تىنى قوزۇتقان، تەنلىرىنى پۇككەن، ئاچچىق ئەلەم قېرىنداشلىق مېھرىگىمۇ دەز يەتكۈزگەنىدى. ئايلار ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى كېسەل چىرماپ، بىردەم چوڭى، بىردەم ئوتتۇرانچىسى، بىردەم كەنجىسى بىتاپ بولۇپ تۇردى. دەرد ھەممىدىن بەك بالىلارنىڭ كەنجىسىنى چىرمايتتى. ئۇ ئېرىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. پات - پات قان سەپرا قىلىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. قولۇم - قوشنىلار بۇ ئۈچ تۇغقانىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. يەتتە تىللا ھەممەيلەن بىلىدىغان چۆچەككە ئايلانغاچقا، ئۇلارنىڭ نۆۋەت بىلەن بەزىدە بىراقلا ئاغرىپ قېلىشىدىن ھەممەيلەن تىللالارنىڭ دەردى، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۈچ بىر تۇغقاننىڭ كىچىكى — ئىككى ئوغۇلنىڭ سىڭلىسى دادىسىنىڭ يىل نەزىرىگە ئۆزىنىڭ ئۆلۈم-لۈك نەزىرىنى قوشۇپ بېرىۋېتىش تەلىپىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن بۇ تەلەپنى ئورۇنسىز دېيەلمىگەن ئېرى ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىنى چاقىرىپ كېلىپ مەسلىھەت قىلىشماقچى بول-دى. ئاكىلار كەلدى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە نېمە دەپ ئىپادە بېرىشنى بىلمەي، شۇ سورۇندا بار مە-ھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامىغا قاراشتى. ئىمام كۈتۈلمىگەندە بىر يىلدىن بېرى ئۇنتۇلمىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئېغىزغا ئېلىشنى خالىمايۋاتقان يەتتە تىللادىن سۆز ئاچتى:

— يەتتە تىللا ھەققىدە مەرھۇم ۋەسىيەت قىلالمىغان بول-سىمۇ، ئۇنىڭمۇ گۆرىدە خاتىرجەم يېتىشىدىن ئۈمىد كەم. تىللالار ئۇنىمۇ خاتىرجەم ياتقۇزمايدۇ، ۋاللاھۇ ئالەم ! شۇڭا ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرلىرىگە مەقبۇل بولسا، گۆرنى ئېچىپ بېقىشقا مەسلىھەت بېرىمىز. مەرھۇم تىنچ ياتالمىسا، يەر يۈزىدىكى يېقىن كىشىلىرىدىن بىتاپلىق كەتمەس، دەيدىغان ھۆكۈم بار ...

مۇشۇنداق ئەنئەنە بارلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىك گۆرنى ئېچىپ باقماقچى بولۇپ كېلىشتى.

قەبرىستانلىقتا پۈتۈن كەنت يىغىلدى. جەسەت ئاللىقاچان چىرىپ بولغانىدى، چوڭ ئوغۇل سۆڭەكلەرنى يىغىپ قويۇش ئۈچۈن گۆر ئىچىگە كىرىپ، كەتمىنىنى ئۇياق - بۇياق قىلا - قىلمايلا ئەنسىز تولغىنىۋەتتى. پەسكە ئېڭىشىپ قارىغانلار مۆجىزىدەك بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ «ئاھ!» دېيىشتى. بوۋاينىڭ ئىسكىلىتىنىڭ يۇقىرى بېقىنىدا، دەل قولتۇق ئاستىدا كۆكۈچ قۇم ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان يەتتە تىللا سىرتتىن كىرىۋاتقان قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ كۆز چېقىپ تۇراتتى.



**پەرھات جىلان**

# «ئالتۇن قان»دىكى توي

مىلادىيەدىن 330 يىل بۇرۇنقى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. تىنىق كۆك ئاسماندىن يەرگە قاراپ ئىشقى ئۆرلىگەن قۇياش پايانسىز چۆلگە يارقىن نۇر تۆكۈپ تۇراتتى. كۆك ۋە چۆل، چۆل ۋە كۆك، خۇددى تەڭرى قوشقان بىر جۈپ قوشماقتەك بىر - بىرىگە تويماي قارىشىپ تۇراتتى. كۆك ۋە قۇياش بۇ چۆلگە ئەزەلدىن ئەڭ يېقىن ھەمراھ، ئەڭ يېقىن سىرداش بولۇپ كەلمەكتە. بۇ چۆلدە قانچە - قانچىلىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى يارالدى؛ قانچە - قانچىلىغان پالۋانلار بۇ چۆلدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئەلنىڭ داڭقىنى چىقاردى؛ ئەلنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئىپسەنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان قانچە - قانچىلىغان مەردلەرنىڭ مۇقەددەس قانلىرى مۇشۇ چۆلدىكى يۇلغۇنلار ئاستىغا سىڭىپ كەتتى ! ...

چېكى يوق داستىخاندەك يېيىلغان تۈزلەڭلىكتە ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ ياۋا ئات ئۈشتۈمتۇت ئۈركۈپ، ئۇچقاندەك چاپقان پېتى يىراقتىكى ئېدىرلىقتا غايىب بولدى. قويۇق ئۆسكەن چىغلىقتا ئويناقلاپ يۈرگەن بىرنەچچە توشقان ئۇلارنىڭ تۇياق تاۋۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇزۇن قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ قېتىپ قالدى - دە، شۇ ھامان دىكىلداپ سەكرىشىپ قېچىپ كەتتى. نېرىدىكى چاتقاللىق ئىچىدىن يەتتە - سەككىز جەرەن دۇپۇرلىشىپ چىقىپ يەنە چۆلنى بويلاپ بەدەر قاچتى. بۇ جانىۋارلار نېمىدىن شۇنچە ئۈركۈپ كەتتىكىن ؟ ھە، ئوۋچى ! جەرەنلەرنى

قوغلاپ بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. قېنى قىزىپ كەتكەن ئات خۇددى قاناتلىق دۇلدۇلدەك غۇيۇلداپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تېز - تېز كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۇياقلىرىنىڭ يەرگە تېگىۋاتقان - تەگمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. شوخ چۆل شاملى ئارغىماقنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقىنى ئۇچۇرۇپ، ئوينىتاتتى. چەۋەنداز يىگىت ئالدىغا ئېگىلىپ ئاتنىڭ بوينىغا يېپىشىۋالغانىدى. جەرەنلەرنىڭ ھېرىپ قالغانلىرى بىر - بىرلەپ ئۆز توپىنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا باشلىدى، توپ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن سەركىسى ئۇدۇلدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان تاقىر تاغ تەرەپكە يول ئالدى. يۈگۈرۈك ئارغىماق ئوق يەتكۈدەك ئارىلىقتا بېرىپ قالغاندا جەرەنلەر تاغ باغرىغا يېتىپ قالغانىدى. ئوۋچى ئۇلارنىڭ تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، سول قولى بىلەن ئوقيانى، ئوڭ قولى بىلەن سادىقتىن ئوقنى ئالدى - دە، پۇتلىرى بىلەن ئۇزەڭگىگە تىرەجەپ ئېگەردىن كۆتۈرۈلدى ۋە ئوق ئۈچىنى ئوۋغا قارىتىپ يانىڭ كىرىچىنى تارتتى. دەل شۇ چاغدا جەرەنلەر نېمە ئۈچۈندۇر يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، شىددەت بىلەن ئارقىغا چاپچىپ قاپتالنى بويلاپ قېچىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ پەيتتە تاغ تۇمشۇقى تەرەپتە بىر توپ ئاتلىق لەشكەرلەر كۆرۈندى. ئوۋچى يىگىت ئوقنى قايتىدىن سادىققا سېلىپ، يانى يەلكىسىگە ئارتتى - دە، بىر قولىدا تىزگىنىنى تارتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئېتىنىڭ بوينىنى سىلاپ، توختاشقا دەۋەت قىلدى. ئاندىن تىزگىنىنى يەنىمۇ قاتتىقراق تارتتى. مەغرۇر تۇلپار قەدىمىنى ئاستىلىتىپ بىر چاپچىدى - دە، ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى نارازىلىق بىلەن ئالايتىپ توختىدى.

تاغ ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلگەن ئەللىك - ئاتمىش لەشكەر ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ، ئوۋچى يىگىت تۇرغان تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق قۇراللانغان بولۇپ، قارىماققا ئۇزۇن يولدىن ياكى جەڭدىن قايت-

قاندەك كۆرۈنەتتى. نەيزە ئۇچلىرى ۋە دۇبۇلغىلاردا كۈن نۇرى غىل - پال چاقناپ قالاتتى. ئاتلىقلار يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ۋە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن يەككە تۇغنىڭ بەلگىسى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئوۋچى يىگىت ئۇلارغا تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— بارس تېگىن[1] ! — دەپ قويدى.

دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىپ سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قاغان[2]نىڭ چوڭ ئوغلى بارس تېگىن ئىدى. كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ يەككە تۇغ بارس تېگىننىڭ بەلگە تۇغى، لەشكەرلەر بولسا ئۇنىڭ خاس قورۇقچى نۆكەرلىرى ئىدى. ئوۋچى يىگىت ئېتىنى دېۋىتىپ قاغان ئوغلىنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا ئات ئۈستىدە باش ئېگىپ تەزىم قىلدى - دە:

— قاغانىم بەدۆك ئوغلانى بارس تېگىنگە قۇت بولسۇن[3] ! — دەپ سالام بەردى.

— قۇت بولسۇن ساڭا، باتۇر يىگىت ! — دەپ جاۋاب قايتۇردى بارس تېگىن، — ئېتىڭ نېمە ؟ بۇ چۆلدە يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟

— ئېتىم ئارسلان، ئوۋ قىلىپ يۈرىمەن، — دېدى ئوۋچى يىگىت.

بۇ چاغدا نۆكەربېشى ئارسلانغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى:

— تېگىن ئالدىدا ئاتتىن چۈش !

ئارسلان ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي:

— قاغان ئوغلانى ئاتتىن چۈشۈپ باش ئۇرغانلارنى باتۇر دېمەيدۇ، ئەلگە سادىق پىداكارلارنى قەدىرلەيدۇ، — دېدى.

بارس تېگىن ئارسلانغا تىكىلىپ قارىدى.

---

① تېگىن — خانزادە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

② قاغان — خاقان، پادشاھ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

③ خاقانىمنىڭ چوڭ ئوغلى بارس تېگىنگە بەخت يار بولسۇن (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەن شۇنداق پىداكارمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئون يىل بۇرۇن سىنىڭ ئاتاڭ تەڭرى تۇغمىش[1] تۇڭا بىلگە قاغان سوغداق[2]لارنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتىپ چىققاندا مېنىڭ ئاتام قايىمدۇ شۇ قوشۇندا جەڭچى ئىدى، — دېدى ئارسلان، — ئۇ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتاڭ قاغان جەڭدىن كېيىن ئۇنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا «ئالپ[3] قايىمدۇ» دەپ ئاتىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئۇنى شۇ نام بىلەن ئاتىشىنى جاكارلىغان. ئاتام ھازىر تۆمۈرچىلىك قىلىدۇ، قاغان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ياراغ ياسايدۇ. ئۇ مېنى كىچىكىمدىنلا قاغانغا سادىق بولۇشقا ئۆگەتكەن.

— سىلەر نېمە ئۈچۈن قاغانغا شۇنچە سادىق بولىسىلەر؟ — سورىدى بارس تېگىن ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— پۇقرالارنىڭ قاغانغا سادىق بولۇشى ئەلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشقا پايدىلىق، تۇڭا بىلگىدەك ئادىل ۋە ئاقىل قاغاننىڭ بولۇشى ئەلنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپ جاۋاب بەردى ئارسلان.

بارس تېگىن بۇ ئاددىي ئۇۋچى يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىققان مۇنداق مەنىدار سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى. ئارسلاننىڭ شامال ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ بىرئاز قارىدىغان يۇزىگە ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتى بەك ياراشقانىدى. كەسكىن تولۇلگەن قاشلىرىدىن ۋە چاقناپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك ۋە مەردلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چىڭ يىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن ۋە بولۇپمۇ ئاغزىنىڭ بۇرجىكىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز غورۇرىنى ھەممىدىن ئەلا كۆرىدىغان جىگەرلىك ئەر ئىكەنلىكىنى

---

[1] تەڭرى تۇغمىش — تەڭرىدىن يارالغان (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

[2] سوغداق — قەدىمكى ئىران قەبىلىلىرىدىن بىرى.

[3] ئالپ — قەھرىمان (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

پەملەشكە بولاتتى، كەڭ يەلكىلىرى ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆك-رىكى ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغاندەك تۇ-يۇلاتتى. چىلان تورۇق ئارغىماق ئېتى بولسا بىر ئىزدا تۇرالماي ھە دەپ ئالغا ئىنتىلىپ، يەرنى تېپەتتى ۋە پۇرقۇپ، ئۇيان - بۇ-يان ئايلىنىپ تۇراتتى.

«نېمىدېگەن باتۇرانە كۆرۈنۈش !» دەپ ئويلىدى بارس تېگىن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ ۋە يەنە سورىدى:

— ئوۋغا چىقساڭ نېمە ئۈچۈن بۈركۈت ياكى تايغانلارنى ئې-لىپ چىقمىدىڭ؟

ئارسلان بۇ سوئالغىمۇ تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ بۈگۈنكى ئوۋغا چىقىشىم ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش، ئېتىمنى جەڭ ئىشلىرىغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بولدى.

بارس تېگىننىڭ بۇ چۆل ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن ۋە ھەربىر سۆزىدىن قىلچە خۇشامەت ئارىلاشمىغان سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— يارايسەن ! — دېدى ئاخىر بارس تېگىن ئارسلانغا جىد-دىي قاراپ، — ئوغۇل بالا شۇنداق بولۇشى كېرەك. تۇرقۇڭدىن سەنمۇ ئاتاڭغا ئوخشاش ئالپ جەڭچى بولىدىغاندەك كۆرۈنىسەن.

ھالال ۋە ئەركىن ھاياتقا ئادەتلەنگەن ئاق كۆڭۈل چۆل ئوغلى بۇنداق ماختاشلارغا كۆنۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ سەل ئوڭاي-سىزلانغاندەك بولۇپ، ئەمدى تېگىنگە قاراشقا پېتىنالمىدى ۋە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي كۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ سۆھبەتكە قى-زىقسىنىپ قارىشىپ تۇرغان نۆكەرلەرگە قارىدى. نۆكەرلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا دىل مايىللىقى قوزغالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار-نىڭ بەزىلىرى بۇ مەردانە يىگىتكە مەدەت بەرگۈسى كەلگەندەك دوستانە رەۋىشتە كۈلۈمسىرەپ، باشلىرىنى ئىرغىتىپ قويۇشتى.

بارس تېگىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— ئەمدى سەن نېمىشقا مېنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىم-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نى، نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى سورىمايسەن؟ — دەپ كۈتۈلمىگەن بىر سوئالنى قويدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە جىددىي قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىلىپ قوي، باتۇر يىگىت، ئېلىمىزگە بىر كۈچلۈك دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ دۈشمەنىنىڭ ئېتىنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دېيىشىدۇ. ئۇ يىراق - يىراق يەردىكى، نۇرغۇن تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئارقىسىدىكى يۇنان دېگەن ئەلنىڭ قاغانى، بۇ كۆڭلى قارا قاغان كۈنپېتىشتىكى نۇرغۇن ئەللەرنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ھازىر تۈمەن - تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن ئۇيغۇر يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ ياقاداقى بۇدۇنلار[1]نى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ.

ئارسلان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس، ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن.

بارس تېگىن بۇ ۋەقەلەرنىڭ ۋە ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۇ نۆكەرلىرىم بىلەن ياقا ئانتا[2] بېرىپ كۆردۈم. ھازىر شۇ يەردىن كېلىۋاتىمىز. ئۇ يەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەلچى بىزنىڭ تەسلىم بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا «سۈڭۈش[3] مەيدانىدا كۆرۈشەيلى» دەپ جاۋاب بېرىپ قايتىپ كەلدىم.

— سۈڭۈشكە مېنى ئېلىپ بار، چوقۇم سېنىڭ كۈتكەن يېرىڭدىن چىقىمەن! — دەپ خىتاب قىلدى ئارسلان ھاياجان بىلەن.

بارس تېگىن ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتكەنىدى. شۇڭا، دەرھال ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈردى.

— خوپ! — دېدى ئۇ، — قاغانىنىڭ سۈڭۈش چاقىرىقى

---

① ياقاداقى بۇدۇنلار — چېگرادىكى خەلقلەر (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

② ياقا ئانتا — چېگرادىكى جايلارغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

③ سۈڭۈش — جەڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

چىققاندا قوشۇنغا بار. سېنى سۈڭۈشنىڭ قايىنىمىغا باشلاپ كىرىمەن. دۈشمەنىنىڭ قىلىچ، نەيزىسى ئالدىدا ئۆزۈڭنى قانداق تۇتىدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئارسلانغىمۇ، نۆكەرلەرگىمۇ تەڭ قارىتىپ خىتاب قىلدى:

— بىز ئۇلارغا ئۆز كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويىمىز ! ياۋۇز ئىسكەندەر يەتمىش تاغ ① باتۇرلىرىنى بىر كۆرۈپ باقسۇن ! ئۇلارنى تارمار قىلمىغۇچە سۈڭۈشتىن يانمايمىز.

ئەمدى ئارسلان بارس تېگىنگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى. تېگىننىڭ ياش قۇرامى ئارسلاندىن كۆپ بولسا ئۈچ - تۆت ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. تېگىن كېلىشكەن يىگىت ئىدى، شۇ تاپتىكى غەزەپلىك چىرايى يەنىمۇ ئۆز كۆرۈنەتتى. ئارسلان ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان قوڭۇر بۇدۇر چاچلىرىغا، ھېسسىياتلىق قوي كۆزلىرىگە، يېڭى ئۆسكەن مايسىدەك يۇمشاق قىسقا بۇرۇتىغا قاراپ ھەۋەسلىنەتتى.

بارس تېگىن ئۇشتۇمتۇت ئارسلان تەرەپكە كەسكىن بۇرۇلۇپ شۇنداق دېدى:

— سۈڭۈشكە بىللە بارىمىز، باتۇرلۇق كۆرسەتسەڭ، ئەڭ يېقىن ئادىشىم بولۇپ قالىسەن، ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ...

ئۇ سۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئارسلاننىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ قارىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھەربىر سۆزىنى دانە - دانە چىقىرىپ تەكرارلىدى:

— ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ئەدىپىڭنى ئۆزۈم بېرىمەن !

بۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۇرلۇك تۇس ئالدىكى، جەڭدە قورقۇنچاقلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقى بەكمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— كەتتۇق، يىگىتلەر ! — دېدى بارس تېگىن ۋە ئويناقلاپ

---

① قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆز ئېلىدە يەتمىش تاغ بار دەپ ھېسابلايتتى.

www.uyghurkitap.com

تۇرغان ئارغىماق ئېتىنى قوپۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى. نۆكەرلەر-مۇ نەيزىلىرىنى تىك كۆتۈرۈشكەن ھالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى.

ئارسلان يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالدى بول-غاي دەرھال ئېتىنى چاپتۇرۇپ، تېگىنىدىن باشقا بىر مەنزىلگە يول ئالدى. ئۇ خېلى ئۇزاق يول يۈردى. چۆل ئاياغلاشقاندا يىراق-تا ياپيېشىل باغلار كۆرۈندى. ئارسلان مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىقتا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر ئاتنى ۋە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ بويىدا ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى. ئارسلان بىردىنلا ئويناپ كەتكەن يۈرىكىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىرپەس قاراپ تۇردى. ئاندىن گوياكى چۈشىدە كۆرۈۋاتقان پەرىزاتىنى چۆچۈتۇ-ۋەتمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەك كوكاتلارنى ئاۋايلاپ بېسىپ، بىر چامداپ، ئىككى چامداپ قىزغا يېقىنلاشتى. قىزنىڭ ۋۇجۇدى يې-نىككىنە تىترەپ كەتتى، ئوزايىدىن ئۇنىڭ يىگىتنى ئاللىقاچان كۆرگەنلىكى ۋە ئاتايىن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرغانلىقى سېزد-لىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇزۇك سۇغا قاراپ تۇرغان يوغان - يوغان قارا كۆزلىرى ۋىسال خۇشلۇقىدىن تېخە-مۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئارسلان سۇ بويىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى ۋە يۇمشاق ئاۋاز بىلەن:

— بالقىز! — دەپ چاقىردى.

قىز بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئارسلان ئوقيانى يەلكىسىدىن ئار-تىلدۇرۇپ ئېلىپ يەرگە قويدى - دە، قىزنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— بالقىز، — دېدى ئۇ يەنە قىزغا يەر ئاستىدىن قاراپ قو-يۇپ، — مەن ۋاقتىدا كېلەلمىدىم ... كېچىكىپ قالدىم ... — قىز ئۈن چىقمىغاندىن كېيىن ئۆز ئەيىبىنى بويىنىغا ئالغان ئا-ھاڭدا يەنە قوشۇپ قويدى، — سېنى ساقلىتىپ قويدۇم.

قىز خۇددى سەكرەپ تۇرۇشقا تەييارلانغان شوخ كېيىكتەك

بىشىنى بىراقلا كۆتۈردى ـ دە، يىگىتنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مۇلايىملاشقان مۇھەببەتلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. قىز ئۆزىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرسىتىشكە ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، ئۇماق چىرايىنىڭ ئىللىقلىقىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمەدى، لەۋلىرىنى كۇلۇشتىن توختىتىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، يادەك ئېگىلىپ چۈشكەن قەلەم قاشلىرىنى يىمىرىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، بۇلاقتەك ئۇقچۇپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى تەبەسسۇمدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى.

— ساقلىتىپ قويىدىغانلىقىڭنى بالدۇرراق ئويلىساڭ بولمايتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئارسلاننى تېخىمۇ تەمتىرىتىپ.

— ماڭا قارا، بالقىز، مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى ئارسلان يالۋۇرغان سىياقتا قىزغا تەلمۈرۈپ ۋە بىر قولىنى كۆكرىكى ئۈستىگە قويدى، — مەن ئۆزىمىز كېلىشكەن ۋاقتنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق ... بىلەمسەن، بۈگۈنكى كۈننى قانچىلىك تەشنالىق بىلەن كۈتتۈم!

— ئەمىسە، نېمىشقا كېچىكتىڭ ؟ — يېنىشلاپ سورىدى بالقىز.

ئارسلان سۆيۈملۈك قىزنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز توشقۇچە ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىش ئۈچۈن ئوۋغا چىققانىدىم. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، ئوقيا مەشقىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئوۋ قوغلىشىپ چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئارسلان قايتىدىن جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ھېلىقى چۆلدىكىدەك چاقناپ كەتتى، — مەن شۇ چۆلدە بارس تېگىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ياقا يەرلەرگە بېرىپ كەپتۇ. بىلەمسەن، ئىسكەندەر دېگەن بىر يات قاغان قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بۇنى بارس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېگىن ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى.

— مەنمۇ ساڭا شۇنى ئېيتماقچىمىدىم، — دېدى بالقىز.

— نېمە؟ بۇنى سەنمۇ بىلەمسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئارسلان.

قىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاتامدىن ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن ئۆيىمىزگە بىر سەنگۈن[1] كەلگەنىدى. ئاتام بىلەن سەنگۈننىڭ شۇ ھەقتە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۈگۈن ئەتىگەن بىر نۆكەر قاغاننىڭ يارلىقىنى ئېلىپ كېلىپ ئاتامنى ئوردىغا باشلاپ كەتتى.

بالقىزنىڭ ئاتىسى قارا باقشى قاغاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، ياشلىقىدىن تارتىپ جەڭ ئىشلىرىدا تاۋلانغان سەنگۈن ئىدى. ئۇ دانىشمەن ۋە بىلىملىك كىشى بولغانلىقتىن، قاغان تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «قارا باقشى»[2] دېگەن نام ئىسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى.

— سۇڭۇش بولسا قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى بالقىز ئارسلاندىن كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ ئولتۇرۇپ.

— بارس تېگىن بىلەن سۇڭۇشكە بىللە بارىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدۇم، — دېدى ئارسلان.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — دېدى بالقىز. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرىلا ئەمەس، لەۋلىرىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

ئارسلاننىڭ شۇ تاپتا بالقىزنىڭ يىپەكتەك يۇمشاق دولقۇندسىمان قوڭۇر چاچلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئوينىغۇسى، ئۇنىڭ تاڭ شەپىقىدەك قىزارغان مەڭزلىرىگە سۆيگۈسى، ئەڭ شېرىن سۆيگۈ سۆزلىرىنى قۇلىقىغا پىچىرلىغۇسى كېلەتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ بۇنىڭغا يول قويمايتتى. يىگىت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىنى قىزغا ئۇزارتالمايتتى. ھەرقانداق ئەھۋال

① سەنگۈن — قوماندان، گېنېرال (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).
② قارا باقشى — چوڭ ئالىم (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

ئاستىدا چىن سۆزنى يۇرەكلىك سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن چۆل ئوغلى ئەمدى قىزنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغۇدەك بىرەر سۆزنىمۇ تا-پالمايتتى.

— قارا باقشى ئۆگە[1] ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قو-شۇلارمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىر خورسىنىپ.

بالقىز دەرھال جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قارا باقشى ئۆز قىزىنىڭ بىر ئاد-دىي ئوۋچى يىگىت بىلەن ۋەدىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خېلى خاپا بولغانىدى. ئۇ ھەتتا بىر قېتىم بالقىزنىڭ ئانىسىغا: «بالقىز بىر ۋەزىرنىڭ قىزى، ئۇنىڭ لايىقى ئوردا ئىچىدىن بولۇشى كېرەك!» دېگەنىدى. بۇ گەپنى ئۇ ئاتايىن بال-قىزنى ئاڭلىسۇن دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەھدىت تەلەپپۇزىدا ئېيتقانىدى. شۇنىڭدىن بېرى بالقىز ئاتىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇ بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ: «ئاتام ئارسلاننى يامان كۆرمىسۇن، ئۇ ۋىجدانلىق، ئەقىللىك، باتۇر يىگىت. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن. ئەگەر ئۇ قاغان-نىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلاشسا چوقۇم يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقى-دۇ» دەپ يالۋۇرغانىدى. ئانىسى قىزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ھەسرى-تىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بالقىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۇنى باغرىغا باستى، قارا باقشى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دەپ تەسەللى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بالقىزنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتىسىنىڭ تېخىچە ئۆز پەيلىدىن ياذ-مىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىئارام بولاتتى.

بۇ گەپلەرنى ئۇ ئارسلانغا قانداقمۇ ئېيتالىسۇن! ئۇ پەرد-شانلىققا تولغان مەسۇم كۆزلىرىنى يىگىتتىن قاچۇرۇپ، بېشىنى

① ئۆگە — تەجرىبىلىك، دانىشمەن دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ياشانغان كى-شىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەن سالدى ـ دە، ئۆز چىرايىغا يەنە بۇرۇنقىدەك خۇش تەبەسسۇم بېرىشكە تىرىشتى ۋە گەپنىڭ ئاخىرىنى ئويۇنغا ئۆزگەرتەۋېتىش خىيالىدا ئالدىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئۆستەڭگە ئېڭىشىپ، قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئارسلاننىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى. لېكىن، ئارسلان بۇ چاقچاقنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ بالقىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئېيتقىنا، بالقىز، — دەپ ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى ئۇ، — ئاتاڭ قوشۇلامدۇ؟ ئېيتقىنا! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

— ئەگەر قوشۇلمىسا قانداق قىلىسەن؟

بوش ئاۋازدا ئېھتىيات بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئارسلانغا گوياكى ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىلغاندەك تەسىر قىلدى.

— سېنى ئەپقاچىمەن! — دېدى ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن قەتئىيلىك بىلەن.

— سېنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتىم، — دېدى بالقىز ئويچان كۆزلىرى بىلەن يىراقلارغا قاراپ. ئاندىن ئۇ ئارسلان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ يېڭىنى چىڭ تۇتۇۋالدى ۋە كۆزلىرىگە تىكىلىپ، يالۋۇرغان ئاھاڭدا ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— لېكىن، سەن ئاتامنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ... ئۇ ئاخىر بىزگە ماقۇل بولىدۇ ... ئانام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرىدۇ. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يامان بولغىنى بىلەن يۈرىكى يۇمشاق. ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ماڭا قارا، ئارسلان، ماڭا قارىغىنا، سۆزۈمگە ئىشەن، ئۇ كېيىنچە سېنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ ... سەن ئاتامغا خاپا بولما، خاپا بولامسەن؟

— ياق، — دېدى ئارسلان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن ... سېنىڭ ئاتاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلەيمەن.

— ئاھ، ئارسلان، — دېدى بالقىز بېشىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، — سەن نېمىدېگەن ياخشى!

ئۇلار ئوتلۇق سۆيگۈ لەززىتى ئىچىدە گاھ ھاياجانلىنىپ، گاھ مۇڭلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلەشتى، بىر - بىرىگە ۋەدىلەرنى بېرىشتى.

* * *

تۇڭا بىلگە قاغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىگە قارشى يۈرۈشكە ئاتلىنىشقا پەرمان چىقارغان كۈنى تاڭ سەھەردىلا ئوردا ئالدىغا قوشۇن ۋە ئۇلارنى ئۇزاتقۇچى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار توپ-لىنىشقا باشلىدى. ئۇزاتقۇچىلارنىڭمۇ كۆپ قىسمى قوراللىق ئى-دى. ھەممىدىن كېيىن بارس تېگىن ئۆز نۆكەرلىرىنى باشلاپ ئوردا ئىچىدىن تىزىلىپ چىقتى. ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ كې-لىۋاتقان بارس تېگىنگە خالايىق ھۆرمەت بىلەن يول بوشىتىپ بېرەتتى. نۆكەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئارسلان ھە دەپ ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان چىلان تورۇق ئارغىماقنىڭ تىز-گىنىنى تارتىپ - تارتىپ قويۇپ، ئىنتىزارلىق كۆزلىرى بىلەن كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. ئاخىر ئۇ كىشى-لەر ئارىسىدا ئۆز ئاتىسىنى كۆردى. چاچ - ساقاللىرى كۈمۈش-تەك ئاقارغان پېشقەدەم جەڭچى ئالپ قايىمدۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ئوغلىغا قاراپ تۇراتتى ۋە «كۆردۈڭلارمۇ، مېنىڭ ئوغلۇمنى !» دېگەندەك قىلىپ ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ قوياتتى. ئارسلان ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

قاغاننىڭ بۇيرۇقلىرى جاكارلىنىدىغان نەقىشلىك ئازادە راۋاق ئەتراپىدا قوراللانغان ئاتلىق تارخانلاردىن تەشكىل تاپقان ھۆرمەت قاراۋۇلى تىزىلىپ تۇراتتى. بارس تېگىن نۆكەرلىرىنى باشلاپ شۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ، قوراللىق ئاتلىق ئاياللار سېپىگە قاتارلاشتى. ئارسلان ئاياللار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى رېتى-دە بارس تېگىنىنىڭ ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچلىق گۈزەل خوتۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۇمۇش تۇزۇن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەلەم قاشلىق ئوماق بالقىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، قول ئىشارىتى بىلەن تېگىن ۋە نۆكەرلەرنى قارشى ئالدى.

— بالقىز، سەنمۇ چىقتىڭمۇ؟ — دەۋەتتى ئارسلان ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە.

— بىزنى سۈكۈشتىن قورقىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ كېرەك بولغاندا كەينىڭلاردىن بىزمۇ بارىمىز، — دېدى بالقىز نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

بارس تېگىن نۆكەرلىرى بىلەن كېلىپ تارخانلارنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدى.

دەل شۇ چاغدا كاناي ۋە دۇمباقلارنىڭ جاراڭلىق ساداسى ياڭرىدى. تۇڭا بىلگە قاغان ۋەزىر سەنگۈنلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقتا چىقتى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا خوتۇنى ئاي بىلگە قاتۇن[①]، يەنە بىر يېنىدا ئەقىلدار قارا باقشى ھازىر بولدى. بارلىق كىشىلەر چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە قاغاننىڭ سۆزىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ھەممە كۆزلەر قاغاننىڭ قاۋۇل قەددىگە تىكىلگەنىدى. قاغان ئۇچىسىغا تاۋار تون كىيگەن، بېشىغا تاۋار ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قويۇق ئۆسكەن سارغۇچ ساقال - بۇرۇتىغا ئەمدىلا ئاق سانجىغان، ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ نۇرى سىڭگەن كۆكۈچ كۆزلىرى ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىن كىشىلەر توپىغا ئىشەنچ ۋە غەيرەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. قاغان قوشۇن ۋە خەلققە قىسقىچە سەپەرۋەرلىك نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلاندى.

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇن تارتىپ ئېلىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — مەن كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئېسەنلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ياۋۇزلارغا قارشى ئىدىق سۈكۈش[②] ئېلان قىلدىم. ئۇلار بىزنى يېڭەلمەيدۇ.

---

① قاتۇن — خانىش (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

② ئىدىق سۈكۈش — مۇقەددەس جەڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

بىز چوقۇم يېڭىمىز. كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى شۇنداق، تاغ بىزنىڭ ئاتىمىز، يەر بىزنىڭ ئانىمىز[1]. تاغ ئاتا بىزگە يۆلەك بولىدۇ، يەر ئانا بىزگە كۈچ بېرىدۇ.

تۇڭا بىلگە قاغان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئۆز سۆزىنى جەڭگە چاقىرىش شوئارى بىلەن ئاياغلاشتۇردى:

— كۆكتە تەڭرى، يەردە باتۇر!

مىڭلىغان تىغلار ئېگىز كۆتۈرۈلدى، مىڭلىغان كۆكرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىققان شوئار كۆك ۋە يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى:

— كۆكتە تەڭرى، يەردە باتۇر!

شۇنىڭدىن كېيىن، تۇڭا بىلگە قاغان قوشۇنىنى باشلاپ يۇرۇشكە ئاتلاندى. ئۇزاتقۇچىلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ باردى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئارقىدا قالدى.

— يولۇڭلار قۇتلۇق بولسۇن! — ئۇزاتقۇچىلارنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتىن تۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

ئارسلان بارس تېگىننىڭ نۆكەرلىرى قاتارىدا ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى ئاتىسى بىلەن بالقىزدا ئىدى. بالقىز بىلەن ئايرىلىش ئالدىدا ئايرىم خۇشلىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇشتۇمتۇت بالقىزنىڭ ئۇنى چاقىرغان تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ گويا يۈرىكىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ شۇ هامان سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئېتىنى توختاتتى ۋە قوشۇننىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بالقىزنى كۆردى. بالقىزنىڭ ئېتى ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ ئارسلاننىڭ ئېتىغا ياندىشىپ توختىدى. قىزنىڭ كۆكسى نېپىز يىپەك كۆڭلەكنىڭ تېگىدە بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەپ تۇراتتى. مەڭزلىرى ۋە لەۋلىرى هاياجاندىن بىرئاز تاتىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ياشقا تولغان يوغان كۆزلىرى يىگىتنىڭ مەردانىلىك ئەكس ئې-

① قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە ئاشۇنداق ئەقىدە بار ئىدى.

تېپ تۇرغان قارا كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ قارايتتى. ئاخىر ئۇ ئۈن چىقماستىن قويىنىدىن چىرايلىق كەشتىلەنگەن شايى ياغلىقىنى چىقاردى ـ دە، قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئارسلاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھەمدە بوش ئاۋاز بىلەن:

— تەڭرى سېنى ئېسەن قىلسۇن، سۆيگۈمىزنى ئۇماي① ساقلىسۇن! — دېدى ـ دە، يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئېتىنى ئارقىغا بۇرىدى ۋە يەنە ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپ قالدى.

ئارسلان خۇددى سېھىرلەنگەندەك قىمىر قىلماي ۋە بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئېيتىشقا ئۈلگۈرمەي قىزنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن قوشۇننى قوغلاپ يېتىپ، ئاتلىرىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان نۆكەرلەر ئارىسىدىن ئۆز ئورنىنى ئىگىلىدى.

قوشۇن مېۋىزارلىق باغلارنى، بۇغداي ئېتىزلىرىنى، يىلقا، قوي ۋە كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرگەن يېشىل مەخمەلدەك يايلاقلارنى كېزىپ ئۆتۈپ، پايانسىز يېيىلغان چۆلگە چىقتى. ئۆز يولىدىكى ھەرقانداق قەبىلە ۋە تائىپەلەرنى باستۇرۇپ، ۋەيران قىلىپ كېلىۋاتقان قۇدرەتلىك دۈشمەن بىلەن بولىدىغان ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قەدەممۇقەدەم يېقىنلاشماقتا ئىدى. پۈتكۈل ئەتراپقا داڭقى كەتكەن چۆل تولپارلىرىنىڭ② تۇياقلىرى ھەيۋەتلىك دۈپۈرلەيتتى. تۇڭا بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ قاۋۇل ۋە چىرايلىق ئاق ئېتى ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، سۈكۈت ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىشقا ئالدىراۋاتقاندەك ھامان ئالغا قارايتتى. قاغاننىڭ شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلۇغۋار، مەغرۇر تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىگە ۋە قوشۇنىغا قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى پەملەشكە بولاتتى.

① ئۇماي — قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى.

② ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاتلىرى پۈتۈن شەرق دۇنياسى بويىچە مەشھۇر ئىدى.

قاغانغا بىردەم ياندىشىپ، بىردەم سەل ئارقىدا قېلىپ كېلىۋاتقان قارا باقشى چەكسىز ئۇپۇققا كۆز تىكىپ خىيالغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ بارس تېگىنگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئارسلانغا بىرنەچچە قېتىم كۆز تاشلاپ قويدى. بالقىز بىلەن بۇ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى قارا باقشى مۇۋاپىق تاپمايتتى. «بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئارسلان بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن يالتايتىش كېرەكمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنداق قىلماي بولمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.» ئەمما، قارا باقشى ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئەلنى قوغداش ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتكە مۇنداق غەيرىي مۇئامىلىدە بولۇشتىن بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۆز ئىچىدە: «قېنى سوقۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ قويدى - دە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئارتۇق ئويلىماسلىققا تىرىشتى.

ئارسلانمۇ قارا باقشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماقچى بولغاندەك، ئارىلاپ ئۇنىڭغا قاراپ قويماتتى. «سوقۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن بۇ ھەقتە بارس تېگىنگە سۆز ئاچىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭ قارا باقشى ۋەزىر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈرۈشنى ئۆتۈنىمەن. لازىم تېپىلسا، ئۆزۈممۇ بېرىپ ئۇنىڭغا باش ئۇرىمەن. ئەگەر رەت قىلسا بالقىزنى ئېلىپ قاچىمەن.» شۇ قارارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغاندىن كېيىن، ئارسلانمۇ بۇ ھەقتە ئويلىماسلىققا تىرىشتى. ئۇ پات - پاتلا قولىنى قوينىغا تىقىپ، بالقىز يادانامە قىلغان ھېلىقى قول ياغلىقنى يۈرىكىگە چىڭ بېسىپ قوياتتى.

قوشۇن ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر كەڭرى تۆپىلىككە كېلىپ توختىدى. تۇڭا بىلگە قاغان شۇ يەردە بارگاھ قۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

* * *

ئۈچ يۈز كىشىلىك چارلىغۇچىلار ئەترىتى ئاتلىرىنى قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ قايتىپ كەلدى ۋە زۇلقەرنەينىنىڭ زەربىدار قىسمى يېقىنلاپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. تۇڭا بىلگە قاغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەزىر، تارخان، يابغۇ، سەنگۈنلەرنى چاقىرتىپ جىددىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا بىر بۆلەك قىسىمنى ئەۋەتىپ، زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش قارار قىلىندى. قاغان توسۇپ زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى بارس تېگىن باشچىلىقىدىكى تۆت مىڭ كىشىلىك ياشلار قوشۇنىغا تاپشۇردى. بۇ چاغدا ۋەزىر قارا باقشى سۆز ئالدى.

— تەڭرى تۇغمىش تۇڭا بىلگە قاغان، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ، — سىز زۇلقەرنەيننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئۆگەنىمۇ؟ — دەپ سورىدى قاغان.

— ھەئە، — دېدى قارا باقشى بېشىنى لىڭشىتىپ[1].

قاغان بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— سىز ئۆزىڭىز بارسىڭىز قانداق، قارا باقشى ئۆگە؟ — دەپ سورىدى.

قارا باقشى بۇ پىكىرنى بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قارا باقشىنىڭ ئىسمىغا «ئۆگە» دېگەن ئاتاق قوشۇلدى ۋە بۇ ئاتاق كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئۇنۋان سۈپىتىدە ئۆزلىشىپ قالدى.

يىغىندىن كېيىن قارا باقشى ئۆگە بارس تېگىنگە مەسلىھەتچى بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

يول بويى بارس تېگىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي كەيپىيا-

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ توم 122 ـ بەتكە قارالسۇن.

تىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، پات ـ پات ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ كۆزەتكەنسېرى ئەسكەرلەرنىڭ روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى. ئۇ ئېتىنى سەل ئاستىلىتىپ، ئارقىدا كېلىۋاتقان ئارسلانغا يانداشتى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— قانداق، يىگىت ؟ زۇلقەرنەيىننىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك[1] ئەسكەرلىرىنى جەرەن ئاتقاندەك ئاتالامسەن ؟

ئارسلان بۇ سوئالدىن رەنجىگەندەك بىر خىل قىياپەتتە بارس تېگىنگە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— بىز ئىككىمىز چۆلدە ئۇچراشقان ھېلىقى كۈنى مېنىڭ جەرەننى قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى كۆرمىگەنىدىڭ. ئەمدى قوش مۈڭگۈزلۈك قىئات[2]لارنى قانداق ئاتىدىغانلىقىمنى، قانداق چاپىدىغانلىقىمنى سۆڭۈش بولغاندا كۆرىسەن !

بۇ سۆزلەردىن بارس تېگىننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئارسلانغا قاراپ قويدى. دەل شۇ چاغدا بىر چارلىغۇچى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى ئالدى تەرەپتە — قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ چوڭ تاغنىڭ نېرىقى چېتىدە قونالغۇغا توختىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بارس تېگىن قوشۇننى توختاپ دەم ئېلىشقا بۇيرۇدى. قاش قارىيىشقا باشلىغانىدى. تېگىن قارا باقشى ئۆگەننىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تۈن نىسپىگىچە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇپ، كېچىدە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەسكەرلەر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىنى قوي تېرىلىرى بىلەن مەھكەم تېڭىپ، ھېچقانداق تاۋۇش چىقارماسقا تىرىشىپ، دۈشمەن لاگېرىغا قاراپ

---

① زۇلقەرنەيىن دېگەن سۆز ئەرەبچە «قوش مۈڭگۈزلۈك» دېمەكتۇر. يۇنان (قەدىمكى گىرېتسىيە) پادىشاھى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئەرەب ئەللىرىنى ئىشغال قىلغاندا، ئەرەبلەر ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسىغا قاراپ ئۇنى «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» يەنى، «قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» دەپ ئاتىشىۋالغان.

② قىئات — قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى بىر ئەپسانىۋى يىرتقۇچ مەخلۇق.

يول ئالدى.
يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىل ئىدى. مەخپىي چارلىغۇ-
چىلار دۈشمەن لاگېرىدا ھېچقانداق شەپە يوق ئىكەنلىكىنى يەت-
كۈزۈشتى.
بارس تېگىنىنىڭ ئاتلىقلىرى نىشانلانغان تاغ باغرىغا يې-
تىۋالغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىغا تېڭىلغان قوي تې-
رىلىرىنى يېشىپ تاشلىۋېتىپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىدى -
دە، ئاتلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى. دۈشمەن چېسەكچىلىرى
بۇ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن پايپېتەك بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تى-
لىدا ئاللىنېمىلەرنى توۋلىشىپ كېتىشتى. زۇلقەرنەين ئەسكەر-
لىرى يۇقىرى دەرىجىدىكى ئۇرۇش ھالىتىدە يېشىنمەي، قورال -
ياراغلىرىنى تەخ قىلىپ قويۇپ ياتقانىكەن. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن
چاچراپ تۇرۇشۇپ ئۇپۇل - توپۇل ئاتلىنىشقا كىرىشتى. بۇ
چاغدا تېگىن ئەسكەرلىرى گوياكى قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەل-
دى. بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇر - يىقىت باشلىنىپ كەتتى.
ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا گۈلخانلار چېچىلىپ، قىپقىزىل
ئۇچقۇنلار كۆتۈرۈلەتتى. تۇياقلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرلىرى، ئاتلار-
نىڭ كىشنەشلىرى، قىلىچلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇشۇپ «جاڭ -
جۇڭ» قىلغان سادالىرى ۋە يارىدارلارنىڭ داد - پەريادلىرى پە-
لەكنى قاپلاپ كەتتى. بۇ چېپىشماق ئۇزاققا سوزۇلمىدى. زۇلقەر-
نەين ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆز لاگېرىدىن چېكىنىپ
چىقىشقا باشلىدى. تېگىن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قەدەممۇقەدەم
قاراڭغۇ چۆلگە قىستاپ چىقارماقتا ئىدى، ئاخىر دۈشمەنلەر
بۇنداق ئۈمىدسىز جەڭدىن ۋاز كېچىپ، چۆلگە قاراپ جېنىنى
ئەپقاچتى.
جەڭ ئوتىدا قىزىپ كەتكەن ئارسلان ئېتىنى قويۇندەك چاپ-
تۇرۇپ پۈتۈن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئۆلەر - تىرىلە-
شىگە باقماي قېچىپ كېتىۋاتقان بىر يۇنانلىققا يېتىشىۋېلىپ،
قىلىچنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئېگىز كۆتۈردى - دە، بار كۈچى

بىلەن بىرنى چاپتى. ئەگرى قىلىچ يۇنانلىقنى يەلكىسىدىن كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. يۇنانلىق ئېگەردىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ بېلىگە تېڭىۋېلىنغان يوغان كۆن ھەميانىمۇ كېسىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇلاپ - تالاپ يىغىلغان تىللالىرى قانغان مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلدى.

دەل شۇ چاغدا قارا باقشى ئۆگە دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئەسكەرلەرنى قوغلاشتىن توختاشقا بۇيرۇق بەردى. دۈشمەننىڭ قالدۇق قىسمى قاچقان پېتى ئېدىرلىقلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى تۈن پەردىسىنى يىرىپ ئەتراپنى يورۇتۇشقا باشلىدى. يىگىتلەر دۈشمەننى سۈرۈشتىن توختاپ ئارقىغا ياندى. ئارسلان ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچىدىكى قان داغلىرىنى ئۆزى چېپىپ تاشلىغان ھېلىقى يۇنانلىقنىڭ چاپىنىغا سۈرتۈپ تازىلاپ قىنىغا سالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئەسكەرلەر قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئالتۇن - تىللالارنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سوراشتى.

— ئالتۇن قان، — دېدى ئارسلان ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن يېتىلەپ يىغىلىش ئورنىغا مېڭىپ كەتتى.

ئەنە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قېتىمقى كېچىلىك جەڭ بولغان يەردىكى چوڭ تاغ «ئالتۇن قان» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالدى[1].

جەڭدىن كېيىن بارس تېگىن قارا باقشى ئۆگە بىلەن باش قوشۇپ ئەمدىكى ھەرىكەت يۆنىلىشىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۆچ ئېلىش جېڭى باشلايدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى. شۇڭا، ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئوچۇق چۆلگە چىقماي، «ئالتۇن قان»دا لاگېر قۇرۇپ، قاغاننى كۈتۈشكە كېلىشتى.

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى »، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 122 - بەتكە قارالسۇن.

دېگەندەك، ئەتىسى تاڭ سەھەردە «ئالتۇن قان» دىكىلەر ئۇيۇقتا زور قوشۇننىڭ قارىسىنى كۆردى. مىڭلىغان ئاتلىقلار سەپ تارتىپ «ئالتۇن قان» تەرەپكە تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى.

تېگىن بىلەن ئۆگە ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىر قىسمىنى «ئالتۇن قان»نىڭ بىر خالىي جىراسىغا يوشۇرۇپ قويدى. يەنە بىر قىسمىغا ئارسلاننى باش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقاردى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋەزىرلىرى ۋە قوروقچىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ جەڭ مەيدانىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ يەردىن ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى بىر-بىرىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان كەڭ تۈزلەڭلىك ئالىقاندىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا «ئالتۇن قان» تېغى ئۇپۇقنى توسۇپ ياتاتتى. بۇلۇتسىز، تىنىق ئاسماندا بىرنەچچە سار ۋە بىر توپ قاغا - قۇزغۇنلار بولغۇسى جەڭدىن ئۆزلىرىگە ئولجا كۈتۈپ ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن توختاۋسىز ئالغا بېسىپ كېلىۋاتقان بىر يېرىم مىڭچە ئاتلىقلارغا قاراپ: «بۇ كىچىككىنە بىر توپ ئادەم نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ئويلايتتى، — ئۇلار بۇ زور قوشۇننى يېڭىمىز دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ باشقا بىر ھىيلىسى بارمۇ؟» يۇنان پادىشاھىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى ئويغۇر ئەسكەرلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. چۆل تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئۇنىڭ قوش مۈڭگۈزلۈك دۇبۇلغىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ساپسېرىق ئۇزۇن چاچلىرىنى ئۇچۇراتتى. ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسىنى كۆرۈشكە ھازىرلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭلەر داۋامىدا ئۇ پەقەت يېڭىشكىلا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. باشقىچە بولۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ھالبۇكى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ جەڭ مەيدانىغا جىددىيلىشىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

كۆتۈلمىگەن غەلىتە ئىشلار بولۇۋاتاتتى.
ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى دالاغا كەڭ يېيىلىپ، ئاتلىرىنى چاپ-تۇرغان پېتى ئالدىغا قارىتىپ ئوقيادىن ئوق ئۇزۇشكە باشلىدى، يۇنان ئەسكەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشى ئات ئۇستىدىن يىقىلىپ چۈشتى، يەنە بىرنەچچە ئات چاپقان پېتى موللاقلاپ چۈشۈپ يې-تىپ قالدى. ئاتسىز قالغان ئەسكەرلەر باشقا ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇشۇپ جەڭ مەيدانىدىن قاچقىلى تۇردى. ئوقلار كەينى - كەينىدىن ئۇچۇپ كەلمەكتە. يۇنانلىقلار كەينى - كەينىدىن يىقىلماقتا. ئاخىر زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرى قىستاپ كېلىپ، ئەمدى ئوقيا ئېتىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇيغۇرلار چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى. يۇنانلىقلار ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشكە ھەرقانچە كۆچەپ باقسىمۇ زادىلا يېتەل-مىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى گويا قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك قوغلىغۇچىلارنى بارغانسېرى ئارقىدا قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. قاچقۇچىلار توساتتىنلا ئارقىسىغا قارىتىپ يەنە ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى. قوغلىغۇچىلار كەينى - كەينىدىن يىقىلغىلى تۇردى.
زۇلقەرنەين ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق ئاجايىپ ماھارىتىگە ھەيران بولدى ۋە ئۆز يېنىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:
— بۇ كىشىلەر ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن، بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئې-تىپ يېيەلەيدۇ[1].
ئارسلان باشلىق يىگىتلەر ۋە ئۇلارنى قوغلىغۇچىلار «ئالتۇن قان» تېغىغا يېتىپ بارغاندا بىر جىرا ئىچىدىن ئۇشتۇمتۇت بارس تېگىن ۋە قارا باقشى ئۆگە باشلىق ئەسكەرلەر چاقماقتەك تېزلىكتە ئېتىلىپ چىقىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يان تەرىپىدىن

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 151 - بەتكە قارالسۇن.

ھۇجۇمغا ئۆتتى. قېچىۋاتقان يىگىتلەرمۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ دۈشمەن ئۈستىگە يەنە بىر تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلدى. ئىككى تەرەپ گىرەلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتتى. دەھشەتلىك قىرغىنچى-لىق باشلاندى. ئوھۇي ! بۇ شۇنداق بىر جەڭ بولدىكى، زۇلقەرنەين ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق جەڭنى كۆرۈپ باقمىغانىدى ! ھەر ئىككى تە-رەپ مىسلىسىز باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىپ، جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى. كىشىلەر بىر - بىرلىرىنى قىلىچلار بىلەن چاپاتتى، نەيزىلەر بىلەن سانجىيتتى، بەزىلىرى ئات ئۈستىدە بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، چاچ - ساقاللىرىدىن تارتىشاتتى، گاللىرىنى بوغۇشاتتى، بىر - بىرىنى ئېگەردىن يۇلۇپ يەرگە ئىرغىتىپ تاشلىشاتتى ...

— چىڭ تۇرۇڭلار، ئوغلانلىرىم ! بىز يېڭىمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى قارا باقشى ئۆگە يىگىتلەرگە مەدەت بېرىپ ۋە تالاي جەڭلەردە چېنىققان كۈچلۈك قولى بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ دۈشمەن-نى قىرىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

— ئۇر ! — دەپ ۋارقىرايتتى بارس تېگىن ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشماقچى بولۇپ ۋە ئەڭ كەسكىن ئېلىشىش بولۇۋاتقان جايلارغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى.

يىگىتلەرگە بۇنداق چاقىرىقلار ئارتۇقچە ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى گوياكى غەزەپلەنگەن قاپلان ئىدى. مانا قارا قاشلىق، قارا بۇرۇتلۇق كېلىشكەن يىگىت بۇغرا تۇڭا دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ قىلىچىنى چاقپەلەكتەك ئويناتقىلى تۇردى. زۇل-قەرنەين ئەسكەرلىرىدىن بىرسى چېكىسىگە قىلىچ يەپ ئات ئۈس-تىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى، يەنە بىرسى يېرىلغان قورسىقىنى تۇتۇۋالغىنىچە قارا يەردە يۇمىلاپ ۋە چىرقىراپ جان تالاشقىلى تۇردى. بۇ چاغدا بىر توپ يۇنانلىق بۇغرا تۇڭاغا يان تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. ئېتىلىپ كەلدى - يۇ، ئۆلگۈرەلمى-دى. قاپلاندەك قورقۇمسىز، لاچىندەك چاققان يىگىت ئىلچى بۇ بىر توپ يۇنانلىقنىڭ ئۈستىگە بوراندەك ئۇچۇپ كېلىپ ئىككى-

سىنىڭ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويدى، ئۆچىنچىسىنىڭ ئېتىنى يىقىتتى ـ دە، قالغانلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئاكا ـ ئۇكا قۇتلۇغ تەمۇر ۋە ئىل تەمۇرلەرمۇ شىددەتلىك جەڭ قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى قۇتلۇغ تەمۇر بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن، پىشقان جەڭچى ئىدى. ئۇ قىلىچۋازلىق قىلغاندا قارشى تەرەپنى ئىمكانقەدەر ھالسىرىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تېجەپ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ پەم بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى ۋە ھەر قېتىملىق قىلىچۋازلىقتا يېڭىپ چىقاتتى. ئىنىسى ئىل تەمۇر ئەمدىلا ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشقا ئۇلاشقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تېخى تۇنجى قېتىملىق جەڭگە قاتنىشىشى ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قىلىچ ئۇراتتى ھەمدە ھېلىغىچە بىرەر دۈشمەننى يىقىتالمىغىنىدىن تىت ـ تىت بولۇپ يەنىمۇ جىددىيلىشەتتى ۋە ھە دەپ ئالغا ئىنتىلىپ، دۈشمەن سېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە ئۇرۇناتتى.

— ئىل تەمۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى ئاكىسى، — ئالغا بارما، مېنىڭ ئارقامدىن يۈر!

لېكىن، بۇ ۋارقىراش قېنى قىزىق ياش بالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ ئاخىر بىر دۈشمەننى يىقىتتى ـ دە، تېخىمۇ قىزىپ كەتتى ۋە ئاكىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ بىر توپ دۈشمەننىڭ ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ بارغان پېتى قىلىچ ئۇردى. ئۇزۇن ساقاللىق، بەستلىك يۇنانلىق بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ قىلىچىنى ياندۇرۇۋەتتى. ئىل تەمۇرنىڭ تېخى كۈچكە تولمىغان نازۇك بىلىكى كەينىگە سىلكىنىپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ بىقىنىغا بىراقلا ئىككى نەيزە سانجىلدى، مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇلدى ۋە ئۇ خۇددى تۇۋىدىن چېپىپ تاشلانغان كۆچەتتەك ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى.

— ئىل تەمۇر! — دەپ ۋارقىرىدى قۇتلۇغ تەمۇر ۋە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى جان ئاچچىقى بىلەن قىرىشقا باشلىدى. ئۇ ھە دەپ ئىنىسى يىقىلغان يەرگە يېتىۋېلىشقا ئىنتى-

لەتتى. ئەمما، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ دۈشمەنلەر قورشىۋالغا-
نىدى. ھېلىمۇ ياخشى، قاپان، ئازاق، ئاتىش قاتارلىق بىر توپ
يىگىتلەر ئۆلگۈرۈپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ كەتتى. چاپە -
چاپ، ئۇرە - ئۇر بولۇپ كەتتى. قاپان باتۇر ئىككى يۇنانلىقنى
ئۇچۇقتۇرۇپ تاشلاپ، ئاخىر ئۆزىمۇ ھەر ياندىن ئۇرۇلغان قى-
لىچلارنىڭ زەربىسىدە باش - كۆزى قانغا بويىلىپ، كۆك تەڭرى-
نى ياد ئېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي جان ئۈزدى. ئازاق پالۋان بىر يۇ-
نانلىقنىڭ كاللىسىنى ئالدى، يەنە بىرسىنىڭ قارنىنى ياردى،
ئۈچىنچىسىگە قىلىچ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئارقىسىدىن بىر
نەيزە ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلدى - دە، دۈمبىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ
مەيدىسىدىن چىقىپ قالدى. ئاتىش مەرگەن تېخى يىراقتىن ئات
سېلىپ كېلىۋاتقاندىلا ئوقيا بىلەن ئىككى يۇنانلىقنى يىقىتقانىـ-
دى، يېقىن كەلگەندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن يەنە بىرسىنى يە-
قىتتى. ئەمما، شۇ ئاندا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىپ،
نەچچە يېرىدىن قىلىچ يېدى ۋە ئاتا يەرنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈككە
كۆز يۇمدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار ئاتا يەر ئۇ-
چۇن مەردلەرچە قۇربان بولدى. لېكىن، قاپان ئۆلسە، ئۇنىڭ ئور-
نىغا قاتىمىش يېتىپ كەلدى؛ ئازاق يىقىلسا، بارمان ئىز بېسىپ
كەلدى؛ جەڭ ئوتى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.
جەڭ داۋامىدا ئارسلانمۇ ئۆزىنىڭ ئارسلانلىقىنى كۆرسەتتى.
ئۇ ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ - كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئوڭ-
غىمۇ، سولغىمۇ قىلىچ ئۇرغىلى تۇردى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەر-
بىسىدىن دۈشمەنلەردىن بىرسى ئات ئۈستىدىن خۇددى شامال
ئۇچۇرتۇپ كەتكەندەك چۈشۈپ كەتتى؛ يەنە بىرسى يارىلانغان قو-
لىدىكى قىلىچنى تاشلىۋېتىپ جەڭ مەيدانىدىن بەدەر قاچتى؛
ئۈچىنچىسىنىڭ كاللىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ ئاتلارنىڭ ئا-
ياغلىرى ئاستىدا دومىلاپ كەتتى.
— يارايسەن، ئارسلان ! — دەپ ۋارقىرىدى بارس تېگىن ۋە

ئۆزىمۇ زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇجۇقتۇرۇپ، ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. بارس تېگىنمۇ ئۆزىنىڭ بارسلىقىنى[1] كۆرسەتتى.

زۇلقەرنەين قوشۇنى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى ۋە پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىشكە باشلىدى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھېلىقى تۆپىلىكتە تۇراتتى. ئۇ، ئەھۋالنىڭ چاتاق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر قىزىل ساقاللىق سەركەردىگە يېڭىدىن قوشۇن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا بۇيرۇدى. قىزىل ساقاللىق سەركەردە زاپاستا تۇرغان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

بارس تېگىن ۋە ئارسلان يېڭىش بىلەن قاناتلانغان يىگىتلەرنى باشلاپ، ئۇلارغا ئۇدۇلدىن توسۇپ قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئاي‍ھاي ! باتۇرلارنىڭ باتۇرلىرىنى ئەمدى كۆرۈڭلار !

— ئۇرە !

— ئۇر ! — دەپ ۋارقىرىشاتتى يىگىتلەر، ئۇلار خۇددى توختىتىپ بولمايدىغان كەلكۈندەك ئۆز يولىدا ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ، يىقىتىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى ۋە بىر دەمدىلا دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

يۇنان قوشۇنىنىڭ قىزىل ساقاللىق سەركەردىسى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېيتقۇسىز ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى.

— ئادەممۇ بۇلار، دىۋىمۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تۇزۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قېچىشقا يۈزلەندى. بۇ ئارىدا ئارسلان ئۇنىڭ ئىككى قورۇقچىسىنى چېپىپ تاشلىدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىۋېلىپ، گەجگىسىدىن «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋالدى ـ دە، بىرلا سىلكىپ ئېگەردىن يەرگە تاشلىۋەتتى. قىزىل ساقاللىق سەركەردە ئورنىدىن تۇراي دېگۈچە

---

[1] بارس — يولۋاس (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارسلان ئۇنىڭ گېلىغا نەيزە ئۇرۇپ يەرگە مىخلاپ قويدى. قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماستىن:

— ياشا، ئوغلۇم! — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئارسلاننىڭ بالقىز بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىغا نارازى بولغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. «ھېلىمۇ ياخشى، ئارسلانغا بۇ ھەقتە بىرەر قوپال گەپ قىلىپ قويماپتىمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇ ھەقىقەتەن تارخان① بولۇشقا لايىق يىگىت ئىكەن.»

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە ۋەھىمە بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى خۇددى ئېگىز ئاسماندىن ئوۋ ئۈستىگە ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان بۈركۈتلەرگە ئوخشايتتى. ئەمدى ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا ھېچقاچان ئامال يوق ئىدى.

ئاخىر زۇلقەرنەيىن ئالدىراش ئاتلىنىپ، مەغلۇبىيەتتىن روھى چۈشكەن قوشۇنىنى باشلاپ چېگرادىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

* * *

تۇغا بىلگە قاغان غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى «ئالتۇن قان»دىكى بارگاھتا قىزغىن قارشى ئالدى ۋە جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن جەڭچىلەرنى پۈتۈن قوشۇن ئالدىدا تەقدىرلىدى. قارا باقشى ئۆگە بىلەن بارس تېگىننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە جەڭگە قاتناشقان بارلىق جەڭچىلەرنىڭ بىر ئېغىزدىن تەستىقلىشى ئارقىلىق ئارسلان ئالاھىدە ئىنئامغا ئېرىشتى ھەمدە تارخان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، بىر بۆلەك قوشۇنغا قوماندان بولدى.

شۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەنە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن يالتىيىپ، تۇغا بىلگە قاغان بىلەن

① تارخان — ھەربىي ئۇنۋان.

سۇلهى تۇزدى.

سۇلهى ئاياغلىشىپ تۇرۇشىغا، ئاستانىدىن ئەزىز مېهمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشتى. بارس تېگىن دەرهال ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆز ئانىسى ئاي بىلگە قاتۇن، خوتۇنى كۇمۇش تۇزۇن ۋە قارا باقشى ئۆگەنىڭ قىزى بالقىز تەرىم باشچىلىقىدىكى مېهمانلارنى كۇتۇۋالدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئارسلاننىڭ ئاتىسى پېشقەدەم جەڭچى ئالپ قايىمدۇمۇ بار ئىدى. ئۇلار «ئالتۇن قان»دىكى غەلىبە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز قوشۇنىنى قۇتلۇقلاش يۇزىسىدىن قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

شۇ كۇنىلا بارس تېگىن ئانىسى ۋە خوتۇنى بىلەن مەسلىهەتلەشكەندىن كېيىن، ئالپ قايىمدۇ بىلەن بىرلىكتە ئارسلاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ قارا باقشى ئۆگەنىڭ ئالدىغا كىردى. قارا باقشى ئۆگە دوستانە كەيپىيات ئىچىدە رازىلىق بىلدۇرۇپ، قۇدا ۋە ئەلچىگە بىردىن شايى تون تارتۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە تەڭرى تۇغمىش تۇڭا بىلگە قاغان ۋە ئاي بىلگە قاتۇن هۇزۇرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قاغان بىلەن قاتۇنمۇ بۇنداق قۇدىلىشىشقا رازى بولدى. بۇ ئىش ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقتى. قارا باقشى ئۆگە ئارسلاننىڭ شۇ قەدەر مەرد، جەسۇرلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە كۇيۇ ئوغۇل بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە قايىل بولغانىدى. تۇڭا بىلگە قاغان ئەل ئۇچۇن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بۇنداق باتۇرنىڭ ئوردىغا يېقىن بولۇشىنى خوپ كۆردى. بارس تېگىن ئارسلان بىلەن بىر قاچىدىن قىمىز ئىچىشىپ ئۆمۇرلۇك ئاداش بولدى. باتۇرلارنىڭ قەدرىنى باتۇرلار بىلىدۇ! ئۇلار توي مۇراسىمىنى مۇشۇ «ئالتۇن قان»دا ئۆتكۇزۇشكە كېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، داغدۇغا ئىچىدە توي بولدى. يىگىتلەر ئارسلانغا تاۋار تون كىيدۇرۇشتى، قىزلار بالقىزغا ئالتۇن ۋە ئۇنچىدىن ياسالغان گۇل تاج كىيدۇرۇشتى. مۇراد — مەقسەتلىرىگە يەتكەن يىگىت بىلەن قىز چەكسىز بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

چىملىق ئۈستىگە ھازىرلانغان سورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بارس تېگىن بىلەن كۆمۈش تۈزۈن ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. توي سورۇنىدا جەم بولغانلارنىڭ ھەممىسى يىگىت ـ قىزنى خۇشال ـ خۇرام تەبرىكلەشتى:

— باتۇر ئارسلان تارخانغا قۇت بولسۇن!

— گۈزەل بالقىز تەرىمگە قۇت بولسۇن!

جەڭچىلەر ئاياق[1]لارغا مەي تولدۇرۇپ ئىچىشتى ۋە پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ كەلتۇرۇپ جەڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىشتى. بىر توپ يىگىت ـ قىزلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، يەرنى تېپىپ، ئۆملۈك ئۇسسۇلىنى ئويناشتى ...

چوڭ ـ چوڭ چېدىرلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرغان ئاقساقاللار قىمىز ئىچىشىپ يىگىتلەرنى ماختىشاتتى ۋە ئۆزلىرى ياش چاغلىرىدا قاتناشقان شانلىق جەڭلەرنى ئەسلىشەتتى.



① ئاياق — ھاراق ئىچىدىغان قاچا، قەدەھ.

ئابدۇراخمان ئەبەي

# ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا بولار

كەچ پېشىنگە يېقىن قاتناش قورۇسىغا كىرىپ كەلگەن يو-لۇچىلار ئاپتوبۇسىدىن ئۇستىبېشىغا چاڭ ـ توزان قونغان، ھار-غىن چىراي ئادەملەر ئالدىراپ چۈشۈپ، يۈك ـ تاقلىرىنى ئۈش-نىلىرىگە ئارتىپ، ھەر تەرەپكە تارقاشقا باشلىدى. ئاپتوبۇستىن ئەڭ ئاخىرىدا ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئۇزۇن بويلۇق بىر موماي چۈشۈپ كەلدى. ئۇ بېشىغا قارا رومال ئارتقان، ئۇچىسىغا تۈز ياقىلىق قارا چاپان بىلەن ئېتەكلىرى كەڭ چىت كۆڭلەك، پۇتىغا مايسىراپ ئاقىرىپ كەتكەن مەسە ـ كالاچ كىيگەنىدى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئۇستىدە يۈك ـ تاق چۈشۈرۈۋاتقان بالىغا ئېيتىپ بىر خۇرجۇننى سۇنۇۋالدى ـ دە، بىر چەتكە بېرىپ ئۇنىڭ توپا ـ چاڭلىرىنى قېقىشتۇردى، كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇستىباشلىرىنى بىر قۇر قېقىشتۇرۇپ تۈزىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق ۋە سەھرا ئاياللىرىغا خاس بىر خىل ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ-نىڭ ھەمراھلىرى قورۇدىن چىقىپ بولدى. لېكىن، ئۇ قايان مې-ڭىشنى بىلەلمەي بىرپەس ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرۋازى-دىن چىقىپ يان تەرەپتە ھارۋا تۇتۇپ تۇرغان بىر كىراكەشنىڭ ئالدىغا باردى:

ــ ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويامىلا، ئۇكام، ــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ ئوغۇللىرى نەدە ئولتۇرىدۇ؟ ــ كىراكەشمۇ قىرىق

ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ياداڭغۇ كىشى ئىدى.
— مۇشۇ ئۇرۇمچىدە تىلماچلىق قىلىدۇ، ئېتى ساۋۇر ئاخۇن.
— بۇ شەھەردە ساۋۇراخۇن دېگەن ئادەم تولا، قايسى ئىدارىدە ئىشلەيدۇ؟ — دېدى كىراكەش قوپاللىق بىلەن.
— ۋاي ... مەن نەدىن بىلەي، مۇشۇ يانچۇقۇمدا ئەۋەتكەن خېتىنىڭ لېپاپى بارغۇ! — ئۇ يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ پۇرلىشىپ كەتكەن بىر كونۋېرتنى ئالدى - دە، كىراكەشكە سۇندى.
كونۋېرت ئۈستىگە «... 7 - كوچا، 276 - قورۇ، 3 - بىنا» دەپ يېزىلغانىدى. كىراكەش خۇرجۇننى ھارۋىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ھارۋىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.
— ياقەي ئۇكام، ئادەمنى ئادەم سۆرىسە يامان بولىدۇ، — ئايالنىڭ چىرايى ئۆڭدى ھەم قولىنى سىلكىپ رەت قىلدى.
— ھوي، چىقسىلا دەيمەن، خېلى ئۇزۇن يەر ئۇ، ھېرىپ قالىلا، — كىراكەش ھارۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ كەلدى.
— ياقەي، ئوغلۇمنىڭ ئۆيىنى تېپىپ بەرگەنلىرىگىمۇ يۈز مىڭ رەھمەت، — ئايال ھارۋىنىڭ بىر شوتىسىنى قولىغا ئالدى - دە، كىراكەشتىن بۇرۇنلا ھارۋىنى سۆرىگىلى تۇردى.
چوڭ يولدا ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. كىراكەش ئۆز يېنىدا خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش گۈرسۈلدەپ مېڭىۋاتقان بۇ ياشانغان ئايالنىڭ پۈتۈن نەرسىلەرگە ھەيرانلىق ۋە بىر خىل زوقلىنىش بىلەن قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا گەپ باشلىدى:
— ھاما، قەيەردىن كەلدىلە؟
— قەشقەردىن.
— ئىسىملىرى نېمە؟
— سىپىرىخان.
كىراكەش بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:
— ئوغۇللىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگە نەچچە يىل بولدى؟
— يەتتە يىل بولدى، كادىر بولغىلى ئۈچ يىل بولدى. بۇل-

تۇر بىر ئارتىس قىزغا ئۆيلىنىۋاپتۇ.
— يانلىرىدا يەنە باشقا بالىلىرى باردۇ؟
— يوقسۇ، مۇشۇ بىرلا بالا، دادىسى رەھمەتتى قازا بولغىلى سەككىز يىل بولدى، دادىسى قازا بولۇپ ياندۇرقى يىلى بۇ بالام ئوقۇشقا يېنىپ كەلگەن، دىدار كۆرۈشمىگىنىمىزگە تۆت يىل بوپتۇ دېسىلە.
كىراكەش لاپپىدە ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى:
— ئەمدى ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالىدىكەنلىدە؟
— خۇدا رىزقىمنى يۆتكىگەن بولسا، ئوغلۇم بىلەن كېلىمىنىڭ ئالدىدا نەۋرەمنى بېقىپ، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەرمەن.
ئايالنىڭ ھارغىن چىرايىدا بىر خىل مەمنۇنىيەتلىك جىلۋىلەندى.
ئۇلار بىر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن چوڭ بىر دەرۋازىدىن كىرىپ، 1 ـ، 2 ـ بىنادىن ئۆتۈپ 3 ـ بىنانىڭ ئالدىدا توختىدى.
بىنا بەش قەۋەتلىك بولۇپ ناھايىتى ئېگىز ھەم كۆركەم ئىدى. ھەرقايسى ئائىلىنىڭ گۈل تەشتەكلەر قويۇلغان لەمپىسىدە كەچلىك غىزانى يەۋاتقان كىشىلەر بىنا ئالدىغا كېلىپ توختىغان كىرا ھارۋىسى بىلەن يوچۇن ئايالغا بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى، مومايمۇ لەمپىدىكى كىشىلەرگە بىر قۇر كۆز تاشلاپ چىقتى، لېكىن ئوغلىنى تاپالمىدى.
— كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ — ئىككىنچى قەۋەتنىڭ لەمپىسىدە بالىچاقىلىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغان ئاقباش كىشى ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى.
— ساۋۇر ئاخۇننى ! — دېدى كىراكەش.
— بۇ بىنادا ساۋۇرئاخۇن دەپ ئادەم يوق.
— ئادرېسىدا مۇشۇ بىنا يېزىقلىق تۇرىدىغۇ ؟ — كىراكەش لېپاپنى ئۇنىڭغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى.
— قەيەرلىك ئادەم، ئەمىسە ؟

— قەشقەرلىك، تەرجىمان بالا.

— ھە، ساۋۇرجان دەڭا، ساۋۇرجان، ھوي ساۋۇرجان، مېھمان كەپتۇ، — ئاقباش كىشى بىنانىڭ ئۈستىگە قاراپ ۋارقىرىدى.

بىنانىڭ ئەڭ چېتىدىكى 5 ـ قەۋەتنىڭ لەمپىسى باشقا لەمپىلەردىن ئالاھىدە بولۇپ، ھەشقىپىچەكلەر پىلەك تارتىپ، تەشتەكلەردىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

لەمپىدىكى گۈللەر ئارىسىدىن بىر يىگىتنىڭ بېشى كۆتۈرۈلدى ـ دە، پەسكە قارىدى. موماي ئۇنى تونۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋاي ساۋۇرئاخۇن بالام، مەن كەلدىم، تىنچلىقمۇ بالام، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟...

يىگىت «ئانا» دەپ توۋلىدى ۋە لەمپىدىن غايىب بولۇپ بىر ئازدىن كېيىن 1 ـ قەۋەتنىڭ ئىشىكىدىن ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك يىگىت بىلەن زىلۋا، ئاقپىشما، بۇدۇر چاچلىق چىرايلىق بىر قىز ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئايال ئوغلى ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋالدى. پۈتۈن لەمپىدىكىلەر، ھەتتا ئۆيدىكىلەرمۇ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ ھويلىغا قاراشقا باشلىدى. ساۋۇر خىجىل بولغىنىدىن دەسلەپ يەرگە قارىۋالدى. كېيىن ئانىسىنى جىمىلەشكە باشلىدى. ئانا بىرئازدىن كېيىن ساۋۇرنى قويۇپ كېلىنىگە ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ، قوشاق قوشۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ بۇ يىغىسى بىلەن پۈتۈن ھەسرەت ۋە شادلىقلىرىنى تۆكۈۋاتاتتى. كېلىنىمۇ خىجىل بولغىنىدىن قىزىرىپ كەتتى ۋە يانچۇقىدىن بىر ئاق ياغلىقنى ئېلىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەن بولدى. موماي بولسا ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ تۆكۈلمەكتە ھەم ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ مەھكەم باسماقتا ئىدى.

ساۋۇر ئانىسىنىڭ پېشىدىن تارتىپ يىغىسىنى توختاتتى ـ دە، ئۆيگە باشلىدى.

موماي كېلىنىگە ئەگىشىپ بىنانىڭ تار ئىشىكىدىن سىقىـ

لىپ كىرىپ كەتتى.

* * *

سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قوش كىشىلىك كا-رىۋات قويۇلغان، ياندا بىر ئۈستەل ۋە ئىككى ئورۇندۇق. ئىشىك-نىڭ يېنىدا كىيىم ئاسقۇچ تۇراتتى. ئۆي جابدۇقلىرى ئاددىي ۋە ئىخچام ئىدى. لېكىن، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي بولسا ئالاھىدە زىنن-نەتلەنگەنىدى: ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا ئۇدۇل تامغا كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم تارتىلغان بولۇپ، گىلەمنىڭ ئاستىغا چوڭ ساندۇق، ساندۇق ئۈستىگە بىر خورۇم چامادان بىلەن يەنە بىر سىيرىتمىلىق قىزىل چامادان قات ـ قات قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا ئەينەكلىك ئىشكاپ (ئىشكاپ ئۈستىدە ئۈچ تال لوڭقىغا ئېلىنغان سۈنئىي گۈل تۇراتتى)، يان تەرەپكە بىر سىم كارىۋات قويۇلغان، كارىۋاتقا باش ـ ئايىغى بىلەن تەڭ ئۇزۇن كۆرپە تىزىلىپ، ئۈستىگە گۈللۈك يوڭ ئەديال يېپىلغا-نىدى. ئەديال ئۈستىدە يەنە قوش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىككى جۈپ ياستۇق تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ يان تېمىغا يەنە بىر چاچما نۇسخىلىق گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ گۈللىرىنىڭ كۆركەملىد-كى، رەڭگىنىڭ قېنىقلىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى كىرېسلو، ئوتتۇرىسىغا كىد-چىك چاي ئۈستىلى قويۇلغانىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلەردىكى پەر-دىلەر بولسا ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ بۇلۇڭىغا جايلاشتۇرۇلغان ئاق تومپۇچىكا ئۈستىدىكى ئۇنئالغۇدىن تانسا مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى.

سىپىرىخان ئانا ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ نەرسىلەرنى نەچچە قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنى ـ بۇنى سىلاپ باققۇسى، ئالدى ـ كەينىنى ئۆرۈپ كۆرگۈسى كېلەتتى: ئۇ چامادان ئۈستىدىكى ئا-جايىپ نەپىس ئىشلەنگەن ياپقۇچلارغا زوق بىلەن بىرھازا قارىغاذ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن دېرىزە ئالدىدىكى كىرىپسلوغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئىككى جەينىكىنى ئىككى ياققا تىرەپ ئۇنئالغۇدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالدى.

كېلىنى ئەتىگەن ئىشقا كەتكەنىدى. ساۋۇرمۇ ئىشقا كېتىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ھازىر كارىدوردا نېمىلەرنىدۇر تاراقشىتىپ بىر ئىش قىلىۋاتاتتى. ئانا كارىدورغا چىقتى. ساۋۇر ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە كىر ـ قات تۇراتتى.

— ئاللا بالام، نېمە ئىش بۇ، — ئانا ئۆكۈپ كەتتى، — نومۇسۇمنى كەلتۈرمىگىنە ئوغلۇم، قوي بۇنى، ئىشىڭغا بار، مەن يۇيۇۋېتەي. — ئانا ساۋۇرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى ـ دە، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يوغان داستىكى كىرنى مۇجۇپ يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىر يۇيۇشى تېز ھەم يېنىك ئىدى. كىرنى ھەربىر مۇجۇغاندا پۈتۈن بەدىنى تەڭ مىدىرلايتتى.

— ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ يۇرتقا بارارمىكىن دېسەم بارمىدىڭ، بالام، — ئۇ كىر يۇغاچ بالىسىغا ئۆز ھالىنى ئېيتقىلى تۇردى، — قېرىغاندا يالغۇزلۇق يامان ئىكەن، داداڭ رەھمەتتى بولسىمۇ بىر نۆرى ئىدى، — ئۇ ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىمۇ ئەھلىمەھەللە جىق يۆلەيدۇ. ئۇزاقى يىلى ئەتىياز سەلىياخۇن ئاكاڭ كورۇك بولغان بىر مېكىيىنىنى بېرىۋەدى، ئون بەش تۇخۇم باستۇرسام ئون ئىككى چۈجە چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە مېكىيان ئىككى خوراز ئەي بولدى. بۇلتۇر ئۇ ئالتە مېكىيان خۇدانىڭ بەرىكىتى بىلەن كۈن ئارىلىماي تۇغۇپ بەردى. تۇخۇم سېتىپ ئەللىك كويغا بىر چىشى ئوغلاق سېتىۋالدىم. ئەتىياز ئۇ ئوغلاق تۇغدى. يازىچە ئاق چاي ئىچتىم. بۇ يىل چاي ـ تۇزنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىنىپ، ئاتمىش كوي يەغىپتىمەن. ئوتتۇز بەش كويغا دىلەيسەگە بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس ئاپتىمەن، بالام. بۇ ياققا ماڭار چاغدا يول خىراجىتى ئۈچۈن ئۆچكىنى يەتمىش كويغا ساتتىم. ئوغلىقى چىشى ئىدى. ھېلىقى

لىپ كىرىپ كەتتى.

* * *

سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قوش كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان، ياندا بىر ئۈستەل ۋە ئىككى ئورۇندۇق. ئىشىكنىڭ يېنىدا كىيىم ئاسقۇچ تۇراتتى. ئۆي جابدۇقلىرى ئاددىي ۋە ئىخچام ئىدى. لېكىن، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي بولسا ئالاھىدە زىننەتلەنگەنىدى: ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا ئۇدۇل تامغا كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم تارتىلغان بولۇپ، گىلەمنىڭ ئاستىغا چوڭ ساندۇق، ساندۇق ئۈستىگە بىر خۇرۇم چامادان بىلەن يەنە بىر سىيرىتمىلىق قىزىل چامادان قات - قات قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ تۆر تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا ئەينەكلىك ئىشكاپ (ئىشكاپ ئۈستىدە ئۈچ تال لوڭقىغا ئېلىنغان سۈنئىي گۈل تۇراتتى)، يان تەرەپكە بىر سىم كارىۋات قويۇلغان، كارىۋاتقا باش - ئايىغى بىلەن تەڭ ئۇزۇن كۆرپە تىزىلىپ، ئۈستىگە گۈللۈك يۇڭ ئەديال يېپىلغانىدى. ئەديال ئۈستىدە يەنە قوش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىككى جۈپ ياستۇق تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ يان تېمىغا يەنە بىر چاچما نۇسخىلىق گىلەم ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ گۈللىرىنىڭ كۆركەملىكى، رەڭگىنىڭ قېنىقلىقى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئىككى كىرېسلو، ئوتتۇرىسىغا كىچىك چاي ئۈستىلى قويۇلغانىدى. ئىشىك - دېرىزىلەردىكى پەردىلەر بولسا ۋالىلداپ چاقناپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ بۇلۇڭغا جايلاشتۇرۇلغان ئاق تومپۇچكا ئۈستىدىكى ئۈنئالغۇدىن تانسا مۇزىكىسى ياڭراپ تۇراتتى.

سىپىرىخان ئانا ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ نەرسىلەرنى نەچچە قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ، يەنە ئۇنى - بۇنى سىلاپ باققۇسى، ئالدى - كەينىنى ئۆرۈپ كۆرگۈسى كېلەتتى: ئۇ چامادان ئۈستىدىكى ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن ياپقۇچلارغا زوق بىلەن بىرھازا قارىغا-

دىن كېيىن دېرىزە ئالدىدىكى كىرىشلوغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، ئىككى جەينىكىنى ئىككى ياققا تىرەپ ئۇنىئالغۇدىن ياڭراۋاتقان مۇزىكىغا قۇلاق سالدى.

كېلىنى ئەتىگەن ئىشقا كەتكەنىدى. ساۋۇرمۇ ئىشقا كېتىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ھازىر كارىدوردا نېمىلەرنىدۇر تاراقشىتىپ بىر ئىش قىلىۋاتاتتى. ئانا كارىدورغا چىقتى. ساۋۇر ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە كىر ـ قات تۇراتتى.

— ئاللا بالام، نېمە ئىش بۇ، — ئانا ئۆڭۈپ كەتتى، — نومۇسۇمنى كەلتۈرمىگىنە ئوغلۇم، قوي بۇنى، ئىشىڭغا بار، مەن يۇيۇۋېتەي. — ئانا ساۋۇرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى ـ دە، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يوغان داستىكى كىرنى مۇجۇپ يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىر يۇيۇشى تېز ھەم يېنىك ئىدى. كىرنى ھەربىر مۇجۇغاندا پۈتۈن بەدىنى تەڭ مىدىرلايتتى.

— ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ يۇرتقا بارارمىكىن دېسەم بارمىدىڭ، بالام، — ئۇ كىر يۇغاچ بالىسىغا ئۆز ھالىنى ئېيتقىلى تۇردى، — قېرىغاندا يالغۇزلۇق يامان ئىكەن، داداڭ رەھمەتلى بولسىمۇ بىر نۆرى ئىدى، — ئۇ ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىمۇ ئەھلىمەھەللە جىق يۆلەيدۇ. ئۇزاقى يىلى ئەتىياز سەلىياخۇن ئاكاڭ كۇرۇك بولغان بىر مېكىيىنىنى بېرىپتۇدى، ئون بەش تۇخۇم باستۇرسام ئون ئىككى چۈجە چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە مېكىيان ئىككى خوراز ئەي بولدى. بۇلتۇر ئۇ ئالتە مېكىيان خۇدانىڭ بەرىكىتى بىلەن كۈن ئارىلىماي تۇغۇپ بەردى. تۇخۇم سېتىپ ئەللىك كويغا بىر چىشى ئوغلاق سېتىۋالدىم. ئەتىياز ئۇ ئوغلاق تۇغدى. يازچە ئاق چاي ئىچتىم. بۇ يىل چاي ـ تۇزنىڭ خىراجىتىدىن ئېشىنىپ، ئاتمىش كوي يىغىپتىمەن. ئوتتۇز بەش كويغا دىلەيسەگە بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس ئاپتىمەن، بالام. بۇ ياققا ماڭار چاغدا يول خىراجىتى ئۈچۈن ئۆچكىنى يەتمىش كويغا ساتتىم. ئوغلىقى چىشى ئىدى. ھېلىقى

ھاشىخان ھامماڭنىڭ نەۋرىسى كامىل بارغۇ بالام، ماڭا بەك ئوبدان ھەمراھ بولدى. كېچىسىمۇ يېنىمدا ياتىدۇ، قايلا، ئوغلاقنى شۇنىڭغا بېقىۋال دەپ بەردىم، بالام.

ئانا ئوغلىنىڭ يەنە بىرنەرسىنى تاراقشىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— خېمىر يۇغۇرۇۋاتىمەن، دىلەيسە كەلگۈچە ئاشنى پىشۇرۇپ تۇرايلى، — دېدى ساۋۇر.

— ئوھۇش، بالام، — دېدى ئانا قوللىرىنى داسقا سىلكىپ، — ئۆيدە خوتۇنۇڭنىڭ كىرىنى يۇيۇپ، ئېشىنى ئېتىپ ئىدارەڭدىمۇ ئىشلىيەلمەيدىغان ئوخشايسەن، بالام.

— ئىدارىدە ئىش يوق، ئانا، ھەر كۈنى ئەتىگەن بېرىپ بىرەر سائەت ئايلىنىپ قايتىپ كېلىمىز.

— ئىش يوق دېگەنمۇ گەپمۇ، بالام ؟ ياش ئادەم ئىش يوق بولسا سوراپ تېپىپ قىلىدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ھارام ئالغان بىلەن بولمايدۇ، بالام.

ساۋۇر سىڭار قوۋۇزىدا كۈلۈپ قويۇپ خېمىرنى يۇغۇرىۋەردى. ئۇ خۇددى ئانىسىنىڭ ساددىلىقىنى كەچۈرۈم قىلغاندەك مەغرۇر كۆرۈنەتتى.

— ئوھۇش نومۇسۇمنى كەلتۈرمەي قويۇپ قويە بالام، مەن ماۋۇ كىرنى چايقىۋېتىپلا يۇغۇرىمەن.

ئانا كىرنى يۇيۇپ بولۇپ، خېمىر يۇغۇردى. ساۋۇر سەيلەرنى ئاقلاپ، ئوت قالىدى.

دىلەيسە قايتىپ كەلگەندە ساۋۇر بىلەن ئانىسى تاماقنى راسلاپ قويۇپ، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىرىپ كارىدور بىلەن ياتاق ئۆيدىكى يېيىلغان كىرلەرنى ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ، چىرايىدا مەمنۇنىيەتلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

— ۋىيەي ساۋۇرجان، بۇگۈن بۆلەكچىلا پاكىز يۇيۇۋېتىپسىز جۇمۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساۋۇر كۆلدى ۋە ئانىسىنى شەرەت قىلدى، دىلەيسەمۇ شەرەتنى چۈشەندى - دە، ئانىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، ۋىللىدە بىر كۈلۈپ قويدى. ئانا بولسا تەمكىن ھالدا ئاش راسلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دىلەيسە ئوچاق بېشىغا كۆز يۈگۈرتتى، كىچىك كورىدا سەي، ئۈچ تەخسىدە سۇزۇپ قويۇلغان ئاش تۇراتتى. كۈندە ساۋۇر ھەممە يەرگە يېيىشۋېتىدىغان چىنە، جاۋۇر، چويلىلار پاكىز يۇيۇلۇپ، ئۆز جايىغا جايلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى.

ئانا ئىككى تەخسە لەڭمەننى راسلاپ مېھمانخانا ئۆينىڭ جوزىسىغا ئېلىپ كىردى. كېيىن ئۆزىگىمۇ بىر تەخسە ئاش ئېلىپ كېلىپ، جوزىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇردى. ئۇ بايا تەمكىن بولسا، ئەمدى خۇشخۇي ئىدى. بىر - بىرىگە زوق بىلەن بېقىشىپ ئاش يەپ ئولتۇرغان ئوغلى بىلەن كېلىنىگە قارىغانسېرى ھەۋەسلىنەتتى. ئۇ يەتتە يىلدىن بېرى يالغۇز غىزا يەپ كەلدى — ئۇ غىزا ئەمەس، يالغۇزلۇقنىڭ ھەسرىتى ۋە مۇشۇنداق بىر بەختلىك جەملىنىشنىڭ شېرىن ئارزۇسىنى يەپ كەلگەنىدى. شۇ ئارزۇ - تىلەكلەر ئەمەلگە ئېشىپ، ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ تۇرقۇم كېلىنى «ئانا» دەپ ئۇنى بىر چاقىرسا، ئۇنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن يېرىلىپ كېتەرمىكىن؟ ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان شۇ بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلاشقا قانچە ئىنتىزار ئىدى - ھە!

كۈنلەر تېز ئۆتمەكتە، ئانا بالىلارنى ئىشقا يولغا سېلىپلا كىر - قات يۇياتتى. ئۆيلەرنى تازىلايتتى، تاماق ئېتەتتى. ئۇ ئەپچىللىكى، ئوڭلۇقلۇقى، ئىشچانلىقى ھەم مۆمىنلىكى بىلەن كېلىنىگە ياراپ قالغانىدى. ئۇلار ئەمدى ئەتىگەندە ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ - دە، تەييار چاينى ئىچىپ ئىشقا كېتىدۇ، چۈشتە كېلىپ تەييار تاماقنى يەيدۇ، كەچلىك غىزادىن كېيىن كىنو ياكى تىياتىرلارغا كېتىپ، تاڭغا يېقىن ھېرىپ - ئېچىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئانا تاكى ئۇلار قايتىپ كەلمىگۈچە كۆز يۇمماي ئۆرە ئولتۇرىدۇ.

ئۆيگە مېھمان كەلگەن كۈنلەردە تۈن تەڭگىچە قىزغىن سۆھبەت بولاتتى. ئانا بۇنداق چاغلاردا ناھايىتى قىزغىن ھالدا ھەممە كىشى بىلەن مۇڭدىشىپ چىقاتتى. ئۇ مېھمانلارغا يېزىدا قالغان قورۇ - جايىنى، ساۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتقا ماڭمىدىغان يىلى تىككەن ئەنجۈر، ئامۇت كۆچەتلىرىنىڭ مېۋىگە كىرگەنلىكىنى ھەمدە ساۋۇرنىڭ كىچىكىدىن شوخلۇقىنى، تا ھېلىغىچە يېزىدى-كىلەر ئارىسىدا ھېكايە بولۇپ يۈرگەن قەيسەرلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشتا تارتقان يوقسۇزلۇق ئازابلىرىنى خۇددى ھېكايە سۆزلە-گەندەك سۆزلەپ بېرەتتى.

ئانا دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى - دە، سىرتقا — بىپايان شە-ھەرگە نەزەر تاشلىدى. بىنانىڭ ئالدىدا چوڭ يول، يولدىن ھەر خىل چىرايلىق كىچىك ماشىنىلار، كوچا ئاپتوبۇسلىرى ئۈزۈل-مەي ئۆتۈپ تۇراتتى. نېرىسىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان قەۋەت بىنالار، ئېگىز تۇرخۇنلارنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر قىزىل تاغ ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. تاغ باغرىدا كۆكىرىپ تۇرغان دەرەخلەر، چوققىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز مۇنار تاغنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرگەنىدى، «نېمىدېگەن ئۈز، نېمىدې-گەن كاتتا شەھەر، ئوغلۇم راستلا جەننەت ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇ» دەپ پىچىرلايتتى ئانا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز - ئۆزىگە.

بىرسىنىڭ ئىشىكنى تاراقلىتىپ ئېچىپ كىرگەنلىكىنى تۇيغان ئانا ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلدى. ئۇ ساۋۇر ئىدى. ساۋۇر بۈگۈنمۇ يەنە ئىككى سائەت بۇرۇن قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ گەپ - سۆزسىز ئۇدۇل دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كىرىېسلوغا ئولتۇردى. ئا-نا ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى - دە، گەپ باشلىدى:

— ساۋۇرئاخۇن، بالام، مېنى ئاشۇ ئېگىز مۇنار تۇرغان يەر-لەرگە ئاپارساڭ، بازارلارنى كۆرسەم بولمامتى.

— يەكشەنبە كۈنى ئاپىرىپ كۆرستەي ئەمىسە، — ساۋۇر سوغۇقلا جاۋاب بەردى - دە، تومپۇچكا ئالدىغا بېرىپ ئۇنىئالغۇ-

نىڭ كۆنۈپكىسىنى بېسىپ قويۇپ، يەنە جايىغا كېلىپ ئولتۇر -
دى. ئۈنئالغۇدىن تانسىنىڭ يېقىملىق مۇزىكىلىرى ئاڭلىنىشقا
باشلىدى. ساۋۇر بىردەم زوقلىنىپ ئاڭلىدى، كېيىن ئاۋازىنى
بىر ئاز پەسەيتىپ قويدى - دە، قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ خىيال
سۈرۈشكە باشلىدى.

ئانىسىغا ئوغلىنىڭ مېڭىش - تۇرۇشىمۇ، ئولتۇرۇشىمۇ،
خىيال سۈرۈشلىرىمۇ، ھەر دائىم ئاجايىپ بىر يېقىملىق تۇيۇلات-
تى. لېكىن، چىرايىدىكى ھازىرقى غەمكىنلىك ئۇنىڭ كۆڭلىگە
ئەندىشە سېلىپ قويدى.

— ساۋۇرئاخۇن، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ كۆزىگە مۆلدۈرلەپ
قاراپ، — ئەجەب سولىشىپ كەتتىڭغۇ بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىۋا-
تامدۇ يا ؟

— ياق، — ساۋۇر ئېڭىكىدىن قولىنى چۈشۈرۈۋېتىپ جاۋاب
بەردى.

— بالام، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ، نېمانداق ئولتۇرىسەن
ئەمىسە ؟

— ئۆزۈمچە ئولتۇردۇم.

ساۋۇر سول تەرەپكە ئۆرۈلدى - دە، ئىچىگە ئۇھ تارتىپ تىن-
نىپ قويدى. ئارىدا يەنە جىملىق ھۆكۈم سۈردى. ئۈنئالغۇنىڭمۇ
بىر قاپچۇق لېنتىسى تۈگەپ، «تىرىق» قىلىپ توختاپ قالدى.
ساۋۇرمۇ ئۇنىڭغا لېنتا ئالماشتۇرمىدى. ئۇ خېلى ئۇزاقىچە بې-
شىنى سېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئانىسىغا قىيىدى-
غان قىياپەتتە قارىدى - دە:

— سەنمۇ ئانا، ئاغزىڭغا كەلگەن گەپنى ئادەم بار - يوق دې-
مەي، دەۋېرىدىكەنسەن، — دېدى.

— قايسى گەپنى دەيسىنا بالام، — ئانا ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز
قوپاللىقىدىن ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭمۇ، كېلىنىنىڭمۇ
كۆڭلىنى رەنجىتكۈدەك بىر گەپ قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئۆيدە مېھمان بار ۋاقتىدا، — دېدى ساۋۇر چىرايى تې-

خىمۇ تاتارغان هالدا، — ساۋۇرئاخۇن ئۇنداق جاپا تارتقان، بۇنداق جاپا تارتقان، بىر ئىشتاننى قىشتا پاختىلىق قىلىپ كىيسە، يازدا پاختىسىنى ئېلىۋېتىپ كىيەتتى، دەيدىكەنسەن. خەق زاڭلىق قىلمامدۇ. ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزۈڭ تۆكىدىكەنسەن.

ئۇ ئانىسىغا ئاچچىق بىلەن بىر ئالىيىپ قويۇپ، يەنە يەرگە قارىۋالدى. ئانىسىنىڭ بولسا كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايىدا قاتتىق ئۆكۈنۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

— داداڭ رەھمەتلىك ئىككىمىز سېنى چوڭ قىلغۇچە نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق. پارتىيە بولمىغان بولسا ساڭا بۇنداق چوڭ مەكتەپتە ئوقۇپ، بۇنداق چوڭ يەرلەردە ئىشلىشىڭ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيتتى، ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىر چورۇقۇڭنى قۇرۇتما، دېگەن گەپ بار، بالام، — دېدى ئانا تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، كېيىن يەنە قېيىدىغان ئاهاڭدا قوشۇپ قويدى، — بۇنداق نومۇس قىلىدىغىنىڭنى بىلسەم دېمەس ئىكەنمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ توغرىدا گەپ بولمىدى. ئەمما، مېهمان كەلگەندە ئانا دالان ئۆيگە چىقىپ كېتىدىغان، گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدى.

شۇ هەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى ساۋۇر ئانىسىنى بازارغا ئېلىپ چىقتى، بازاردا ئادەم ناهايىتى كۆپ ئىدى، ئۇ ئانىسىغا ئۈچ قەۋەتلىك چوڭ بىر ماگىزىن بىلەن باغچىنى ئايلاندۇردى - دە، ئانچە هايال بولمايلا، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قايتتى. ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ ئىدى. ئانا ئىشىكنىڭ بىقىنىدا سىقىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاپتوبۇس هەربىر بېكەتتە توختىغاندا چۈشۈپ - چىققۇچىلار ئۇنى قىستاپ، پۇتلىرىنى دەسسىۋېتەتتى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بېكەتتە ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئانا بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر پۇتىنىڭ يېنىكلىكىنى سېزىپ، بىر پاي كالىچىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ئاپتوبۇس خېلى بۇرۇنلا قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ساۋۇر يەنە بىر ئاپتوبۇسقا ئولتۇردى - دە،

www.uyghurkitap.com

كەيىندىن كەتتى، ئەمما كالاچ ئاپتوبۇستىنمۇ، كوچىدىنمۇ تېپىلمىدى، ئانا ئىككى - ئۈچ كۈن كالاچ ساپماي، مەسە بىلەنلا يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن تالا - تۈزگە چىققىلى بولمايتتى. تۆتىنچى كۈنى ساۋۇر بىلەن كېلىن بازارغا كالاچ ئىزدەپ چىقتى. تەلىيىگە قارشى بازاردا مەسە - كالاچ يوق ئىدى. كەچتە ئەر - ئايال يەنە مەسلىھەتلەشتى. ئاخىر ئۇلار ئانىغا دىلەيسەنىڭ كونىراپ قالغان، لېكىن تېخى ياماق چۈشمىگەن بىر سېرىق تۇپلىيىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئانا ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشالمىدى. ئۇ خۇددى كېسەلدىن يېڭى قوپقان كىشىدەك ئاۋايلاپ ماڭاتتى.

قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالدى. پۈتۈن ئۆيلەر بەس - بەس بىلەن ساڭزا، پىرەنىكلەرنى سېلىپ، بىر - بىرىدىن قاتىلاڭ ئىدى. ئانا كېلىنىگە تازا ئەسقاتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆينى ئاقلاپ، كىر - قاتلارنى يۇيۇپ چىقتى. ئىشىك - دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ، ئۆي ئىچىنى چىنىدەك پاكىزلىۋەتكەنىدى.

ھېيت كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. ئوغۇل بىلەن كېلىن ئەتىگەندىلا چىقىپ كېتىپ ئۆيدە ئانا يالغۇز قالغانىدى. ئىككى كۈنگىچە ھېيتلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ھەتتا بېشىغا ئاق كىرگەن، سۆلەتلىك ئادەملەردىنمۇ ئۈچ - تۆت تۈركۈم كەلدى. ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى، ئەمما ھەربىر كىشىگە ئېگىلىپ: «ئايەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!» دەپ سالام بېرەتتى - دە، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ چاي قۇيۇشقا باشلايتتى. ئەمما، ئۇ پۈتىدىكى تۇپلىيى بىلەن ئىش قىلىشقا تولىمۇ بىئەپ بولاتتى. ھەتتا بىر قېتىم دالان ئۆيدىن چاي ئېلىپ كىرگۈچە پۇتلىشىپ كېتىپ قولىدىكى چايىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى.

ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۆيگە مېھمان چاقىرىلدى. ئۈنئالغۇدىن شياڭگاڭنىڭ مۇزىكىلىرى ياڭرىماقتا ئىدى. ئاپپاق پەرتۇق تارتىۋالغان دىلەيسە پۈتۈن بەدىنىنى مۇزىكىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا كېپىنەكتەك پىرقىراپ ئۈستەلگە نەرسە - كېرەكلەرنى تىزماقتا ئىدى. ئۈستەلنىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى

چوڭ ۋازىدا ساڭزا، ئوتتۇرىغا ئىككى پەتنۇستا نان، ئەتراپىغا پىرەنىك، باقالى، كەمپۈت، يېمىشلەر تىزىلغانىدى. ساۋۇر ئو- رۇندۇقلارنى سۈرتۈپ، كەلگەن مېھمانلارنى يۇقىرى باشلايتتى. ئانا بولسا دالان ئۆيدە ئوتياش ئادالاپ، سەۋزىلەرنى قەلەم قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا باشقىلارنىڭكىدەك ھېيت خۇشاللىقى ئەمەس، بىر خىل سولغۇنلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ مۇشۇ ئايەم كۈنلەردە ئۆز يېزىسىنى، يېزىدا ئۆتكۈزگەن ھېيتلە- رنى سېغىنىپ خىيالغا چۆكتى: «يېزىدا كىشىلەر نامازدىن كې- يىنلا ئالدى بىلەن تۆل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، ئاغرىق – سىزلاق ۋە ياشانغانلارنى يوقلاپ، كۆڭۈل سورايتتى. ئانا ھەر ھېيتتا سە- ھەر تۇرۇپ، ياغ پۇرىتىپ، قۇيماق سالاتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئالدى بىلەن ئانىنى يوقلايتتى. ئانا ئۇلارنى ئاجايىپ قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. ئۇمۇ ھەربىر ئۆيگە بىر قېتىمدىن ھېيتلاپ، پەتە ئوقۇيتتى. ئاغرىق – سىزلاقلارنى يوقلايتتى. سەھرادا ھايات قاي- ناق ئىدى. ئادەملەر سۈبھى بىلەن تەڭ تۇرۇپ، ئېتىز – ئې- رىقلاردا مىدىرلايدۇ. ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ قوي – كالا پادىلە- رىنى يايلىتىپ قۇياشنى دالادا كۈتۈۋالىدۇ. بۇ يەردە بولسا ئادەم- لەر كۈن تېرەك بويى ئۆرلىگۈچە ئۇخلاپ، بىردىنلا ئۆندەرەپ تو- رۇشۇپ، چايلىرىنى چالا – بۇلا ئىچىپلا يۈگۈرىدىكەن، يەنە خىز- مەتلىرىگە ئۇلگۇرەلمەيدىكەن، يېزىدا ئىشىك ئالدى باغۇ بوستان- لىق، سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ، قۇشلار سايراپ تۇرغان. مېۋىلەر- نى شېخىدىن ئۈزۈپ يەيسەن. بۇ يەردە ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق. بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىگە مۇئەللەققە چىق- قاندەك چىقىۋېلىپ، ھەپتە – ھەپتىلەپ يەرگە چۈشمەيدىغان گەپ ئىكەن، توخۇنىڭ كاتىكىدەك كىچىك – كىچىك ئۆيلەر، ئاشخا- نىسى بىلەن خالاسىنىڭ بىر يەردىلىكى تېخى. ئىشىك ئالدىدا كالا مۆرەپ، توخۇ قاقاقلىغان تۇرمۇش، تۇرمۇش بولامدۇ؟ چېلەكنى ئېرىققا پاتۇرۇپ – پاتۇرۇپ ئېلىپ ئىچىمگەن سۇنىڭ تەمى بولامدۇ؟» ئانا خىيال سۈرگەچ سەۋزىنى قەلەم قىلىپ بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇپ، بىر جاۋۇرغا دۇۋىلەپ ئالدى - دە، دېرىزە تەرەپتىكى ئۇستەل ئۇستىگە ئېلىپ قويدى. ئەمدى ئۇ ئۇگىرە ئاشنىڭ قىيمىسىغا تۇتۇش قىلغانىدى. ساۋۇر بولسا ئاشقا بېسىلىدىغان گۆشلەرنى پارچىلاۋاتاتتى.

ئىچكىرى ئۆيدە تانسا باشلاندى. مېھمانلارغا گۆش سەي بىلەن چاي تارتىلغانىدى. ئۇلار ئالدىراپ ئاز - ئازدىن ئىچتى - دە، ئۇستەللەرنى يىغىشتۇرۇپ تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. يېقىملىق مۇزىكىغا ماسلىشىپ پىرقىراۋاتقان تانسىچىلارمۇ ئاننى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يېزا ھاياتىنى سېغىناتتى. سەھرالىقلار مۇڭداشقاق بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كىگىز ئۇستىدە يانپاشلاپ ياتىدۇ - دە، بۇ يەردىكىلەردەك بىر - بىرىنىڭ غەيۋىتىنى ئەمەس، قايسىبىر ئېتىزغا تېرىغان بۇغدايلىرىنىڭ بولۇق ئۆسكەنلىكلىرىنى، كالىسىنىڭ پالانى ئايدا تۇغىدىغانلىقى، ئۆتكەن قېتىمدا ئوتۇنغا بارغاندا ئېشىكىنىڭ ھارۋىنى تىك داۋاندىن توختاتماي ئاچىقىپ كەتكەنلىكىنى .... ھېكايە قىلىشىدۇ.

ئىچكىرى ئۆيدىن بوتاكۆزلۈك، چاچلىرىنى دىلەيسەدەك دولقۇن - دولقۇن بۇدۇر قىلغان، يۈزلىرى ئاپپاق (ئۇ ئۇپىنى كۆپ سۈركىگەنلىكتىن يۈزى قەۋەتلا ئاقىرىپ كەتكەنىدى) دىقماق بىر چوكان يېنىپ چىقتى - دە، ئانا بىلەن ئېغىز ئۇچىدىلا سالاملىشىپ قويۇپ، سوغۇق سەي ياساۋاتقان دىلەيسەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. بۇ چوكاننىڭمۇ ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىپ گەپ قىلىشلىرى، قوللىرىنى قاس چىقىرىپ ئولتۇرۇشى، پۇتۇن بەدىنىنىڭ ئىچكىرى ئۆيدىكى مۇزىكىغا ماسلىشىپ ئويناپ تۇرۇشلىرىدىن ئارتىسلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار كىمنىڭدۇر تانسىنى ياخشى ئوينىيالمايدىغانلىقى، يەنە بىر خانىمغا بۇدۇر چاچنىڭ ياراشمىغانلىقى، قايسىبىر ئەر ئېيتقان ناخشىنىڭ يېقىملىقى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى.

ئانا قىيمىنى چاناپ بولۇپ، يەنە بىر جاۋۇرغا گۇرۇچ ئالدى -

دە، ئوچاق بېشىدىكى جومەكتە يويۇشقا باشلىدى. ئۇ گورۇچنى ئىككىنچى قېتىم يۇغان سۇنى چايقاپ تۆكۈۋېتىپ ھېلىقى بوتا-كۆزلۈك چوكانىنىڭ ئۆزىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ، كېلىنىگە بىر نەرسە دەۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى.

— ئەجەب ئوبدانلا بىر خىزمەتچى تېپىۋاپسەن، ئاداش، — دېدى بوتاكۆز چوكان.

دىلەيسە سوغۇق سەيلەرنى تەخسىلەرگە سېلىۋېتىپ، دوس-تىنىڭ سوئالىغا بېشىنى كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردى:

— ساۋۇرنىڭ تۇغقىنى ئىكەن، ھازىرچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋا-تىدىغۇ.

ئانىنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ، كۆڭلى ئېغىپ كەتتى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئەمما، كېلىن يەنە نېمىلەرنىدۇر دەۋاتىدۇ. راست، ئۇ راست شۇنداق دەۋاتىدۇ. شۇ چاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتقا ماڭغان چاغدىكى بىر ۋەقە گەۋدى-لەندى: ساۋۇر يۇك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىققاندا، ئۇ، ئانىغا خۇددى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىسىنىمۇ، يالغۇز ئانىسى-نىمۇ ئەبەدىي تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى. ئانا ئىختىيار-سىز ئوغلىغا تاشلاندى - دە، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ساۋۇر ئېغىر - بېسىق ھەم كۆيۈمچان ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۆز - ياشلىرىنى سۈرتتى ھەم ئوقۇش پۈتكەندە يەنە مۇشۇ يېرىغا كېلىپ خىزمەت قىلىدى-غانلىقىنى، ئۇنى ئۆز قولىغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئانىسىغا تەسەللى بەرگەنىدى... ئەمدى ئۇ ساۋۇرنىڭ ئانىسى ئەمەس، تۇغ-قىنى بولۇپ قاپتۇ. ئانىنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كەتتى. قوللىرى تىترەيتتى، پۇتلىرى دىرىلدايتتى. بارا - بارا كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، جاۋۇرنى قويدى - دە، ئورۇندۇققا ئارانلا ئولتۇ-رۇۋالدى.

كېيىن ئۇ ئاش ئەتتى، ئوگرىنىمۇ ئۆزى ئەتتى. ئەمما، ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشلار خىيالىغا زادى كىرمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يادىنى «مەن ئانا ئەمەسمۇ» دېگەن بىرلا سوئال ئىگىلىۋالغانىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، ئانا كەم سۆز بولۇپ قالدى. بەزىدە بىر يەرگە تىكىلىپ قارىغىنىچە كۆز قارىچۇقىنىمۇ مىت قىلماستىن بىرەر سائەت شۈك ئولتۇرۇپ قالاتتى. كۆز چاناقلىرىمۇ خېلى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا بالىسىنىڭ «ئانا، نېمە بولدۇڭ ؟» دەپ ھال سورىشىنى، كېلىنىنىڭ بىرەر قېتىم كۆڭلىنى ئېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، بەڭباش بالىلار ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمىدى ھەم ئۇنىڭ ھالىنىمۇ سورىمىدى. ئۇلار كەچ بولدى كىنوغا ياكى مېھماندارچىلىققا كېتىدۇ ـ دە، تاڭغا يېقىن قايتىپ كېلىدۇ. ئەتىگەندە بىر ۋاققىچە ئۇخلاپ ئورۇنلىرىدىن ئالدىراپ تۇرۇشىدۇ ـ دە، چايىنىمۇ چالا ئىچىپ ئىدارىگە يۈگۈرەيدۇ. ئانا بولسا يالغۇز قالىدۇ ...

بىر كۈنى ساۋۇر يەنە ئىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتى. ئانا خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ئۇ كارىۋاتنىڭ قىرىغا كېلىپ ئوغلىغا يېقىن ئولتۇردى. ئۇ خۇددى ھېلىلا بۇقۇلداپ تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇ يىغلاشقىمۇ، كۆڭلىدىكى دەردىنى تۆكۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىغا يىغىلىپ قالغان ياشلارنى تۈكۈرۈكىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتەتتى.

— ساۋۇرئاخۇن، — دېدى ئۇ ئاخىر تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — مەن قايتىپ كېتەي، بالام.

ساۋۇر ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئانىسىغا بىرپەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن سورىدى:

— نەگە كېتىسەن ؟

— ئۆز يۇرتۇمغا.

— نېمە بار ئۇ سەھرادا ؟

— ھەممە نېمە بار ئۇ سەھرادا، بالام ! — بۇ قېتىم ئانىنىڭ

ئاۋازىدا خېلى قەتئىيلىك بار ئىدى، — سىلەر مېنى ئانا دېمىگەن بىلەن سەھرادا مېنى ئانا دەيدىغانلار جىق، شۇلارنىڭ يېنىغا كېتىمەن.

— كىم سېنى ئانا دېمەپتۇ؟ — ساۋۇر سوراق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— سەنچۇ، ئايالىڭچۇ؟ — ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ كەتتى، — مېھمانلىرىڭ بىلەن بىر دەم — يېرىم دەم مۆكۈدىشىپ ئولتۇرسام، نومۇس قىلىپ نېمە دېمىدىڭ؟ ئايالىڭ قايسى كۈنى مېنى بىر خوتۇنغا «ساۋۇرنىڭ تۇغقىنى ئىكەن» دەيدۇ. مەن ئاناڭلار بولمىغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلاتتىم كەتمەي، كېتىمەن.

ساۋۇر لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بارماقلىرىنى ئاستا قارسىلدىتىپ، ئانىسىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ئانا، — دېدى ئۇ، — ئوبدان ئويلاپ باقە، مەن دېگەن گەپنىڭ يامىنى بارمۇ؟ بۇ چوڭ شەھەرنىڭ چوڭلۇقى بار، يېزىغا ئوخشىمايدۇ، ئادەملىرى مەدەنىيەتلىك، سەن ئۇنداق بالام بىر ئىشتاننى قىشتا پاختىلىق كىيسە، يازدا پاختىسىنى ئېلىۋېتىپ يېلىڭ قىلىپ كىيەتتى، دېسەڭ خەق زاڭلىق قىلمامدۇ. دىلەيسە شەھەردە چوڭ بولغان، يەنە كېلىپ چوڭ باشلىقنىڭ قىزى، دوستلىرىمۇ ھەم شۇنداق ... — ساۋۇر بىردىنلا دۇدۇقلاپ بىر-پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن رەنجىگەندەك ئاھاڭدا سورىدى، — بۇنىڭغا نېمانچە خاپا بولۇپ كېتىسەن؟

— ھە، ئۇنداقتا مېنى راستلا ئانا دېمەيدىكەنسىلەر — دە؟

— سەن يەنە خاتا چۈشىنىۋاتىسەن، ئانا.

ئانا جاۋاب ياندۇرمىدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى.

— ئاڭسىز ئادەمگە بىرنەرسە چۈشەندۈرمەن دېگەن ئادەم ئۆزىمۇ ساراڭ، — ساۋۇر بېشىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، سىلەرنىمۇ بۇنچە خىجىل قىلماي، بالام،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاخىرقى ئۆمرۈمدە داداڭنىڭ قەبرىسى يېنىدا چۆرگۈلەپ ئۆلۈم نۆۋىتى كەلسە، شۇنىڭ يېنىدا ياتاي، مېنى يولغا سېلىپ قوي بالام، كېتىمەن.

ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، خۇددى ھازىرلا كېتىدىغاندەك چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، ئۇ چەتتىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچە ساۋۇر بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزاققىچە مەسلىھەت پىشمىدى.

— ياق، كەتمەيدۇ، — دەيتتى دىلەيسە تەرسالىق بىلەن.

— قېرى خوتۇن كۆنەلمىسە قانداق قىلىسەن، كېتىمەن دېگەندىن كېيىن كەتسۇن، — دېدى ساۋۇر ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

— ھېچ بولمىسا تۇغقان ۋاقتىمدا بالا باققىلىمۇ كېرەك بولار؟

— خاتىرجەم بول، بالا باقىدىغان ئادەمنى ئۆزۈم تاپىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مەن دەپ قوياي سىزگە، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزىڭىز قىلىسىز، مېنىڭ ھېچنېمە بىلەن چاتىقىم يوق، جۇمۇ؟

— بولدى، بولدى، ھەممىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دېدى ساۋۇر مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — بۇرۇنمۇ قىلغانغۇ ئۆزۈم.

دىلەيسە شۇنىڭ بىلەن جىم بولۇپ قالدى.

ئۇلار ئەمدى قانداق يولغا سېلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتى.

— قەشقەرنىڭ ئاپتوبۇس بېلىتى ئوتتۇز سەككىز كوي، — دېدى ساۋۇر بارماقلىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ، — بەش كۈن قونسا ياتاقتا بەش كوي كېتىدۇ، كۈنىگە بىر كويلۇق تاماق يېسە يەنە بەش كوي، يەتتە كويغا بىر كالاچ ئالساق، ھە ... ئوتتۇز سەككىز كوي، ئىككى بەش كوي ... يەتتە كوي ... ھە جەمئىي ئەللىك بەش كوي بولىدىكەن - دە. ئەستاغپۇرۇللا ئىدارىدىن قىرىق كوي ئېلىپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ.

— ئۆزىنىڭ يېنىدا پۇلى يوقلىقىنى ؟ — دەپ سورىدى دىلەيسە.

— ئىككى كوي پۇلى تۇرغان، كالىچىنى ئوغرىغا بەرگەن كۈنى قوشنىسىنىڭ كامىل دېگەن ئوغلىغا بىر ئالا مايكا سېتىۋالغانىدى.

دىلەيسە زاڭلىق قىلغاندەك تۇمشۇقىنى پۈرۈپ قويدى ـ دە، ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ گەپ ئاچتى:

— سەككىز موچەنلىك ياتاقتا ياتسا بولدى، سەپەر بولغاندىن كېيىن، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭلار ئاشخانىدىن تاماق يېمەيدۇ.

— تاماقنى قانداق قىلىدۇ ئەمىسە ؟

— ئۆيدىن نان ئېلىۋالسا بولدى.

— يەنە يەتمەيدۇ، — دېدى ساۋۇر، — سىز ھېلىقى پۇلدىن ئون بەش كوي بېرىپ تۇرۇڭ.

— ۋىيەي، نېمىشقا بېرىدىكەنمەن، پىلاتى ئالىدىغان پۇل ئۇ، — دىلەيسە تۇمشۇقىنى سوزۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

— سەت بولىدۇ، — دېدى ساۋۇر، — قوشنىلار نەچچە قېتىم ماڭا «ئاناڭغا ھېچ نەرسە ئېلىپ بەرمىدىڭ» دەپ دارىتمىلىدى. يۇرتقا شۇنداق بارسىمۇ سەت بولىدۇ. ئانام ئۇچۇنغۇ ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن بىزنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىمىز ئۇچۇن سەت بولىدۇ، كېيىن مەن سىزگە ئېسىل يوپكا ئېلىپ بېرىمەن. ھازىر ئون بەش كوي بېرىپ تۇرۇڭ.

دىلەيسە چامادانىدىن ئون بەش كوي پۇلنى ئالدى ـ دە، ئاچچىق بىلەن ئۇستەلگە تاققىدە قويۇپ قويدى.

ساۋۇر يەكشەنبە كۈنى ماڭىدىغان ئاپتوبۇس بېلىتى ھەم ئەركىن بازاردىن بىر جۇپ كالاچ سېتىۋالدى. سىپىرىخان ئانىمۇ كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلدى. ناھايىتى ئۇنىڭ يۇك ـ تاقلىرى بىر قۇر زاپاس كىيىملىرى بىلەن خۇرجۇنلا ئىدى. شەنبە كۈنى كەچ ئۇ تۇن تەڭگىچە كىرپىك قاقمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەرھۇم يولدىشى بىلەن ئۆي تۇتقان ۋاقىتلىرى، ساۋۇرنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى چېچەن - ئوماقلىقى كىنو ئېكرانىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى.

ئۇ ساۋۇرنىڭ كىچىكىدە پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ ھېچقاچان ئۆزىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى، مەرھۇم دادىسىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭمۇ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا بارغاندا داستىخانغا كەلگەن نەرسىلەرنى ئۆزلىرى يېمەي ساۋۇرغا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھەربىر ئەسلىگەندە: «ساۋۇر ئۆزگىرىپتۇ، ئۆزگىرىپتۇ» دەپ خۇددى ئايەت ئوقۇغاندەك ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۇ يەنە ئۇ- رۇمچىگە ماڭار ۋاقتىدا، يۇرتىدىكىلەرنىڭ توپلىشىپ ئۇزاتقان ۋاقتىدا پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇشىنى، ساۋۇر بىلەن كېلىن- نى ئېلىپ كېلىپ ئويناپ كېتىشلىرىنى تاپىلىغانلىرىنى ئەس- لىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزى كېتىدۇ، شۇ ئاق كۆڭۈل سەھرالىقلىرد- نىڭ ئارىسىغا كېتىدۇ. ساۋۇر بارمايدۇ، ئۇ يېزىنى ئۇنتۇغان، ئۇ بېرىشنىمۇ خالىمايدۇ، كېلىنىمۇ...

ئانا ئورنىدىن سەھەرلا تۇرۇپ كەتتى. ساۋۇر بىلەن دىلەيسە مېھمانخانا ئۆيدە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇيقۇغا چۆككەن شەھەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن كۆز تاشلىدى. سانسىزلىغان چىراغلار يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشكەندەك كۆز چاقنىتىپ پارقىرايتتى. غۇرقىراپ چىقىۋاتقان كۈز شامىلى ھە- شەمەتلىك بىنالارغا قاراۋۇللاردەك غادىيىپ سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كوچىلارغا يايماقتا. ناگان - ناگاندا ئۇيان - بۇيان ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى يېقىندىن باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان قايناق ھاياتتىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئانى- غا يات تۇيۇلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ساۋۇرنىڭ يېزىدىن مېھرىنى ئۈزۈۋەتكەن، ئانىدىنمۇ تانىدۇرغان نەرسە مۇشۇ ھەشەمەتلىك شە- ھەر ئىدى. ئۇ بۇ شەھەردىن يىرگەندى. كېتىش كېرەك، شەھەر ئويغانمىغۇچە ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش كېرەك. ئانا يىراققا —

تۇمان ئىچىدە گۈڭگا كۆرۈنۈۋاتقان غەرب تەرەپكە قارىدى. شە-
ھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە پاكار ـ پاكار تاغلار، تاغ باغرىدىكى تۆ-
مۈر يولدىن پويىزنىڭ گۇدۇك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئانا يې-
ڭى كەلگەن ۋاقتىدا ئوغلىدىن قەشقەرنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەن-
لىكىنى سورىغاندا، ئوغلى ئاشۇ پويىز گۇدۇكى ئاڭلانغان تەرەپنى
كۆرسىتىپ قويغانىدى. ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ چوڭقۇر سېغىنىش
ئىچىدە ئۇھ تارتتى.

تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى. ئانا ئىشىكنى چېكىپ ساۋۇر بې-
لەن كېلىنىنى ئويغاتتى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى.
ئۇ ماشىنا بېكەتكە ئالدىرايتتى. ساۋۇر خۇرجۇننى ئالدى. ئانا
كونا بىر ياغلىققا چىگىلگەن يوللۇق ناننى قولتۇقلاپ ئۆي بىلەن
خوشلاشتى. كېلىن بىلەن ئانا ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئاددىيلا
«خوش» دەپ باش لىڭشىتىش بىلەن خوشلىشىش رەسمىيىتى تا-
ماملاندى. لېكىن، دىلەيسە نارازى ئىدى. ئۇ ئانىدىن ئەمەس، سا-
ۋۇردىن نارازى ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆي قارانچۇقتىن،
ئوڭلۇق، ئىشچان، مۆمىن، ئايىغى يېنىك خالىسانە بىر خىزمەت-
كاردىن ئايرىلغانىدى.

ئانا ساۋۇرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ پەلەمپەيدىن تۆۋەنلەپ،
ئۆيدىن يىراقلاشقانسېرى ئوغلى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا شوتا
قويۇپمۇ چىققىلى بولمايدىغان بىر ئۆتكەلنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى
سەزدى. لېكىن، ئۇ كۆڭلىدە ئۆز پەرزەنتىگە نارازىلىق ساقلاش
گۇناھ بولىدۇ، دەپ قورقاتتى. «ئوغلۇم تېخى بالا ئىكەن، — دەپ
خىيال قىلدى ئۇ، — ئۇلارمۇ ئادەم بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانا
بولغاندا ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىگە يېتەر.» ئانا بىنانىڭ ئىشىكىدىن
چىقىپ بولغۇچە ئوغلى بىلەن كېلىنىنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

شۇ كۈنى ئۇ شەھەرنى، ئۆز ئوغلىنى تاشلاپ يېزىغا، ئۆزى
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سەھراغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

# كۆزدىن چىراغ ئۆچكەندە

ئادەملەر باس ـ باس ئاشخانىدا بۇلۇڭدىن بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇپ ئەمدىلا ئالدىمغا كەلگەن لەڭمەندىن بىر چوكا ئاغزىمغا سېلىپ تۇراتتىم، يانفونۇم سايراپ «ئاھ، خېنىم، شەرۋانخان» دېگەن خەلق ناخشىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قارشى تەرەپنىڭ نومۇرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ بولغۇچە يانفونۇمدىن تارقالغان ناخشا ئاۋازى ئەتراپتىكى ئادەملەرگە تەسىر قىلغان چېغى، ھەممىسى ماڭا قارىدى. مەن يانفونۇمنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى قۇلىقىمغا تۇتتۇم. تېلېفون ئايالىمدىن كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىمدە قېتىپلا قالدىم ...

ئۇنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق ئىدى. ھەرقانداق گەپ ـ سۆزنى ئۇدۇللا، بوڭ ـ بوڭ قىلىۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۆزۈم دۆت ھەم جان باقار بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بەكمۇ كېچىكىپ ھېس قىلغان، ئوڭشىلىپ قالار دەپ يۈرىۋەرگەنىدىم. لېكىن، ۋاقىت ھەم ماڭا، ھەم ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم قىلمىدى. ئۇ ھېچقانداق سىر ساقلىيالمايتتى، دېمەيدىغان گەپلەرنى پوسۇڭىدە دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ئەر ـ ئاياللار بىللە بولۇپ قالىدىغان سورۇنلاردا ئۇنىڭ ئاغزىنى بېسىش ئۈچۈن كۆزۈمنى قىسىپ شەرەت قىلىپ قويسام، ئۇ شۇ يەردىلا مېنى ئوسال قىلىپ: «كۆزىڭىزنى قىسىپ كېتىۋاتىسىزغۇ، نېمە بولدى؟» دەپ سوراپ كېتەتتى، كېيىنكى كۈنلەردە بىر يەرگە بېرىش

توغرا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆيدە ئوبدان «رەندە» سىلىغۇالاتتىم. ئۇ ئۆزىمۇ ماقۇلغا جاۋاب يوق دېگەن قانۇنىيەتنى ئوبدان ئۆگەنگەچكە، ماقۇل، ماقۇل دەپ كەينىمدىن ماڭاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان ئاشۇ ماقۇللىرى يولدا قالاتتى، شامال بىلەن دوست بولۇپ، يىراق - يىراق يەرلەرگە كېتەتتى. ئاخىر مەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «كۆنگەن خوي ئۆلگۈچە» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم. مانا ئۇ ھازىر مۇشۇنداق گەپتىن بىرنى قىلىپ قان تومۇرلىرىمنى قاتۇرۇپ قويدى.

ئاشخانىنىڭ ئىچى بىردىنلا قاراڭغۇلۇققا پاتتى. ئاغزىمدىكى لەڭمەننىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمەي قالدىم، قولۇمدىكى چوكىلار ئىختىيارسىز شىرەگە چۈشۈپ كەتتى، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. قۇلاقلىرىمغا نۇرغۇن ئوي - پىكىرلەر كېلىپ كەتتى، ئېڭىمدا ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوقىغانىدى. ئارزۇ - خۇشاللىق، مەقسەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سەتەڭ ناينىقلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى چاڭغا ئايلانغانىدى. مەن ئاستا كۆزۈمنى ئاچتىم. خېرىدارلار خۇشال غىزالىنىۋاتاتتى، مەن يەنە بىر قېتىم لەڭمىنىمگە قاراپ قېتىپ قالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە ئايالىمنىڭ «ئەركىن ئۆلۈپتۇ» دېگەن گېپى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاندى. مەن شىرەگە باققىنىمچە ئەركىن ئىسىملىك ئاغىنىلىرىمنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

بىرىنچى بولۇپ خىيالىمغا ئەركىن باج كەلدى. ئۇ باج ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى، بىز ئۇنى «ئەركىن باج» دەيتتۇق. ئۇ ئۆزى كېلىشكەن، خۇشخۇي ئادەم ئىدى. قويۇق قاشلىرى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ شاپ بۇرۇتلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئاغىنىلەر: «ئاداش ئەركىن، خۇدايىم ساڭا قاش دېگەننى ئايىماي بېرىپتىكەن جۇمۇ» دەيتتى، گەپدان ئەركىن خۇشخۇي ھالدا دەرھال ئۇلارغا جاۋاب قايتۇراتتى: «سەنمۇ ئاداش، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن داداڭ ئېلىپ بەرگەن خوتۇنىڭنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي ئەتە - ئاخشاملىرى بازارغا چىقىپ ئوڭ كەلتۈرۈپ ئانچە - مۇن-

چە ئىش ـ ئوقەت قىلساڭ قىشىڭ ئەمەس، بۇرۇتلىرىڭمۇ ئويناپ كېتىدۇ» دەيتتى. قىسقىسى، ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە گەپ بەرمەيتتى. ئۆزىگە ئىشىنىپ ياشايتتى، ھەممە ئادەملەر بىلەن خۇددى بىر تۇغقانلاردەكلا چىقىشاتتى. بەزىدە ئاغىنىلەردىن بىرسى: «ئاداش، سېنىڭ ھېچقانداق دۈشمىنىڭ يوق ـ ھە» دېسە، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، جاھاندارچىلىقتا زېرىكىپ قالامدۇ، مەسىلەن، خوتۇنۇم مېنىڭ ئەڭ ياخشى دۈشمىنىم، ئۇ بۇگۇن مېنى سۆيسە، ئەتىسى مېنى چىشلەپ قويىدۇ، مۇشۇنداق گەپ ...» دەيتتى. مەن ئۇنىڭغا: «ئەركىن ئاداش، سەن يولدىكى تاشلار بىلەنمۇ چىقىشىپ كېتەلەيسەنغۇ دەيمەن؟» دەيتتىم. ئۇ: «شۇنداق، ئاداش، تاش دېگەن يامان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭدا ئاشناڭ بەرگەن ياڭاقلارنى چېقىپ يېيەلەيسەن، ئوتتا قىزىتىپ ئاخشاملىرى تاپىنىڭغا قاقلاپ ياتساڭ جېنىڭغا جان قوشىدۇ» دەيتتى.

ئەركىن دېگەن يەنە بىر ئاغىنەم كادىرلار ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى، ئۇ شۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئىدى. باللار ئۇنى ئەركىن باجىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئەركىن كادىر» دەيتتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئەڭ روشەن ئىدى. ئۇ ئەركىن باجىغا ئوخشاش سۆزلەپ تۇرۇۋالمايتتى، ئۇ مەھەللىدىكى توي ئىشلىرىنىڭ ئەلچىلىكلىرىنى بەك قاملاشتۇرۇۋېتىدىغان بوۋايلاردەك ئېغىر بېسىق ئىدى. باشقىلارنىڭ مىڭ ئېغىز گېپىگە ئۇ بىر ئېغىز بىلەنلا جاۋاب بېرەتتى. بىر يازدىكى ئۆرۈك پىششىقىدا باللار بىلەن بىر جۇپلىشىپ قالدۇق، بىر كىچىك بالا كېلىپ بىز ئولتۇرغان يەرنىڭ قېشىدىكى ئۆرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھە دەپ شاخلىرىنى سىلكىپ ئۆرۈكلەرنى يەرگە تۆكمە قىلىۋەتتى. بىزنىڭ باللار ئۇ بالىنى ئەيىبلەپ: «ئىسراپ قىلىۋەتتىڭ، ساقام، ئۈنچىۋالا ئۆرۈكلەرنى يەپ بولالامسەن؟ جېنىڭغا تۇشلۇق ئىرغىتساڭ بولمامدۇ؟» دەپ بالىنى ئۆرۈك دەرىخى ئۈستىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. شۇ تاپتا ئەركىن كادىر بالىغا: «ھەي گۆي، ئۆيۈڭدىن

ھەرە ئەكپلىپ دەرەخنى كپسىپ ئەكەتسەڭ بولمامدۇ» دېگەنىدى،
ھەممىمىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «ئاللا دېدىم ئەركىن كادىر، كىچىك
بالىغىمۇ شۇنداق ئېغىر گەپ قىلامسەن؟» دېگەنىدۇق. ئەركىن
كادىر كەم سۆز بولغىنى بىلەن ئۆزىگە بەك چىڭ ئىدى، ئۇ ئايا-
لىنىڭ سىڭلىسى بىلەن شېرىكلىشىپ مەركىزىي مەيداننىڭ قې-
شىدا چوڭ بىر تاللا بازىرى ئېچىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا،
بازارغا تاكسى ماشىنا سېلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشنى
ئايالىمۇ بىلمەيتتى، ئەسلىدە شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسى: «ئەم-
دى يېڭىدىن تاكسى رەسمىيىتى تەستىقلىمايمىز» دەپ ئۇقتۇ-
رۇش قىلىپ بولغانىدى. چۈنكى، شەھەر يوللىرىدا تاكسى دېگەن
ئالا قاغىدەك كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بۇ ھال مۇشۇ كەسىپنىڭ تە-
رەققىياتىنى توسۇپ قوياتتى، ئەركىن كادىر يول مېڭىپ يۈرۈپ،
بىر تاكسى رەسمىيىتىنى ھەل قىلىپ، تاللا بازىرىدىن تاپقان پۇ-
لىغا بىر كىچىك ماشىنىنى ئېلىپ ئۇنى ئىككى ئادەمگە كۆتۈرە
بەرگەنىدى. كۈندۈزى ھەيدىگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز سوم پۇل
تاپشۇراتتى. ئاخشىمى تاڭ ئاتقۇچە ھەيدىگەن ئادەم كۈنىگە ئىككى
يۈز سوم پۇل تاپشۇراتتى. ئەركىن كادىر بىسمىللا دەپ ئەتىگەندە
خوتۇن قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ بېشىنى كۆتۈرسىلا، كۈندە
بەش يۈز سوملۇق ئادەم بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ گەپنى ئاز قى-
لىپ، ئويىنى جىق ئويلايتتى. ئۇ ئىچىدە بىر نېمىنى ئىككى قى-
لىش يولىدا تىرىشاتتى.

مېنىڭ دوستلىرىمدىن يەنە بىر ئەركىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
مەسئۇلى ئىدى. ئۇ ئۇستا تەمبۇرچى ئىدى، گارمونىنىمۇ بەك
ياخشى چالاتتى، ئۇسسۇلنىمۇ بەلەن ئوينايتتى. ئاغىنىلەر ئۇنى
«ئەركىن نايناق» دەپ چاقىراتتى. ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم بولغاچ-
قا، مەن ئۇنى ئەركىن موما دەيتتىم. بۇ لەقەمنى ئۇنىڭغا
ساۋاقداشلار قويۇپ قويغان. ساۋاقداشلار ئۇنىڭ پەيزى قىلىقلى-
رىنى كۆرۈپ: «نەق ئاشۇ چوڭ قاسقاندا پىشقان موما ئىكەن -
دە، بۇ ئاداش» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ لەقەم ئۇنىڭغا بەك تېز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىڭىپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنى ئەركىن موما دېسەك، ئۇ مەزلۇم كىشىگە ئوخشاش نېپىز يۈزلىرى بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. لېكىن، بەزى شوخ قىز ساۋاقداشلار بۇنداق دېسە ئۇ تېرىكىپ قالاتتى، ئۇ تېرىكسە چىرايلىرى ئۆزگىرىپ باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالاتتى، ئەركىن موما ئەمەس، ھەسەن قارىغايغا ئۆزگىرىپ، قارىداپ كېتەتتى. ئۇ يېڭى بىر كىيىم كىيسە، ئۇدۇل مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ماڭا باھالىتاتتى: «يارىشىپتىمۇ، ئاداش؟» دەپ ھىجىيىپ كېتەتتى، مەن «چاپىنىڭ بەك يارىشىپتۇ، خۇددى مومىنىڭ پوستىدەك، ئاداش» دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قوياتتىم. باشقىلار ئۇنىڭ بارماقلىرىنى يېپىپ تۇرغان چاپىنىغا قاراپ، ئۇنى ساز قىلىپ ئوينايتتى: «بەك ئازادە چاپان ئىكەن بۇ، ئاخشاملىرى كۆرپە ـ يوتقان قىلساڭمۇ بولىدىكەن» دەپ ئۇنى كولدۇرلىتاتتى. ئەركىن موما تېرىكەتتى: «مەن ئۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىدىم ـ ھە، باللار، مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم باي ئۆتكەن ئادەم، بىز يوتقان ـ كۆرپىلەردىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملەردىن ئەمەس» دەپ ئۇلارغا نارازىلىق بىلدۈرەتتى.

مەن تامىقىمنى يېيەلمىدىم. ئىچىمدە «بۇ قايسى ئەركىندۇ ئەمدى؟» دەپ قايغۇغا پېتىپ قالدىم، يانفونۇمنى قولۇمغا ئېلىپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ تۇرىدىغان ئايالىمغا تېلېفون بەرمەكچى بولدۇم. لېكىن، ئاشخانا مۇھىتىدا چەكلىمىگە ئۇچراپ قالدىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماق پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، ئاشخانىدىن چىقىپ ياتاققا قاراپ يول ئالدىم.

ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەلگەندە ئىككى كۈندە بىر قېتىم مۇشۇ لەڭمەنخانىغا كىرىپ بىر تەخسە لەڭمەن يەۋالسام ئارام ئالالماي قالاتتىم. يىغىنىنىڭ قورۇما تاماقلىرىغا ئاران ئىككى كۈن چىدايتتىم، مانا ئايالىم بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بىر تەخسە تامىقىمنى يوق قىلدى. ئەگەر ئۇ ئادەتتە مەن ئۆگىتىۋاتقان پەدە بويىچە: «ياخشىمۇسىز، نەدە، نېمە قىلىۋاتىسىز؟» دەپ ئۆزۈكىسىنى بېسىۋېلىپ: «ھە توختا، تاماق ئۈستىدە ئىكەن، تامىقى-

نى يەۋالسۇن، ئاندىن گەپ قىلاي» دېگەن بولسا، ئاشۇ بىر تەخسە داڭلىق لەگمەنمۇ شۇ بولۇڭدا يېتىمسىراپ ئىسراپ بولمايتتى.

مەن ئالدىراپ مېھمانخانىغا كېلىپ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ تومپۇچكا ئۈستىدىكى تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم ...

— ھە، مەن، ئۆيدىمۇ ؟ تاماق يەپ بولدۇڭلارمۇ ؟ ... ياخشى، بايىقى تېلېفونۇڭ بولماي قالدى، خوتۇن، بۇنداق ئىش دېگەننى ئالدىرىماي تەپسىلىي چۈشەندۇرۇش كېرەك ئىدى ئەمەسمۇ؟

— مەن سىزگە ئوخشاش يازغۇچى ئەمەس، بىر تاغار گەپ قىلىپ ئولتۇرمايمەن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلدى دېمەمدۇ؟...

— ئۆلگەنلىكىنى بىلدىم شۇ، قايسى ئەركىن ئۆلۈپتۇ؟

— ئەركىن باج، ئەركىن باج.

— مۇنداق دېمەمسەن، تونۇشلىرىم ئىچىدە نەچچە ئەركىن بار ئەمەسمۇ، نېمە بولۇپ ئۆلۈپتۇ؟

— ئۆزىڭىز بايا تېلېفوننى قويۇۋەتتىڭىزغۇ، نېمە بولۇپ ئۆلەتتى، ماشىنىسى تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئۆلگۈچە ھاراق ئىچىپ ھەيدەپتىكەن ...

مەن تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويدۇم، كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم قېتىپ قالدىم ...

ئەركىن باج ھاراقنى جىق ئىچەتتى. تازا قىزىغاندا سورۇننى تاشلاپ قويۇپ، كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالاتتۇق. چۈنكى، ئۇ مەست ھالەتتە ماشىنا ھەيدەشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. بىز ئۇنىڭ مۇشۇ قىلىقلىرىدىن بەك ئەنسىرەيتتۇق، ئەتىسى سەگىگەندە: «ئاداش، كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، ئۇنداق قىلما، سەن ھاراقنى ئاز ئىچكىن، قولۇڭدىن كەلسە تاشلا بۇ نەرسىنى، ئالمادىس بەرەر ئىش چىقىپ قالسا، تاپقان دۇنيالىرىڭنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟!» دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاتتۇق. ئۇ: «ماقۇل، ئاداش» دەيتتى. لېكىن، تۆت كۈندىن كېيىن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالساق

يەنە شۇ قىلىقى بويىچە ئالدىنى توسقان بالىلارنى تىللاپ ماشى-
نىسىنى ھەيدەپ قاچاتتى. مانا ئەمدى ھاراق ئاخىر ئۇنىڭ جېنى-
نى ئالدى، ئادەم ھاراق بىلەن ھەپىلىشىپ پايدا ئالالمايدىغان
ئوخشايدۇ. ئاخىر غەلىبە ھاراققا تەۋە بولىدىكەن، ئۇ ھەممە يەردە
ئەرنىڭ يۈزىنى يەرگە، بېشىنى گۆرگە قارىتىشقا تىرىشىدىكەن.

يىغىنىمىز يەتتە كۈن داۋاملاشتى. ئادەتتە ئۇرۇمچىگە يى-
غىنغا بارسام، يىغىندىن كېيىن ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ ئاز -
تولا نايناقلىنىۋالاتتىم، ئاغىنەمدە بار خۇي مەندىمۇ بار ئىدى، لې-
كىن بۇ قېتىم يۇرتقا قاراپ جىددىي يولغا چىقىشقا مەجبۇر بول-
دۇم ...

يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ئەتىسىلا ئەركىن باجىنىڭ ئۆيىگە پەتى-
گە باردىم، ئۇنىڭ ئايالى ماھىنۇر مېنى كۆرۈپ يىغلاپ ئېتىلىپ
كەتتى، ئۇ «ئەركىن قېنى، ئەركىن نەگە كەتتى؟» دەپ ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا يىغلىدى. مەن ئىچىمدە: «ئۆلگەن ئادەم كېتىدى-
كەن، كەلگۈلۈك قالغانلارغا قالىدىكەن» دېدىم، ئۆزۈمنى تۇ-
تۇۋالالماي يىغلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ گۈلدەك ئىككى قىزىمۇ ئاپى-
سىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، ئۆينىڭ ئىچىنى سۈر بېسىپ
تۇراتتى. ئەركىن يوق ئۆينىڭ ھاۋاسىمۇ باشقىچە ئىدى. مانا مەن-
مۇ شۇ ئۆيدە تالاي قېتىم مېھمان بولغان، «ئۇلارنىڭ كۆزى كې-
لىپ قالدى، ئاداش، ياخشى قېزا كېلىپ قالدى، ئاداش، كەچتە
بىزنىڭ ئۆيگە كەل، كادىر بىلەن مومىنىمۇ ئېلىپ كەل، بىر يا-
شىۋالايلى» دەپ تېلېفون بېرەتتى. ئىچىشىمىز تۆت يۈز سومە-
لۇق، بەش يۈز سوملۇق ئالىي ھاراقلار ئىدى. بىز ھەتتا مۇشۇ
جاھاندا دۇنياغا مەڭگۈلۈك باقمەندىدەك ياشايتتۇق. مانا ئەمدى
ھەممە ئىشلار ئاخىرلاشتى. بىز مەرد، ئەڭ ياخشى ئاغىنىمىزدىن
ئايرىلىپ قالدۇق. مەن ماھىنۇرغا تەسەللى بېرىپ: «ئاللادىن
كەلدى ماھىنۇر، سەۋر قىلىڭ، بالىلارغا قاراڭ، ئەمدى بىز با-
لىلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇشىمىز كېرەك» دېدىم.

مەن ئەركىن كادىر بىلەن ئەركىن مومىنى ئېلىپ تۇپراق

بېشىغا كەلدىم، ئەركىن كادىر مەھەللىسىدىن بىر قارىمنى ئې-
لىۋالغانىدى. قارىمنىڭ ئاۋازى ناھايىتى مۇڭلۇق ئىدى. ئەتراپ-
تىكى كونا تۇپراق ئەتراپىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكە-
نىدى. بۇلارنى مازارغا قارايدىغان ئۈمەرجان بەرپا قىلغانىدى. ئۇ
مازاردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدىن پايدىلىنىپ تۇپراق ئە-
گىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە تۇپراق ئالدىدىكى بوشلۇقنى رەتلەپ،
تۇزەشتۇرۇپ شۇ يەرنى كۆكەرتىپ دەرەخ ھەم گۈللەرنى يېتىش-
تۇرگەنىدى. مەن خېلى جىق يۇرتلارنىڭ مازارلىرىغا بېرىپ
كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەتتىكى دۆڭلۇكتە ياكى
بىنەملىكتە ئىدى. پەقەت مۇشۇ شەھەرنىڭ مازارىلا شەھەر ئىچى-
دىكى تۇزلەڭلىكتە ئىدى. مەن ئىچىمدە: «خۇدايىم بۇيرۇسا ئاغى-
نەمنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دېدىم، قا-
رىم ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا دۇئا قىلدى، ئاخىر مەن: «رەھمەتلىك-
نىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي» دەپ دۇئا قىلدىم.

كۇنلەر ئۆتىۋەردى. ئەمدى مەن رەھمەتلىكنىڭ بەزى ئىشلى-
رىغا ئىگە بولمىسام بولمايتتى. مەن «نېمە بولسا بولسۇن، ئەمدى
ئۇنىڭ قالغان ئىشلىرىغا ئارىلىشاي، بالىلىرى ئۇچۇن بۇ
ئىشلارنى لىللا بىر تەرەپ قىلاي» دېگەن نىيەتكە كەلدىم. چۇن-
كى، ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىنى مەندىن باشقا ئادەم بىلمەيتتى. مەن
ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئويىنى ماھىنۇرغا دېدىم. ماھىنۇر مېنىڭ گەپ-
لىرىمنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. «رەھمەتلىك ماڭا پەقەت سىر
بەرمەيتتى» دېدى ئۇ. مەن يەنىلا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم. ئۇنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، تاغقا چىقىپ ئۇنىڭ مېلىنى بېقىۋاتقان
سەرسەن دېگەن قازاق مالچى بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن رەھمەتلىك-
نىڭ مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ماللىرىنى بىلەتتىم. بىز يىلدا
بىر قېتىم تاغقا چىقىپ ئىلمىتار قىلاتتۇق. ساتىدىغاننى سې-
تىپ، قالدىغىنىنى قالدۇرۇپ قايتاتتۇق. سەرسەن شۇم خەۋەرنى
ئاڭلاپ تۇرۇپ كەتتى، ئارقىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى،
مەن ئۇنىڭغا گەپنى ئوچۇق دېدىم: «مۇشۇنداق كېلىشمەسلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى، سەرسەن، ماللارنى ئالىمەن دېسەڭ ساڭا ساتىمەن، بولمىسا باشقىلارغا ساتىمەن» دېدىم. سەرسەن: «مەن ئالالمايمەن» دېدى. مەن ئەتىسى ئىككى قاسساپنى باشلاپ چىقىپ بىر يۈز ئاتمىش قوينى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈۋەتتىم. پۇلنى ئاپىرىپ ماھىنۇرغا بەردىم.

ئىككىنچى قېتىملىقتا مەن ماشىنا بازىرىدا ماشىنا ئېلىپ ساتىدىغان ئوسمان بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قورسىقىمدىكى ئىشلارنى بىلىپ بولدى. رەھمەتلىك ئۇنىڭغا يۈز مىڭ سوم بېرىپ تۇرغانىدى، پۇلنى بەرگەندە نەق مەيداندا مەن بار ئىدىم. رەھمەتلىك مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مېنى ئارىلاشتۇرۇشىدىكى مەقسەت، ئۇ مېنى بىلىپ قالسۇن، ۋاقتى كەلگەندە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دېگەن بىر مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەنمىدىكىن؟ ئەپسۇس، ئوسمان گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ گەپ قىلماي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ ماڭا: «ئەھۋالىم تازا ياخشى ئەمەس، ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى ساڭىلا بېرەي، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئىشنى بولدى قىلمايلىما؟» دېدى. «خۇدايىم تۇۋا، بۇ بەش سوم ئەمەس ياكى بەش يۈز سوممۇ ئەمەس، بۇ يۈز مىڭ سوم. ماھىنۇر مۇشۇ پۇل بىلەن بالىسىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشمىسا قانداق قىلىدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ، نىيىتىڭنى ئالا قىلما» دېدىم. «ئەمىسە ماھىنۇر ئۆزى كەلسۇن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن رەھمەتلىككە ھۆججەت يېزىپ بەرگەن، ئاشۇ ھۆججەتنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى ئوسمان. ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام: «ئەركىن ئۆلۈپ كەتتى، مەن بەرگەن ھۆججەتنى تاپالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل ماڭا قالىدۇ» دېمەكچىدى، مەن : «بولىدۇ ئەمىسە ئوسمان، بىز سەن دېگەندەك قىلايلى» دېدىم.

مەن ماھىنۇر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دېدىم: «سىز ئەركىننىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇڭ، ئىدارىسىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئىچىنىمۇ ئاختۇرۇڭ،

ئەگەر بىز ئاشۇ ھۆججەتنى تاپمىساق ئۇنىڭدىن پۇلنى ئالالمايدى-غان ئوخشايمىز» دېدىم. ماھىنۇر بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ھەممە نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ ھۆججەتنى تاپالمىدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى، يەنە ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا يەنە مەن غەيرەتكە كېلىپ رەھمەتلىكنىڭ ئاشنىسى قۇندۇز بىلەن كۆرۈش-تۇم، ئۇنىڭغا ھەممە گەپلەرنى ئېيتتىم.

قۇندۇز ناھايىتى چىرايلىق قىز ئىدى، ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى ئەركىن باج شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئەر-كىن ئۇنى ئۆزى ئېلىپ تاشلاپ قويغان يۇز كىۋادراتلىق بىنا ئۆيگە ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. ئۇلار پات - پات مۇشۇ ئۆيدە كۆرۈشەتتى. قۇندۇز مېنىڭ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

— مەن ئەركىنكامىنىڭ ئۆلۈمىدىن بەكمۇ ئېچىندىم. يالقۇن-كا، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە مەن سىزگە راست گەپ قىلاي، لېكىن سىزمۇ مېنىڭ بەزى تەلەپلىرىمنى ئويلىشىپ بېقىڭ...

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ، سىڭلىم...

— مۇشۇ ئۆيدە ئەركىننىڭ بىر كىچىك بىخەتەرلىك ساندۇ-قى بار، ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى جىق نەرسىلەر بار. سىز دېگەن ئا-شۇ ھۆججەتمۇ مۇشۇ بىخەتەرلىك ساندۇقتا بولۇشى مۇمكىن، — دېدى قۇندۇز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— ئاشۇ بىخەتەرلىك ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى سىزدىمۇ؟ — دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ.

— مەندە، بىراق مەخپىي نومۇرى رەھمەتلىكنىڭ ئۆزىدە ئىدى.

— ھە، ئۇ ساندۇقنىڭ مەخپىي نومۇرى بار ئىكەن - دە؟

— شۇنداق، سىز ساندۇقنىڭ مەخپىي نومۇرىنى تېپىڭ، ساندۇقنى ئىككىمىز بىللە ئاچىمىز.

— بۇ مەخپىي نومۇر نەدىدۇ؟

— ئەركىنكامىنىڭ بىر قارا تېلېفون دەپتىرى بولىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇ دەپتىرىنىڭ ئىچىدە.

— ئەمىسە مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىزدەي، — دېدىم مەن.

— تاپقاندىن كېيىن ماڭا تېلېفون بېرىڭ، ساندۇقنى بىللە ئاچىمىز. ئەگەر ماھىنۇر ھەدەمنى باشلاپ كەلسىڭىز ئاچقۇچنى بەرمەيمەن، — دېدى قۇندۇز.

— سىز بۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولۇڭ.

— يەنە بىر گەپ، ئاشۇ ساندۇقتىن نېمە چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، ماڭا ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، مەن مۇشۇ ئۆينى ئالىمەن، رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا تويىڭىزنى قىلىپ قويىمەن، ئەگەر ئۇنىڭغا قوشۇلمىسىڭىز مۇشۇ ئۆينى سىزگە بېرىمەن، دېگەندى...

«ئالە شەرىڭنى، مۇشۇ سەتەڭ نېمە دېسە شۇ ئەمدى» دېدىم ئىچىمدە.

— خاتىرجەم بولۇڭ قۇندۇز، مەن سىزنىڭ مۇشۇ تەلىپىڭىزنى ئويلىشىمەن، بىز ئالدى بىلەن ساندۇقنى ئاچايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گۆھەردەك پارقىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ.

مەن قۇندۇز بىلەن خوشلىشىپ ماھىنۇرنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتىم، لېكىن قۇندۇزنىڭ ئاشۇ بىنا ئۆينى تەلەپ قىلغىنىنى ئېيتمىدىم. چۈنكى، ماھىنۇرنىڭ قۇندۇزنىڭ تەلىپىگە يېقىن كەلمەيدىغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغانىدىم. ئويۇمدا ئاشۇ بىنانىڭ ئىشىنى ئۆز بېشىمغا ئېلىپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم. بىز رەھمەتلىكنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ئاشۇ قارا تېلېفون دەپتىرىنى ئىزدەپ تاپتۇق. مەن دەپتەرنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە نومۇر تاپتىم، ئىچىمدە «مۇشۇ نومۇرلارنىڭ بىرسى بولمىسا بىرسىدۇر، بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ باقاي» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

مەن ماھىنۇر بىلەن خوشلاشتىم. قولۇمدىكى تېلېفون دەپتىرىنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، قۇندۇزغا تېلېفون بەردىم. يېرىم

سائەتتىن كېيىن بىز قۇندۇزنىڭ ئاشۇ بىنا ئۆيىدە كۆرۈشتۇق.

— سىز كۆرگەن مۇشۇ تېلېفون دەپتىرىمۇ؟ — دېدىم مەن قاشلىرىنى ئۈينىتىپ ئالدىمدا پارقىراپ ئولتۇرغان قۇندۇزغا قاراپ.

— مۇشۇ دەپتەر شۇ...

— بۇنىڭدا بىرنەچچە نومۇر بار ئىكەن، سىز ئاچقۇچنى ماڭا بېرىڭ، مەن مۇشۇ نومۇرلارنى سىناق قىلىپ ئېچىپ باقاي، — دېدىم قۇندۇزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالمايدىغانسىز، يالقۇنكا؟ — دېدى قۇندۇز تىللىرىنى ئۈينىتىپ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھېچكىمگە تىنمايمەن، بۇ ئۆي سىزنىڭ.

— ئەمىسە ماڭا بىر تىلخەت يېزىپ بېرىڭ، — دېدى قۇندۇز.

«ئاللا دېدىم ماۋۇ قىزنىڭ يامانلىقىنى !» ئويلىدىم ئىچىمدە.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ دېدىمغۇ قۇندۇز، مانا ھازىر بۇ بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئاچىمىز، ئەگەر مۇشۇ بىنانىڭ خېتى ساندۇقتىن چىقىپ قالسا، مەن سىزگە مۇشۇ يەردىلا بېرىۋېتەمەن، — دېدىم مەن.

— مەن «ئەگەر، بولسا» دېگەندەك گەپلەرنى ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، يالقۇنكا، سىز ماڭا بىر تىلخەت يېزىپ بېرىڭ، بولمىسا مەن سىزگە ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرەلمەيمەن. رەھمەتلىك ماڭا بەكمۇ جىق ۋەدىلەرنى بېرىپ كەتكەن، ئەمدى ھازىر ئۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. لېكىن، مەن مۇشۇ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈمگە ئىگە بولمىسام بولمايدۇ...

— توۋا، ماۋۇ قىزنىڭ يامانلىقىنى، مەيلى، تىلخەت يېزىپ بېرەي. بولمىسا ساندۇقنى ئاچالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ كېلىڭ.

قۇندۇز ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ قەغەز بىلەن قەلەم ئېلىپ چىقتى. مەن قۇندۇزنىڭ تەلىپى بويىچە ئاددىي قىلىپ قەغەزگە مەقسەتنى يازدىم. ئاندىن ئۇنى قۇندۇزغا تەڭلىدىم. قۇندۇز تىلخەتنى ئوقۇپ چىقىپ، يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن بايام كىرىپ ـ چىققان ئۆيگە كىرىپ، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— مېنى توغرا چۈشىنىڭ، يالقۇنكا، مەن مۇشۇنداق قىلمىسام ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىمەن. مېنىڭ ئەركىنلىكىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى جىق ئادەم بىلىدۇ. ئەگەر مەن تويۇمغا مۇشۇ ئۆيۈمنى دەسمايە سالمىسام، ئەرگە تېگەلمەيمەن. ئۆيۈم بار، پۇلۇم بار دەپ تۇرۇپ بىر يۇمشاقباشقا تېگىۋالمىسام بولمايدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— مەن سىزنى چۈشىنىمەن، قۇندۇز...

قۇندۇز ئاچقۇچنى ماڭا بەردى. بىز ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىردۇق، ساندۇق كارىۋاتنىڭ قېشىدا ئىدى، مەن ساندۇققا ئاچقۇچنى سالدىم. ئاندىن دەپتەردىكى مەخپىي نومۇر بويىچە ساندۇققا نومۇر بەردىم، ئاندىن تولغىغۇچنى بۇرىدىم. شۇ دەقىقىدە ساندۇق ئېچىلدى. مەن ساندۇقنىڭ ئىچىگە قارىماي، بېشىمدا قاراپ تۇرغان قۇندۇزغا قارىدىم. قۇندۇزنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم بىردىنلا يوقىغانىدى. ئۇ ئىتتىكلا مەندىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— ئەگەر بىر خالتا ئالتۇن چىقىپ قالسا قانداق قىلىمىز قۇندۇز؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

— سىز ئېلىڭ، يالقۇنكا، ماڭا مۇشۇ ئۆيىنى بەرسىڭىزلا بولىدۇ، — دېدى قۇندۇز. مەن ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كارىۋاتقا ئالدىم. ساندۇقنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن چىققان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئىلمىتار قىلدىم. قۇندۇز ھېچ نەرسىگە قول تەگكۈزمىدى. مەن چىققان نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ قەغەزگە تىزىملىدىم.

— مانا قوندۇز، سىزنىڭ مۇشۇ ئۆيىڭىزنىڭ خېتىمۇ بار ئى-
كەن. بۇ ئۆي خېتىنى تىزىملىمايلا سىزگە بېرىۋېتەي. ئېسىڭىز-
دە بولسۇن، بۇ ئىشنى ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم بىلسە بولمايدۇ.
ھەتتا ئىنىس - جىنىڭىزغىمۇ دېمەيسىز. ئەگەر بۇ ئىشنى ئۈچىن-
چى بىر ئادەم بىلىپ قالسا، سىز ھەم مەن تۇگىمەس جېدەلگە پې-
تىپ قالىمىز. خىيالىڭىزنىڭ ئىچىدە چىڭ ساقلاڭ، بولمىسا
مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەيسىز، — دېدىم. قىزىل تاشلىق ئۆي خې-
تى قوندۇزنىڭ چىرايلىق بارماقلىرى ئۈستىدە تېخىمۇ پارقىراش-
قا باشلىدى. ئۇنىڭ گۆھەر كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.
ئۇ ئۆي خېتىنى كۆرۈپ بولۇپ، تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قارىدى.
— سىزگە رەھمەت، يالقۇنكا، مەن ئەسلىدە سىزگە ئىشەن-
مىگەنىدىم، — دېدى ئۇ.
— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىنىپ ياشاڭ، سىڭلىم، —
دېدىم.
ساندۇقتىن يەنە بىر بىنا ئۆينىڭ ئۆي خېتىمۇ، ئوسمان يې-
زىپ بەرگەن يۈز مىڭ سوم پۇلنىڭ ھۆججىتىمۇ چىقتى. ئۇنىڭ-
دىن باشقا مۇشتۇمدەك تۆت دانە قاشتاش، بىر دانە قول سائىتى-
مۇ بار ئىدى. مەن بۇ نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ بولۇپ، بۇنىڭدىن
كېيىنكى بەزى ئىشلارنى ئويلاپ، قەغەزنىڭ ئۈستىگە قوندۇزنىڭ
قولىنى قويدۇرۇۋالدىم.
— ئۆينىڭ خېتى ئەركىنكامنىڭ نامىدا ئىكەن، ئۆينى ئۆ-
زۈمنىڭ نامىغا ئۆزگەرتىۋالسام بولاتتى، — دېدى قوندۇز.
— ئۇ تەس ئەمەس، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بارسىڭىز،
ئۇلار سىزگە يول كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنىمىسا، مەن ئەر-
كىنىنىڭ نامىدا بۇ ئۆينى سىزگە ساتقانلىقى توغرىسىدا بىر
ھۆججەت يېزىپ بېرەي. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلار ھەل بولۇپ كې-
تىدۇ، — دېدىم قوندۇزغا قاراپ.
— سىزگە رەھمەت، يالقۇنكا، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، —
دېدى قوندۇز تىللىرىنى ئوينىتىپ. مەن قوندۇز بىلەن خوشلى-

شىپ ئۆيدىن چىقتىم ـ دە، ئالدىراپ بېرىپ ماھىنۇرغا ساندۇق-تىن چىققان نەرسىلەرنى كۆرسەتتىم. ماھىنۇر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى.

— سەۋر قىلىڭ، ماھىنۇر، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەرسىلەرمۇ خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنى يوق. ئۆزىڭىز بىلىسىز، رەھمەتلىكنىڭ كۆڭلىدە يامانلىق يوق، ئا-شۇنداق بىر مىجەزى بار ئىدى ئەمدى، ھەرقاچان سىزنى بەزى نەرسىلەرنى بەك سۇرۇشتە قىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئويلاپ ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغان بولغىيدى، — دېدىم مەن گەپنى ئۇششاپ.

— ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭە، يالغۇن، سىزنىڭمۇ خوتۇن ـ با-لىڭىز بار. تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۆيگە ئەكەلمەي سىرتتا بۇزۇقچە-لىق قىلىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ — دېدى ماھىنۇر يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى، ماھىنۇر، بەك قايغۇرۇپ كەتسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە ياخشى بولمايدۇ، بۇ ئىش ھەممىمىز ئۈچۈن بىر ساۋاق بولدى. ماۋۇ نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز ياخشى ساقلاڭ. مەن ماۋۇ ئوسماننىڭ ھۆججىتىنى ئاپىرىپ ئۇ-نىڭدىكى يۈز مىڭ سوم پۇلنى ئەكېلەي، ئەمدى بالىلارنى ئويلاڭ، قالغان ھەرقانداق ئىش بولسا بىز بار، بىزگە ئىشىنىڭ، — دې-دىم مەن يىغلاپ سەتلىشىپ كەتكەن ماھىنۇرغا قاراپ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتىم. ئەتىسى بازارغا بېرىپ ئوسمان بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇنىڭغا ئۆزى يازغان يۈز مىڭ سوم پۇلنىڭ ھۆججىتىنى بەردىم.

— ئەركىننىڭ ئايالى ئۆزى كەلسۇن، — دېدى ئوسمان.

— تەتۈرلۈك قىلما، ئوسمان، مەن بۇ ئىشتا تولۇق ھوقۇق-لۇق، — دېدىم چىرايىمنى ئاچماي.

— مەن مۇشۇ بازاردا سەندەك ئادەمدىن كۆرمىگىنى كۆرگەن، ئاداش، ئەركىننىڭ ئايالى كەلمىسە ساڭا بىر ۋاراق قەغەزمۇ بەر-مەيمەن، — دېدى ئوسمان خۇنۇك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

ئامالسىز ماھىنۇرغا تېلېفون بەردىم، ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن

كېيىن دەرھال يېتىپ كەلدى.

— خاپا بولماڭ، مەن سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم. راست، مەن ئەركىندىن يۈز مىڭ سوم پۇل ئېلىپ ئىشلەتكەن. بىراق، ئۇ مەندىن پۇل لازىم بولۇپ قالدى ئاداش دەپ ئەللىك مىڭ سومنى ئېلىپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا ھۆججەت يېزىپ بەر دېسەم، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەن، دەپ يېزىپ بەرمىگەنىدى. شۇڭا، مەن بۇ گەپنى يالغۇنغا دېيەلمەي سىزنى چاقىرغانىدىم. مۇشۇنداق گەپ، مەن ھازىر سىلەرگە ئەللىك مىڭ سوم بەرسەم، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئېلىم - بېرىم تۈگەيدۇ، ماقۇل دې-سەڭلار مەن سىلەرگە مۇشۇ پۇلنى بېرىمەن. ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئەركىن سىزدىن ئەللىك مىڭ سوم ئېلىپ بولغان بولسا ھۆج-جىتىنى كۆرسىتىڭ دېسەڭلار، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. ئۆلگەن ئا-دەمنى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. ئەگەر مەن ئەركىننىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلگەن بولسام، چوقۇم ئۇنىڭدىن ھۆججەت ئې-لىۋالىمەنغۇ؟ — دېدى ئوسمان پوكاندەك قىزارغىنىچە.

— ئوسمان، سەن ئەركىنگە ئەللىك مىڭ سوم بېرىپ ئۇ-نىڭدىن ھۆججەت ئالماي قالارسەنمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزى-نىڭ ئىچىگە قاراپ.

— مەن سەن ئەمەس، ئاداش، مەن ئاغىنەمگە ئىشىنىمەن، — دېدى ئوسمان ۋارقىراپ.

مەن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم، ئىچىمدە ئوسمانغا شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ يالغان سۆزلىگىنى ھەر ئىككىلى-مىزگە بەش قولدەك ئايدىڭ، ئۇ بىرسىگە ئەللىك مىڭ سوم پۇل بېرىپ ھۆججەت ئالمايدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى.

ماھىنۇرمۇ گەپ قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ھېچكىم گەپ قىلمىدى.

— قانداق قىلىسىلەر؟ ئالىمەن دېسەڭلار ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى ھازىر بېرىمەن. ياق دېسەڭلار كېيىن كۆرۈشەيلى، مېنىڭ ئىشىم بار، — دېدى ئوسمان قوپاللىق بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«ئەگەر بۈگۈن ئۈنىڭدىن مۇشۇ پۇلنى ئېلىۋالمىساق كېيىن بىر پۈتمۇ ئالالمايدىغان ئوخشايمىز، شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئەتە كېلىڭلار، ئۆگۈن كېلىڭلار دەپ ئىشنى سۆرەپ يوققا چىقىرىدۇ، پۇل تاپقاندا بېرىمەن، ئالدىرىماڭلار دەپ تۇرۇۋالسا ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ» دېدىم ئىچىمدە، ئاندىن قېشىمدا ئولتۇرغان ماھىنۇرغا قارىدىم.

— قانداق قىلىمىز، يالقۇن؟ — دېدى ئۇ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

— ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭ، ئوسمان مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ، — دېدىم پەس ئاۋازدا.

— ئەمىسە بارىنى ئالايلى، — دېدى ماھىنۇر.

«ئەقىللىك ئادەمنىڭ گېپى بولدى بۇ، مۇشۇنداق قىلمىساق بۇ پۇلدىنمۇ قۇرۇق قالىمىز» دېدىم ئىچىمدە.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەن ئارتۇقچە گەپ قىلماي.

— يۈرۈڭلار ئەمىسە، مەن سىلەرگە بانكىدىن پۇل ئېلىپ بېرەي، — دېدى ئوسمان.

بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ جۇڭگو بانكىسىغا كىردۇق. ئوسمان بانكىدىن ئەللىك مىڭ سوم پۇل ئېلىپ ماھىنۇرغا تۇتقۇزدى. بىز گەپ قىلماي بانكىدىن چىقىپ كەتتۇق. ئوسمان نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ بانكىدا قالدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. كىشىنىڭ ھەققى بۈگۈن ئۇنىڭغا سىڭگەندەك قىلغان بىلەن، كەلگۈسىدە ھامان قۇستۇراتتى. ئوسمان بۇنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بانكىدا بىزگە خوشمۇ دېيەلمىدى.

— ماھىنۇر، ئەمدى بۇ ئىشلار مۇشۇنداق ھەل بولدى، نېمە دەيمىز ئەمدى، رەھمەتلىك ياخشى ئادەم ئىدى، سىز ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ھېچكىمگە تىنماڭ، ئەمدى بۇ ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن، بەزى ئىشلارنى چوقۇم گۆرگە ئېلىپ كېتىش كېرەك، — دېدىم مەن ماھىنۇرغا تەسەللى بېرىپ.

— ئەسلىدە ئەركىن ماڭا پەقەت ئىشەنمەيدىكەن - دە، —

ماھىنۇر شۇنداق دېگىنىچە يەرگە قاراپ يىغلاپ كەتتى.
— كوچىدا سەت بولىدۇ، ماھىنۇر، بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بالىلارنى ئويلىمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەڭ، ئەمدى ئۇشۇقچە قايغۇرماڭ، — دېدىم. ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. مەن كىنوخانىنىڭ قېشىدىكى ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان كونا قاۋاقخانىغا كىردىم، قاۋاقخانىنىڭ ئىچى بەك قالايمىقان ئىدى. مەن بىر بۇلۇڭغا كىرىپ ئولتۇردۇم. قاۋاق ئىگىسى قېشىمغا كېلىپ كۆزۈمگە قارىدى، بۇ ئۇنىڭ گەپ قىلمامسەن، دېگىنى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «يۈز گىرام ھاراق بېرىڭ» دېدىم.
— تۇخۇممۇ بار، — دېدى ئۇ.
— بىر سوملۇق دادۇر، ئىككى تۇخۇم بېرىڭ ئەمىسە، — دېدىم مەن.
— نېمانچىلا جىق زاكۇسكا ئالىسىلە، ئاداش، ئۇنچىلىك نەرسىلەر بىلەن بىر كىلو ھاراق ئىچىۋەتكىلى بولىدۇ، — دېدى قېشىمدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بىر ئادەم.
— مەن ھاراق ئىچكەندە زاكۇسكىنى جىقراق يەيمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا قارىمايلا.
— ئەمىسە ئاداش، سىلە ھاراقنىڭ پەيزىنى ئالالمايسىلەكەن، زاكۇسكىنى يەۋەرسەڭلا ھاراق زاكۇسكىغا سىڭىپ كېتىدۇ، ھاراقنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيسىلە. ھاراق دېگىنى بارغۇ، ئاشقازاننىڭ تېرىسىگە سىڭىپ تۇرسا كۈچ تىماققىچە بارىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ھاراق ئادەمنى ھەقىقىي پەيزى قىلىپ ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.
— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھاراق دېگەننى ئاچ قورساققا ئىچىش كېرەك، ئاشقازان تازا كۆيۈپ قايىنىغاندا بىر تەخسە لەڭمەن يەۋالساڭ، سەندەك راھەتلىنىك ئادەم يوق جاھاندا، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.
قاۋاق ئىگىسى مەن بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئەكەلدى. مەن ئىستاكاندىكى ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋەتتىم. ئاندىن بىر دانە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دادۇرنى ئاغزىمغا سېلىپ، ئىككى دانە ئاپپاق تۇخۇمغا قاراپ ئولتۇردۇم. كاللام شۇ قەدەر قالايمىقان ئىدى. ئەركىن كۆندە دېگۈدەك چۈشۈمگە كىرىۋالاتتى، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن ئېچىندىم. ياخشى بىر ئاغىنەمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم ئۈچۈن قايغۇردۇم.

قولۇمنى هاراققا ئۇزارتىپ تۇرۇشۇمغا يانفونۇم جىرىڭلىدى، تېلېفون شىرئەلىدىن كەلگەنىدى.

— هە، مەن، ئاداش، هە، سىرتقا چىقىپ كېتىپسەن - دە. مەنمۇ ئۇرۇمچىدە يىغىندا ئىدىم. هە، ئۇن مىڭ سوم بېرىشىم بار ئىدى دەمسەن؟ هە بوپتۇ، ماھىنۇرغا بېرىۋەت، مۇشۇنداق قىلساڭ ياخشى بولىدۇ، ئاداش...

— ئەمىسە سەن دېگەندەك قىلاي، ئاداش، ئۇ پۇلنى ئۆتكەن يىلى ئۆي سېتىۋالغاندا ئالغانىدىم، — دېدى شىرئەلى.

مەن ئىستاكاننى قولۇمغا ئېلىپ، قالغان هاراقنىڭ هەممىسىنى كۆتۈرۈۋەتتىم. ئاچچىق هاراق كانىيىمدىن ئۆتكۈچە كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كەتتى، قولۇمدىكى ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم، ئاندىن قولۇمغا بىر دانە تۇخۇم ئالدىم. لېكىن، قولۇمدىكى تۇخۇم شۇ دەقىقىدە بىر تاشقا ئايلاندى. بەدەنلىرىمدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى. مەن ئىختىيارسىز هالدا ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ كەتتىم.

«ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ خوتۇنۇمدىن تىقىشتۇرۇپ يۈرگەن نەرسىلىرىمنى ئۇنىڭغا ئاشكارىلىشىم كېرەكمۇ؟ قانداق قىلسام بولار؟»

مەن ئىشىك تەرەپكە قارىدىم. مەست بولۇپ قالغان بىر بېچارە ئىشىك ئالدىغا يىقىلدى. ئۇنى بىر ئادەم يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. شۇ تاپتا قاۋاق ئىگىسىنىڭ كۆزلىرى مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن ئۇچراشتى. مەن دەرھال قولۇمغا هاراق ئىستاكاننى ئېلىپ، يەنە يۈز گىرام كەلتۈرسىڭىز دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدىم. ئۇ قېشىمغا كېلىپ، قولۇمدىن ئىستاكاننى ئېلىپ كەتتى، مەن يەنە خىيالغا پېتىپ قالدىم ...

ياسىن نىياز

# سىزنى سۆيەتتىم ...

هويلىمىزدا بىر تۇل ئايال بار ئىدى. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئېغىزلىق دالان ئۆيدە ئولتۇراتتى. بىز بىر- بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتۇق. مېنىڭ يىراقتا بولسىمۇ خىيالىمدا بىللە ياشايدىغان ئايالىم بار بولۇپ، بەختلىك بويتاق ئىدىم. بىراق، ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بەختسىز بويتاق ئىدى.

مەن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇ بار ئىكەن. بىز بىر - بىرىمىزدىن ياتسىراپ، گەپلەشمەي يۈردۇق. ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلغۇسى بار ئىدى - يۇ، يىراقتىكى ئايالىمنىڭ غايىبانە كۆزلىرىدىن قورقاتتى. بىچارە مېنىڭ ئائىلەمگە سۇغۇقچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە كېرەك، مەنمۇ يېنىمدا يوق ئايالىمنىڭ كۇنداشلىقىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتىم. ئۇ مېنى كۆرسە يىراقتىنلا ئەندىككىنىچە تىمىسقىلاپ مېڭىپ كېلىپ، يېنىمدىن يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ دالان پەشتاقلىرىغا قەدەم باسقاندا مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە، تولغان ساغرىسىغا قاراپ قالاتتىم. ئۇ ئىشىكنى بوشقىنا ياپقاندىن كېيىنلا ئۆيگە قايتىپ كىرەتتىم. ئۈستىگە كىتابلار تىزىلغان شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۈكچەيگىنىمچە يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتەتتىم. كۆپ ئۆتمەي قوشنامنىڭ ئۆيىدىن قىڭراقنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

www.uyghurkitap.com

مەن قەلىمىمنى قويۇپ، تاماكىغا ئوت ياقاتتىم. قوشنامنىڭ چىرايلىق ھۆسن ـ جامالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالاتتىم. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشىغانىدى. كېيىن ئۇ بالىنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غېرىپ كۆلبىسىدىكى مىسكىن تۇرمۇشى باشلاندى. ئۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلىمەيتتى. خۇددى روھى تېنىدىن ئاجراپ كەتكەندەك ئاجايىپ بىر مۇڭلۇق ھالەتتە ياشايتتى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتامدىغاندۇ يا ؟ ئۇ مېنىڭمۇ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىمنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا جاپا تارتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا ئېچىنغان بولسا كېرەك، ئۈچرىشىپ قالساق بېشىنى كۆتۈرۈپ تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي ئېچىپ جاۋاب قايتۇراتتىم. بىزنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئاستا ـ ئاستا كۈلكىدىن سۆزگە ئۆتتى.

ئۇ ئەتىگەندە ئىشقا ماڭاتتى. مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ـ چىققىنىنى بىلىپ تۇراتتىم. كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ خىزمەتكە ماڭاتتىم. كەچتە قايتىپ كېلىپلا ئۇنىڭ ئىشىكىگە كۆزۈم چۈشەتتى. ئەجەب بىر ئىش ـ دە بۇ، مېنىڭ ئايالىم بار تۇرسا، نېمىشقا ئۇنىڭ ئىشىكىگە قارايمەن ؟

مېنىڭ ئىچىم پۇشتى. نېمىشقا توي قىلماي يۈرۈۋېرىدىغاندۇ بۇ خوتۇن ؟ ئەرگە ئۆچ بولۇپ قالغانمىدۇ يا؟ ئۇنداقمىكىن دېسەم، ماڭا قاراپ كۈلىدۇ، گەپ قىلىدۇ.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك يېنىك چېكىلىپ، ئۆيگە قوشنام كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتىم. شىرە ئۈستىدىكى ئايالىمنىڭ سۈرىتىگە قاراپ، ئىچىمدە ئەپۇ سورىدىم: مەن ئۇنى چاقىرمىدىم، ئۆزىمۇ ھازىرلا چىقىپ كېتەر...

مەن قوشنامغا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، دېگەندەك قاراپ

قويدۇم.

— بۇنى ... كۆرۈپ باقسىڭىز، ھېكايىڭىزگە ... خام ماتېرىيال چىقىپ قالار، — دېدى ئۇ ماڭا قېلىن بىر كونۋېرتنى سۇنۇپ تۇرۇپ، — بۇنى ئىنستىتۇتتا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئەۋەتىپتىكەن.

— بۇ سالام خەتمۇ؟ — دېدىم ئۇنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ.

— بۇ ... تەسىرلىك بىر ھېكايە، — دېدى قوشنام خورسىنىپ.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

« سالام رۇقىيە !

سىزگە يازىدىغان سۆزلىرىم ناھايىتى كۆپ. گېپىمنى نەدىن باشلاشنى، قايسى سۆزلىرىمنى يېزىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن ئەمدى ھەممىنى يازىمەن. بۇرۇن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان سۆزلىرىمنىڭ بىرسىنى قويماي يازىمەن.

مەن سىزنى سۆيەتتىم، بىراق ... مېنىڭ سۆيگۈم ئاشكارىلانماي قەلبىم چوڭقۇرلۇقىدا قالغانىدى. مەن مۇشۇ پېتىچە ئۆلۈپ كېتىشكە چىدىمىدىم. بۇ ئالەمدىغۇ سىزگە يېتەلمىدىم، ئۇ ئالەمدە سىزنى ئۇچرىتالمىسام قانداق قىلىمەن ؟ قەلبىمنى بىلىپ قېلىڭ، مېنىڭ سىزنى سۆيگىنىمگە، سىزگە كۆيگىنىمگە بەش يىل بولدى. مەن بۇ يىللارنى يەككە - يېگانىلىكتە ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۇم. مەن سىزنى نېمىشقىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن ؟ ئەي يەر ! مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ؟ ئەي ئاسمان ! مەن نېمىشقا رۇقىيەگە كۆيۈپ قالدىم ؟ ئەي خۇدا ! سەن نېمىشقا رۇقىيەنىڭ ئىشقىنى يۈرىكىمگە سالىسەن. بىراق، ماڭا نېمىشقا ئۇنى ئاشكارىلىغۇدەك جۈرئەت بەرمەيسەن ؟ مەن قەلبىمدىنمۇ سورىدىم، قەلبىم بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن. يېقىندا ئىنستىتۇتتىكى بىر دوستۇمدىن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. سىز — مەن سۆيگەن، ۋەسلىگە يېتەلمىگەن قىز — بىر بالا بىلەن

www.uyghurkitap.com

لەن تول قاپسىز. سىزدىن ۋاز كەچكەن قانداق روھى قارىغۇ ئەر-دۇر ئۇ؟ سىز ئەسلىي مېنىڭ ئىدىڭىز. خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈنلا ياراتقانىدى. بىراق، مەن سىزنى قولۇمدىن چىقىرىۋەتتىم. جۇر-ئەتسىزلىكىم تۈپەيلى خۇدا سىزنى ئۇ ئەرگە چېتىپ، مېنى جازا-لىدى. مەن بۇ ئائىلە بەختسىزلىكىڭىزدىن بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بۇ دۇنيادا بىر قىزنىڭ مۇھەببىتى بىر يە-گىتكىلا تالىق، خۇدا سىزنى مەن ئۈچۈن، مېنى سىز ئۈچۈن ياراتقانىدى. روھىمغا شۇنداق بېشارەت كەلدى: ئازابلىرىڭ ئەمدى يېتەر، سىرىڭنى قاچانغىچە ساقلايسەن، رۇقىيەگە خەت ياز! مۇ-ھەببىتىڭنى ئىزھار قىل! ئۇ سەن ئۈچۈنلا ئەردىن ئاجرىتىلدى. ئۇ ساڭا يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۆز ئىرادى-سىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ...

مۇشۇ تاپتا سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. بەش يىلدىن بۇيان يۈرىكىمدىكى ساقلاپ كەلگەن سىرلىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاۋا-تىمەن. كۆزۈمدىن ياشلىرىم تامچىلاۋاتىدۇ. مەن سىزنى كۆرۈۋا-تىمەن. خىياللىرىم سىز بىلەن بىللە ئوقۇغان ئاشۇ يىللارغا قايتىپ كەتتى.

سېنتەبىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. بىر ساۋاقدىشىمىز بىزنى سىڭلىسىنىڭ تويىغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئالتۇن كۈزنىڭ ساپ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، يېزىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇ چاغدا مەن بۇ سەپەرنىڭ ھاياتىمدىكى ئازابلىق كۈنلىرىمنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم.

قۇرغاق، تۇپىلاڭ سەھرا مەھەللىسى. جىنچىراغ يىلىلداپ يېنىپ تۇرغان خىرە نۇر ئىچىدىكى ئۈزۈملۈك ھويلا. ساۋاقداشلار قىزىقىش، ئەجەبلىنىش ئىچىدە قاراپ تۇرغان دېھ-قانلار ئوتتۇرىسىدا قىزغىن تانسا ئوينايتتى. مەن خىيال سۈ-رۈپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەنچە ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا پېشايۋان سۇپىسىدا پەقەت سىزلا يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسىز. بۇ تەقدىرنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟!

مەن سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلـ-
دىم. سىزمۇ شۇنى كۈتكەندەك ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدىڭىز. بىز
تانسا ئويناۋاتقانلارغا قېتىلىپ كەتتۇق. مەن تۇتقان قولىڭىز-
نىڭ، بېلىڭىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇچۇن شۇنچە قىمـ-
مەتلىك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىز ھويلا ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۇجمە دەرەخلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتەتتۇق. تۇيۇقسىز
بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ، قورسىقىم يۇمشاق قورسىقىڭىزغا تە-
رىلىپ قالدى. مەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم
بىر لەززەتلىك سېزىمنىڭ ۋۇجۇدۇمغا تاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە ئىختىيارسىز قورسى-
قىمنى تېنىڭىزگە تەگكۈزۈشكە تىرىشتىم. ئەمدى سىز ھېلىراق
پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرغان رۇقىيە ئەمەس ئىدىڭىز. ئاشۇ
بىر قېتىملىق سوقۇلۇشنىڭ مېنى بۇنچە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىگە
ھەيران بولاتتىم. مۇزىكا ئاخىرلىشىپ، پېشايۋانغا قايتىپ كې-
لىشتۇق. مەن ھېلىراقتىكى لەززەتنىڭ مەستچىلىكىدە ئۆزۈمنى
پېشايۋانغا تاشلىدىم. تېنىم تۈۋرۈككە سوقۇلۇپ، تۈۋرۈكتىكى
جىنچىراغ سۇپىغا چۈشۈپ كەتتى. كىرسىن كىگىزگە يېيىلىپ
باراتتى. مەن خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.
جىنچىراغقا كىرسىن قۇيۇلۇپ ئوت يېقىلىپ، ئۆز جايىغا ئېلىپ
قويۇلدى. مەن خىجىللىقتىن ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قوي-
غاچقا، يەنە كىرسىن تۆكۈلگەن يەرگە ئولتۇرۇپتىمەن.
يەنە مۇزىكا چېلىنىپ، تانسا باشلاندى. بۇ نۆۋەت باشقا بىر
قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. قولۇم ئۇ قىزنىڭ قولىدا، بېلى-
دە. كۆزۈم، خىيالىم باشقىلار بىلەن تانسا ئويناۋاتقان سىزدە ئى-
دى. خۇدا مېنى يەنە بىر قېتىم ئۇرغانىكەن. بىلسەم، ھازىرقى
تانسىنى باشقىلارنىڭ كۈلكىسى ئىچىدە ئويناپتىمەن. باياتىن تۆ-
كۈلگەن كىرسىن كىگىزدىكى توپا بىلەن قوشۇلۇپ، مېنىڭ مودا
قوغلىشىپ كىيگەن داكىدەك ئاپپاق شىمىمنىڭ كەينىگە يۇقۇپ،
ئارقىمدا سەت، كۈلكىلىك داغ پەيدا قىلغانىكەن. شۇ چاغدا سىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاققانلىق بىلەن قول ياغلىقىڭىزنى ماڭا سۇندىڭىز، بۇ
ھېسداشلىق خىجىللىقتىن تىترەۋاتقان يۈرىكىمگە كۈچ بېغىش-
لىدى. سىزنىڭ ھىدىڭىز پۇراپ تۇرغان ياغلىقىڭىز بىلەن شى-
مىمدىكى داغنى سۈرتتۈم. ئۇ ياغلىق سىز ئۈچۈن نەچچە ئون تى-
يىنلىق ئاددىي بىر نەرسىدۇر، بىراق ئۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان
تۇنجى ھېسداشلىقىڭىزنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە ئۆمرۈم ئارخى-
پىدا ساقلانغانىدى. مەن ئۇنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەي، ئەتىۋار-
لىق بۇيۇمۇم سۈپىتىدە يېنىمدا ساقلىدىم.

شۇ ئاخشىمى سىزنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىدىم. قەلبىمگە بىر
چۈشىنىكسىز ھېس سىڭىپ كىرگەنىدى. مېنىڭ ئارامىم بۇزۇل-
غان بولۇپ، ئىختىيارسىز سېھىرلىك سىمايىڭىزنى سېغىناتتىم.
بۇگۈن ئەجەب ئۇخلىيالمايمەن – ھە؟ بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟

تاڭ ئاتتى. سەھەردە ھويلىغا چىقىپ، مېنى تەشنا قىلغان
سېھىرلىك قامىتىڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇردۇم. سىز
چىرايلىق تارىنىپ، پەرداز بىلەن يارقىن تۈستە چىقىپ كەلدى-
ڭىز. مەن سىزنى كۆردۈم، بىراق دەرھال يەرگە قارىۋالدىم. سىز
شۇنچە بىپەرۋا ئىدىڭىز. بۇ ئېتىبارسىز قاراشلىرىڭىزدىن يۈرى-
كىم ئېچىشىپ، تىترەپ كەتتىم. قېنى ئەمدى ياغلىق بەرگەن
چاغدىكى ھېسداشلىق ؟ قېنى ئۇخلاش ئالدىدىكى قىيماس
قاراشلار ؟ مەن تاتىرىپ، چىڭقىلىپ يۈگۈرگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ
كەتتىم. ئاخشاملا شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلۈپ كۈلگەنىدىم، سە-
ھەردە ئاچچىق ياش تۆكۈپ يىغلاۋاتىمەن. پۈت – قولۇمنى سوزۇپ
ئوڭدىسىغا ياتتىم. بېشىم قىيسايغان، يۇمۇلغان كۆزلىرىمدىن
مەڭزىمنى بويلاپ ئىسسىق يېشىم تاماتتى. رۇقىيە شۇنچە بى-
پەرۋا – ھە ؟ نېمە ئۈچۈن ؟ ئاخشامقى ھېسلار بۇگۈن ئۆلگەنمى-
دۇ ؟ ئۇ بىردەملىك ھېس، شۇ چاغدىكى ھېسداشلىق، ئۇ مېنى
ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئاھ، خۇدا ...

ئېسەدەشتىن چىڭقىلىپ كەتكەن قورسىقىم ئۈستىگە ئېغىر
بىر نەرسە چۈشتى. بۇ زەربە ئازابلىق خىياللىرىمنى ئۈزۈۋەتتى.

ياش بىلەن ھۆللەنگەن كۆزۈمنى ئاچتىم، بىر دانە باتارېيە قور-
سىقىم ئۈستىدىن دومىلاپ يېنىمغا چۈشتى. سىز پەگاھتا ماڭا
قاراپ تۇراتتىڭىز. مېھرىبانلارچە بېقىشلىرىڭىز ئازابلىرىمنى
تارقىتىۋەتتى. سىز، قېشىمغا چىقىپ تۇرمىسىڭىز قورسىقىد-
ڭىزغا دەسسەيمەن، دەپ چاقچاق قىلدىڭىز، سىز يەنىلا مەغرۇر،
غالىب، بىپەرۋا ھالەتتە تۇرۇپ كۈلەتتىڭىز. مەن ئاخشام تېنىد-
ڭىز تەگكەن قورسىقىمغا بۈگۈن پۇتىڭىزنىڭ تېگىشىنى بەكمۇ
خالايتتىم. ئاشۇ تەمەدە قىمىرلىماي يېتىۋەردىم. سىز راستىلا
دەسسەيدىغاندەك پۇتىڭىزنى كۆتۈردىڭىز. مەن كۆتۈرۈلگەن پۇتد-
ڭىزنى تۇتۇۋالدىم. سىز ئۈستۈمگە يىقىلىپ چۈشتىڭىز... تەگدى!
كۆكسىڭىز، قورسىقىڭىز، قولىڭىز، پۇتىڭىز... تەشنا تېنىمگە
تەگدى. بۇنداق شېرىن لەززەتنىڭ تەمىنى ئەمدى تېتىيالماسمەن.
بىز پومىلاقلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە بىرەيلەن كىرىپ قالدى.
چۈشتىن كېيىن شەھەرگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق.
مەن ماشىنىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ ناخشا ئېيتتىم. مېنى كۈلدۈر-
گەنمۇ، كۈيلەتكەنمۇ سىز ئىدىڭىز. بۈگۈن سىز يەنىلا بىپەرۋا،
سەھرادىكى ئاشۇ قايناق كېچە، خەيرلىك سەھەردىكى ئۇنتۇلماس
ئىشلار بىردەملىك خۇشاللىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەك بولسا - ھە؟
سىز ئۇ ئىشلارنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىپەرۋا ئىدىڭىز.
بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرىدىن تارقىغان چاغ. ئوقۇتۇش
بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ كەتكەنىدى. مەن شامنى ياندۇرۇپ
قويۇپ، سىز ئۈچۈن ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكىمدىكى ھېس - تۇي-
غۇلارنى مىسرالارغا تىزىۋاتاتتىم، شېئىر — ئۇ قانداقمۇ قەل-
بىمنى تولۇق ئىپادىلەشكە قادىر بولالىسۇن ؟! خىرە - شىرە
يورۇپ تۇرغان سىنىپتا سىزگە ئاشىق مەن بىچارىلا مىسكىن ھا-
لەتتە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالغانىدىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تە-
لمەچىدەك تەلمۈرۈپ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا كەلدىم. تېنىڭىز تەگ-
كەن ئورۇندۇققا مەنمۇ تېنىمنى تەگكۈزۈپ ئولتۇردۇم. يۈزىڭىز،
چېچىڭىز تەگكەن پارتا يۈزىگە يۈزۈمنى ياقتىم، كۆكسىڭىز تەگ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەن پارتا قىرىغا مەيدەمنى ياقتىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۇزاققىچە سۇركىدىم. پارتا ــ ئورۇندۇقلاردا سىزنىڭ ھىدىڭىز قالغان بولسا، مېنىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈشلىرىمدىن تەشنا لېۋىمنىڭ ئىزى قالدى. ئېھ، بىچارە سۆيگۈ، بىچارە ئاشىق ... ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقانىدى، شۇ تاپ ئالدىڭىزدا شۇنچە ئاجىز، ئەسەبىي ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى كۆرسە، مېنى قايتىدىن تۇغارمىكىن؟ مېنىڭ بۇ كۈنلەردىكى ئاچ قالغان روھىمنى بىلىۋاتامسىز؟ مەن بۇ چاغدا قەلبىمنى سىزگە ئاشكارىلاشقا ئاجىز ئىدىم.

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. بىز سىنىپتا كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغانىدۇق. سىز كۆرۈنمەيتتىڭىز، ئون مىنۇت ... يىگىرمە مىنۇت ... سىز يەنىلا يوق. رۇقىيە نەگە كەتكەندۇ ؟ كۆرۈشىدىغان بىرەر يىگىتى بارمىدۇ يا ؟ ... كىردىڭىز ! تەنتەنىلىك مۇراسىملارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مەلىكەدەك نۇر، جىلۋە ئىچىدە كىرىپ كەلدىڭىز. گۇمانىي خىياللاردىن پۇچىلىنىۋاتقان قەلبىمدىكى ئاچچىق ھېسلار بىردىنلا تارقاپ كەتتى. بىز تانسا ئوينىدۇق، كۈلدۇق.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا ساۋاقداشلار تارقاپ كېتىشتى، شۇنداق بىر مۆجىزىكى، سىنىپتا ئىككى جۈپ ئوغۇل ـ قىز قالغانىدۇق. شۇ چاغدا سىز نېمىنى ئويلىغانسىز، نېمىنى كۈتكەنسىز، سىزگە نېمە تەسىر قىلغاندۇ؟

بىز يەنە تانسا ئوينىدۇق. پۈتىمىزنىڭ تالغىنىنى سەزمەيتتۇق. مەن باشقۇرغۇسىز بىر تەلپۈنۈش تۈرتكىسىدە سىزگە ئىنتىلەتتىم. تېنىمنى تېنىڭىزگە تەگكۈزۈشكە ئۇرۇناتتىم. بىز ئىنسانلار ئاجايىپ ـ ھە ؟ ئاللا بىزنى مۇشۇنداقمۇ يارىتامدۇ ؟ مەن سىزگە نېمانچە باغلىنىپ كەتكەندىمەن ؟ ئېھ، ئىنسان يۈرىكى...

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. كەچقۇرۇن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدىڭىز. مەن سىزنى تەكلىپ قىلغانىدىم. بۇ ئاخشام سىزگە نېمە دېمەكچى بولغىنىدىم ؟ مەن قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتىم، سىزنى ياخ-

شى كۆرۈش ھېسسىياتى ئالدىڭىزدا مېنى كىچىكلىتىپ، يۇمران، ئاجىز ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان بوۋاقتا ئايلاندۇرۇپ قو-يۇۋاتاتتى. نەزىرىمدە سىز غايەت زور گىگانت ئادەم بولۇپ كې-تىۋاتاتتىڭىز. مەن ئوزۇقىغا، سۆيگە قانمىغان پاكار، ئاۋارە، سارغايغان مايسا ئىدىم، سىز رەڭدار، پورەكلەپ ئېچىلغان نەپىس گۈل ئىدىڭىز. مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەستەك، سىزگە قاراش، گەپ قىلىش، تەلپۈنۈش، سۆيۈش ئۆزۈمنى چاغلىمىغانلىقتەك ھېس قىلىپ، يەرگە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن بۇ بىچارە سۆي-گۈمنى سىزگە قانداقمۇ ئاشكارىلىيالايتتىم ؟

مەن ھەمراھلىقىڭىز پەيدا قىلغان مەستخۇشلۇقتا قېشىد-ڭىزغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەن سىزگە ئىند-تىلىپ، يۈزۈمنى ئېتىكىڭىزگە قويۇپتىمەن. قەلبىمدە پەقەت سىزنى قۇچاقلاش ئىستىكى ... مەن ئارزۇيۇمغا يەتتىم، تېنە-ڭىزنى پۇرىدىم، يۈزۈم يۇمشاق، سىلىق يۈزىڭىزگە سۈركەلدى. كۆزۈم يۇمۇلدى. ئاچ لېۋىم تۇنجى قېتىم سىزنىڭ لېۋىڭىزگە بېسىلدى. مەن پاختىدەك يۇمشاپ كېتىۋاتاتتىم. قىزىق قازانغا چۈشكەن قوي مېيىدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتىم. خىيالىمدا ئىككە-مىزلا مەۋجۇت ئىدۇق ... لېكىن مەن تېخى سىزگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، مەن بىلەن بۇ دۇنيالىق جۈپ بولۇش ھەققىدىكى رازىلىقىڭىزنى ئالمىغانىدىم. ياق ! تىلىمىزنىڭ ھەرىكىتىگە نە-ھاجەت ؟! دىلىمىز سۆزلىدىغۇ ؟ دىلىڭىز رازىلىق بەردىغۇ ؟

شۇ ئاخشىمى سىز ياتاقتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈن-دىلىك خاتىرەمنى ئېلىپ: «8 - يانۋار، بىر جۈپ قىزىل كېپە-نەك قانات قېقىشتى ...» دەپ يېزىپ قويدۇم.

مەن سېھىرلەنگەنىدىم. ئەتىسى سىزگە قاراپ ھەيران بول-دۇم. مەن ئاشۇ تەننى قۇچاقلىدىم، پۇرىدىم. ئاشۇ لەۋنى سۆيدۈم - ھە؟ شۇنىڭدىن كېيىن مەن لېۋىمدىكى لەۋ ئىزىڭىزنى شۇمۇپ نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئاشۇنداق شېرىن چاغلارنىڭ كې-لىشىنى كۈتتۈم. ئەمدىچۇ ؟ يەنە قاچان ؟

بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. بىز كۆرۈشۈشكە كېلىشكەندۇق. مەن ياتاق دېرىزىسىنىڭ كۆزنەكىدىن سىرتقا قاراپ، قىزلار ياتاق بىناسىدىن چىقىشىڭىزنى كۈتەتتىم، كۈتتۈم... بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ئەمدى چوقۇم چىقىدۇ... ئۈچ سائەت ئۆتتى، مەن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. تۆت سائەت ئۆتۈپ كەتتى. مەن تاقەتسىزلىنىپ، سىزنى ئىزدەپ ماڭدىم. ياتىقىڭىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاق قۇلۇپلانمىغانىدى. بىراق، ئىچىدىن ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن نېمىشقا رۇقىيەنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنى چاقىرىشقا نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەن ئۇنى سۆيىمەن. سۆيۈشنىڭ ئۆزى ھوقۇق! ئىشىكنى چەكتىم، ئىشىك قىيا ئېچىلدى. سىز مېنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ، دەرھال ئالدىمغا چىقتىڭىز، مەن ياتىقىڭىزدا كىم بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. چىرايىڭىز سارغايغان. چاچلىرىڭىز چۇۋۇلغان. كۆزىڭىز خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. مېنى ئىشىك ئالدىدىن تارتىپ:

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ - ھە؟ — دېدىڭىز.

مەن غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەك، قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ياتاقتا كىم باردۇر دېگەن گۇمان بىلەن سۆزىڭىزگە جاۋاب قايتۇرالمىدىم. كۈنداشلىق ئوتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇراتتى.

سىز ياتاق ئىشىكىگە قايرىلىپ قاراپ قوياتتىڭىز. بۇ ھودۇقۇشلىرىڭىز گۇمانلىرىمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

— بۈگۈن ... ھە... مەن سىزگە كېيىن چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

مەن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم، ئۆزۈمنى ئاران تەستە بېسىپ:

— خوش، كېيىن ... — دېيەلىدىم. مەن بېشىمنى سىلىپ ئاستا كېتىۋاتاتتىم. ياتاقتىكى كىم بولغىيدى؟ رۇقىيە نېمىشقا ھودۇقۇپ كېتىدۇ؟ چىرايى سارغايغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان،

كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن ـ ھە ؟

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي يۈرەتتىم. سىزدىن ئىزاھات تەلەپ قىلىشنى بىئەپ بىلەتتىم. سىزمۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك يەنىلا بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز. شۇنداق كۈنلەردە قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى.

مەن بۇ كۈنلەرنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈم. بۇ كۈنلەردىكى سىزگە تەشنا قەلبىمنى سورىمايلا قويۇڭ. تەتىل ۋاقتى توشتى. مەن ئۇزۇن قارا كېچىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قۇياشنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئېسكىموسلاردەك سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولاتتىم. مەن سىزگە نېمە سوۋغا قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلىدىم. ئاخىر ئاق ياقۇت كۆزلۈك ھالقىنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئۇ ئاق كۆڭلۈمنىڭ، پاك سۆيگۈمنىڭ، ئىشق ـ پىراق تەلپۈنۈشلىرىمدە تامغان سۈزۈك ياش تامچىلىرىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئەتىسى قاپقارا چاچلىرىڭىزنى يېپىپ تۇرغان سۈزۈك، سىدىلىق قۇلاقلىرىڭىزدا جۇلالىنىپ تۇرغان ھالقىنى كۆردۈم. ئاشۇ بىر جۈپ ھالقا بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئىدى. خۇددى تېنىمنىڭ بىر پارىسى قۇلىقىڭىزغا ئېسىلىپ قالغاندەك بۇ خىل بىرىكىشتىن يۈرىكىم سۆيۈندى. نەچچە تال چاچ ھالقا سېپىغا چىرمىشىپ قالغانىدى. مەن بۇ چىرمىشىشتىن يۈرىكىڭىزگە چېتىلغان سۆيگۈ رىشتىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بۇ ھالقىلارنى چۆچۈرىدەك چىرايلىق قۇلاقلىرىڭىزدا كۆرەلمىگىنىمدە نەھالغا قالاتتىم ـ ھە؟

دېرىزىنىڭ سۇنۇق كۆزنىكىدىن ماراپ، سىزنى كۈتىدىغان ئىنتىزارلىق كۈنلەر يەنە باشلاندى. مەن ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى تاقەتسىزلىك بىلەن سىزنى كۈتەتتىم. بىراق، ۋىسال پەيتى زادىلا كەلمەيۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بەختسىز قىسمىتىدىن قايغۇرۇپ، ئاچچىق ياش تۆكەتتىم. ئازاب تېنىمنى قۇرۇتقانىدى، مەن ئورۇقلاپ قاقشاللىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ كەينىدىكى بېلىق كۆلى بويىغا كەلدىم. مەجنۇنتاللارنىڭ شاخلىرى كۆل سۈيىگە چىلىنىپ تۇراتتى. تۆۋەن تەرەپتىكى قەدىمىي دەريا ياپيېشىل ئورمانغا پۈركىنىپ ئۈنسىز ئاقاتتى. مەن خاتىرە، كىتابلىرىمنى تىزىمغا قويۇپ، كۆل سۈيىگە قادالغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. باھارنىڭ سالقىن شامىلى مېنى سىلاپ ئۆتۈپ، مىسكىن كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى بولاتتى. مەن يەنە سىزنى ئويلىدىم، ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۈچۈن ياش تۆكتۈم. سەھرادىكى ئاشۇ كېچىنى، سەھەرنى ئەسلەپ، يانچۇقۇمدىن ياغلىقىڭىزنى ئالدىم. ئۇنىڭدىن پۇرىقىڭىز تېخىچە كەتمىگەندەك ئىدى. مەڭزىمنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىم ياغلىققا سىڭىپ باراتتى. سىز بۇ ياغلىقنى ئازابلىق كۈنلەردە ئىشلىتىشىم، سىزنى سېغىنغاندا پۇرىشىم ئۈچۈن بەرگەنىكەنسىز...

— ئاكا، يىغلاپسىزغۇ ؟ سىزنى كىم ئۇردى ؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقىمغا قارىسام، ئىككى گۆدەك بالا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبى چوڭلارنىڭ يۈرىكىدىكى سىرلارنى بىلەمدۇ. مەن ئۇلاردىن خىجىل بولۇپ ئالدىراپ - تېنەپ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتۈم، ئۇلارغا مېھرىم بىلەن قاراپ:

— ئانامنى سېغىنىپ قالدىم، — دېيەلىدىم.

— ئانىڭىز قەيەردە؟

— يىراق، بەك يىراقتا قالدى.

— ھە ... ئانىڭىزنى كۆرگۈڭىز كەپتۇ - دە؟ — باللار ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ، كۆل بويىدىكى تاللىق يولدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار تال نوتىلىرىنى سۇندۇرۇپ، بىر - بىرىنى ساۋىغانچە كۈلۈشۈپ چاقچاقلىشىپ باراتتى. قانچە بەختلىك بالىلار - ھە؟ ئادەم چوڭ بولمىغانمۇ تۈزۈك ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھېلىراقتىكى سۆزلىرى قەلبىمدە ئەكس سادا پەيدا قىلىۋاتاتتى.
ئاكا، يىغلاپسىزغۇ ؟ سىزنى كىم ئۇردى ؟ ئانىڭىزنى كۆرگۈڭىز

كەپتۇ ـ دە ؟ ... مېنى هايات ئۇردى. تارتىنچاقلىقىم سۆيگۈمنى ئۇرغاندى. مەن سۆيۈملۈك رۇقىيەنى، يىتتۇرۇپ قويغان پەرىش-تەمنى سېغىنىپ يىغلاۋاتاتتىم، هەر يەردە، هەر قەدىمىمدە، هەر تىنىقىمدا هەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتىم.

مەن سىز ئۇچۇن يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزۈم ئۆزۈم ئەمەستەك بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. مەن ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى بۇ ئازابلاردىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، روھىي يۆلەنچۈك ئىزدىدىم، شۇ چاغدىلا خۇداغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلدىم، ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ مېنى رۇقىيەگە يەتكۈزىدۇ دەپ ئۈمىدلىنەتتىم.

بىر كۈنى مەكتەپ ئىچىدىكى ئالمىلىق باغقا كەلدىم. ئوقۇ-غۇچىلار سېمونت ئورۇندۇقلاردا كىتاب ئوقۇپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. مەن بىر چەتتىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردۇم ـ دە، قولۇمدىكى كىتابنى ئاچتىم. قانچە ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن.

— كىتاب ئوقۇۋاتامسىز؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئارقىمدا سىز تۇرۇپسىز. مەن بۇ قەدەم تەشرىپىڭىزدىن هاياجانلىنىپ، نېمە دېيىشىمنى بىلەل-مەي هودۇقۇپ، قىزىرىپ تۇرۇپ قالدىم. بىزنىڭ هالىتىمىز شۇنچە غەيرىي ئىدى. مەن ئوغۇل بالىمەن ـ يۇ، خۇددى تارتى-نىپ، يەرگە قاراپ تۇرغان نازۇك قىزغا ئوخشايتتىم. سىز قىز ئىدىڭىز ـ يۇ، گويا مەغرۇر، غالىب، ئازادە هالەتتە تۇرغان بى-پەرۋا، هۆكۈمران ئوغۇلغا ئوخشايتتىڭىز. سۆيگۈ شۇنداقكى، كىم ياخشى كۆرۈش ئوتىدا كۆيسە، ئاشۇ قۇل ئىكەن، زەنجىردە ئىكەن، ئازابتا ئىكەن، دوراختا ئىكەن ...

سىز قېشىمدا ئولتۇرۇپ، بىردەم گەپ يورغىلاتقاندىن كې-يىن:

— ئاسىيە بىلەن يۈرسىڭىز بولمامدۇ ؟ ئىككىڭلار بىر يۇرتلۇققۇ ؟ — دېدىڭىز. ئەي ! ساراڭ پەرىزات، بۇ مېنىڭ كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۈشلىرىمگە بەرگەن جاۋابىڭمۇ؟ ئىشق ئوتۇڭدا سەۋدايى بولۇپ قالغان روھىم ئۈچۈن دەۋا ئىزدەشلىرىڭمۇ؟ سەندىن جاۋاب ئالدىم. ئەمدى ئۆلدۈم. سۆيگۈم سىر پېتىچە يۈرىكىمدە قالدى.

— ئەمدى، ھېچكىم بىلەن يۈرمەيمەن، — دېدىم - دە، يېنىڭىزدىن كېتىپ قالدىم. «ئەمدى» دېگىنىم نېمىسى؟ ئىسىت! تېنىم كېتىۋاتىدۇ، ھېچنېمىنى كۆرمەيتتىم. چامداۋاتىمەن. ياتاققا كىردىم. ھېچكىم يوق ئىدى. دېرىزىنى ئاچتىم. سەھرا خاتىرىسى — ياغلىقنى تاشلىدىم، سىز ماڭا يازغان پارچە - پۇرات قەغەزلەردىكى خەتلەرنىڭ بىرسىنى ... يەنە بىرسىنى ... يەنە بىرسىنى تاشلىدىم. پارە - پارە قىلىنغان سۈرىتىڭىزنىڭ مىجىقلانغان پارچىلىرىنى قويۇپ بەردىم. ھەممىسى ئۇچۇپ ئاللىقاياقلارغا كەتتى. شۇنداق، ھەممىسى ئۇچۇپ كەتتى. ھەممىسى تۈگىدى.

خۇدانىڭمۇ مېنىڭ ئىلتىجالىرىمنى ئاڭلاشقا، تىلەكلىرىمنى ئىجابەت قىلىشقا ۋاقتى يەتمىگەنىدى. ئۇ جىمىكى بەندىلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى بىلەتتىمۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ قەلبىمدىكى سىرىمنى بىلمىسە - ھە؟ مەن ئەمدى كىمگە يۆلىنىمەن؟ ماڭا كىم روھىي تىرەك بولىدۇ؟

بۇرۇن سىزگە تەلپۈنەتتىم. ئەمدىچۇ؟ سىزدىن قاچاتتىم. مەكتەپنى تېزرەك پۈتكۈزسەم ئىكەن، قېشىڭىزدىن كەتسەم ئىكەن دەپ تىلەيتتىم. بىراق، يەنىلا سىزنى قەلبىمدىن چىقىرىۋېتىشكە قادىر بولالمىدىم. سىزنى ئەيىبلەش، سىزدىن نەپرەتلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى نېمىشقا مۇشۇنداق؟ مەن ئاچچىق ئىڭراشلىرىمدا سىزگە يەنە بەخت تىلىدىم.

يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلدى. ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەندە، بۇرۇنقى ئويلىرىمنىڭ شۇنچە بىمەنە، بىردەملىك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كۈنلەر شۇنچە ئاستا ئۆتەتتى. مەن ئۆگزىگە چىقىپ، كۈندە سىز تەرەپكە قارايتتىم. خىياللىرىمدا سىزنى كۆرەتتىم. سىز

بىلەن بىللە ئۆتكەن ھەربىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتـ-
تىم. ئۇ چاغدىكى ئىشلار تونۇگۈن بولغاندەك يادىمدا شۇنچە ئېـ-
نىق تۇراتتى.

بۈگۈن خاسىيەتلىك بىرىنچى سېنتەبىر، مەن ئىككى ئايدىن
بۇيان زارىقىپ كۈتكىنىمگە يارىشا سىزنى كۆرەلىشىمگە ئىشە-
نەتتىم. تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، سىز ئۇچۇن يۇزۇمنى پاكىز يۇدۇم،
چاچلىرىمنى مايلاپ تارىدىم. ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىمنى
كىيدىم. كارىدوردا سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن. مەن ھازىرلا سىزنى
كۆرەتتىم. كۆپ ئۆتمەي پەشتاقتىن يېقىملىق مۇزىكا چىقىرىپ
سىز چىقىپ كەلدىڭىز. سەھرانىڭ ياز ئاپتىپىدا يۈزىڭىز بىرئاز
قارىداپ قالغانىدى.

مەن سىزگە تەشنا ئىدىم. بىراق، سىزنى كۆرۈپ، قاراشقا
جۈرئەت قىلالماي، يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. يۇقىرى ئۆرلەۋاتـ-
قان ئاياغ تىۋىشىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بۇ ئاۋاز يېقىنلاپ كېـ-
لەتتى. بۇ ئاۋاز يىراقلاپ باراتتى. بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۇم.
سىز قېشىمدىن ئۆتۈپ، سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتىڭىز. مەن
بېشىمنى سىلىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا سالام
قىلىشتىن خىجىل بولغانمىدۇ؟ ئۇ ئەجەب گەپ قىلماستىن ئۆ-
تۈپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ قولىقىدا ھېلىقى ئاق ياقۇت كۆزلۈك
ھالقا كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ ئەمدى ئۇنى ئاسماس بولۇپ قالغانمىدۇ؟
مېنىڭ ئاشۇ سوۋغىتىم تاشلىنىپ خورلانغانمىدۇ ياكى ئۆتكەن
كۈنلەرنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تاشلاپ
قويۇلغانمىدۇ؟ مەن نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنىمۇ تاشلىنىپ كەتكەن
بۇيۇمدەك ھېس قىلدىم.

كۈنلەر ئۆتىۋەردى. مەن ھازىر پەقەت ساۋاقداشىڭىز، بۇ
دۇنيادىكى بىر تونۇشىڭىز ئىدىم. بۇ مۇمكىنمۇ؟ بىر ئادەمنىڭ
ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى — پاك، تۇنجى سۆيگۈسى
شۇنچە ئېتىبارسىز قالسا - ھە؟ مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ بۇ
دۇنياغا كېلىپ ناھايىتى قىممەتسىز يارىلىپ قالغانلىقىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېس قىلدىم. مەن سىز ئارقىلىق ئۆزۈمنى ئۆلچىدىم. قەلبىمە-
نىڭ قىممىتى بولمىسا، بۇنداق جىسمىمنىڭ بولۇشىنىڭ نېمە
ھاجىتى؟

بىر كۈنى كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. سىز ئولتۇرغان
تەرەپتىكى تام سىرتىدىن گۈپۈلدىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ
قالدى. كارىدوردا بىرەيلەن تامنى تېپىپ، سىزنى سىرتقا چاقى-
رىۋاتاتتى. بۇ نەقەدەر ئەسەبىي ھەرىكەت - ھە ؟ مەن سىزگە دىق-
قەت قىلىپ ئولتۇراتتىم. سىز قىمىرلاپ ئولتۇرالمايۋاتاتتىڭىز.
تام سىرتىدىن يەنە تېپىك ئاۋازى ئاڭلاندى. سىز ئەتراپقا ئەيمە-
نىپ قاراپ قويۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىڭىز. نەچچە مىنۇت ئۆ-
تۈپ، ئارقىڭىزدىن كارىدورغا چىقتىم. كارىدوردا ھېچكىم كۆ-
رۈنمەيتتى. سىزنى بىركىم بۇلاپ ئەپقاچىدىغاندەك بىنادىن پەس-
كە چۈشتۈم. سىرتتا ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە ئىككى ئادەم
كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنى پايلاپ ئەگەشتىم. ئۇلارنىڭ بىرى سىز
ئىدىڭىز. يەنە بىرسى سىنىپىمىزدىكى مۇزەپپەر ئىدى. مەن ئۆز
كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇزەپپەر ... مۇزەپپەر؟! ئۇ مېنىڭ
سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىغۇ؟ ئۇ نېمىشقا
ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ؟ ئادەمنىڭ نەپسى قانداقمۇ
ساۋاقداشلىق ھۆرمىتىنى قىلسۇن؟ ئاھ ! ئادەملەر، ئادەملەر ...

ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ تۇرۇپ قالدىم. مۇزەپپەر سىزنى
ياتىقىغا ئەكىرىپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئۈستىدىكى كۆزنەككە قە-
غەز چاپلانغانىدى. ئۆتكەندە مۇشۇ ياتاق دېرىزىسىگە قەغەز چاپلان-
غاندا نېمىدىندۇر گۇمان قىلغانىدىم. لېكىن، بۇ تەييارلىقلارنىڭ
سىز ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئايىغىمنى قول-
تۇقۇمغا قىسىپ، ياتاق ئالدىغا كەلدىم. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ
كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. ئىشىكنى بىر تېپىك بىلەن ئېچىپ
كىرەيمۇ ؟ كالتەك بىلەن مۇزەپپەرنىڭ كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈۋېتەيمۇ ؟ بىراق، مەندە قېنى ئاشۇ ھوقۇق ؟ مەن رۇقىيەنى
ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، ئۇ-

نىڭ رازىلىقىنى ئالغانمىدىم؟ رۇقىيە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ ياتاققا كىرگەن. نېمىشقا ؟ زادى نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ ؟ ئۇ مېنىڭ جۈرئەتسىزلىكىم تۈپەيلى مەندىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ قىزلىق جىسمى، رەسىدە بولغان قەلبى ئۈچۈن بىر ئوغۇل كېرەك. مەن ئۇنىڭ قىزلىق تەلەپلىرىگە جاۋاب بەرگۈدەك ئەر-كەك بولالمىدىم...

ياتاقتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى ! مانا سېنىڭ سۆيگۈڭگە بېرىلگەن جاۋاب. مەن يارىلانغان، قانسى-رىغان ئادەمدەك ئىشىك ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. سىلەرنى، كارىدورنى، دۇنيانى، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. يا-تاقتا، كارىۋاتتا ئىككىيلەن لەززەتتىن مەست. كارىدوردا، سې-مونت يەردە مەن ئازابتىن بىھوش ! مەن ئۆلۈپ قالماپتىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپقا قارىسام، كارىدوردا، ياتاق ئالدىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دەلدەڭشىپ مېڭىپ ياتاققا كىردىم ۋە ئۆزۈمنى كارىۋىتىمغا تاشلىدىم. كارىۋات پەر-دىسىنى چۈشۈردۈم. يوتقان بىلەن يۈزۈمنى چۈمكىدىم. مەن بۇ دۇنيادىن بەزگەنىدىم، بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە رەۋىتىم قالمىغانى-دى. يوتقاننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتىمەن. ھېچنېمىنى ئويلىيال-مايمەن، ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇخلىدىممۇ، تۇندىممۇ، بىلمەيمەن. تاڭ ئاتتى. سىرتقا چىقىشتىن قورقاتتىم. دۇنيا مەن ئۈچۈن ۋە-ھىمىگە ئايلانغانىدى، ئاخشامقى ئىشلارنىڭ بولغانلىقىغا ئىشەن-گۈم كەلمەيتتى. بىراق، يۈرىكىمنى قامالىلغان ئاشۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قانداقمۇ ئىنكار قىلالاي ؟

دەرسكە قاتنىشىش ئۈچۈن سىنىپقا چىقتىم. سىز ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك خاتىرجەم، بىپەرۋا يۈرەتتىڭىز. سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. سىز تۈنجى قېتىم كۆزۈمگە چىرايلىق، ئەمما يىر-گىنىشلىك كۆرۈندىڭىز. مەن قەلبىمدىكى پاك ئوبرازىڭىز ئۆز-گىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. مەن نەپرەت بىلەن، پەسلەشتۈرۈلگەن رۇقىيە بىلەنلا ئۆزۈمنى بۇ دەھشەتلىك زەربى-

دىن ساقلاپ قالالايتتىم. مۇھەببەت مېنى كىچىكلەتكەن، ئا-
جىزلاتقانىدى. نەپرەت مېنى ئويغاتتى. ماڭا كۈچ بەردى. ئىنسان-
لىق قىممىتىمنى ئەسلىتىپ ئۆتتى.

مەن سىزگە خەت يازدىم: سىزگە بۇ رەزىللىكلەر مۇناسىپ
ئەمەس ئىدى. سىز قىزلىق تېنىڭىز، روھىڭىزنى قەدىرلىشى-
ڭىز، پەرىشتىدەك پاك ياشىشىڭىز، مۇھەببىتىڭىزنى ئىگىسىگە
تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. بىراق، قىزلىق تەلپۈنۈشلىرىڭىز
ھەممىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئەتىكى كۈندە مۇشۇ رۇقىيە ھالال
ئەرنىڭ ئالدىغا قانداق بارىدۇ؟ ئاشۇ ئەر ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى
بىلمىسە ـ ھە ؟ شۇ چاغدا ھازىرقى ئىشلار قەلبىڭىزدە شېرىن
سىر بولۇپ قالار. كەلگۈسىدە بالىڭىزنى سۆيىسىز. بالىڭىز
كۆكسىڭىزنى شورايدۇ. لېكىن، سىزنىڭ لېۋىڭىز، كۆكسىڭىز
بۇلغانغان. ئاشۇ گۆدەك بالىغىمۇ ناپاكلىق سىڭىپ كەتمەسمۇ؟
رۇقىيە، سىز ئۆزىڭىز، ئېرىڭىز، بالىڭىز ئالدىدا نېمە ئىشلارنى
قىلىپ قويدىڭىز ـ ھە؟ ئاشۇ ياۋايى ھالەتتە تام تېپىشلەر بىلەن
سىزگە بېشارەت بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى ئەجەب بىل-
مىدىڭىز ـ ھە؟

ئەپسۇس، بۇگۈن نېمە بولدى؟ مۇزەپپەرنىڭ ۋەدىلىرى، شې-
رىن خىيالىڭىز پەقەت نەچچە بەتلىك ئاددىي تارىخ بولۇپ قالدى.
بۇ سەھىپە بەكمۇ تېز يېزىلىپ بولدى. ئەمدى قېنى پاكلىق، قې-
نى گۈزەللىك، قېنى سۆيگۈ، قېنى قىزلىق غۇرۇر ـ ئىپتىخار؟
بۇ ئايرىلىش سىز ئۈچۈن دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان نورمال
ئىشتەك، سىزدە نە ئېچىنىش، نە پۇشايمان ئىپادىلىرى كۆرۈل-
مىدى. كۈلكىڭىز ئازابلىرىڭىزنى تەكشى سىرلىۋەتكەندەك ئىدى.
ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈلكە بولسىلا ئۇنى بەختلىك دېگىلى، كۆزى-
دىن ئاچچىق ياش تېمىپ تۇرسىلا بەختسىز دېگىلى بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھانىمىز باشلاندى.
مەن تەكرارلاش ماتېرىياللىرىنى كۆتۈرۈپ، مەكتەپنىڭ سىرتىغا
چىقتىم. روھىي كېسەللەر ساناتورىيەسى يېنىدىكى قەدىمىي

دۆڭلۆكتە ئولتۇرۇپ قالدىم. بۇ ساناتورىيەدە داۋالىنىدىغانلار
قانداق ئادەملەردۇر دېگەن قىزىقىش بىلەن تامغا ئېسىلدىم.
بىراق، بۇيۇم يەتمەي، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم. ئادەملەر نېمە
سەۋەبلەردىن ئەقلىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندۇ؟ بۇ دۇنيا قانچە
قورقۇنچلۇق ــ ھە؟ ئاھ ! ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي توپى ... ئەتە
مەنمۇ مۇشۇنداق ئېگىز تاملار ئىچىگە كىرىپ قالمىسام بولاتتى-
غۇ؟ مەن ساراڭ بولۇپ قالسام، سىزنىڭ دەردىڭىزدە بولارمەن.
ماتېرىياللارغا قاراشقا رايىم بارماي، سىزنى خىيال قىلىپ ئول-
تۇراتتىم. ئالدىمدا سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قەدىمىي ئۆستەڭ بار
ئىدى. بىر چاغدا چوڭقۇر ئۆستەڭ ئىچىدىن رومال سالغان بىر
ئايال مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان
كۆكسى، تولغان، ئېگىز قامىتىگە مەھلىيا بولدۇم. بويى شۇنچە
قاملاشقان، يۈزىچۇ؟ كۆزىچۇ؟ ئايال ئۇدۇلۇمغا كېلىپ، رومال
تۆشۈكلىرىدىن ماڭا باقتى. كېكىردىكىنى قىرىپ يۆتىلىپ قوي-
دى. مەن ئايالنىڭ بۇ مەنىلىك ئىشارىتىدىن ھاياجانلىنىپ، يار-
دىن ئۆستەڭگە سەكرەپ چۈشتۈم. ئايال رومالىنى قايرىپ قىيا
باقتى. بۇ بەكمۇ چىرايلىق، خۇمارلىق كۆزلەر ئىدى. مەن بۇ
كۆز بېقىشتىن ئەقىل ــ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئايال رو-
مالىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە ياندى. مەن
ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆستەڭ ئىچىدىن يۈرۈپ كەتتىم. ياردىن
ئېسىلىپ، ئۆستەڭدىن چىقتۇق. ئېتىزلىق ئىچىدە كېتىۋاتى-
مىز. ئېھتىيات قىلىپ ئاستا ماڭغانلىقىمدىن ئايال خېلى ئۈزاپ
كەتتى. ئۇ رومallىق بېشىنى قايرىپ ماڭا قاراپ قوياتتى. مەن
ھەممىنى ئۇنتۇپ، پەقەت بىر سىرلىق ئىستەك تۈرتكىسىدە ئا-
يالغا ئەگىشىپ باراتتىم. ئالدىمىزدىن بىر ئەر كىشى چىقىپ
كەلدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى، قاپقارا بۇرۇتى كۆزگە تاشلىنىپ
تۇراتتى. ئىختىيارسىز تېنىم جۇغۇلداپ، قورقۇنچتىن يۈرىكىم
سېلىپ كەتتى. ئايالنىڭ مېنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىشىدا يامان نى-
يىتى يوقتۇر ــ ھە؟ بۇ خوتۇن مېنى ئېرىگە تۇتۇپ بەرمىسە

بولاتتىغۇ؟ بۇرۇتلۇق ئەر روماللىق ئايالغا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەيتتى. پۇتۇمدا جان قالمىغان بولۇپ، ئاستا تىترەيتتى. ئەر ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى دۈمبالايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ناتونۇش ئەر ماڭا قاراپ قويۇپ گەپ قىلماستىن ئۆز يولى، ئۆز خىيالى بىلەن ئالدىراش كېتىپ قالدى. ئۇھ! يۈرىكىم ئاستا ـ ئاستا ئورنىغا چۈشتى. روماللىق ئايال توختىماستىن كېتىۋاتاتتى. مەن قايتا روھلىنىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىز مەھەللە سىرتىدىكى جىگدىلىككە يېتىپ كەلدۇق. ئايال رومالىنى چۆرۈۋەتكەن بولۇپ، جىگدىلىك ئاستىدىكى نەم قۇمدا سوزۇلۇپ، چاترىقىنى كېرىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تېز - تېز نەپەس ئېلىشلىرىدىن يوغان، تولغان كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىپ تۇراتتى. بۇ سېھىرلىك ھالەتتىن تېنىم غۇژۇلداپ، ئايالنىڭ قېشىغا يۈكۈندۈم...

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىمىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى. رومالى بىلەن يۈزىنى قايتا چۈمكىدى. ئۇ رومال تۆشۈكلىرىدىن ماڭا قاراپ قويۇپ، خوشلىشىپ مەھەللىگە قاراپ كېتىپ قالدى. مەن ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم.

ئۇ يەرگە بېرىش ۋاقتىمدا ئاشۇ روماللىق ئايالنىلا ئويلىغانىدىم. قايتىشىمدا سىزنى يادىمغا ئالدىم ۋە ھېلىراقتىكى ئىشلىرىم ئۈچۈن سىزدىن خىجىل بولدۇم. مەن سىز ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، مەن پۇشايمان قىلمىدىم. مەن سىزدىن ئۆچ ئالغانىدىم. مەن ھازىرغىچە پاكلىقىمنى قوغدىغانىدىم. بىراق، سىزچۇ؟ مەن ئەمدى كىم ئۈچۈن پاكلىقىمنى ساقلايمەن؟ مېنىڭ بارلىقىم سىزنىڭ ئىدى. سىزنىڭ بارلىقىڭىز مېنىڭ ئىدى. سىز مۇزەپپەرنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بېغىشلىدىڭىز. مەنچۇ؟ ئاشۇ قېرى بۇزۇق، ساختا، ناتونۇش روماللىق خوتۇن ئۈچۈن ئانام بەرگەن پاكلىقىمنى بۇلغىدىم. مۇزەپپەر قېشىڭىزدىن باشقا بىر قىزنى

ئىزدەپ كېتىپ قالدى. روماللىق ئايال ئاشۇ جىگدىلىكتىن پەس كۆڭلى ئۇچۇن يەنە بىر ئەركەك ئارزۇسىدا كېتىپ قالدى. مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمەسمەن. كۆرسەممۇ تونۇماسمەن. يىللار ئۆتۇپ، ئۇ ئايال مېنىڭ بىر ئەسلىمەمگىلا ئايلىنىپ قالار. سىز قايتىدىن پاك، ئىپپەتلىك قىز قىياپىتىگە كىرىۋالىسىز. يىگىتلەر يەنىلا سىزگە تەلپۈنىدۇ، سىزگە ئىگە بولۇش كويىدا چاپىدۇ. سىز ئىنسانلار ئىچىدىكى بىر يىگىتكە مەنسۇپ بولىسىز. بىراق، ئۇ ئەر گۇمان ئىچىدە سىزگە ئىشىنىدۇ. ئىشىنىش نىقابىدا سىزگە خىيانەت قىلىدۇ. مەنچۇ؟ كەلگۈسىدە قايسى قىز مېنى ناپاك ئە-كەن دېيەلەيدۇ؟ مېنىڭ تېنىمدىن ئۇنىڭغا دەستەك تاپالامدۇ؟ ئۇ-مۇ ماڭا ئىشىنىدۇ ھەم ئىشەنمەيدۇ. مەنمۇ ئاشۇ جۈپتۈمنىڭ تې-نىدىن، روھىدىن كەلگۈسى ئۇچۇن قىلىنغان خىيانەتنى ئىزدەي-مەن. يىللار ئۆتۇپ سىز ئۇ ئەرگە ئىشەنمەيدىغان بولىسىز. مەن بۇ ئايالدىن سوۋۇيمەن، يىرگىنىمەن. ھايات مۇشۇنداق بولسا - ھە؟ مەن سىزنى كەچۈردۇم. پەقەت خۇداغا نارازىلىقىم كەلدى. ئۇ نېمىشقا ئادەمنى مۇشۇنداق يارىتىدىغاندۇ؟

مەن ساناتورىيە يېنىدىكى قەدىمىي دۆڭلۈككە قايتىپ كەل-دىم. يېنىمدىكى ئېگىز تاملار ئىچىدە روھىي كېسەللەر. ئۇنىڭ سىرتىدا مەن. مەن ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. مەنمۇ ئۇلار-دەك روھىي كېسەل بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟

ئەمدى بىزنىڭ بىللە ياشايدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنىمىز قالغانىدى. تاڭ ئاتسىلا بىز مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتەتتۇق. بىز تە-تۇر قارىشىپ، بىر يىل گەپلەشمەي يۈردۇق. ئىسىت، ھارام ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىل. مەن ئايرىلىش كۈنلىرىمىز يېقىنلاپ قالغان كۈنلەردە سىز بىلەن يارىشىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

كەچتە ياتاقتا بىز خوشلىشىش زىياپىتى ئۇيۇشتۇرغاندۇق. بۇ كېچە قانداقمۇ ئېسىمدىن چىقىپ كەتسۇن. بۇ ئۇنتۇلماس كېچە مەن ئۇچۇن ئەڭ ئازابلىق پەيت بولدى. بۇ سىزدىن ئەبەدىي جۇدا بولۇش كېچىسى ئىدى. مېنىڭ سۆيگەن قىزىمدىن ئەتىلا

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن سىزگە تەلمۈرۈپ قارايتتىم، تەتۈر قارىشىپ يۈرگەن بۇ بىر يىلدا سىز ماڭا نەپرەتلەنگەنسىزمۇ؟ ئىچ ئاغرىتقانسىزمۇ؟ مېنى خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋەتكەنسىزمۇ؟ مەن سىزگە خۇپىيانە قارىۋالاتتىم. سىز مەن تەرەپكە قارىغان زامان سىزگە تىكىلگەن كۆزلىرىمنى ئەپقاچاتتىم. مەن سىزگە ئاشىق، مەستانە ئىدىم. بىراق، غۇرۇرۇم سىزگە گەپ قىلىشىمغا يول قويمايتتى.

بىر چاغدا سىز ماڭا بىر رومكا قىزىل هاراقنى سۇندىڭىز. مەن گەپ قىلماستىن رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى سىزگە قايتۇردۇم. سىز ئىتتىكلا ئىچىۋەتتەڭىز. مېنىڭ لېۋىم تەگكەن رومكىغا لېۋىڭىز تەگدى. ئاغزىم تەگكەن شاراب تېنىڭىزگە، تومۇرلىرىڭىزغا سىڭىپ كەتتى. ئاشۇ يېرىم رومكا شاراب قەلبىڭىزنى سېھىرلەپ، سىزنى ماڭا مايىل قىلىشىنى بەكمۇ خالايتتىم.

ساۋاقداشلار شوخ، قىزغىن كەيپىياتتا تانسا ئوينىۋاتاتتى. مەن هېچبىر قىز بىلەن، هەتتا سىز بىلەنمۇ ئوينىماي، غەمكىن ئولتۇراتتىم. ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئايرىلىش پەيتلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. شەرق ئاسمىنى سۈزۈلۈپ باراتتى. مەن يەنىلا سىزگە گەپ قىلماي، تانسىغا تەكلىپ قىلماي ئولتۇراتتىم. قەلبىمدە ئىككى خىل هېس ئېلىشاتتى: تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ رۇقىيەنى تانسىغا تەكلىپ قىل! يارىشىپ قال! هەرگىز ئالدىغا بارما. سەن دېگەن ئوغۇل بالا... هەممە ئۆز جۈپتى بىلەن خۇشال ئىدى. پەقەت مەن، سىزلا مەدىرلىماستىن ئازابلىنىپ ئولتۇراتتۇق. شۇ چاغدا سىز يەنە ئالدىمغا كېلىپ، مېنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىڭىز. مەن ئىككى يىل ئايرىلىپ قالغان سۆيۈملۈك قولنى، بەلنى قايتا تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. مەن هېچبىر گەپ تاپالماي:

— هېلىقى خەتنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىز. ئۇنى يېزىپ كېيىن پۇشايمان قىلدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، — دېيەلىدىم. مۇشۇ سو-

رۇندا، باشقىلار ئالدىدا، چىراغ نۇرى ئاستىدا كۆزىڭىزدىن ئاچ-چىق ياش ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىڭىزنى بويلاپ ئاقتى. سىز يېشىڭىزنى قىلچە يوشۇرماي، كۆزلىرىمگە ئەلەم بىلەن قاراپ:
— ئالتە بەت، قانچە ئاچچىق سۆزلەر - ھە؟ ئۇ خەتنى ساقلاۋاتىمەن. بىراق، سىزگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. كەلگۈسىدە باللىرىمغا كۆرسىتىمەن. ئۇلارغا ئانىسىنىڭ بىر ساۋاقدىشى تەرىپىدىن قانداق ھاقارەتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىمەن، — دېدىڭىز. بۇ سۆزلىرىڭىزدىن يۈرىكىم يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ، بېشىم پىرقىراپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. مەن سىزگە قارىماستىن:
— خالىسىڭىز، تۆۋەنگە چۈشۈپ پاراڭلاشساق، — دېدىم. مەن ئاخىرقى بۇ ئازابلىق مىنۇتلاردا سىز بىلەن بىللە مېڭىش، پاراڭلىشىش بەختىگە ئېرىشەلىدىم. ماڭا ئەگىشىپ پەشتاقتىن چۈشتىڭىز. بىز ئەجەب مەڭگۈ مۇشۇنداق مېڭىش مەقسىتىمىز-گە يېتەلمىسەك - ھە؟
ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكتە ئولتۇرۇشتۇق. مەن سىزگە يالۋۇردۇم. بىراق، خەتنى قايتۇرۇۋالالمىدىم. ئاھ! ئازاب... سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز قەلبىمدە قالدى. مېنىڭ ئاشۇ نەپرەتنا-مەم قولىڭىزدا قالدى.
— خاتىرە ئۈچۈن بىر پارچە سۈرىتىڭىزنى ماڭا ھەدىيە قى-لىشقا بولامدۇ؟ — دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ.
سىز بېرىشكە قوشۇلدىڭىز. لېكىن، مېنىڭ سۈرىتىمنى سورىمىدىڭىز. ئۆزۈمنىڭ قىممىتى بولمىغان تۇرسا، جانسىز ئوبرازىمنىڭ سىز ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن.
ياتاقتا قالغان ساۋاقداشلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىش-تى. ھوشۇمغا كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام كۈن چىقىشقا ئاز قاپ-تۇ. ئەمدى بېكەتكە، بىزنى تەرەپ - تەرەپكە ئەكېتىدىغان ئاشۇ بېكەتكە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز بېكەتتە كۆرۈشمەكچى بو-لۇپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، قاتار - قاتار ئاپتوبۇسلار ئارىسىدا مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىدىن سىزنى ئىزدەيتتىم. بۇ چاغدا سىز كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈپ، مەن چۈشكەن ئاپتوبۇس يېنىغا كەلدىڭىز. مەن سىز سۇنغان قاتلاقلىق قەغەزنى ئالدىم. مەن كۆزلىرىڭىزگە غەمكىن تىكىلىپ:

— خوش، خەت يېزىڭ. ئۇنتۇشۇپ كەتمەيلى، — دېدىم.

ئىككى تامچە ياش چىرايلىق كۆزىڭىزدىن سىرغىپ چۈشتى:

— خوش، ئامان بولۇڭ. خۇداغا ئامانەت...

ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. سىز دوستلىرىڭىز بىلەن ماشىنا كۈتۈش زالىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بېكەت ئالدىدىكى يولغا چىقتىڭىز. مەن بېشىمنى دېرىزىدىن چىقىرىپ قول پۇلاڭلاتتىم. سىز قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ بىرنېمىلەرنى دەپ، غەمكىن قالدىڭىز. بىز راستلا ئايرىلغانىدۇق.

مەن سىز بەرگەن قاتلاقلىق قەغەزنى ئاچتىم. بىر پارچە سۈرەت، گۈزەل پەرىزاتنىڭ يېقىملىق ئوبرازى ... سۈرەت ئورالغان قەغەزنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتىم. بىر بەت ئەمەس، بىرەر جۈملە تەسەللى، ئۇزىتىش سۆزىمۇ يوق. ئەي تاش يۈرەك پەرىشتە! سىز مېنى نېمە قىلماقچى؟ مېنى خاراب قىلدىڭىز، روقىيە ... مەن بېكەت ئالدىدا يولدا قالغان ھالىتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. ئاشۇ شەھەردىن، سىزدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتىم. كۆز يېشىم توختىماستىن قۇيۇلاتتى. مېنى ئادەم قىلغان، ھاياتنى چۈشەندۈرگەن، سۆيۈملۈك روقىيەنى قوينىغا ئالغان ئانا شەھەر ئارقىمدا قالغانىدى. مەن بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كەينىمگە تەلمۈرۈپ قارىدىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىمدىن تەسىرلىنىپ ئېغىز ئاچتى:

— نېمىگە مۇنچە يىغلايسىز؟

مەن گەپ قىلماستىن سۈرىتىڭىزنى ئۇ ئايالغا بەردىم. ئۇ ئايال سۈرىتىڭىزگە بىرھازا قارىغاندىن كېيىن چوڭقۇر تىنىدى.

— ئايرىلىپ كەتسە ھەقىقەتەن يىغلىغۇدەك قىز ئىكەن. سىز نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمەيسىز؟

ئايالىنىڭ بۇ سوئالى جاۋابسىز قالدى. راست ئەمەسمۇ؟ مەن بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەلەيتتىم. ئاپتوبۇس توختىماستىن كېتىۋاتاتتى. مەن سىزنى نېمىشقا بىللە ئېلىپ كەتمىدىم — ھە؟

تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشەنگۇم كەلمەيتتى. قەلبىمدە بۇ رەھىمسىز قىسمەتكە قارشى ئىسيان داۋالغۇيتتى: ئەي تەقدىر، ئالدىڭدا باش ئەگمەيمەن. سېنى بويسۇندۇرىمەن. رۇقىيەگە يەتمەي قويمايمەن!

بىزنىڭ جىسمىمىز ئايرىلغان بىلەن روھىمىز يەنە بىللە ئىدى. سۆيگۈمىز يۈرىكىمگە ھەمراھ ئىدى. ئاي - يىللار ئۆتۈپ، سىز مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يەنىلا ئاشۇ مۇھەببەت بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلمىسىز. قانچە يىللار ئۆتسۇن، مەن سىزگە ئېرىشىسەملا مەيلى ئىدى. ئادەمنىڭ ھاياتى بەكمۇ قىسقا - ھە؟ مەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمرۈمدە ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن گۈزەل پەرىشتەمگە نېمىشقا يېتەلمەيمەن؟ نېمىشقا ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەن؟

مەن يەنە بىرەر قىزنى ياخشى كۆرەلمىدىم. قەلبىمدىكى مۇ-ھەببىتىڭىز ھەممە قىزلارنى چەتكە قاقتى. مەن سۆيگۈڭىز بىلەن خىيالىي دۇنيايىمدا تەنھا ياشايتتىم. ئادەملەر مېنىڭ نەزىرىمدە پەقەت ئىككى پۇتلاپ مېڭىپ يۈرگەن، ماددا ئالمىشىشنى تا-ماملايدىغان بىيولوگىيەلىك قۇرۇلمىدەك ئەھمىيەتسىز كۆرۈنەت-تى. ھېچكىم بىلەن دوستلاشمايتتىم ۋە دۇشمەنلەشمەيتتىم. ئا-دەملەرنىڭ مېنى ياخشى دەپ ماختاشلىرى، يامان دەپ ئۆچ كۆ-رۈشلىرى بىلەن كارىم يوق ئىدى. ئۇنداق باھالارنىڭ مەن ئۈچۈن نېمە پايدىسى؟ مەن قەلبىم ئىستەكلىرى ئۈچۈن ياشىسام، ئۇ-نىڭغا خائىنلىق قىلمىساملا بولدى ئەمەسمۇ؟

سىزدىن ئايرىلىپ ياشىغان كۈنلىرىمدە سىز دائىم خىيال-لىرىمدا ھەمراھ ئىدىڭىز. پەقەت چۈشلىرىمدە ئۆتكەن كۈنلەرنى

كۆرەلەيتتىم. مەن بۈگۈنگىچە نېمىشقا مۇھەببەت ئىزھار قىلماي ئۆتتۈەردىم ؟ ھېچبولمىغاندا مەكتەپ پۈتكۈزۈش ھارپىسىدىكى خوشلىشىش، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە نېمىشقا قەلبىڭىزگە سوئال بەلگىسى سىزىپ قويالمىدىم ؟ مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشارمەن ؟ ! ئېھ، ئازاب بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ! ئاشۇ مۇزەپپەر سۆيگەن قىزىمنى تارتىۋالدى ـ ھە ؟ ئاشۇ مۇزەپپەر رۇقىيەنىڭ پاكلىقىنى بۇلغاپ، ئەقىدەمنى بەربات قىلىۋەتتى ـ ھە ؟ ئادەم-لەر نېمىشقا ئاشۇنداق ؟ مەن سىزنى سۆيىمەن. بىراق، مېنىڭ بۇ ئۆلمەس سۆيۈشلىرىمگە پەرۋاسىز قارايسىز. مۇزەپپەر سىزنى سۆيمەيدۇ. لېكىن، سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى بېغىشلايسىز. بۇ دۇنيادىكى ئاشىقلاردا نېمە گۇناھ ؟ سىزدىن ئاغرىنىپ نېمە قىلاي؟ سىز مۇزەپپەرگە كۆڭلىڭىزنى بەرگەندىكىن سىزنى ئە-يىبلەشكە نېمە ھوقۇقۇم بار؟ مەندە ئېتىبارسىز قالغان سۆيگۈم ئۇچۇن ياش تۆكۈشتىن باشقا نېمە چارە بار؟

سىزگە نەچچە قېتىم خەت يازماقچى بولدۇم. قەلبىمدىكى ھۆكۈمران ئۇبرازىڭىز ھامان قولۇمنى تۇتۇۋالاتتى. كۈنلەر ئۆتە-ۋەرگەن بولسىمۇ سىزدىن قەلبىمگە تەسەللى بەرگۈدەك بىرەر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالالمىدىم. سىز ئەمدى مېنى پۈتۈنلەي ئۇنۇ-تۇپ كەتكەندەك قىلاتتىڭىز.

خەت كەلدى، سىزدىن ئەمەس، بىر دوستۇمدىن كەلدى. ئۇ مېنىڭ سىز ئۈچۈن ئۆرتىنىۋاتقان دەردمەن يۈرىكىمنى چۈشە-نەتتى. ئۇ بۇ خېتىنىڭ يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ سانجىلىدىغان-لىقىنى بىلەتتى. بىراق، بۇ خېتى ئارقىلىق بۈگۈنگىچە يېنىۋات-قان ئۈمىد شامىمنى ئۆچۈرۈپ، مېنى غۇۋا دۇنيانىڭ ھەسرەتلى-رىدىن تارتىۋالماقچىمىدۇ ... شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن ئۇ دوستۇم-دىن رەنجىگۈم كېلىدۇ، سىز ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى بوپسىز.

مەن ئۈچۈن پاجىئەلىك، سىز ئۈچۈن خاسىيەتلىك بولغان ئۆكتەبىر كۈنى ئىدى. مەن بۇ يەردە قەدەھ كۆتۈرۈپ تويىڭىزنى تەبرىكلىدىم، كۆتۈردۇم ... خۇدۇمنى بىلمەي كوچىدا كېتىۋات-

مەن. ئادەملەر مېنىڭ ئەلەس ھالىتىمدىن نەپرەتلەنگەندۇ؟ بىراق ئاشۇ ئادەملەر قەلبىمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلسە ـ ھە ؟ قۇلىقىمغا ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. بىر چاغدا يول بويىدىكى ئېرىققا يىقىلىپ چۈشتۈم. ئېرىقنىڭ نەم ھاۋاسى تېنىمنى مۇزلىتاتتى. سىز مۇشۇ تاپتا يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە بەخت كەيپىدە مەست بولغان ئەرنىڭ تېنىدىكى ھارارەت تەپتىدىن تەرلەپ ياتىدىغاندىسىز. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانە ئىكەنلىكىمگە ئىشەندىم. بۇ دەھشەتلىك قىسمەت جىسمىمنى ئەگدى، تىنىقىمنى بوغدى، روھىمنى تۇنجۇقتۇردى. ئەمدى دۇنيادىكى ھەممە قىز مەن ئۈچۈن ئوخشاش. قېنى قىزلار ؟ سەت ياكى چىرايلىق بولسىمۇ مەيلى. ئېگىز، پاكار بولسىمۇ بەربىر. سېمىز ياكى ئورۇق بولسىمۇ پەرقى يوق. مەن بىلەن توي قىلىشنى خالىسىلا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

مەن سىزگە يېتەلمىگىنىم بىلەن ماڭا ئېرىشىش كويىدا يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس ئىكەن. مەن قەلبىمگە خائىنلىق قىلىپ، بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىم. ئۇ ئاق كۆڭۈل، پاك قىز مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلسە ـ ھە؟ بۇ رەھىمسىز تۇرمۇشنىڭ قۇرۇلمىسىغا ھەيرانمەن. تۇنۇگۈن سىزگە ئاشىق بولۇپ، قان ياش تۆككەنىدىم. ئاشۇ ياشلار تاش يۈرىكىڭىزنى ئېرىتەلمىگەنىدى. بۈگۈن بىر قىز مەن ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتاتتى. مېنىڭ سۆيگۈم سىزنى قىلچە تەسىرلەندۈرەلمىگىنىدەك، ئۇ قىزنىڭ سارغىيىپ، قاقشال بولۇشلىرى مەندە ئىچ ئاغرىتىشتىن باشقا سېزىمنى ئويغىتالمىدى. مەن ھازىر ياخشى كۆرگۈچى ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئازابنى، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدىكى بىپەرۋالىقنى چۈشەندىم. ئۇ قىز يىغلاپ باقسۇن. مەنمۇ يىغلىغانغۇ؟ بۇ دۇنيادا ماڭا ئوخشاش يىگىتلەر قىزلارنىڭ پىراقىدا ياش تۆكىۋەرمەي، ئۇنىڭغا ئوخشاش قىزلارمۇ يىگىتلەرنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ باقسۇن. لېكىن، ئۇ قىزدا نېمە

گۇناھ ؟ سىزگە كۈچۈم يەتمەي، ئۇ قىزدىن ئۆچۈمنى ئالسام، ئۇنىڭ يېشى بىلەن سىز پەيدا قىلغان قەلبىمدىكى مۇھەببەت ياردىلىرىنى داۋالىسام بولامدۇ؟ مەن ئەمدى ئۇ قىزغا ئادالەتسىزلىك قىلماي، مۇھەببىتىمنى قەدىرلەي. ئۇ قىز سىز ۋەيران قىلغان ماڭا ئوخشاپ قالمىسۇن.

مەن قولۇمنى ئۇ قىزغا سۇنۇشقا، تېنىمنى ئۇ قىزغا سۈركىلىشكە، قەلبىمنى ئۇ قىزغا ئىنتىلىشكە مەجبۇرلىدىم. جىسمىم شۇنداق قىلدى. بىچارە قىز، ئۇنىڭ تېنى ئورۇقلاپ سۆڭەككە ئايلانغان، چىرايى سارغايغان، تىنىقىدىن كېسەللىك ھىدى كېلەتتى. بىچارە قىز، ئۇ باغرىمدا چىڭ يېپىشىپ تىپتىنچ ياتاتتى. قۇچىقىمدا ئۇ قىز، خىيالىمدا سىز. ئۇ قىز بۇنى بىلسەھە؟ ئۇ قانداق قىلار؟ مېنى سۆيمىگەندىكىن يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بەرسىڭىزچۇ؟ مەن سىزگە ئېرىشەلمىسەم ياكى باشقا بىر قىزنى سۆيەلمىسەم. مېنى ئەجەب قىيىنىدىڭىزغۇ، رۇقىيە؟

ئۇ قىزنىڭ جىسمى بىلەن ياشىغىنىمدىن كۆرە سىزنىڭ خىيالىڭىز بىلەن ياشىغىنىم شېرىن ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ يۈرىكىنى ئالداپ نېمە قىلاي. ۋاقىت ئۆتكەنچە ئۇ بۇ بەختسىزلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئوخشاش شور پېشانە، دەردمەن بولۇپ قالدى. ئادەمنىڭ جىسمىنى ئالداشتىن روھىنى ئالداش ئازابلىق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، مەن يەنە بۇ دۇنيادا تەنھا قالدىم. بۇ يالغۇزلۇق سىزنىڭ ھىجرانىڭىزدىنلا باشلانغانىدى. تەختۇشلىرىم مېنى كوچا ئايلىنىشقا بىللە ئاچىقاتتى. قارىسام، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

بەزى كۈنلىرى كەچتە تانسىغا باراتتىم. نۇرغۇن قوللار تەكرار - تەكرار تۇتۇپ كەتكەن قول، بەلنى مەنمۇ تۇتۇپ مەيدانغا چۈشەتتىم. كۆزۈم كۆرگەنلا قىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلاتتىم. يەنە ئاشۇ قول، يەنە ئاشۇ بەل. ئۇلار بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمەي، مۇزىكا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ دەسسەيتتىم. مەن بىلەن

تانسا ئويناۋاتقانلار مەندە ھېچبىر سىزىم ئويغىتالمايتتى.
بۇگۈن كوچىدىن يەنە مەست ھالدا دەلدەڭشىپ قايتىپ كىردىم. يولدا نەچچە يەردە يىقىلىپ، كىيىملىرىم توپىغا مىلىنىپ كەندى. خىزمەتداشلىرىم ماڭا كۆپ نەسىھەت قىلدى. مۇشۇنداق يۈرىۋەرسەم يۈز - ئابرۇيۇم تۆكۈلەرمىش. تۆكۈلسە تۆكۈلمەمدۇ؟ تاماكا چەكمە، ھاراق ئىچمە، سالامەتلىككە زىيانلىق دەيدۇ تېخى. ئادەم بەربىر ئۆلىدىغۇ؟ تاماكا چەكمىسەم، ھاراق ئىچمىسەم ئۆلمەيدىغان ئىش بولسىدى.
ھېچكىمنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي يۈرسەم، بەزىلەر مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولدى. سېنىڭ كاللاڭنىڭ بىر ۋىنتىسى كەم، سەندە بىر - ئىككى تاسقام بار ئىكەن، دېيىشىدۇ. ۋىنتىسى كەم بولۇپ قالىدىغانغا كاللام ماشىنىمىدى ؟ بىر - ئىككى تاسقام بار ئىكەن دېگىنىنى قارا ! مەن غەلۋىرمىدىم ؟ شۇنداق دېگەنلەرنىڭ ئۆزى ساراڭ.
يېقىندا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەت نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، مېنى سەۋدايىلىق ھالىدىن قۇتۇلدۇردى. ئۆتكەندە سىزنى توي قىلىدىغان بولدى، دەپ شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن دوستۇم بۇ نۆۋەت سىزنى بىر بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتتى، دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر قەلبىمدە يېڭى بىر ئارزۇنى ئويغاتتى. مەن قاچانغىچە مۇشۇنداق تەنھالىقتا بويتاق ياشاۋېرىمەن؟ مەن نەچچە يىللاردىن بۇيان سىزنى ياخشى كۆرۈش ئوتىدا تارتقان ئازابلىرىمنى، سىزنى داۋاملىق سۆيۈۋاتقانلىقىمنى سىزگە ئىزھار قىلماقچى بولدۇم. سىز مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئاشكارىلىيالمايۋاتقان پىنھان سۆيگۈمنى بىلىپ قېلىڭ. سىزنى ماڭا ئوخشاش سۆيىدىغان بىر ئادەم بۇ دۇنيادا يوق. بۇ ئىشقنى خۇدا دىلىمغا سالغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ سۆيگۈم ھەرگىز ئۆلمىگۈدەك. ماڭا بۇ سۆيگۈ تېنىمگە، روھىمغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك، بۇ سۆيگۈدىن ئايرىلسام تېنىم مەزمۇنسىز شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ دۇنيادا بىر ئادەم يەنە بىر ئا-

دەمگە شۇنچە باغلىنىپ كېتىدىكەن ـ ھە؟

رۇقىيە، ئەمدى مېنى بىلگەنسىز؟ مەن سىزگە ئاشىق ئىدىم. سىز مېنىڭ بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تەنھا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يەنە بىپەرۋا ھالەتتە قاراپ تۇرارسىزمۇ؟ مېنىڭ سۆيگۈم يەنە ئېتىبارسىز، قوبۇلسىز قالارمۇ؟ مەن سىزنى سۆيگەندەك، سىزمۇ مېنى سۆيمىسىڭىز مەن ئۇچۇن قانچە ئازاب ـ ھە؟

ئاھ، خۇدا! رۇقىيەنىڭ يۈرىكىگە مېنىڭ ئىشقىمنى سالغان بولساڭ ئىدى، بۇ دۇنيا مەن ئۇچۇن جەننەتكە ئايلىناتتى.

مېنىڭ قەلبىمگە جاۋاب بېرىڭ. سىز ماقۇل كۆرسىڭىز، رازىلىق بەرسىڭىز پات ئارىدا قېشىڭىزغا يېتىپ بارىمەن. مۇبادا مېنىڭ بۇ تەكلىپىم رەت قىلىنسا، سىزنى يەنە كۈتىدىغانلىقىمنى، سىزنى ئۆلگۈچە سۆيىدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىڭ.

سىزنى سۆيۈپ:

مۇرات.»

ئەتىسى كەچتە قوشنام رۇقىيەنى ئۆيگە چاقىردىم. ئۇ يەنە شۇ تارتىنچاقلىقى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ قورۇنۇپقىنا ئولتۇرۇۋالدى. ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەن ئاستا قىمىرلاپ، كېكىردىكىمنى قىرىپ قويۇپ:

— مۇراتنىڭ خېتىنى كېچىچە ئوقۇپ چىقتىم. سىز ھازىر قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدىم.

رۇقىيە مەن سۇنغان خېتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن جىمجىتلىقتا ئۇنىڭ ھاياجاندىن قاتتىق ئاھ ئۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مۇراتنىڭ خېتى بۇ ئايالنى چوڭقۇر ئويغا سالغاندەك قىلاتتى.

— سىز ئىنستىتۇتتىكى چېغىڭىزدا مۇراتنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭىزمۇ ؟

— بىلەتتىم.

— سىزچۇ ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەمتىڭىز ؟

— مەندە ئۇنىڭغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىلا بار ئىدى.

— كېيىنچۇ ؟ ئۇنىڭ شۇنچە بوشاشماس، ئەسەبىي سۆيۈشلىرى سىزنى تەسىرلەندۈرەلمىدىمۇ ؟ سىزدە ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئويغىتالمىدىمۇ ؟

رۇقىيە يەرگە باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى. ئۇ بىردەمدىلا قىزىرىپ، ئىششىغان كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقېچىپ:

— ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى مېنى ئېرىتمەي قالاتتىمۇ ؟ بىراق، مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ ئالالمىدىم، — دېدى.

مەن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدۇم، بۇ ئاشىق - مەشۇقلار مۇرادىغا يېتەلمىگەن بولدى، دەپ ئويلاپ، بەكمۇ سۆيۈندۈم.

— سىز ئەمدى قانداق قىلماقچى ؟

— ئۇ بەك كېچىكتى. مەن توي قىلىپ، بىر ئەردىن ئاجراشتىم. بىر بالامۇ بار. ھازىر مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس.

— سىز ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ ئۆتۈشىنى خالامسىز؟

— يىللار ئۇنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، مېنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ.

— مۇرات سىزنى ئۇنتۇيالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۆرۈشىدە بىر ئىلاھىي سۆيگۈنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭچە، ئۇنى يەنە نائۇمىد قالدۇرمىغىنىڭىز ياخشى. مۇبادا سىز ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىسىز.

رۇقىيە بىرھازاغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كېيىن ئاستا قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇ بالامنى خارلاپ قويماسمۇ؟

— بالا ئۇنى كۇنداشلىق ئوتىدا كۆيدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى ئۇنىڭ بۇ ئازابىنى بېسىپ كېتىدۇ. ئۇ ھەتتا بالىڭىزنى ئۆز بالىسىدەك ئاسرىشى مۇمكىن.

— سىزنىڭچە، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام بولارمۇ؟

— بولىدۇ. بەك ياخشى بولىدۇ. شۇنداق قىلسىڭىز مۇراتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرغان، ئۇنى بەختلىك قىلغان بولاتتىڭىز.

رۇقىيە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان بەخت نۇرلىرى يۈرىكىمنى ئىللىتىپ ئۆتتى. ئۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ:

— مەن ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىۋېتەي، — دېدى.

رۇقىيە چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردىم. مېنىڭ بۇ قوشنام يالغۇز ئەمەس ئىكەن. ئۇنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان يىگىتى بار ئىكەن. بىر يىگىتنىڭ ئاشۇنداق مەجنۇنلارچە سۆيۈشىگە نائىل بولغان بۇ ئايالنى كىممۇ بەختسىز دېيەلىسۇن!

# مازار چاشقىنى

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. قاڭقى مەمەت تامچە ئۆتۈپ تۇرغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئۇخلاۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ داسقا، قاچىغا تېمىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. هۆرى موماي بىر بۇلۇڭدا چەكچەيگىنىچە تىترەپ ئولتۇراتتى. يامغۇرنى تىللاپ غوتۇلدىغان چاغدا يۈزىدىكى قورۇقلار تەڭ مىدىرلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرمايلا هاسىسىنى ئۇزىتىپ نەۋرىسىنى تۇرتتى. قاڭقى قوپمىدى. موماي ئۇنىڭ بېشىغا بىر سىلىۋىدى، ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— هەي تاز، قاچانغىچە ئۇخلايسەن؟! قوغۇنلار يېرىلىپ تۈگەيدىغان بولدى.

مومايىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاڭقى كىگىز، پالاس، تاغارلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئەلەڭلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پالاقشىپ قوغۇنلۇققا باردى. قوغۇنلارغا يەتكەن يېرىگىچە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ياپتى. «قوغۇن تازا پىشىدىغان چاغدا يامغۇر ياغقىنىنى» دەپ غوتۇلدىدى. قوغۇنلار ئەمدى سارغىيىشقا باشلىغان، ئۈزىمۇ تېخى بىرەرنى يەپ باقمىغانىدى. مۇشۇنداق يېغىۋەرسە قوغۇنلارنىڭ هەممىسى يېرىلىپ كېتەتتى.

— چۈنەكلەر سۇغا تۇشۇپ كەتتى، قوغۇننىڭ تەممۇ قالمايدىغان بولدى، — دېدى ئۇ يېنىدا بىرسى باردەك ئاۋازىنى چىقىرىپ. ئەتراپنى يامغۇرنىڭ پېلەكلەرگە شارىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازى قاپلىغان، هاۋانىڭ قاپىقى بەك تۈرۈكلۈك ئىدى. قاڭقى

مەمەت چاپىنىنى، ئىشتىنىنى سېلىپ قوغۇنغا ياپتى. بىر ئۇيان،
بىر بۇيان چېپىپ ھاردى ـ دە، يالىڭاچ پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.
«قوغۇن يېرىلىپ كەتسە، ساتمىسا قىمارغا پۇلنى نەدىن ئالىدۇ.
بۇدا مامۇت كورۇككە ئۇتتۇرغان پۇلنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئالى-
مەن.» بىر تۇرۇپ ئۇ مومايىنىڭ پۇلنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ
قالدى. ھېلىمۇ ياخشى موماي بازارغا بارالمايدۇ، ئۇ ئىچىدە خۇش
بولدى. ئارقىدىنلا چىرايى تاتاردى. شۇ موماي دائىم قارغىغاچ
ئۇتتۇرۇۋاتىمەن، دەپ مومايىنى ئىچىدە تازا تىللىدى. ئۇ مومايىنىڭ
تېخىچە ئۆلمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى.

چاقماق چېقىپ ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. يېقىندىكى قوغۇنلار
پىچاق ئۇرۇۋەتكەندەك يېرىلىپ كەتكەندى. ئۇ يامغۇرنىڭ ئۇ-
رۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. مامۇت كورۇك ئانىسى ئۆلگەن-
دىن كېيىن ئانىسىنىڭ تىقىپ ساقلىغان تىللالىرىنى تېپىۋېلىپ
باي بولۇپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنىڭ تىقىپ قويغان نەرسىسى
بارلىقىدىن گۇمانلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ
سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كۆرۈپ باقاي، دەپ ئويلاپ باقاتتى.
لېكىن، ئارقىسىدىنلا يەنە بۇ ئالجىغان مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلى-
غان ھەرقانداق ئادەم ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرۇن ئۇ مومايىنى كۆپ خاپا قىلغان. ئەمدى
ياخشىچاق بولۇۋالسا چېنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ... ئۇ تەڭ-
قىسلىقتا قالغاندەك ئەتراپقا ئىتتىك قارىۋالدى، چىشلىرى كا-
سىلداپ كەتتى. ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتكەندى. تۇيۇقسىزلا ئىتقا
كۆزى چۈشتى. كاتىكى سۇغا تۇشۇپ كەتكەن ئىت سىرتتا تىترەپ
تۇراتتى. تۈكلىرى قوتۇر دۇمبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن بولۇپ،
قۇيرۇقىنى چاترىقىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. قاڭقىغا ئىت توڭلاپ
ئۆلۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئىت ئۆلۈپ قالسا، قوغۇنلۇققا ئۇ-
نىڭ ئۆزىنى باغلاپ قويسا ... قاڭقى ئۆزىنى يالىڭاچ ھالدا زەن-
جىرگە باغلاقلىق قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋىدى، تېخىمۇ
توڭلاپ، تىترەپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئىت چىۋىنلىرى ئولىشىۋالسا

قانداقمۇ قىلار؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. چاپاننى ئېلىپ، يېرىلساڭ يېرىل، دەپ پېلەكلەرنى پىتىقلاپ ئىتنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئىتنىڭ مۇنچىۋالا قېرىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولدى. ئىتنىڭ ئۈستىگە چاپاننى ياپتى. بىچارە ھايۋان ئانچە خۇشال بولغاندەك قىلمايتتى. ئۇ چاپاننىڭ تۈگمىسىنى ئىتنىڭ قورسىقىدىن ئېتىپ قويدى. ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ يېپىپ قويغان ئەسكى كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ پېلەكنى مالتىلاپ ئۈچىگە كىرىۋىدى، ئۇ تەرىپىدىن بېشى چىقىپ قالدى. ئۇ مەيلى بېشىم يېرىلمايدۇ، دەپ بېشىغا پېلەكنى تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ھۆرى موماي يامغۇر سەل پەسەيگەندە ئويغىنىپ كەتتى. شۇ چاغقىچە بىرمۇ خەمەك - سويما تۇتقۇزمىغان قاڭقى تازنى مىڭنى تىللىدى. كونا تور رومىلىنى ئارتىپ پاتقاق كېچىپ قوغۇنلۇققا باردى. قارىسا كىگىز، پالاس، تاغار ... لار قالايمىقان يېپىقلىق تۇرۇپتۇ. قوغۇنلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇن قاراڭغۇسىدا ئەتراپنى ئارانلا پەرق قىلالايتتى. ھامىنى يېگەندىكىن يېرىلمىغاننى يەي، دەپ كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان بىرىنى تاپتى. تىزىنى قويۇپ بىرنى تارتتى. غەيرىي ئاۋاز چىقىپ كىگىز ئاستىدىكى پېلەكلەر مىدىرلاپ كەتكەندەك بولدى. موماي بىرلا چىرقىراپ ئورنىدىن تۇردى. ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي ئۆيگە قاراپ بەدەر قاچتى. قاڭقى كىگىز ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ قارىغاندا، قاراڭغۇلۇقتا ئالچاڭلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان «ئەرۋاھ» نى كۆردى. قاڭقىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. قورقۇپ كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

قاڭقى پاتقاقلىقتا بەدەن شەكلىنى قالدۇرۇپ قوپتى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئىشتانلىرىنى كىيدى. چاپىنىنى ئىتنىڭ تېگىدىن تارتىپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يول بەكمۇ پاتقاق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى موماي بىر دۆۋە ئەسكى - تۈسكى نەرسىنىڭ تېگىدە كۆرۈنمەيلا قالغانىدى.

قاڭقى ئۆيۈقتىن بىر زاغرىنى ئېلىپ تاۋاقتا چىلىدى. چاي يوق ئىدى. ئۇ مومايىنى ئىچىدە راسا تىللاپ، سوغۇق سۇ قۇيدى، ئاندىن بىردەم ئولتۇرۇپ قوغۇنلۇقتا چىقىپ كىگىز - كېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. يولدا مومايىنىڭ كالىچىنى تېپىۋالدى. ئۇ چاي ئىچكەچ بۇ قېرى قاچاندا قوغۇنلۇقتا بارغاندۇ، دەپ غوتۇلدىدى.

تاڭ تېخى يورۇمىغان، هاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە مومايىنىڭ يېنىغا كەلدى. موماي قۇرۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان ئۆپكىسىنى تىترىتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئاندىن ئاستا تۇرتتى.

— هەي، موما، قوغۇنلۇقتا نېمىشقا باردىڭ؟ — دەپ سوردى. قاڭقى ماموت كورۇكنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئۇخلىغاندا گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تاسادىپى بىلىۋالغانىدى. موماي ئاغزىنى تامشىتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى. قاڭقى يەنە سورىدى:

— هەي، هۆرەك، قوغۇنلۇقتا نېمىشقا باردىڭ؟

— سويما يېگىلى.

— نېمىشقا كالىچىڭنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ — قاڭقى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپرەك سورىدى.

— جىن بار ئىكەن، قورقۇپ كەتتىم، — دېدى موماي، قاڭقى بۇرۇن تولا سورىغان سوئالنى يەنە سورىدى:

— هۆرەك، تىللانى نەگە كۆمدۇڭ؟

— تىللا يوق.

— قاسىم باي بىر كوزا تىللا بېرىپتىكەن، نەگە كۆمدۇڭ؟

— پوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. ئەمما، مومايىنىڭ مىدىرلىماي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: ئۆتكەندە ماموت كورۇك «قاڭقى، سەن قاچان ئۆتقان؟ سەن ئۆتتۇرمىساڭ بىز كىمدىن ئۇ-

تىمىز؟!» دەپ مەھەللىلىك باللار ئالدىدا ئەجەب مازاق قىلدى ـ ھە! خەپ كۈرۈك، مەن سېنى بوغۇزلىۋەتمىسەم ...

قاڭقى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بېشىغا تاققىدە قىلىپ تەگكەن كالتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ، دىرىڭڭىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قوغۇنلۇققا قاراپ چاپتى. بىر ھازا ھەپىلىشىپ چۆنەكلەرگە يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقاردى. راسا ھارغان چاغدا يېرىلىپ كەتكەن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ يەي دەپ شۇنداق كۆ- تۈرۈشىگە قوغۇن ئىچىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقتى. ئۇ ئەمدى پاقىغا ئامەت كەپتۇ ـ دە، دەپ پۇتى بىلەن پاقىنى يىراققا ئىر- غىتىۋەتتى. قولىنى قوغۇننىڭ يېرىقىدىن ئىچىگە تىقىپ ئۈرۈ- قىنى سىيرىپلا ئېلىپ تاشلىدى ـ دە، يۈز ـ كۆزلىرىنى ئالا ـ بۇلىماچ قىلىپ قوغۇننى بىردەمدە سوقۇپ بولدى. ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتقا قارىدى. ئىتنىڭ تۈكلىرى سەل كۆپۈپ قالغاند- دى. ئۇنىڭ چاپىنىنى لايغا مىلەپ رەسۋايىئەزىم قىلىۋەتكەن، ئۆزى قوغۇنلۇقنى بىركىم كۆتۈرۈپ كەتسىمۇ تۇيمىغۇدەك ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ھۆرى موماي شۇ كۈندىن تارتىپ قوپالماي قالدى. قاڭقىنى ئىشقىمۇ بۇيرۇمايدىغان بولدى. ھويلىدىكى ئۆچكىگىمۇ بىر نەر- سە بەرمىدى. قاڭقىنىڭ قىمار ئويناشقا دەسمايىسى قالمىدى. ما- مۇت كۈرۈك «ھەي قاڭقى تاز، تۇنۇگۇن كاكىلىدىڭمۇ؟ دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى مومايدىن بايلىقنى سوراپ بىلىۋېلىشى كېرەك.

ـــ ھۆرەك، قاسىم باي نېمەڭ؟ ـــ دېدى قاڭقى.

ـــ يارىم.

ـــ نەچچە ئەرگە تەگدىڭ؟

ـــ بەشكە. مەن ئىشچان چىرايلىق ئىدىم، ـــ دېدى موماي. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى.

ـــ ئەمىسە تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟!

ـــ پوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن، موماي ئويغانمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە سوئال سوراپ سېلىشىدىن قورقۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ ئۇخلىدى. ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كوزا تىللادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن تىللا كۆرۈپ باقمىغانىدى. پاشىلار غىڭىلدايتتى. سوغۇق ئارىلاش مەيىن شامال زەيكەش پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. چۆنەكلەردە پاقىلار كۇرۇلدايتتى. پاشىلارنى ئۇچىرالمىغان قانداق شامال بۇ! قېرى ئىت غىڭشىپ قوياتتى. قاڭقى چۈشىدە بىر ئەسكى تامنى بىرنى تەپسە بىر كوزا ھەرە چۈشۈپ ئۇنى قوغلىغۇدەك، موماي چىششىز ئاغزىنى ئېچىپ قاقاھلاپ كۈلگۈدەك.

تاڭ ئاتتى. ئۇ چۈشىنى بىردەمدە ئۇنتۇپ قالدى. ئۆيگە بېرىپ چىنىگە زاغرىدىن بىرنى چىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇق قوي مېيىنى سېلىپ، چاي قۇيۇپ دۈملەپ قويدى. ماموت كۈرۈك قايسى كۈنى شۇنداق پەيزى بىر شەيتان ھارۋا سېتىۋاپتۇ. ھەي كۈرۈك، ساڭا داداڭ دۇئا قىلىپتىكەن. ماڭا دادام نېمىشقا دۇئا قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇ دادىسىنى بەك غۇۋا ئويلايتتى. ئىشقىلىپ دادىسىنى ئويلىسا، قىماردا ئۇتتۇرۇپ ئانىسىنى ئۇرغان ۋاقتى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. لېكىن، چىرايى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. قاڭقى قوي مېيىنىڭ پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ چاينى ئىچتى. ئاندىن مومىسىغا نان چىلاپ قويدى. تۈنۈگۈن بىر موماي ئوت كۆچۈرۈپ قويغاندىن بېرى ھۆرەك خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

قاڭقى كۈندۈزدە قوغۇنلارنى ئۈزدى، سانىنى كەم مەلۇم قىلدى. كەچ پېشىن بىلەن قوغۇنلارنى سېتىپ بولدى. پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى بەردى. موماي قاڭقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم قاراپ باقىدىغان ساندۇقىغا سېلىپ قويدى. ساندۇقتا بىر پارچە كېپەنلىك رەخت بىلەن ئاق رومال ۋە كونا - يېڭى كىيىملەر بار ئىدى. ئاندىن بۇلتۇرقى جىگدىدىن ئازراق بار ئىدى. قاڭقى ساندۇقتىكى نەرسى-

لەرنى بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلاپ قىمار ئوينىغان، مومايىنىڭ
ئېسى جايىدا بولمىغاچ تازا تۇيالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئا-
خىرەتلىكىم دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. قاڭقىغا موماي ئۆچ-
لۈكىدىن ھېچ نەرسە دەپ بەرمەي ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈندى.

كەچتە قاڭقى ئۆيىگە كىردى. موماي تېخىمۇ سەتلىشىپ
كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىشسىز ئاغزى كۆك قۇرتتەك لۆ-
مۈلدەپ تۇراتتى. قاڭقى دائىم ئۇنىڭ شۇنداق ئۇرۇق، تاياقتەك
تۇرۇپمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن
قۇرۇق تېرىنىڭ تاراقلىشىدەك ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بېشىنى يانغا
بۇرىۋالدى. قاڭقى بۈگۈن نېمە سورايدىغانلىقىنى تازا ئويلاندى.
ناۋادا سورىۋالمىسا بۇ پىخسىق موماي سىرلىرىنى گۆرگە ئېلىپلا
كېتىدۇ. قاڭقى شۇ قوتۇر كۈرۈكنىڭ ئالدىدا ئۆمۈر بويى بېشىنى
كۆتۈرەلمەي ئۆتىدۇ. كۈرۈك دائىم شەھەرگە قاتناپ تۇرىدۇ. قاڭ-
قى شۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى. قىمارنىمۇ
دەسمايە بولمىسا، دۇئا بولمىسا ئۇتقىلى بولمايدىكەن! مومايغا دۇ-
ئا قىلىپ قوي دېمەكچى بولدى، ئۆلۈمۈمنى تىلىدىڭ دەپ ھاسا
تەڭلىشىدىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ سورىماي تۇرالمىدى.

— ھۆرەك، سەن ئۆلۈپ كېتىسەن، تىقىپ قويغان نېمەڭ
بولسا دەپ قويۇپ كەت، بىكار ئارماندا كېتىسەن.

مومايدىن ئاۋاز چىقمىدى. قاڭقى تۇرۇپلا قالدى. موماي
دائىم دەرھاللا جاۋاب بېرەتتى. خېلى بولدى، ھېلىقى كۆنى قو-
غۇنلۇقتىن قېچىپ كىرگەندىن بۇيان، شۇنداق تەرسا مىجەز بو-
لۇۋالدى. قاڭقى ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ يەنە سورىدى. موماي-
نىڭ كانىيىدىن خارت - خۇرت قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. بۇ
نېمە ئىش؟ دىققەتتە تىڭشىدى، موماي تەستە نەپەس ئېلىۋېتىپ-
تۇ. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتكەندەك بولدى. يۈزىدىن
ئىسقا ئوخشاش كۆكۈچ بىر نەرسە كۆتۈرۈلدى. قاڭقى داڭ قېتىپ
قالدى. كۆزىگە ئىشىنەلمىدى. مومايىنىڭ كالپۇكلىرى لۆمۈلدەش-
كە باشلىدى. ئىس يەنە كۆتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قاڭقى مەمەت، — موماينىڭ ئاۋازى جانسىز تىترەپ چىقتى، — مەن ساڭا بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىمەن، شەرتىم مېنى ئۆلگەندىن كېيىن قاسىم باينىڭ قېشىغا قويىسەن. ئاندىن قەبرەمنى قاتۇرۇپ ھەر پەيشەنبە يوقلاپ تۇرىسەن!

قاڭقى مەمەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. موماينىڭ ئويىغاق ياكى ئۇيقۇلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. تېخى قاسىم باينىڭ قېشىغا قويغۇدەكمىشمەن، بۇ ئالجىغان موماي نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، دەپ غودۇڭشىدى، بىر تۇرۇپ ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ دەپ ئويلىدى.

— قاڭقى مەمەت، تىڭشا ھەم ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا، مەن ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن گۆرۈمنى ئاچقىن. چوقۇم كەچتە. كېپىنىمنى بەك يىرتىۋەتمە، ئاندىن سول پۇتۇمنىڭ ئۇشۇقىنى ئالىسەن، ئۇنى قولتۇقۇڭغا ئېسىۋالساڭ ئۇشۇق سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ! — دېدى موماي.

موماي جىمىپ كەتتى. قاڭقى موماينىڭ راست دەۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىدى. ئۆزىنى قاسىم باينىڭ قېشىغا كۆمدۇرىمەن دەپ شۇنداق ئالجىۋاتامدۇ يا! مەيلى نېمىلا بولسۇن، سىناپ بېقىش كېرەك. موماينىڭ غۇۋا تىنىقى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشتى. مامۇت كورۇكنىڭ ئانىسى ئۇشۇق قويۇپ كەتكەندىمۇ؟ ئۆزىگىمۇ بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرمىگەنىدىغۇ؟ سوراپ بېقىش خەتەرلىك. ئەڭ ياخشىسى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. قاڭقى مەمەت مومايغا گۇمان بىلەن قاراپ قويۇپ قوغۇنلۇققا ماڭدى. بېرىپلا سويمىدىن بىرنى يېرىپ يېدى - دە، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە گۆرگە كىرىپ قارىسا موماينىڭ قورسىقىدا بىر كاللەك يىلان تۇرغۇدەكمىش، ئۇشۇقىنى ئالغىلى قويمىغۇدەكمىش، قاڭقى ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. قېرى ئىت روھسىز بىرنەچچىنى قاۋاپ قويدى. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن توشۇپ كەتتى. قاڭقى مەمەتنىڭ كالپۇكىنى پاشا چېقىپ دورداپتىپ قويغانىدى.

قاڭقى ئويغانغاندا كۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ ئىتتىك ئور-

نىدىن تۇرۇپ ئۆيگە ماڭدى. يولدا ئىزلارغا دىققەت قىلىپ ھېچ
نەرسىنى پەرق قىلالمىدى. ئۆيگە يېتىنالماي تەستە كىردى. مو-
ماينىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. چاينى
ئەزمىلىك بىلەن ئىچتى. قوي مېيىنى كۆپ سالدى. مومايغىمۇ
نان چىلاپ قاچىنىڭ ئاغزىنى كۆمتۈرۈپ قويدى. بىردەمدىن كې-
يىن ئەسنەپ كەتتى، مومايىنى تۇرتتى. ئۇ مىدىرلىمىدى، يەنە
تۇرتتى. قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كېلىپ تىڭشىدى. ھېچ ئاۋاز
چىقمىدى. ئىتتىك قوشنا ئايالنى چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئايال يۇ-
كۈنۈپ ئولتۇرۇپ مومايىنى ھۆرىخان ئاچا، دەپ چاقىردى. پېشا-
نىسىگە قولىنى ئاپىراي دېگەندە يوغان بىر چىۋىن غوڭ قىلىپ
ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا ــ توۋا كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىش-
قا باشلىدى. قاڭقى ئىشىك تۈۋىدە ھاڭۋېقىپ قالدى. قوشنىسى
مومايىنى پەرىشتىدەك سۈپەتلەپ قوشاق قوشۇشقا باشلىدى. ئاۋازى
شۇنداق يېقىملىق ئىدى. ھۆرى مومايىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىردەم-
دە يېقىن ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ بولدى. ئۇلار كېلىپ ھەممىسى
بىر ھەرە توپىدەك غوڭۇلداپ ھازا ئېچىشتى. قاڭقى بىلەن ھېچ-
كىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇ-
ياقتا ــ بۇياققا چۆرگۈلەپ يۈردى. يىغلاي دېۋىدى كۆزىگە ياش
كەلمىدى. جامائەت مومايىنى ئۇلۇغ كۈندە ئۆلۈپتۇ، دەپ نامازدىن
كېيىن قويماقچى بولدى. قاڭقى باشقا گېپى يوقلۇقىنى ئېيتتى.
پېشىن نامىزىدىن كېيىن مومايىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ جىنازا
يولغا چىقتى. جىنازا ئالدىدا قاڭقى يالغۇز كېتىۋاتاتتى. مامۇت
كۈرۈك ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ يېنىدا گەپ قىلماي ماڭدى. باش-
قىلار ئۇنىڭغا پاختىلىق چاپان، كونا قۇلاقچا كىيدۈرۈپ، بېلىگە
ئاق بەلباغ باغلاپ قويغانىدى. قاڭقى بىر تۇرۇپ بۇ قېرى ئەجەب
ئىسسىق بىر كۈندە ئۆلدى. بىر يىل قانداق توشار، دەپ ئويلىسا،
بىر تۇرۇپ موماي ئۆلىدىغان چاغدا ئالىجىپ ئالىجوقا گەپ قىلغان
بولغىيدى، دەپ ئويلايتتى. يول توپا بولغاچ ئۇزۇن سەپنىڭ ئار-
قىسىدا چاڭ ــ توزان ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرلەپ ماجالى

قالمىغىلى تۇردى. شۇ تاپتا پاقا شوراپ قويغان بولسىمۇ بىر قو-
غۇن بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدى. مەھەللە سىر-
تىغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، مازارلىقتا بارغىلى بولات-
تى. قاڭقى ئانچە - مۇنچە ئۇندەرىگەندەك ئانامەي، دەپ ۋارقىراپ
قوياتتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىغا كۆڭلىدە ئىشەن-
نەلمەي كېلىۋاتاتتى. پاختىلىق چاپان شۇنداق ئېغىر، ئاسماندا
قۇياش بارلىق زەھىرىنى ئۇنىڭغىلا سانجىۋاتقاندەك قادىلىپلا تۇ-
رۇۋالدى. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ھېلىدىن - ھېلىغا جىنازا كۆتۈ-
رۇشكە ئالمىشىپ تۇراتتى. قاڭقى بىر تۇرۇپ بۇگۈن ئۆلگىنىمۇ
ياخشى بولدى، ئۇلۇغ كۈن بولغاچقا، ئادەم كۆپ كەلدى، دەيتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تونۇمايدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. قارىغاندا
مومايىنىڭ تەڭتۇشلىرىمۇ خېلى باردەك قىلاتتى. ئۇلار چۇرۇقى-
نىڭ ئۇچىدا توپىنى توزۇتۇپ ماڭاتتى. قاڭقى پات - پاتلا ئانا-
مەي، دەپ قويۇپ، يېڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ كېتىۋاتاتتى.
مەھەللە كىچىك بولسىمۇ زاراتگاھلىقى خېلى چوڭ ئىدى.
ئۇلار قەبرىلەرنى ئارىلاپ، كولاپ قويغىلى خېلى بولغان بىر گۆر-
نىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇنىمۇ موماي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئوخ-
شايدۇ، ئەتراپىنى يانتاق، جىن تاۋۇزى قاپلاپ كەتكەنىدى. بەزى
چوڭراق قەبرىلەرگە ئالىتاغىل بايراقلار سانجىپ قويۇلغانىدى.
ئىككى ئادەم گۆرنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىردى. ئىككى ئادەم مې-
يىتنى جىنازىدىن چىقاردى، كىگىزدىن يەشتى، ئاندىن تاشقىرى-
قى گۆرگە چۈشۈردى. بىرسى مومايىنى ئىچكىرىكى گۆرگە ئەكى-
رىپ كەتتى. گۆر كولانغىنىغا ئۇزاق بولغاچ تاشقىرىقى گۆردە
تۇرغانلار توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. قاڭقى توپا بېسىققاندا قارىۋىد-
دى، كېپەنلىكتىكى مومايىنىڭ ئېچىپ قويغان يۈزى پارقىراپ
كەتكەندەك بولدى.

مومايىنىڭ قىرىقى توشقاندا قاڭقى مەھەللە - كويدىكىلەرنى
يارما ئاش ئېتىپ ئۇزاتتى. شۇ كۈنگىچە ئاق بەلباغ تونۇغۇسىز
بولۇپ، پاختىلىق چاپان قۇرتلاپ كەتكەنىدى. ماتۇت كورۇك قو-

ناق ياردەم قىلدى، ئۆيگە ئانچە ـ مۇنچە تاماق ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ قاڭقى «خەپ كۆرۈك، بىر يىلمۇ توشار» دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈردى. قاڭقىغا بېشىغا تېگىدىغان ھاسا ۋە خو-رەك ئاۋازىلا كەملەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كەچتە بۇرۇنقىدەكلا يۇلتۇزنىڭ ئاسماندا جىمىرلاشلىرى، پاقىنىڭ كۇرۇلداشلىرى، پاشىنىڭ بىر كۈن بىر يېرىنى، يەنە بىر كۈن يەنە بىر يېرىنى دورداپ قويۇشلىرى ... ئىشقىلىپ قاڭقى قوغۇندىن ئازراق پۇل قىلىۋالدى. ئەمدىكى ئۈمىدى يەنە گۆردە قالدى. بۇ موماي تىرىكىدە ئۆچ ئالالماي ئۆلگەندىن كېيىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالداۋاتامدۇ يا، دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتى. زادى شۇ قوتۇر ئو-شۇقتا نېمە كارامەت باردۇر؟ قاڭقى بىرسى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. مومايىنىڭ قەبرىسىنى پەرق قىلالماي كۆپ جىلە بولدى. ئەتراپ قورقۇنچلۇق ھەم سۈرلۈك ئىدى. شىرىققىدە قىلى-غان ئاۋازلار قاڭقىنى تىترىتىپ، جېنىنى ئېلىشقا يېتىپ ئاشات-تى. ئۇ ئەمدى گۆرنى ئېچىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدا شۇنداق سەت ئالۋاستىلار پەيدا بولاتتى، يو-قىلاتتى. بەزىسى موماي‌غا ئوخشايتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ناۋادا بىر ئاۋاز «توختا!» دېسىلا قاڭقى ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. بولدى، قېرى قاغىنىڭ گۆرىگە كىرمەيمەن. بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ، قوغۇننىڭ پۇلىنى تىقىۋالىمەن، ئىتنىڭ ئورنىغا مېنى باغلامدىكەن تېخى ... قوغۇنلۇققا كەلگەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلەرچە پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇنداق قېچىپ كې-لىدىغان، ئاغزىدا بىر نېمىلەرنى توختىماي پىچىرلايدىغان بول-دى. مازارلىققا باراتتى، قاچاتتى، باراتتى، يەنە قاچاتتى، قەبرىلەر ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ كۈندۈزدە ئۇ تۈيدۈرماي بېرىپ بىر نەرسىنى بەلگە قى-لىۋالاتتى. كەچتە يەنە يىتتۈرۈپ قوياتتى. كۆپ ۋاقتى مازارلىقتا ئالاقزەدىلىكتە تۈگەيتتى، كۆپ ئورۇقلاپ كەتتى. چىرايىدىن تويا

www.uyghurkitap.com

ئۆرلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر يىل توشمايلا ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەن-
سىرەپ قورقۇپ قالدى.

بۇ كۈنى ئاي قاراڭغۇسى بولغانىدى. قاڭقى تىمىسقىلاپ بىر-
سى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. خۇپتەن نامىزى ئوقۇ-
لۇپ بولغىنىغا خېلى بولغانىدى. ئەتراپ تىمتاس، يېقىن جايدىن
قوينىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاڭقى نىشاننى پەرق
قىلالمىدى، ئادىشىپ قالدى. كېيىن يەنە تام ياقىلاپ كىرىش ئې-
غىزىغا كەلدى. ئاندىن نىشاننى ئۇدۇللىۋېلىپ ماڭدى، بىر ئادى-
شىپ، يەنە توغرىلىۋالدى. ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. قەبرىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ بىردەم ئارام ئالدى. ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ
توپىنى تارتىشقا باشلىدى، توپا يۇمشاق نەمخۇش ئىدى، يۈرىكى
قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ھەر سوققاندا ئۆزىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئىچ - باغ-
رى، ئۆپكىسىنى مازار توپىسى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى.
شۇنداقتىمۇ ئازلا قالدى. مۇنكىر - نەكىر، يەنە بىر پەستىن كې-
يىن ... دەپ پىچىرلايتتى. ئىچكىرىكى گۆرنىڭ خىشى كۆرۈن-
گەندە چېكە تومۇرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كەتتى.
ھەي، كاساپەت تومۇرلىرىم ئېتىلىپ كەتمىگىيدى، دەپ پىچىر-
لىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇسى كەلدى. لېكىن، ئال-
دىرايتتى. بىر نەرسىنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى ئۇنى ئوڭدىسىغا
ئۇچۇرۇۋەتتى. ھوشىنى يىغىپ دىققەت بىلەن تىڭشىدى، كۆزىنى
ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاۋاز گۆردىن چىققاندەك قىلمايت-
تى، شۇندىلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى. گۆرنىڭ
يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئىت ھاسىراپ تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرات-
تى. قاڭقى مەمەت چالمىدىن بىرنى تېپىپ پەملەپ تۇرۇپ ئاتتى.
قورقۇپ تىترەپ كەتكەچكىمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئىت قېچىپ كەت-
تى، ئاندىن يىراقتا تۇرۇپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. قاڭقىنى سۇر بې-
سىپ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ كەتتى. بىسمىللا، دەپ خىشقا قولىنى
ئۇزارتتى ۋە دەرھال تارتىۋالدى. گۇناھلىق ئىش قىلىپمۇ شۇنداق

دىسە بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بولدىلا، ھەممىسى مومايغا ھېساب، ئۇ خىشقا قولىنى ئۇزارتتى. خىشقا چاپلىشىپ قالغان توپا شۇررىدە سىيرىلىپ چۈشتى. بىرنى، ئىككىنى ئالدى. گۆر ئىچىدىن سېسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى. قاڭقى تۇمشۇقىنى پېشىدە ئورنىۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇردى. ۋاقىت ئاستا ئۆتەتتى. لېكىن، بىر تۇرۇپ تاڭ ھازىرلا يورۇيدىغاندەك، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىر تۇمشۇقىنى تۆشۈككە ئاپىرىپ باقتى. پۇراق ئاۋۋالقىدىن سۇسلاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بۇرنىنى پۇركەپ، بىر قولى بىلەن سىلاپ - سىيپىلاپ خىشلارنى سۆكۈشكە باشلىدى. خىش بەك يوغان بىلىندى، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە خىش بۇنچە چوڭ ئەمەستەك ئىدى. ھېرىپ ھالىم قالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. قولىنى تۆشۈك ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ بېقىۋىدى ئۆزى پاتقۇدەك ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. گۆرگە بىر تەرەپتىن شىرىلداپ توپا ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كەينىچە كىرىشكە باشلىدى، تىنىقلىرى توختاپ قالدى، چېكە تومۇرلىرى ئۇزاق - ئۇزاقتا بىر سوقۇۋاتقاندەك، كاللىسى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. گۆرگە كىرىپمۇ بولدى، ئۇھ، دەپ ھاردۇق ئالدى - يۇ، شۇئان كۆڭلى ئېلىشىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن سۇبھاناللا، دەپ كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا بىر پارچە سۆڭەكلەر تېرىلىپ ياتاتتى. ئەجەب ئىش شۇنداق ئاسان قۇرت يەپ كەتكەندىمۇ؟ خۇدا ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ئوخشايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالدى. ئىچ - باغرىغا توپا - تۇمانلىق سېسىق پۇراق سىڭىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ دەل ئۆلۈكنىڭ قورساق تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئىتتىك قوپتى. لېكىن، بېشى گۆرنىڭ تورۇسىغا تېگىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كاللىسى ئوڭ - تەتۈر چۆرگۈلەپ، گۆر دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى، ۋارقىراپ تاشلىۋىدى، كانىيىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. گۆر ئاغزىدىن قاپقاراڭغۇ تۈن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاغزى شۇ قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ دەھشەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاغزىدەك، ھازىرلا ئۆزىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئېغىز ئىچىدە كۆكۈچ نۇر چېچىپ تۇرغان ئىككى نەرسە كۆرۈندى. ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، بىردەم قىمىرلىماي تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىرئاز جانلاندى. ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ يەرنى قارىسىغا سىيپاشقا باشلىدى. كۆزى غۇۋا ئاقىرىپ تۇرغان بىر پارچە سۆڭەككە چۈشتى. ئۇ ئۇشۇقتەك تۇراتتى ھەم باشقا سۆڭەكلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئۇنى ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ موماينىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىنى جەزم قىلاتتى. بىر تۇرۇپ بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىم ئۇچۇن شۇنداق بولدى، دەپ ئويلايتتى. قاڭقىنىڭ گۆردىن سۇغۇرۇلۇپ چىققىنىغا ئىت بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ ئۇشۇقنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. قايسى پۇتىنىڭكىنى ئالغاندىمەن دەپ دەرگۇمان تۇرۇپ قالدى. قايتا كىرىشكە ماجالى قالمىغانىدى. خىشلارنى كەلسە ـ كەلمەس تىزىپ، توپىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. قانداقلا قىلسۇن ئەسلىدىكىگە ئوخشىتالمىدى. باشقا يەردىكى قۇرۇق توپىدىن چاپىنىغا ئۇسۇپ ئەكىرىپ گۆر ئۇستىگە چاچتى، يەنە ئوخشىمىدى. ئاخىر ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچتى. ئىت بىلەن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاچتى. بىر پەستىن كېيىن ئىت ئۆزىنى قوغلىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆكۈچ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قالدى.

قاڭقى شۇ قاچقىنىچە ئۆيىگە كەلدى ۋە سوغۇق سۇدىن راسا ئىچتى، ئىچ ـ باغرىدىكى توپا ـ تۇمانلار پاتقاققا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، بىردەمدە لايدەك ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە، قاسىم باينى كۆردى. ئۇ ئېتىكاپ ئالدىدا تۇراتتى. چاپانلىرى يىرتىق، بەدىنىمۇ مايماق كۆرۈنەتتى. جامائەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بولسا ئۇشۇقى يوق پۇتىنى كۆرسىتىپ جامائەتكە زارلىناتتى، قاقشايتتى. ئاقساپ مېڭىپ قوياتتى. ھاسىسىنى شىلتىپ قوياتتى. جامائەت غوڭۇلداپ سۇرىلەرنى تەكشى ئاۋازدا ئوقۇيتتى، بەزىلەر ياقىسىنى، پېشىنى چىشلەيتتى، ئۇ-

يوقىنىڭ يېنىدىكى جىن چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. قاسىم باي يەنە ئۇشۇقنى كۆرسىتىۋاتاتتى ...

قاڭقى ئويغىنىپ قارىسا، كۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى. كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ چۈشىنى ئويلىدى. نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئۇزاق ئولتۇردى. قويىنىدا بىر ئۇشۇق تۇراتتى.

ئۇ بىر كۈن كەچكىچە يۈرەكزادە بولۇپ يۈردى. بىردەمدىلا ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا قوقاق چىقىپ كەتتى. ئۇ قىچىشىۋاتقان قوقاقنى تاتىلىغاچ ئورۇق ئۆچكىگە قاراپ ئولتۇرىۋەردى. ئورۇقلاپ كەتكەن ئۆچكە كىچىك بالا يىغلىغاندەك مەرەپ قوياتتى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتتى. ناماز شام بولغاندا ئۆچكە قاتتىق مەرىدى. قاڭقى چۆچۈپ قارىغانىدى، ئۇ قاسىم بايغا ئوخشاپ قالدى. ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى، بىر تۇتام ساقىلى ... قاڭقى بىر ۋارقىراپلا ئۆيگە قېچىپ كىردى. سۇبھانالالنى شۇنچە تەكرارلىسىمۇ ئۆچكە مەرەشتىن توختىمىدى. ئاغزىدا دەل شۇ، نەق ئۆزى، ئۆچكە، دەپ بىر بولۇڭغا تۈگۈلۈپ كىرىۋالدى، ئاخىر ئۇخلاپمۇ قالدى. چۈشىدە قاسىم باي ئاقساق پۇتىنى خالايىققا كۆرسىتىپ زارلايتتى، قاغايتتى. بىردە ئۆچكىگە ئايلىنىپ مەسچىتتە چۆرگىلەپ يۈرەتتى، مەرەپ قوياتتى. قاڭقى بولالمىدى. ھويلىدا ئۆچكە مەرەۋاتاتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ مازارلىققا باردى. گۆر ئوچۇق ئىدى، كۆمگەندەك قىلىۋاتاتتىمغۇ دەپ ئويلىدى. ئىشىنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. قويىنىدىكى ئۇشۇقنى گۆر ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

كۈن شۇنداق ئۆتىۋەردى. قاڭقى ئاچ قالمىدى، لېكىن قىمارنى شۇنىڭدىن كېيىن ئوينىمىدى. ھازىر كىچىكچە مامۇت كۆرۈكنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئۇتۇپ چۈشەپ چىقىدىغان بولدى. قاسىم باي چۈشىدە كۆرۈنمىدى. يۈزىدىكى قوقاقلار بارا - بارا يوقاپ كەتتى. قېرى ئۆچكە ھازىر قاسىم باي ئەمەستەك تۇراتتى. ئۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزدىن باشقىلىرىنى تاشلىۋەتتى، مەھەللە ئېغىزىدىكى كۆل بويىدا قارتىمۇ ئوينىمىدى. كۈرۈك نەچچە قېتىم دوغا چاقىرغان بولسىمۇ، خەپ شۇ ئۇشۇقنى بىر ئالاي، شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاغدا كارامىتىنىڭ بىر كۆرەي، دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈرىۋەردى، قوشنىلىرى بۇ قاڭقىغا جىن چاپلىشىۋالغادەك تۇرىدۇ، ھېچبولمىغاندا ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، دەپ ئۇنىڭغا ئەردىن چىققان يېتىم چوكاننى سايە قىلدى، قاڭقى ئۇنىمىدى. قېرى ئاياللار ئۇھ تارتىپ ھەي سېنىڭ يېشىڭدا ... بۇ بالىنىڭ بىرەر كەمتۈك تەرىپى بارمىدۇ يا؟! دېيىشىپ ئامالسىز باش چايقاپ قېلىشىۋېرىشەتتى. بۇ گەپمۇ ئاستا - ئاستا يىتتى. بىراق، قاڭقى ئۈستىدە تەڭتۈشلار ئارىسىدا گەپ ئاۋۇپ قالدى. مامۇت كۇرۇك بۇ دورام تېخىمۇ يايراپ كەتتى، بىر كۈنى يۈزىدىن - يۈزىگە ئوغۇل بالا دېگەن شۇ يەردىن كەتكۈزۈپ قويسا ... ھەي، ھەتتا قىمارمۇ ئوينالمايدۇ، دېدى. ئامال يوق قاڭقى چىداپ تۇرىۋەردى.

ئۇ بىر كۈنى قوپۇپ ئويلىنىپ قالدى. نېمىشقا سازلىقنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ ئۆچكىنى تاشلاپلا شۇ يەرگە بارمايمەنمۇ؟ ئۇ زەيكەشلىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر ئۈچ - تۆت چاقىرىم كېلەتتى، بۇرۇنلاردا تولا بارىدىغان قاڭقى كەڭ سازلىقنى بىر كۆرۈپلا شۇنداق ئازادىلىشىپ قالدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كۆڭلىگە ئورۇنلىشىۋالغان توپىلار ئېقىپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بىرەر بۇلاقنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ كېتىپ قالماي دەپمۇ ئويلىدى. ساز كۆزىگە چۆمۈلۈپ قىن - قىنىغا پاتماي ئويناپ كەتتى. قاڭقى يەنىلا يىغلاپ تاشلىدى. بېلىقلار ئۇنىڭ بەدىنىنى غىدىقلايتتى، سازلىقنىڭ ئەتراپى قومۇش بىلەن قاپلانغانىدى، باشلىرىدا ئېغىر توزغاقلار ئىرغاڭلاپ تۇراتتى، ئاندا - ساندا غازلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاڭقى موماينىڭ ئوشۇقىنى ئۇنتۇپ كەتتى. سۇدىن چىقىپ شۇ يەردە ياتتى. قاڭقى قوپۇپ سازلىق يېنىغا باردى. ئۇششاق بېلىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئاستا - ئاستا قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. لەشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن لەشنى يۇلۇپ قۇرۇق يەرگە ئاتتى. ئاندىن كۆتۈرۈپ سىلكىدى. باشمالتاقتەك پارقىراق زاغرا بېلىقلار، بۇدرۇقىنا بېلىقلار

يەرگە سەكرەپ چۈشتى. قاڭقى ئۇلارنى تېرىۋېلىپ ئۇزاق قاراپ كەتتى. يۇمۇلمايدىغان كۆزلىرى، سىلىق بەدىنى، قۇيرۇقلىرى ... قاڭقى ماڭا سايە قىلىشقىنى مۇشۇ بېلىقتەك بولسا كاشكى، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭچە ئۇ كۆرگەن ھەم ئېسىدە قالغانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چىرايلىقى شۇ بېلىق ئىدى. ئۇ بېلىقلارنى سۇغا سېلىپ قويدى. بېلىقلار دەسلەپ تازا ئىشىنەلمەي تۇردى. كېيىن ھايت دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى. ئۇ قايسى بىرلەرنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىگە ئۇزاق سىنچىلاپ قاراپ تۇردى. يۈرىكى ئېغىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بېلىقلارغا قانغاندەك ئەمەس ئىدى. قوش چاڭگىلىغا سۇ ئېلىپ بېلىقلارنىڭ ئالىقىنىنى غىدىقلىشىدىن سۇ سىرغىپ تۆگەپ كەتكۈچە ھۇزۇرلىنىپ تۇردى.

كەچكى شەپەق كۆل يۈزىنى قىزارتىۋەتكەندە قۇشلارنىڭ ئاۋازى كۆپەيدى. سازلىق ئوتتۇرىسىدىكى دۆمبەللەردىن ياۋا ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. قاڭقى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئاستىغا كەلدى، دۆڭلۈكنىڭ ھەممە يېرىدە ۋىلىقلاپ كىچىك - كىچىك بۇلاقلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر بۇلاق كۆزىنى كۆمدى. لېكىن، سۇ بىردەمدە ئېتىلىپ چىقتى. ئىشقىلىپ بۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئوينىغان ئويۇن. ئۇ چاغدا ماموت كورۇك بىلەن بىللە ئويناتتى. كورۇك ھازىرغۇ ئاينىپ كەتتى. قاڭقى قورسىقى ئېچىپ كوركىراشقا باشلىغاندا، ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

قاڭقى يېرىم كېچە بولغاندا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئويلاندى. كۆز ئالدىدا بېلىقلار پەيدا بولمىدى. بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ تۇرمىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ مازارلىققا قاراپ چاپتى. بىر نەرسە پېشىدىن تارتقاندەك بولدى. ئۇ چاققانلىشىپ كەتتى. بىردەمدە ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۆزىنى گۆرنىڭ خىشىنى تارتىۋاتقان ھالدا كۆردى. ئىچكىرىدىن زەي، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گۆرنى خاتا كولاپ قالغاندىمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. كېيىن كېپەنلىكنى ئاستا تارتىپ سالدۇرۇشقا باشلىدى، تۇرۇلۇپ قېلىپ كۈچەپ بىر تارتتى، تۇ-

www.uyghurkitap.com

يۇقىسىز بىر نەرسە كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى. ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. قاڭقى ئاجايىپ چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، زادى تېگى كۆرۈنمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ۋاي، دەپ ئىككى قولىنى شىلتىۋىدى، قولى نەم توپىغا تەگدى. قاڭقى ئۆزىنىڭ قانداقىسىغا گۆر ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋىقىپ تۇرۇپ كەتتى. بىر نەرسىنىڭ ئېڭىكىگە تەگكەنلىكى ئېسىدە. ئېڭىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاشقىرىقى گۆرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ خىشنى ئېگىز - پەس تىزدى. توپىنى جان - جەھلى بىلەن تارتىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىچىدە ئىت موماي، ۋاقىت توشمىدى، دەپ تەپكىنىڭمۇ - ھە؟ قېرى قاغا، مەمەت قاڭقىنىڭ ھالىنى بىلمەمتىڭ! سەن قېرى، ئۆلۈك تۇرۇپمۇ قانداق تەپتىڭ؟! دەپ سۆزلەيتتى. راست قانداق تەپكەندۇ؟ ئويلا، ئويلا ئۆيگە بەدەر قاچتى. ئۆيدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئاندىن ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيىگە كىردى. ئۆچكە مەرىۋىدى، يۈرىكى تېخىمۇ سېلىپ كەتتى. ئۇ ھارغانىدى. تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە چاچلىرى چۇۋۇق، كېپەنلىرى يىرتىق بىر موماي قاڭقىنى سۈرۈپ چىقتى. ئەتىسى ئېڭىكىنىڭ مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى ئەينەكتىن كۆردى.

قاڭقى شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە مازارلىققا قورقۇپ بارالمىدى، گۇمانلاندى. مومايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى تېخىمۇ جەزملەشتۈردى. لېكىن، ئۈمىدىنى ئۈزەلمىدى. قارا قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى مازارلىقتا دىلىغۇل بولۇپ ئۇزاق - ئۇزاق تۇردى. قېرى ئۆچكىنى سېتىۋەتتى. ئىت ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىللىدىن چىقالمايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتكەنىدى. مامۇت كۇرۇك بولتۇر شەھەرگە كىرىپ كەتكەن پېتى قايتىپ چىقمىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. بىراق، مەھەللە - كويدىكىلەر قاڭقىنى ساراڭ دەپ بىلىدىغان بولدى. بولمىسا مومىسىنىڭ گۆرىنى قازاتتىمۇ؟

ھەش - پەش دېگۈچە قوغۇن پىشىقى بولۇپ قالدى. ئويلىسا

شۇنداق تەسكە چۈشكەن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزكەنلىكىمگە ئۆ-
زىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. قوغۇننىڭ باش بۇرنىنى قورقماي
ئۆزى يەۋالدى. بازارغا ھەپتىدىن كېيىن ئەكىرسە قىمارغا لايىق
ئازراق بىر نەرسە چىقىرىۋالدۇ. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ئاسمانغا
قاراپ ياتاتتى. خىيالىغا بېلىقتا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار كى-
رىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار كۆپرەك جىنغا ئوخشايتتى. پاشا
غىڭشىپ ئۇخلاتمايتتى. ئەتراپنى پاقا، چېكەتكىنىڭ ئاۋازى بىر
ئالغانىدى. غۇر - غۇر شامال زەيكەشنىڭ، قوغۇن پېلەكلىرىنىڭ
پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. قاڭقى كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىپلا
ئويغىنىپ كەتتى. بىرسى ئۇنى تۈرتكەندەك قىلغانىدى. خېلى
ئويلاپ كۆردى. ۋاقىتنى تەپسىلىي ھېسابلىدى. ئاندىن مازارلىقتا
ئۇچقاندەك باردى، كولىدى، بەك چوڭقۇر كولىدى. بۇ قېتىم ئاز-
مىدى. تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇراتتى. ئاخىر قانچىلىك
ۋاقىت ئۆتتىكىن، گۆر ئېچىلدى. قاڭقى ئوشۇقنى ئالغۇچە يۈرى-
كىم يېرىلىپ كەتمىسىلا بولاتتى، دەپ ئويلىدى. بۇ قېرى موماي
يەنە بىرەر تۇزاق قۇرۇپ ئولتۇرغان بولمىسۇن، ئاۋايلاش كېرەك.
ئېڭىكىمگە تەپكەن قېرى ... ياكى ئۇرغاندۇ. سەت ئالىجوقا، ياق،
توۋا، پەرىشتىدەك قېرىغان مومام، ئېسىل مېھرىبان چوڭ ئانام
ئىدى. كۆيۈمچان، بېلىقتەك مومام. ئۇ گۆرنىڭ ئىچىگە كىردى،
ئىسكىلىت تېرىلىپ تۇراتتى. مېيىتنىڭ سول تەرىپىنى تەستە
پەرق قىلدى. ئوشۇق پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئۇ ئالدى،
قوللىرى كۆيۈپ كەتكەندەك بولدى. سۆڭەكلىرى تېرىلىپ كەت-
تى. ئاھ، مومايىنىڭ ئوشۇقى، سېنى بىر يىل كۈتتۇم، مازار
چاشقىنىدەك ھەممە يەرنى كولاپ بولدۇم. قاڭقى ئوشۇقنى كۆزى-
گە سۈرتۈپ كەتتى، يۈرىكىگە تاڭدى، ئاندىن گۆردىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقتى. چىقىپلا يېتىپ قالدى. كۆڭلى كەتكەندەك بولدى. ئاھ،
خۇدا، قوغۇنۇمنى تېرىسام بولمامتى، بېلىقىمنى، بولىقىمنى
ئويىنىسام بولمامتى. ماڭا قايسى كۈنلەرنى كۆرسەتتەر ئەمدى بۇ
ئوشۇق، مېنى راستلا مۇرادىمغا يەتكۈزەرمۇ؟!

www.uyghurkitap.com

ئاۋات شەھەرنىڭ كوچىسىدا قاڭقى تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى، ماگىزىنلارغا كىردى، چىقتى. ماگىزىن ئەينىكىگە قارىسا ئۆزىنىڭ شۇ يىرگىنىشلىك بەتبەشىرىسى، مايماق ئېڭىكى، قارا ئورۇق يۈزى ... بۇلار ئوشۇققا تولگەن بەدەل. ئۇ ئاخىر نېمىگە ئېرىشەر؟ قاڭقى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قانداقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغاندى. ئۇ مەتودەك دوقۇرۇپ يۈرۈۋەردى. بىر چاغدا بىرسى دولىسىغا قاقتى. قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. قارىسا بىرسى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىغا بىر سومكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە سومكىنى قالايمىقان تاشلاپ قويماڭ، بىكار يىتىپ كېتىدۇ، دەپ كېتىپ قالدى. قاڭقى ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئۇ ئادەم كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قاڭقى ئوشۇقنى ئېلىپلا بۇ ياققا ماڭغانىدى. ئۇ ھېچ نەرسە ئويلىماي، پەقەت شەھەرگە بارساملا بولدى، دەپ كېچىلەپ ماڭغانىدى. ھازىر نېمە قىلارىنى ئۇقماي تۇرۇپ قالدى. سومكا خېلى ئېغىر تۇراتتى. مۇنداق چىرايلىق سومكىنى ئۇ بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ئېچىپ قاراپ بېقىشقا پېتىنالمىدى، تەستە مېڭىپ كوچىغا چىقتى. نەگىلا قارىسا مىغىلداپ تۇرغان ئادەم، قاراپ باقايچۇ دەپ خىلۋەترەك بىر يەرنى تەستە تاپتى. سومكىنى يەرگە قويدى. لېكىن، ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ توختاپ قالدى. بىر ئايال ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىملىق قارىدى. بېلىققا ئوخشىمىسىمۇ بەك پۇزۇر ئايال ئىكەن، دەپ ئويلىدى ئۇ، يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى. كۆزىنى ئېلىپ قاچىسىمۇ ئايال ئۇدۇل كېلىۋەردى. قاڭقىغا سالام قىلدى. قاڭقىمۇ سالام قايتۇردى. ئاغزىنى تەستە مىدىرلىتىپ سومكا سىلىنىڭمۇ؟ دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئايال:

— سەھرادىن كەللىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھەئە، بۇ ... — دەپ قاڭقى تۇرۇپ قالدى.

— بۇرۇن كېلىپ باققانمۇ؟

— ياق، كەلمىگەن، تەلەي سىناي دەپ بىر كەلدىم. راست

مامۇت كۈرۈك دەيدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى. شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

— كىم؟ مامۇت ئىسىملىك ئادەم تولا، كۈرۈك دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

— زەيكەشتىن كەلگىلى بىر يىل بولمىدى. ئېگىز قاڭشارلىق ئادەم.

— ھە، راست مامۇت ھاجىم. قويسىلا يىگىتچاق. مەن بۇرۇن ئۇنى ياخشى كۆتكەنىدىم. ھازىر مەندىن چاندى. نېمە بىرەر مەددىكارچىلىقى بولسا قىلىپ بېرەي دەپ كەلگەنمۇ؟ يا باشقا ئىشقىمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئوينىغىلى كەلدىم.

ئۇ ئايال بىردەم قاراپ قالدى. ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغاندەك تۇرۇپ كەتتى. قاڭقى بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى بىمالال تۇتۇۋاتقانلىقىغا ھەۋىسى كەلدى.

— نېمە ھۈنەر قىلىدىلا؟

— ھۈنىرىم يوق. قىمار ئوينايمەن، — دېدى قاڭقى. شۇ تاپ ئۇ سومكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەيدىكەنلا. لېكىن، بۇ تۇرقىلىرى بىلەن شەھەردە ھېچ ئىشنى بىر باشقا چىقىرالمايلا. بەك تەستاۋادا خالىسىلا بىر ئاي ئىچىدە بۇ شەھەردىكى ھەرقانداق ئادەمدىن قېلىشمىغۇدەك پەيزى يىگىت قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

— نېمە شەرت بىلەن؟ — دېدى قاڭقى ئېڭىكىنىڭ ئوڭلىنىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەي.

— سومكىدا نېمە بارلىقىنى بىلەمدىلا؟ — دەپ سوراپ قالدى ئايال.

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى قاڭقى.

— ئۇنداقتا بىلمەيلا قويسىلا. ئۇ سومكىنىڭ سىلىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. مەن بىر كۈن پېيىدا يۈردۈم. قىزىق، كې-

يىمەن سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنى بەرسىلە، باشقا
نەرسە تەلەپ قىلمايمەن، — دېدى.

قاڭقىمۇ مۇنداق يۈرىۋەرگۈسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆ-
رۈكنى تېپىشى كېرەك ئىدى.

قاڭقى يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. ھېلىقى ئايال تاماق ئېتىپ
بېرەتتى، كېچىچە ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇ-
ۋۇلاپ چىقاتتى، مۇنچىغا چۈشۈرەتتى. تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىشكە
ياردەم بېرەتتى. مېڭىش - تۇرۇشىنى ئۆگىتەتتى. ئىشقىلىپ
قاڭقىغا ئۆزىنىڭ ئەمدىلەتتىن ئايىغى چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدى.
كۆپ ئۆتمەي تېرىلىرى يۇمشاپ، رەڭگىمۇ ئاقىرىشقا باشلىغانلى-
قىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۈندۈزى راسا ئۇخلايتتى. كېچىچە بەك
ھېرىپ كېتەتتى، ئايالنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەركىلەشلىرى
ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. تاماقلار شۇنداق مەززىلىك ئىدى. يوت-
قانلار، ئولتۇرىدىغان يەرلەر ... ئىشقىلىپ قاڭقى مەمەت چەكسىز
ھۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. سومكىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتى.
مومايغا بىرنەچچە قېتىم دۇئا قىلدى. چوقۇم مازارنىڭ قېشىغا
مەسچىت سالدۇرىمەن، دەپ ئۆزىگە قەسەم بېرەتتى، كېيىنىرەك
مازارلىقنىڭ بەك يىراق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ مەسچىت
سالدۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق، شۇنداق تۇرىۋەرگەن تۈزۈك، ياق،
بىر گۈمبەز سالدۇراي، كۆرۈك ھاجىم بولغاندەك مەنمۇ ھاجىم
بولۇپ قالسام مومايىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى بولسا، مېنىڭ ئە-
ناۋىتىمگىمۇ پايدىسى بار دېگەنلەرنى خىيال قىلدى. ئاخىرىدا،
مومام بۇ ئايالنىمۇ ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانمۇ يا؟ دەپ
چوكانىنىڭ كۆزىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. لېكىن، مەنىلىك قاراش
ۋە جىلۋىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمىدى. نېمىدېگەن
راھەت، ھۇزۇر، جەننەتمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ
قويىدۇ، بېلىقمۇ ئۇ ئايالدەك سىلىق ئەمەس دېگەن يەرگە كەلدى.

ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قاڭقىنىڭ بۇ يەردىن
زادى كەتكۈسى يوقتەك ئىدى. بىر كۈنى قاڭقى مەمەت ئۇخلاۋا-

تاتتى. ئۇ ئايال نوقۇپ ئويغىتىپ قالدى. ئاندىن بازارغا چىقما-
مىز، دەپ يېڭىلا ئەكىرگەن كاستۇم - شىمنى كىيدۈردى. قولدا-
دىن يىتىلەپ تالاغا ئاچىقتى. قاڭقى سىرتقا چىقىپ، كۆزىنى ئا-
چالمايلا قالدى. ئۇنىڭ پەقەت چىققۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا خۇد-
دى جەننەت ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئەمدى قايتا كى-
رەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكى ئاغاتتى. قاڭقى مەمەت گاراڭ-
لىقتا قايسى ئۆيدىن، قايسى كوچىدىن قانداق بازارغا چىقىپ
قالغانلىقىنى ئۇقالمىدى. بىر يەرگە كەلگەندە، ئايال:
— ھەي، سەھرالىق، ئەمدى ئۆزۈڭ مېڭىپ باق! — دەپلا
غايىب بولدى. قاڭقى يۈرىكىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كېتىشىدىن
ئۆزىنى ئاران ساقلاپ قالالىدى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. قاڭ-
قى ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۆزىنى قايتا كۆرگەندە ئاغزىنى ئې-
چىپلا قالدى. ئايالدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولدى. ئۇنى سېغىن-
دى. ئۇنى پەرىشتە، دەپ ئاتىدى. كوچىلاردا خېلى ئازادە مېڭىپ
يۈردى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىدىن مەغرۇرلاندى. لې-
كىن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆپ
ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭ قېشىغا كەچتە كەتكۈسى كەلدى. بىراق،
نىشاننى پەرق قىلالمىدى. بۇلار خۇددى خىيالدەك ياكى بىرسى
سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتەك تۇراتتى.
ئۇ بىرنەچچە كۈن لاغايلاپ كۈن كەچۈردى. بىر كۈنى توخۇ
سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ قالدى. ئوتتۇرىدا بىر چوڭ، بىر
كىچىك خورازنى بىر - بىرىنى قان قىلىپ سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى.
بىرسى دو چىقىدىغان بارمۇ! دەپ قاڭقىنىڭ كۆزىگە قارىدى. قاڭ-
قى تەمتىرەپ قالدى. تەۋەككۈل قىلىپ نەچچىنى دېسە شۇنچىگە
دو چىقتى. قاڭقى كىچىكىگە تۇردى. ئۇ بايۋەچچە چوڭىغا تۇردى.
ئەتراپتىكىلەر قاڭقىنىڭ ئەخمەقلىقىغا قاراپ ئۇنى كالۋا دەپ
قويدى. ئىككى خوراز راسا سوقۇشۇشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي
چوڭ خوراز سەل ھېرىۋىدى، كىچىكى تۇيۇقسىز ئارقا - ئارقى-
دىن سەكرەپ ئىككىنى تەپتى. چوڭى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ قوپال-

www.uyghurkitap.com

مىدى. تېپىرلاپ يېتىۋەردى. كىشىلەر قاڭقىنىڭ مۇنداق ئالدىن بىلەرلىكىدىن ھەيرانمۇ ھەس بولۇشتى. ئۇنى ئىنتايىن تەجرىبىلىك قىمارۋاز، دەپ ماختاشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۆزىمۇ خېلى پۇل توپلىۋالدى، لېكىن ھېلىقى ئايال ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ ئۆيىمۇ سېتىۋالدى، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كىچىك دۇكانمۇ ئېچىۋالدى. شۇنداق قىلىپ قاڭقى بەزىدە ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك، بۇرۇنقى كۈنلىرىنى تېخى ئاخشام چۈشىدىگەن چۈشىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋەردى. قاڭقى بىر كۈنى دۇكاندا ئولتۇرسا بىرسى كىرىپ كۆرۈشتى. زەن قويۇپ قاراپ ئالدىدا مامۇت كۆرۈكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، تەرلەپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئۇلار بىردەم سودا - تىجارەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئاخىر قاڭقى مېنىڭ ئىسمىم قاڭقى مەمەت، زەيكەشلىك دېگەندە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. لائىلاھە ... دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، ئارقىسىغا قارىماي بەدەر كېتىپ قالدى. قاڭقى ھەي مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاپ بىر ئويناپ باقاي، دەپ كەپتىكەن ئەمەسمۇ، ھەي، چاتاق قىپتىمەن ئەمەسمۇ، دەپ ئەپسۇسلاندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كۆرۈك يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ شۇنداق دوستانە ئىدى، تېخى قاڭقى دەپمۇ قويدى. قاڭقىمۇ ئۇنى كۆرۈك دەپ قويدى، لېكىن ئىككىسى ئەتراپقا قاراپ قويۇشتى. قاڭقى كۆرۈكنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ پاراڭلاشتى. مەھەللە - كويلاردىكى دوستلىرىنى سورىدى. ئاخىر گەپ تاپالماي بىر - بىرىگە قاراپ قېلىشتى. مامۇت كۆرۈك مەن سېنى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئۆيىگە باشلاپ تۇرۇۋالدى، قاڭقى تۇزۇت قىلدى، ئۇنىمىدى، كۆرۈكمۇ قويۇۋەتمىدى. كوچا ئايلىنىپ خېلى ئۇزاقتا بىر ئۆيگە كېلىشتى. كۆرۈك ئىشىكنى بىر خىل رىتىمدا خېلى قاقتى. ئازادە، ئۆزىگە لايىقلىقى بار ئىكەن. گۈل نەقىشلىك تام - تورۇسلار، ئېسىل

ئۆي جابدۇقلىرى ... ھەي، دەپ قالدى قاڭقى، كۆڭلىدە شۇ كۇرۇك ئەجەب بېيىپ كېتىپتۇ، كونا ھۈنەرنى تاشلىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدى، ئىچىدە يەنە خەپلەشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. كۇرۇك ئايالىنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. قاڭقىنىڭ بىر قاراپلا يۇرەكلىرى پۇلاڭشىپ كەتتى. تولغان ساغرىلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى. كۇ-رۇك بولسا پەخىرلەنگەندەك تۇراتتى ۋە ھە، مەزەگە باقملى، دەپ توختىماي تەكلىپ قىلاتتى. گەپ ئارىلىقىدا ماشۇت ئۇنىڭدىن شە-ھەرگە قانداقسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەردى. قاڭقى ئالتۇن مەندىلا بار دەپ ئويلىما، جۇمۇ، دەپلا قويدى.

ئۇلار شۇنداق يېقىن ئۆتىۋەردى، قاڭقى ئۇنىڭ ئېغىز ئېچى-شىنى كۇتۇپ يۇرىۋەردى. ئاخىر كۇرۇكنىڭ ئاغزى قىچىشتى. بىر كۇنى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن ئىچىمىز پۇشۇۋاتىدۇ، دەپ قارتا ئەكەلدى، بىكارلىق ئويناشتى. مەززىسى يوق ئىكەن دەپ ئازراقتىن پۇل تىكىشتى. بارا - بارا كۆپەيتتى. كۇرۇك شۇ كېچىدىلا قاڭقىغا نۇرغۇن ئۇتتۇرۇۋەتتى. قاڭقى بەك تەستە مومايىنى مىڭنى تىللاپ يۇرۇپ ئاران بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ بەردى. كۇرۇك كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خىرىسمۇ قىلدى، بىراق ئاقمىدى.

كېيىن ئۇلار خېلى كۇنلەرگىچە بىر - بىرىنى ئىزدەشمە-دى، ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلىغا كۇرۇكنىڭ ئىچى ئېچىشتى. ئاخىر يەنە ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلدى. قاڭقى ئوينىمىدى. كۇرۇك ئۇ-نىمىغانىغا قويمىدى. ئۇلار ئاز - پاز ئويناپ قويۇشتى. قايتىدىن يېقىن دوست بولۇپ قالدى. قاڭقى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىمالال كې-رىپ چىقىپ تۇراتتى. بىر قېتىم كۇرۇكنىڭ ئايالى ناز بىلەن قېشىدىن ئۆتكەندە قاڭقى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆرسە يۇرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتەتتى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى، پەيت كۇتتى، ئامال بولمىدى، نەپسى تاقىلداپ كەت-تى، ئىشق ئوتى قىيناپ ھالىنى قويمىدى.

بىر كۇنى قاڭقى مەمەت چوتاچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كۇرۇك-

نىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ نېمىگە كېلىشكەنلىكلىرىنى بىلىپ، چوتاچىلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۇردى. ئالدىدا قورساقنى ياخشى تويدۇرۇشتى. كېيىن ئايرىم ئۆيگە كىرىپ ئويناشنى باشلاشتى. بۇ دورەم ئوشۇقتا ئويناشتى. دەسلەپتىن تارتىپ كۇرۇك ئۇتتۇرىۋەردى. پۇللىرىنى تىكىپ بولدى. ئاغىنە دەپ قاڭقىددىن قەرز ئالدى. يەنە ئۇتتۇردى. ئوشۇق ئاتسىلا چۇ ياكى ئالاچۇ چۇشەتتى. قىماردا بۇرۇن خېلى نامى چىققان بۇ كۇرۇكنىڭ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي بېشى قاپاق بولۇپ كەتتى. ساڭا باش ئېگەمدىمەن قاڭقى تاز، دەپ دو چىقىۋەردى. تاڭغا يېقىن ئۆينىمۇ باھالىتىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاران تەستە ئېسىگە ئالالىدى. قاڭقى يۇرىكى توختاپ قالغاندەك سالقىن ئوينايتتى، ئۇنىڭ ئۇششۇقلۇق قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۆي خېتى ۋە كۇرۇكنىڭ ھۆججىتى قاڭقىنىڭ قوينىدىن چىقىپ تۇراتتى. كۇرۇك تەن بەرمەي يەنە ئوغۇل بالىچىلىق، دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. ئاۋازى شۇنچە زەئىپ ئىدى. ئۇ قاڭقىدا نېمە كارامەت بارلىقىنى زادىلا ئۇقالماي قالدى. ئاخىر ئۆزىنى كاچاتلاپ يىقىلدى، يالۋۇردى. بىز بىر يۇرتلۇق، كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسكەن، دوستلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىل، دېدى. قاڭقى گەپ قىلماي تۇرىۋەردى. ئۇ ئاخىر ھەي دۆيۈز كاپىر! كۆڭلۈڭدىكىدەك بولسۇن، خوتۇنۇمنى تىكتىم، دەپ ۋارقىرىدى - يۇ، سولىشىپ سۆزىنىڭ ئاخىرى پەسلەپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ بازبازچىلىرى گۇۋاھ بولدى. قاڭقى مەمەت ئۇتقان پۇل، ئۆي - جاينىڭ ھەممىسى بىلەن كۇرۇكنىڭ خوتۇنىغا دو چىقىدىغان بولدى. كۇرۇك ئۇتسا ھەممىگە، خوتۇنىغىمۇ ئىگە بولىدىغان بولدى. كۇرۇك تەرلەپ - تەپچىرەپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، چىقىپ تەرەت ئېلىپ بىر ۋاق نەپلە ناماز ئوقۇدى، سۇرىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۇرۇپ تۇردى، قاڭقى ئىچىدە ھۆرى مومام بېلىقتەك مومام ... دەپ پىچىرلايتتى. ئاخىر باشقىلارنىڭ دەۋىتى بىلەن كۇرۇك يا شاھى مەردان دەپ ئوشۇقنى ئاتتى - دە، دەرھال بۇزۇۋەتتى. ئۇششۇقلۇق قىلىپ، قولۇم تىترەپ چۇشۇپ كەتتى

دەپ تۇرۇۋالدى، كۆپ توۋلاشتى. قاڭقى بوپتۇلا، دەپ يول قويدى. قاراپ تۇرغانلار قاڭقىنىڭ مەردلىكىدىن ھەيران قېلىپ بارىكاللا ئېيتىشتى. كۇرۇك ئۇشۇققا سۇرە ئوقۇپ ھۇرىۋەردى، باشقىلار يەنە ئالدىراتتى. ئاخىر ئاتتى ـ دە، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. كۆرۈپ تۇرغان چوتاچىلار قېتىپ قالدى. بىرسى كۇرۇككە سۇ چېچىپ تۇردى.

قاڭقى كەلگەنلەرگە چوتانى ئايىماي بەردى. كۇرۇكنىڭ ئا- دەملىرىنىمۇ كەڭ قوللۇق بىلەن رازى قىلدى. كۇرۇك ھوشىغا كېلىپ مىڭ تەستە خوتۇنىنى تالاق قىلدى. خوتۇنىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىر كۇپلېت بې- يىت ئوقۇدى:

ئەي دىلرابا ئۆلەرمەنمۇ ئوتۇڭدا كۆيۈپ،<br>دوزاختىمۇ يۇرمەس ئىدىم مۇنچىلا كۆيۈپ.

ئاخىرنى چۇشۇرەلمەي ياقىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ قار ـ يامغۇر يىغلاپ كەتتى. شېرىكلىرى ئوغۇل بالىچىلىق، دەپ ئۇنى تەستە يۆلەپ ئاچىقىپ كەتتى. قاڭقى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خوتۇن- نىڭ خانىسىغا ئېتىلدى. باشقىلار ھاي، شەيتانغا ھاي بەرسىلە، نامەھرەم، ئىددەت دەپ ئۇنى تەستە تۇتۇۋالدى.

قاڭقى مەمەت ئۇچ ئاينى شۇنداق تەستە، كۇن ساناپ ئۆتكۇز- دى. شۇ خوتۇننىڭ ۋىسالىدا كۆيۈپ ھالسىزلاندى. ئاخىر ۋاقتىمۇ توشۇپ، تۆت ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇ- رۇۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۇنلىرىنى بې- ھىشتىكى كۇنلەر، دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن مەست ـ خاراموش بولۇپ يېتىۋەردى. ئۇ بەڭنى تەڭ چېكىشىپ بىرەتتى. چوتاچىلىرى قاڭقىنى ئىزدەپ كېلىپ قىمارغا قىزىق- تۇرالمىدى. ئۇ كۇندۇزى خۇشياقسا دۇكان ئاچاتتى. بولمىسا ئۆيدە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۇخلايتتى ياكى

ئۇنى چىمدىپ ۋارقىرىشىدىن ھۇزۇر ئالاتتى. يىلمۇ ئۆرۈلدى، خوتۇنى ئېغىر ئاياغ بولدى. قاڭقىنىڭ ئىشقى ھەسسىلەپ ئې-شىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېمە گېپى بولسا ئاڭلايتتى، ھەرقانداق تەلى-پىنى ئىجابەت قىلاتتى. لېكىن، دائىم كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ مې-نىڭمۇ؟ ياكى كۇرۇكنىڭ ياكى ئۇچ ئاي ئىچىدە ... دەپ ئۇزاق ئويلىناتتى. يۈرەكلىرى پۇچىلىناتتى. سوراپ بېقىشقا ئاغزى كۆ-يەتتى. بەزىدە شۇ چاغلاردا نەدە بولغىيدىڭ؟ دەپ قايتا - قايتا سوراپ قوياتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ قىماردا مۇنداق تەلىيى كېلىشى-نىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. قاڭقى گەپنى ئەپېقىپ نەچچە قېتىم جاۋاب بەرمىدى. ئايال دۇتارنى شۇنداق مۇڭلۇق چالاتتىكى، تارىلار تىلى باردەك سايراپ كېتەتتى. قاڭقى كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەتلىك ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى، شۇ شېرىن كېچىلەرنىڭ تاڭغا ئۇلاشقانلىقىنى كۆرگەندە ئەپسۇسلىنىپ كې-تەتتى. ئايالىنىڭ قۇچىقىدىن چۇشكۇسى كەلمەيتتى. ئۇ كېچى-كىدىن كەتمەن چېپىپ جاپالىق ياشاپ كۆنگىنىگە قارىماي مۇنداق راھەت تۇرمۇشقا بەك ئېچىل بولۇپ كەتتى. شۇ ئوشۇقى قولتۇقىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. پات - پات خوتۇنىنىڭ بىر يەرلى-رىگە پېتىپ، ئۇنى چىرقىرىتىپ سالاتتى. بىر قېتىم بۇ ئوشۇق خوتۇنىنىڭ كۆكرىكىگە پېتىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر چىر-قىراپ، ھەي مەمەت، بۇ نېمىنىڭ ئوشۇقى؟ يا بۆرىنىڭ ئوشۇقىغا ئوخشىمايدۇ، چوشقىنىڭمۇ، ئىتنىڭمۇ، دەپ سورىدى. قاڭقى دەسلەپ تەرلەپ كەتتى. تەڭقىسلىقتا قالدى. كېيىن سورىمايلا قويساڭ بولاتتى. بۇ قېرى چوشقىنىڭ ئوشۇقى، بىراق ئامەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدا. بۇ بولسا ھەممىنى قىلغىلى بولىدۇ، دېدى. خوتۇنى بىر ھازا ئاغزىنى ئېچىپ ھەيران بولۇپ تۇردى. كېيىن چوشقىنىڭ دەپ يىرگەنگەندەك بولدى، تەتۈر قارىۋالدى، ئاندىن ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئۇنى قۇچاقلاپ مەمىتىم، گۆھىرىم، دېگىنىچە سۆيۈپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇدى، ئۇخلىسىمۇ چۇشىگە كىرمەيتتى.

يىل ئۆتۈپ كەتتى. قوغۇن پىشىشقا باشلىغان بىر كۈنى تالادا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاڭقى مەمەت يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن تەستە يېشىلدى. خوتۇنى تۇغقىلى كەتكەچكە ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى. قارىسا گىلەمنىڭ بىرمۇنچە يېرىگە قۇسۇۋې-تىپتۇ. قوپۇپ سوغۇق سۇدىن راسا ئىچكەنىدى، بېشى چىڭقىپ ئاغرىپ كەتتى، تالادا يامغۇرنىڭ تال بارىڭىغا شارىلداپ قۇيۇ-لۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېشى گاراڭ ھېچ نەرسە كال-لىسىغا كىرمەيتتى. بىر چاغدا ھويلىدا بىرىنىڭ پاتقاق كېچىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيدى، كاللىسى سەل سەگەكلەشتى. زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ ئۇزاق ئويلاندى. كىممۇ بۇ يامغۇر-لۇق كېچىدە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ يا؟ بىردەمدىن كېيىن ھەربىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ باق-قان ئاۋاز كەلدى. بەزى ئىشىكلەر غىچ قىلىپ ئېچىلىپ يەنە يې-پىلىپ قالاتتى، قەدەم ئاۋازى رىتىمسىزدەك قىلاتتى. خوتۇنى قايتىپ كەلدىمىكىن دېسە بۇ مۇمكىن ئەمەس، مانا قەدەم تاۋۇشى يىراقلاپ كەتتى. قاڭقى مەمەت يۈرىكىنىڭ دەھشەتلىك سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىردە توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلات-تى. مەستلىكى ئاللىقاياقلارغا يوقاپ كەتتى. ئىشىك ئىتتىرىل-دى، ئېچىلمىدى. قاڭقى خىرقىراپ «كىم؟!» دەپ توۋلىدى. ئى-شىك ئىتتىرگەن ئاۋاز يوقاپ كەتتى، جاۋابمۇ بولمىدى. ئارىدىن شۇنداق ئېغىر بىر مىنۇت ئۆتتى. ئىتتىرگەن ئاۋاز قايتا ئاڭلان-دى. ئاخىر ئىشىك ئىلگىكى ئۆزلۈكىدىن شاراقشىپ چۈشۈپ كەتتى، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى: تالادىن سوغۇق شامال ئا-رىلاش يامغۇر پۇرىقى ئۇسۇپ كىردى. بوسۇغىدىن پەرەنجىگە ئو-رىنىۋالغان بىرسى ئوڭ پۇتىدا ئاتلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى بەك سەت ئىدى. قاڭقى داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. كىرگەن كى-شىنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى بىلىپ بولمايتتى. بىر پۇتى تېخى تالادا ئىدى. قاڭقى ئۇ كىشىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ دۈمچەك تۇرقى تونۇشتەكلا قىلاتتى. قاڭقى ئېسىگە ئالال-

ىمىدى. ئۇ بىردە ئەرۋاھقا ئوخشىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىدىن يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چىراغ يىپىنى تەستە تاپتى ۋە چىراغنى ئىتتىك يېقىۋەتتى. ئالدىدا ئاق كىيىمى تىتىلىپ كەتكەن بىرسى تۇراتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى تۇگۇكلۈك ئىدى. ئوشۇقىنىڭ پەس تەرىپى ساڭگىلاقلىق، بوشلۇقتا ئېسىدلىپ تۇراتتى. قاڭقى مومىسىنى بىردىنلا تونۇدى، ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاۋازى چىقماي قالدى. موماي ئاقساقلاپ، زورۇقۇپ قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايى بەك مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

— ھەي دۆيۈز، ھارىمى، ئەھدىڭگە ۋاپا قىلغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇمىغىنىڭ قېنى؟! ئوشۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى. قاڭقى مەمەتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى، بىرنېمە دېيىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. قولتۇقىدىن بىر نەرسە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ھاسا پىرقىراپ كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى ...

كېيىنكى ئىشلار تازا ئېسىدە يوق. ئېڭىكى تۇزلىنىپ قاپتۇ. يەنە شۇ سارىيىدا يېتىپتۇ. قاڭقى جۆيلۈپتىمەن دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، بىردىن قولتۇقىنى سىلاپ بېقىپ تاتىرىپ كەتتى. «توۋا، بۇ ئىت قېرى، گۆردىن قانداق چىققاندۇ؟» دەپ ئويلىنىپ كەتتى. لېكىن، ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدى. ھېچقانداق جاۋاب تاپالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار تەتۈرىگە ئايلانغىلى باشلىدى. بۇرۇن ئۆزىگە ئۇتتۇرۇۋەتكەنلەر ئەمدى دېيىشىۋالغاندەك ئۇنى ئىزدەپ كېلىۋەردى. قالغىنى يېرىم يىلغا ئاران توشىدى. خوتۇنى تولا يىغلاپ يۈرۈپ خېتىنى ئالدى. قاڭقى ئورۇقلاپ قۇرۇپ كەتتى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى.

قاڭقى سازلىققا كەلدى. سازلىقنىڭ يىراق چېتى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتراپتا قومۇش تۇزغاقلىرى ئېغىر بېشىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. قومۇش تېگىدە كىچىك بېلىقلار ئاغزىنى سىرتقا چىقىرىپ ماكىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى. ياۋا ئۆردەكلەر كۆرۈن-

مەيتتى. ساپسېرىق بىر قۇش يېقىن ئەتراپتا قۇيرۇقىنى لىكىل-
دىتىپ ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ تۇراتتى. بۇلاقلار ئوخشاشلا پۇر-
قىراپ چىقىۋاتاتتى. قاڭقى سەل چوڭراق بۇلاقتىن بىرنى تېپىپ
ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ ئىچتى. سۇنىڭ سوغۇق تەمى بىر ۋاقىتلار-
دىكىگە شۇنداق ئوخشاپ كەتتى. قاڭقى يىغلاپ سالدى. قىرغاق
تۇۋىگە كەلگەندە كىچىك بېلىقلار گۇرۇردە تارقاپ كەتتى. قاڭقىد-
نىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى. ئۇلارنى
لەش بىلەن قوشۇپ قىرغاققا ئاتقۇسى كەلمىدى. ئۇ شۇ پېتى
ئۇزاق تۇردى. ئۇ ئويلىناتتى. ئىشەنگۇسى كەلمەيتتى. بىردەم ئىد-
شىنەتتى. قايتا گۆر قازماقچى، بارلىق شۇ مازاردا ياتقانلارنىڭ ئو-
شۇقىنى ئوشتۇپ ئېلىپ بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بولاتتى. ئې-
ڭىكىنى تۇتۇپ باقاتتى. قوقاقىنىڭ يارا ئىزلىرى تېخى بار ئىدى.
قاسىم باي توكۇر پېتى كېلىپ چۈشىدە ئۇنى سۆككەنلىكى ئېسىد-
گە كەلدى. بىر ۋاقىتتا شىپىرلىغان ئاۋاز كەلدى. قاڭقى بىر قاراپ
مامۇت كورۇكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قاڭقى قىمىرلاپمۇ
قويمىدى. بۇ ۋاقىت ھاۋا بىرئاز سەلكىنلەپ قالغانىدى، كورۇك ۋارقىرد-
دى. قاڭقى قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن مامۇت كورۇك قاڭقىغا يې-
قىنلاپ كەلدى. قولىدا پىچاق تۇراتتى. قاڭقى ئوغۇل بالا بولساڭ پىچاقنى
تاشلىۋەت! دەپ ۋارقىرىدى. ئارقىدىن يەنە بىرنەچچىنى ۋارقىرىدى. مامۇت
كورۇك پىچىقىنى يەرگە سانجىپ قويدى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلىك ئا-
رىلىقتا قاڭقى كورۇك بىلەن يومداقلىشىپ كەتتى. ئوشۇققىچە، تىزغىچە
ئالدىغان دۆڭ سۇدا خېلى مۇشتلاشتى. بىر ـ بىرىنى تونۇۋالغۇسىز بو-
لۇپ كەتتى. يۈز ـ كۆزىنى لەش، قارا لاي قاپلاپ كەتتى. زەيكەشنىڭ كۆ-
زىگە چۈشۈپ كەتتى. يەنە چىقتى. ئاخىر ماجالى قالمىدى. ئاخىر بىر ـ
بىرىنى قويۇۋەتتى. قاڭقى سۆرىلىپ قىرغاققا چىقتى. ئارقىدىن كورۇك
چىقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىد-
لىشمىدى. قاڭقى كورۇكنىڭ چېچىغا چاپلىشىپ قالغان كىچىك بې-
لىقلارنى كۆردى. يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەلۋىدا، سىرلىق دوقمۇش

شۇنداق، ئەزىزە، مەن ئۇنى ھەر كۈنى ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچ-رىتاتتىم، ئۇنىڭ ئادەمگە يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدىغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرى، يارىشىملىق قويۇق قاپقارا چاچلىرى، زوقۇڭنى قوزغايدىغان سالماق قەدەملەر بىلەن يىراقتىن كېلىشى ... مانا بۇلار ئېسىمدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدىغان كۆرۈنۈشلەر. مەن ئۇنى كۆپ ھاللاردا شۇ ھالەتتە ئۇچرىتاتتىم.

بەزىدە ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتىمەن. بەزىدە ئۆزۈمچە جىمپىلا ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈشلەرنى، ئاشۇ كۈنلەردە مەندە پەيدا بول-غان روھىي ھالەتلەرنى ئېسىمگە ئالسام، ئاجايىپ سىرلىق تۇي-غۇلار ئىچىدە تەگسىز خىياللارغا غەرق بولىمەن.

ئەزىزە، بىزنىڭ ئوغۇللار ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىمىز ئېسىڭدىدۇر. بىز قىزلار تۇغۇلۇشىمىزدىنلا رومانتىك كېلىمە-دۇقكىن بىلمىدىم، سەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە ئىككى ئوغۇل بىلەن مۇھەببەتلىشىپ چىقتىڭ. مەنچۇ؟ خۇددى چۆچەك-لەردە سۆزلىنىدىغان «ئەركەك چىۋىنمۇ ئەگىمىگەن قىز» پېتى ئوقۇش پۈتكۈزدۈم. سەن ماڭا چاقچاق قىلىپ: «مۇھەببەتلىشىدى-غان دەۋرىڭنى بوش ئۆتكۈزۈۋاتىسەن، كېيىن مۇھەببەتلىشىشكە ئوغۇل تاپالماي پۇشايمان قىلىسەن جۇمۇ» دېگىنىڭدە، مەن كۈ-لۈپ قويۇپ جىملا تۇراتتىم. نېمە ئۈچۈنكىن، ئوغۇللار بىلەن قويۇق ئارىلىشىشتىن ۋە ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىشتىن ئۆزۈم-نى تارتاتتىم. بۇ بەلكىم مېنىڭ بەكلا ئۇياتچانلىقىمدىن بولسا

كېرەك. راستىنى ئېيتسام، سەن دېگەن «مۇھەببەتلىشىش دەۋ-رى» زادى قايسى ۋاقىتلاردا كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى، زادى قاي-سى ۋاقىتتا مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ئوقۇش پۈتكۈزدۇق. بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ها-ياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتۇق. مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى. بەلكىم سەن تويلىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانسەن.

بىلىسەن، بۇ شەھەردە بىز قىزلار تويلىشىشقا ئۇنداق بەك ئالدىراپ كەتمەيمىز. ئۆزۈمنى ئالسام، تا ھازىرغىچە بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن مۇھەببەتلىشىپ كۆرمىدىم. ئەمما، بەزى ئوغۇللارنىڭ تەلەپ قويۇشلىرىغا نائىل بولدۇم. بىراق، ئۆزۈمنى ئۇلاردىن نې-مىشقىكىن قاچۇرۇپلا يۈردۈم. تەقدىر مېنىمۇ ئۆز يولىدا قويار، دەيمەن.

ئەزىزە، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلگۈڭ كېلەر. بۈگۈن بۇ خېتىمدە شۇلارنى ساڭا تەپسىلىي ئېيتىپ بې-رىمەن. بەلكىم، ئىشەنمەسسەن ۋە بەلكىم مېنى زاڭلىقمۇ قىلار-سەن. بىراق، شۇنىڭغا ئىشەنسەڭ بولىدۇكى، ساڭا دەپ بەرمەكچى بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ — يىگىرمە ئۈچ ياشلىق بىر قىزنىڭ ئاجايىپ سىرلىق سەرگۈزەشتىلىرى، خالاس...

مەن ئۇنى شۇ كۈنى سەھەردە تۇنجى قېتىم ئۇچراتتىم. ئۇ يىراقتىن مەن تەرەپكە سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلۇك قولىدا قارا سومكا تۇتۇۋالغان، ئۇستىگە قىسقا يەڭلىك ئاق كۆڭ-لەك كىيىۋالغان، ئۇستىبېشىدىن بىر خىل رەتلىكلىك ۋە پاكىز-لىق چىقىپ تۇراتتى. ئىككىمىز دوقمۇشتا روبىرو ئۇچراشتۇق. ئۇ ماڭا قاراپ يېنىكلا بىر كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كېتىۋەردى. ئۇ-نىڭ ئاشۇ يېنىك كۈلۈمسىرىشى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل خىجىللىق قاپلىدى. مەن ئۇيالغىنىمدىن كۆزۈمنى تېزلا ئۇنىڭ-دىن ئەپقاچتىم ۋە ئۇدۇلۇمغا قاراپ كېتىۋەردىم. ئەزەلدىن ئو-غۇللارنىڭ ئۇنداق روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ باقمىغانىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلكىم، دىققەت قىلغاندىمەن. ئەمما، ئۆزۈمدە ئۇنداق ھالەتنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن ...

مانا بۇگۇنگە قەدەر ھەيران قالىمەن، ئۇنىڭغا زادى نېمە ئۈچۈن دىققەت قىلدىم ؟ گەرچە شۇنداق ئەھۋاللارنى ھېكايە - رومانلاردىن ئوقۇغان، كىنو - تېلېۋىزورلاردىن كۆرگەن بولساممۇ، ئۆزۈمدە يۈز بېرىشىنى ئەسلا ئويلاپ كۆرمەپتىكەنمەن.

ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم. تار كوچا تىمتاس بولۇپ، تەنھەردىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىرنەچچە مويسىپىتتىن ئۆزگە ئادەم كۆزگە چېلىقمايتتى. ئاۋغۇست ئېيىنىڭ سەھەرى كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلاتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رەت - رەت قەۋەتلىك بىنالار، خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچا ۋە ئىشقا ئالدىراش مېڭىۋاتقان ئادەملەر ...

مەن ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم، كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ دىدارى: كەڭ يۈزلۈك، بەستىدىن ساغلاملىق چىقىپ تۇرىدىغان، رەتلىك كىيىنگەن، كۆزلىرىدىن كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان يېقىملىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇ ... شۇ كۇنى ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كېلىۋاتاتتىم. دەل ھېلىقى دوقمۇشقا ئازلا قالغاندا ئۇ مەن تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن، ئۇنى كۆرۈپ تەڭپۇڭلۇقۇمنى يوقاتقىلى تاسلا قالدىم. ۋۇجۇدۇمنى ئۆزگىچە بىر خىل روھىي ھالەت كونترول قىلىۋالدى. مەن ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشتىم. گويا ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ماڭا ھېچ نەرسە تەسىر قىلمىغاندەك ۋە تەسىر قىلمايدىغاندەك بەخىرامان ھالەتتە ئۇدۇلۇمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە يېقىنلاشقىلى ئازلا قالغاندا، نېمىشقا شۇنداق قىلدىمكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، بىرسى گويا قولىقىمغا «ئاسمانغا قارا» دەپ پىچىرلىغاندەك، بېشىمنى كۆتۈرۈپ يانىدىكى بىنانىڭ يۇقىرى قەۋەتلىرىگە كۆز تاشلىدىم. دەل شۇ ئارىدا ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىن ئۆتۈپ كەتتى. يەنە قاراپ مېڭىۋەردىم. ھېلىلا بىكاردىن - بىكار بىنالارنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى-

گە قارىغانلىقىمنى ئويلاپ كۈلۈپ كەتتىم. نېمە ئۈچۈن قارىغانـ
لىقىمنى ئويلىسام، كۈلگۈم كېلىدۇ. بۇ چوقۇمكى، كۆزۈمنى ئۇ-
نىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈنلا بولغان بولۇشى ئېنىق. خىـ
يال بىلەن كېتىۋېتىپ، بىردىنىلا ئۆزۈمنى ئەيىبلىگۈم كەلدى.
ئۆزۈمنى ئەيىبلىشىممۇ ھەقلىق ئىدى. كۆزۈمنى نېمە ئۈچۈن ئۇ-
نىڭ كۆزلىرىدىن قاچۇردۇم ؟ يا ئۇ ماڭا باشقىچە نەزەردە قارىمىغان
تۇرسا ... ئۇنىڭ چېھرىدىكى تاتلىق كۈلۈمسىرەشنى نېمە ئۈچۈن
يەنە بىر كۆرۈۋالمىدىم ؟ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ ... خىلمۇخىل خىـ
ياللار ئىچىدە ئۆيگە قاراپ ئاستا كېتىۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدا ئۇ-
نىڭ يىراقتىن ماڭا قاراپ سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىشى. بىر-
دىنلا ئۇ كۆزۈمدىن غايىب بولۇپ، كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى بىنالار-
نىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن تاملىرى، چاڭ - توزان قونغان ئەينەك-
لىرى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن چاك كەتكەن بالكونلىرى ۋە
ئارقىدىنلا قولىرىدا سومكا، كۆكتات سېۋەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ،
بالىلىرىنى يېتىلىشىپ ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر.
كوچا ئۇياق - بۇياققا يۈرۈشۈۋاتقان كىشىلەر بىلەن ئاۋاتلى-
شىپ كەتكەن. ئىشتىن يېنىپ ئۆيلىرىگە ئالدىراش كېتىۋاتقان
ئادەملەر بۇ كوچىدىكى ھاياتلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى يەنىلا ئالدىراش
ئۆتكۈزگەنلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك ئىدى. چېچىمنى قو-
لۇمدا يېنىكلا تاراپ قويۇپ ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەردىم ...
ئەزىزە، بىز قىزلار ھەمىشە ئوغۇللار ئالدىدا ئۆزىمىزنى
ھېچ نەرسىگە پەرۋاسىز كۆرسىتىش ئارقىلىق، بۇ خىل ئاراملىق
ئىچىگە شۇڭغۇيدىغان ئوخشايمىز. ئەمما، بۇ خىل ئاراملىق
ۋاقىتلىقلا بولۇپ، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىمىز مۇرەككەپ بىر خىل
ھېسسىيات قاينىمىغا چۆكۈپ قالىدىكەنمىز. بۇنى مەن بارا -
بارا ھېس قىلىپ يەتتىم. ئالىي مەكتەپتىمۇ شۇنداق ئىدىققۇ؟
بىز قىزلار ئوغۇللار بار يەردە ئۆزىمىزنى ناھايىتىمۇ پەرۋاسىز
ۋە ئۇستۇن ئورۇندا قوياتتۇق. ھەتتا بەزىدە ئۆزىمىزنى ئوغۇللار-
غا مەڭگۇ يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق چوققا قىلىپ كۆرسى-

تىشكە تىرىشاتتۇق. ئەمما، ياتىقىمىزغا كىرسەك ياكى ئوغۇللار يوق يەردە كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى ئېيتىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزدىكى سىرلارنى ئاشكارىلايتتۇق. مەن بۇلارنى بارا ـ بارا چۈشىنىپ يەتكەنىدىم. مانا مۇشۇ خىل روھىي ھالەت مېنىڭمۇ بېشىمغا كەلدى.

كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتىۋەردى. ھەر كۈنى سەھەر ۋە كەچتە ئۇنى ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىتىمەن. بەزىدە ئۇنىڭغا ئاستىرتىن قاراپ قويۇپ كېتىۋېرىمەن. يەنە بەزىدە كوچا بويىلىرىدىكى بىنالارنىڭ ئۇستۇنكى قەۋەت بالكونلىرىغا نەزەر سالغان قىياپەتتە كېتىۋېرىمەن. ئۇ يەنىلا ئاشۇ سالماق قەدەملىرى بىلەن روھلۇق قىياپەتتە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىدۇ. ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە يېنىكلا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەشلىرىدە كىشىگە مىختەك قادىلىپ قاراش ھالىتى يوق. تولىمۇ تاتلىق ۋە زوقلىنارلىق. ئۇنىڭ قولىدا ھېلىقى قارا سومكا، ئۇستىگە كىيگەن كىيىملىرى پات ـ پات ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بىراق پاكىز ۋە رەتلىك. چاچلىرى ئۇنىڭ تۇرقىغا بىر خىل سالاپەت بېغىشلىغان. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يېقىملىق نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چولڭ بىر جۈپ كۆزى ...

ئۇنى ھەر كۈنى سەھەر ۋە كەچتە ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرى، كۆزىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان يېقىملىق نۇر ۋە تاتلىق كۈلۈمسىرەش، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ تەلپۈنۈشۇمگە ئايلىنىپ قالدى. «مەنمۇ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئۆتەي» دەيمەن ئىچىمدە. بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچراشسام‌لا ئۆزۈمنىڭ نورمال ھالىتىمنى بۇزۇۋېتىمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇدۇل قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. گويا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىسام بولمايدىغاندەكلا، «ئەتە چوقۇم ...».

ئۆيدىن چىقتىم. قورۇ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا يۈرىكىم ئۆ-

زىچە كۆچلۈك سىلىپ كەتتى. قولۇم ھېس قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە بوش تىترەيتتى. ئۆيدىن چىققىنىمدىن ئىلگىرى ئەينەككە خېلى ئۇزاق قاراپ، ئۇستىبېشىمنى ئەستايىدىل تۈزەشتۈردۈم. لەۋلىرىمگە سۈرگەن لەۋ سۇرۇخ ئۆزۈمگە ماسلاشمىغاندەكلا، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ نۆۋەت ئېرتىۋېتىپ، قايتىدىن سۈرتتۈم ۋە كۆڭلۈمگە ياققاندىلا ئاندىن بولدى قىلدىم. چاچلىرىمنى ھەر خىل پاسوندا تۇرمەكلەپ، ئاخىر يەنىلا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان پاسوندا ياسىدىم. ئۇستۇمگە ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوچۇق رەڭلىك كىيىملىرىمدىن كىيدىم. ئىشىكتىن چىقىش ئالدىدا يەنە قايتا ئەينەك ئالدىغا بېرىپ، ئۇستىبېشىمنى يەنە بىر نۆۋەت تۈزەشتۈردۈم. شۇ چاغدا بىردىنلا مەڭزىمگە ئوت تۇتاشقاندەكلا قىزىشىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ بۇنچە ئەستايىدىل ياسىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ھەم خىجىل بولدۇم، ھەم خۇشال بولدۇم. گويا بىرەر زىياپەت ياكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىغا بارىدىغاندەكلا. يولدا ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشتىم. تىرىشتىم ـ يۇ، ھېلىقى دوقمۇشقا ئازلا قالغاندا تېنىمنى قورۇنۇش ۋە تاتلىق تىترەك ئورىۋالدى.

كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. سېنتەبىر ئېيىنىڭ سوغۇق ئارىلاش يېنىك سەھەر شاملى ئادەمنى راھەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆندە ئۇچرىشىدىغان جايغا ــ دوقمۇشقا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتىم. يۈرىكىم ئادەتتىن تاشقىرى تېز سېلىشقا باشلىدى. مۈرەمگە ئېسىۋالغان سومكام خۇددى مېنى «قورقۇنچاق ...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. سومكىنىڭ ئۇستىنى ئاستا سىلاپ قويدۇم. بىرسى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغاندەك، ناتونۇش بىرسى بىلەن ھېلىلا خىلۋەتتە ئۇچرىشىدىغاندەك ئۆزۈمچە جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئادەتتىكى تەمكىنلىك ۋە بىپەرۋالىق قاياقىقىدۇر يوقاپ كەتكەندەك قىلاتتى. «مانا، ئۇچرىشاي دەپلا قالدىم ...» دېدىم ئىچىمدە.

ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتاتتى! قولىدا ھېلىقى قارا قول سومـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىسى. ئۈستىگە كىيىۋالغان ئۇزۇن يەڭلىك ئاق كۆڭلىكى بىلەن چىرايلىق قىر چىقىرىلغان شىمى نەۋقىران بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ بارغانسېرى يې- قىنلاپ كېلىۋاتاتتۇق. پۈتۈم ھېلىلا سەنتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك، ئىنتايىن تار بىر سىزىق ئۈستىدە دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك، ئۆ- زۈمنى شۇنچە ئازادە ۋە ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشساممۇ يەنىلا جىد- دىيلىشىپ، تەستە قەدەم ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئىككىمىزنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئۇچرىشىشقا بىرنەچچە قەدەملا قالدى. ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي قارىدىم. قاراش بىلەن تەڭ تەبەسسۇم قىلغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

— ياخشىمۇسىز !

ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق دېدى ۋە يېنىك باش لىڭشىتىپ قو- يۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەڭزىم يالقۇنغا قاقلانغاندەك قىزىشىپ كەت- تى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىشىم بىرنەچچە سېكۇنت داۋام قىلدى. بىراق، بۇ بىرنەچچە سېكۇنت مەن ئۈچۈن ئەجەبمۇ قىيىنغا توخ- تىدى. گويا بىر قېتىملىق قىيىن ئىمتىھاننى بەرگەندەك جىد- دىيلىشىپ كەتتىم. بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ ئارقىمغا ئاستا بۇ- رۇلدىم. ئۇ سالماق قەدەم تاشلاپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئار- قامغا قاراپ بولۇپ ئۆزۈمچە خىجىل بولۇپ كەتتىم. بىرەرسى مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمنى، روھىي ھالىتىمنى كۆزىتىپ تۇ- رىۋاتقاندەك ئەتراپقا ئىتتىكلا كۆز يۈگۈرتتۈم. ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم ...

يېڭى بىر سەھەر، يېڭى بىر كەچ. يېڭى بىر سەھەر گويا بىر ـ بىرىنى قوغلاۋاتقاندەك تېز ئۆتۈۋاتاتتى. بىز كۈندە دېگۈدەك ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىشىدىغان بولدۇق. يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن. دەل شۇ دوقمۇشتىلا. بارا ـ بارا ئۇنى ئاشۇ دوقمۇشتا بالدۇرراق ئۇچرىتىشنى، ئاشۇ دوقمۇشقا بالدۇرراق يېتىپ بېرىشنى ئارزۇلايدىغان، ئۇنى ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىتال- ماي قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ دوقمۇش مەن

ئۇچۇن تولىمۇ ئوتلۇق، تولىمۇ مېھىرلىك بىر ئورۇنغا ئايلانغا-نىدى. ئاشۇ دوقمۇشقا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالساملا يۈرىكىم ھا-ياجان ۋە جىددىيلىشىش ئىچىدە كۈچلۈك سوقۇپ كېتەتتى. گويا بىر ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك بولاتتىم ...

شۇنداق، ئەزىزە، مەن ئاشۇ دوقمۇشقا باغلىنىپ قالدىم. ئۇ دوقمۇشقا بىرسى يۈرىكىمنى چېتىپ قويغاندەكلا ئىدى. ئۇ قو-لىدا قارا سومكا تۇتقان، پاكىز كىيىنگەن ھالدا سالماق قەدەم تاشلاپ كېلەتتى. كۆزلىرىنىڭ ئوتتۇشى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزگىچە بىر خىل مېھىر بىلەن دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بۇ، يۈرىكىم-نىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر ئوغۇل بالىغا قارىتا پەيدا بولغان ئۆزگىچە مېھىر ئىدى. بۇ مېھىر ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ چى-قىۋاتاتتى، بارغانسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى زورىيىپ بېرىۋا-تاتتى. كۆزلىرىنىڭ ئۇتتۇشى بىلەن ئۇ ماڭا مېنىڭ كونا تونۇشۇم-دەكلا، كۆپ ئارىلاشقان ئوغۇل دوستۇمدەكلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلارنى ھېس قىلىۋېتىپ، ئۆزۈمچە جىددىيلىشىپ كې-تەتتىم. پۈتكۈل ۋۇجۇدۇم لەززەتلىك بىر خىل تۇيغۇ ۋە ھاياجان ئىچىدە تاتلىق تەۋرىنەتتى ...

ئەزىزە، ساڭا بۇلارنى يېزىۋاتقىنىمدا، ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۆ-رۈنۈشلەرنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەللەيلىشىدە بىر تەرەپتىن يۈزۈم قىزىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمدە شۇ ۋاقىتلاردا ئا-شۇنداق روھىي ھالەتلەرنىڭ پەيدا بولغىنىغا ھەيرانمەن. بەلكىم ھەيران بولارسەن، بەلكىم ئىشەنمەسسەن، چۈنكى مەن ساڭا دەپ بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردى. ئەنە شۇنداق ئاجايىپ سىرلىق تۇيغۇ ۋە روھىي ھالەتلەر ئىچىدە يۈز بەردى ئەمەسمۇ؟ ... بەلكىم، سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ داۋامىغا قى-زىقىۋاتقانسەن. بولىدۇ، مەن ئۇلارنى ساڭا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي.

... كۆزلىرىنىڭ ئۇتىۋېرىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى بارغانسېرى يۈكسەكلىشىپ باردى. ئىچ - ئىچىمدىن ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەستلىكىم كېلەتتى، ئۇنىڭدىن زوقلىناتتىم. كۆڭلۈمدە گويا نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۇچۇن تەنتەنە قىلاتتىم. ئۇنىڭ چۈشلىرىمگە كىرىشىنى، چۈشلىرىمدە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى، ئەركىن پاراڭلىشىپ بېقىشنى، بىللە سەيلە قىلىشنى، ئۇنىڭ قولۇمنى يېنىكلا تۇتۇپ، مەن بىلەن مۇرىداش بولۇپ، خىلۋەت باغلاردا، كوچىلاردا بىللە قەدەم ئېلىشنى ... ئۇمىد قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، چۈش ئىلاھى مەن بىلەن قېرىشقاندەك ئۇنى چۈشۈمدە بىرەر قېتىممۇ كۆرمەيتتىم. مانا ھازىرغىچە مەن نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن. بىراق، ئۇ مېنىڭ چۈشلىرىمگە كىرىپ باقمىدى. نېمە ئۈچۈنكىن ...

ھەر ئەتىگىنى ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، ئۇ بەزىدە تاتلىق كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بەزىدە «ياخشىمۇسىز !» دەپ تىنچلىق سوراپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ۋاھالەنكى، مەن خىجىلچىلىق، تارتىنىش ۋە شېرىن بىر خىل جىددىيلىشىش ئىچىدە لېۋىمنى بوشلا چىشلەپ قويۇپ، بەزىدە يەرگە قاراپ، بەزىدە ئۇنىڭغا يېنىك تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بارا ـ بارا ئەتىگىنى ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىشىپ، بىللە ئىشقا مېڭىشنى، كەچتە ئاشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىشىپ، بىردەم بولسىمۇ بىللە قايتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بىراق، ئىككىمىز دەل ئاشۇ دوقمۇشتىلا ئۇچرىشىمىز ـ يۇ، يەنە ئاشۇ دوقمۇشتىلا بىر ـ بىرىمىزگە قارشى ھالدا ئۆز يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز.

ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالغانلىقىمغا، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئاستىرتىن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا ئىشەندىم. بۇ باغلىنىپ قېلىش ۋە ياخشى كۆرۈش ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە يارقىن ئەسلىمىلەر، شۇنداقلا ئەڭ پاك ۋە سۈزۈك ھېسسىيات ئىدى. يۈرىكىمدىن پەيدا بولغان بۇ ھېسسىياتنىڭ ھەرقانداق بىر قىزنىڭ قەلبىدە پەيدا بولۇشىغا ئىشەنمەيتتىم. پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ مېنىڭ قەلبىمدىكىگە ئوخشاش ئۇنداق مۇقەددەس ۋە بىغۇبار

بولالمايتتى. بەلكىم ئەزىزە، بۇلارنى ئېيتسام، ماڭا رەددىيە بې-
رىشىڭ مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭغا قارىتا پەيدا
بولغان ھېسسىيات ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىدى.

بىز قىزلار ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە ئاجىزلىقى-
مىزدىن ۋە تارتىنچاقلىقىمىزدىن بولسا كېرەك، ھەمىشە ئو-
غۇللارنىڭ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مانا مۇشۇ
ئاجىزلىق ۋە تارتىنچاقلىق سەۋەبىدىن كۆپ ھاللاردا ئۆزىمىز
ياخشى كۆرگەن ئوغۇللارغا قەلبىمىزدىكى گەپنى ئىزھار قىلال-
ماي، ئاچچىق ئازاب ۋە بەختسىزلىككە ھەمراھ بولۇپ قالىدىغان-
لىقىمىزنى ناھايىتى ئاز ھېس قىلىمىز. بۇ تەقدىرنىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى ۋە پېشانىمىزگە پۈتكىنى، دەپ بىلىدىغان ئوخ-
شايمىز. مەن بۇلارنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بۈگۈندىن دەل توقسان توققۇز كۈن ئىلگىرى، يەنى ھەپتى-
نىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. ئۆيدىن كۈندىكىدەك ۋاقىتتا چىقتىم
ۋە ھېلىقى دوقمۇشقا كېلىشكە ئازلا قالدىم. ئۇنىڭ يارقىن سىي-
ماسى كۆز ئالدىمدا ھازىرلا كۆرۈنىدىغاندەكلا ئىدى. ئۇ يەنە ئوڭ
قولىدا شۇ قارا سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە، سول قولىنى تۆۋەنگە
ئەركىن تاشلاپ، سالماق قەدەم بىلەن كېلىدۇ ۋە ئۇدۇلۇمغا كەل-
گەندە تاتلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە قىزغىنلىق بىلەن مەندىن «ياخ-
شىمۇسىز !» دەپ سورايدۇ. مەنمۇ خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىم-
نى مەغرۇر كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراپ سالام قىلىمەن ...
خىيال بىلەن دوقمۇشقا كېلىپ قالدىم. بىراق، ئۇ كۆرۈنمەيتتى !
قەدىمىم بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ يا تېز ماڭغانلى-
قىمغا ياكى ئاستا ماڭغانلىقىمغا ھۆكۈم قىلالمىدىم. سائىتىمگە
قارىدىم. ئۇچرىشىدىغان ۋاقىت بوپتۇ. بىراق، ئۇ كۆرۈنمەيتتى.

كۆڭلۈمگە ھەر خىل خىياللار كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈن
مۇشۇ يەردە — دەل مۇشۇ دوقمۇشتا ئۇچرىششقا دېيىشىپ قوي-
غاندەكلا ۋە ئارقىدىنلا دېيىشكەن ۋاقىتتا ئۇچرىشالمىغاندەك بى-
ئارام بولۇپ كەتتىم. ئۇ مانا ھېلىلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غاندەك، مانا ھېلىلا تاتلىق كۈلۈمسىرەش بىلەن ماڭا قارايدىغان-
دەك ... مەن ئاستا كېتىۋەردىم. دوقمۇش كەينىمدە قالدى. ئۇ
ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچمۇ ئۆتتى، ئەتىسى سەھەر، كەچ. يەنە ئەتىسى
سەھەر، كەچ ... كۈنلەر ئۆتىۋەردى، ئەمما ئۇنى قايتا ئۇچرىتال-
مىدىم. ئۇ ماڭا خوش دېمەيلا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەن-
لىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ماڭا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى —
ئۇنىڭ ماڭا «خوش ... » مۇ دېمەي كېتىپ قېلىشى بولدى. ھەر-
بىر سەھەر ۋە كەچ ئاشۇ دوقمۇشتىن ئۆتكىنىمدە ئۇ ھېلىلا ئال-
دىمدا پەيدا بولىدىغاندەك، ماڭا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ، يې-
نىك باش لىڭشىتىپ ئەھۋال سورايدىغاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ
بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى تىلىسەممۇ ۋە « ھامان ئۇچرىشىپ
قالارمەن ... » دېگەن تاتلىق ئۈمىدتە بولساممۇ، لېكىن ئۇنى
ئۇچرىتالمىدىم. ئاشۇ دوقمۇشتىن ھەربىر ئۆتكىنىمدە ئېغىر
بىر خورسىنىپ قويىمەن ۋە ئىچىمدە «ئەلۋىدا، سىرلىق دوق-
مۇش» دەپ، چۈشىنىكسىز بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە يالغۇزلا ئۆز
يولۇمغا ماڭىمەن ...

# تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ

(ھېكايىلەر)


تۈزگۈچىلەر: ئازاد سۇلتان
ئەنۋەر ھوشۇر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇقەييۇم سايىم

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تېلېفون: 0991-2827472

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 11.875

نەشرى: 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 3000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 16873 - 6

باھاسى: 30.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان

ISBN 978-7-228-16873-6
9 787228 168736 >
定价：30.00元